# نادىر ماقالىلەر توپلىمى

# (2)

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران

2013-يىلى 4-ئاي

مەنبە: مىسرانىم مۇنبىرى، باغداش مۇنبىرى، ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى،

ئۇيغۇرلار تورى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

# مۇندەرىجە


1-مىرزا ئۇلۇغبەگ «تۆت ئۇلۇس تارىخى» ھەققىدە............... بۆرىباي ئەخمەدوۋ 4

2-«قەشقەر تارىخى» نىڭ باش-ئاخىرى ......................... ئەلى غۇپۇر 22

3-ئىبن سىنانىڭ ياۋرۇپا پەلسەپىسىگە كۆرسەتكەن

تەسىرى......................... ئىسمايىل ياقىت (تۈركىيە) 38

4-جابىر ئىبن ھەييانىنىڭ ئاتوم ۋە ‹‹تۈپ بۇۋاق›› نەزەرىيەسى ....يۈسۈپجان ياسىن 52

5-قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بۇددىزىم ..................نۇرمەمەت توختى 64

6-قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ......... ئەلى غۇپۇر 79

7-مودېرنىزىم ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ................تاھىر ھامۇت 96

8-ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىزافەتلەر .....ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانى 112

9-‹‹ئۇيغۇر›› نامىنى قوللىنىشنىڭ باش-ئاخىرى ............. غالىپ بارات ئەرك 124

10-ھازىرقى مەتبۇئاتلىرىمىزدىن ئانا تىلىمىزدىكى بىر قانچە مەسىلىگە

نەزەر ..........................................ئابدۇخالىق ئابلىمىت قۇتلان 137

11-جاسارەت ئابىدىسى-زەينەپ غەززالى.................... ت.شەھىدى 148

12-يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە لىنىيىسى ئۈستىدە يېڭى

ئىزدىنىش ........................................ مەخمۇد ئېلى ئاتتىلا 162

13-ئۇيغۇرلارنىڭ مازار تاۋاپچىلىقى ھەققىدە ئىككى كەلىمە

سۆز............................................... ئەخمەتجان ھەسەن 185

14-ھىجرەت ۋە تەسرات ................... ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانى 202

15-ھېرمان ۋامبېرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرى .............خەيرۇللاھ ئىسمەتۇللايوۋ 211

16- تەبىئەت پەلسەپىسىدە ماددى مەۋجۇتلۇقنىڭ سىرى .................. بىلىك 225

17-ئۇرخۇن ئابىدىلىرىنىڭ تارىخى قىممىتى ......................س.گ.كلياشتورنىي 254

18-ئابدۇقادىر داموللام ۋە "مىفتاھۇل ئەدەب" .................. ئابدۇرەھىم سابىت 284

19-مەۋلانە جالالىدىن رومى ھەققىدە ..................................... سەييياھ 310

20-ئۇيغۇرلار مىراس قالدۇرۇش ۋە ئۇنى تەقسىملەش

ئاددىتى.......................................ئابدۇقەييۇم مىجىت 316

# 1ـ مرزا ئۇلۇغبەگ «تۆت ئۇلۇس تارىخى» ھەققىدە

بۆرىباي ئەخمەدوۋ ( ئۆزبېكىستان )

ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرغۇچى: تۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار




تارىختا ئۆتكەن شەخسلەر ھەققىدە پىكىر-مۇلاھىزە ئېلىپ بارغاندا ھەزرىتى نىزامىددىن ئەلىشىر ناۋائىينىڭ مانا بۇ سەتىرلىرى ئىختىيارسىز يادىمىزغا كېلىدۇ.

بۇ گۈلشەن ئىچرەكي يوقتۇر باقا گۈلگە سابات،

ئەجەپ سابات ئېرۇر قالسا ياخشىلىق بىلە ئات.

شۇنداق،«ياخشى ئات» ھەرقانداق شەخسنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتىگە باھا بېرىشتىكى ئېنىق ھەمدە توغرا مىزان. لېكىن بۇنداق شەرەپكە ھەممە كىشى ئوخشاشلا مۇيەسسەر بولىۋەرمەيدىكەن. فئودال

سنىپ نامايەندىسى، تاجۇ- تەخت ساھىبى مىرزا ئۇلۇغبەگ (1394-1449) ئالەمشۇمۇل ئىلمىي مۇئاپىقىيەتلىرى بىلەن ئەنە شۇنداق بەختكە ئېرىشكەن ئۇلۇغ شەخسلەردىن بىرى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆپلىگەن پەن ساھەلىرى، جۈملىدىن، ماتېماتىكا، پەلەكيات، مۇزىكا شۇناسلىق ۋە تارىخ ئىلىملىرى بويىچە زەبەردەست ئالىم، ئۇ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەتنىڭ كۈچلۈك ھىماتچىسى بۇلۇش سۈپىتى بىلەن تارىخ بېتىدە ئەبەدىل-ئەبەت ساقلىنىپ قالدى.

ئالىمنىڭ ئىلمىي مىراسلىرىXVII ئەسىردىن باشلاپ پۈتۈن دۇنيا ئىلمىي جەمئىيەتچىلىكىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى ئۆزىگە قارىتىپ كېلىۋاتىدۇ .مىرزا ئۇلۇغبەگ ۋە ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىلمىي مىراسنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا مەملىكىتىمىزدە ۋە چەتئەللەردە كۆپلىگەن ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى .مەن بۇ يەردە جون گرىۋئىس، توماس خايىت، فىرانسۇس بېرىي، ل. سېدىيوۋ، ۋ.ۋ. بارتولد، ۋ. ل. ۋىياتكىن، ئې. كنوبىل، ت. ن. قارىنىيازىي، غ. جالالوۋ ۋە باشقا بىر قاتار ئالىملارنى نەزەردە تۇتىۋاتىمەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلۇغبەگنىڭ تەكرارلا نماس ئىلمىي مىراسى،ئۇ تەسس قىلغان ۋە رەھبەرلىك قىلغان سەمەرقەند مۇنە جىجىملىك مەكتىپى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىمىزنى تېخى يېتەرلىك دىگىلى بولما يدۇ. مەسىلەن،ئالىمنىڭ كۆپ يىللىق ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىنىڭ ئاساسىي مەھسۇلى بولغان«زىجىجەدىدى كۆرەگانى» (ئۇلۇغ بەگ كۆرەگانىينىڭ ئاسترونومىيە جەدۋەلى) ھازىرغىچە بىرەر تىلغا تولۇق تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغىنى يوق. (ئە سلي ئەسەر پارس تىلىدا يېزىلغان-نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن) ئالىمنىڭ مەزكۇر رىسالىسى ھەققىدە، XV-XVII ئەسىرلەردە يېزىلغان ناھايىتى كۆپ تارىخىي ئە سەرلىرىمۇ ھازىرغىچە تەتقىق قىلىنمىغان. ئومۇمەن ئالغاندا ئەمىرتۆمۈر ھەمدە تۆمۈر بىلەر دەۋرىدە ئىجاد قىلىنغان تارىخىي ۋە باشقا تېمىدىكى ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىش توغرىسىدىمۇ ئەھۋال شۇنداق.

خۇلاسە كالام، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆپ قىرلىق ئىلمىي پائالىيەتلىرى ئۆزىنىڭ غەرەزسىز تەتقىقاتچىسىنى كۈتۈپ ياتىدۇ.

مىرزا ئۇلۇغبەگ رىيازەت، پەلەكيات، مۇزىكاشۇناسلىق ۋە تارىخ ئىلىملىرى سا ھەسىدە مىننەتسىز قەلەم تەۋرەتكەن بۈيۈك ئالىم. «تۆت ئۇلۇس تارىخىي»بولسا، ئۇ ئىجاد قىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە ئالاھىدە مۇھىم ۋە سالماقلىق ئورۇن تۇتىدىغان مەشھۇر ئەسەردۇر.

ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش كېرەككي،«تۆت ئۇلۇس تارىخىي» مىرزا ئۇلۇغبە گنىڭ ئىلمىي رەھبەرلىگى ۋە شەخسەن ئىشتىراكىدا يارىتىلغان بولۇپ، ئەسەر 1425-يىلى يېزىپ تاماملانغان.

مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىغا ئۆتۈشتىن ئاۋال ئۇنىڭ نامىنىش تارىخىي ۋە ئۇنىڭ يارىتىلىشىدا مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ قوشقان تۆھپىسى، شۇنىڭدەك بۇ ئەسەر نىڭ تەتقىق قىلىنىش جەريانىنىڭ قانداق كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئەسەر«چىڭگىزلارنىڭ تۆت ئۇلۇسى» ۋە «تۆت ئۇلۇس تارىخىي»دېگەنناملار بىلەن مەشھۇر. لېكىن ياۋروپا شەرقشۇناسلىرى ئارىسىدا بۇ ئەسەرنى بىرىنچى بولۇپ تەتقىق قىلغان ۋە قىسقارتىلغان ئېنگىلىزچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلغان ئالىم، پولكوۋنىك مايلىس ئاساسى يىتەرلىك بولمىغان ئەھۋالدا بۇ ئەسەرنىڭ نامىنى «تۈرك خاقانلىرى شەجەرىسى»دەپ ئاتايدۇ I.The shajarat) . ul-Atrak,or Genelogkal Terr of the Turks and tatars, tiranisl and,adrd.By Glonel Milles,London,1832,b.182)).چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە شۇنىسى ئايان بولدىكى، ئەسەرنىڭ پەقەت يافەس ئوغلان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى تۈركخان ھەمدە پەرزەنتلىرى، تاتار-موڭغۇللار بىلەن تۈرك تەبىللىرى، شۇ نىڭدەك ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىلا«تۈرك خاقانلىرى شەجەرىسى» ئاساسىدا يېزىلغان، خالاس. ئەسەرنىڭ چىڭگىزخاننىڭ ئۇلۇغ ئەجدادى بۇزەنجىرقائانىدىن ۋە ماۋەرائۇننەھرنىXIII-XV ئەسرنىڭ بىرىنچى يېرىمىغىچە ئىدارە قىلغان چاغا تايخان ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسمى«چىڭگىزلارنىڭ تۆت ئۇلۇسى» ياكى «تۆت ئۇلۇس تارىخىي» دەپ ئاتىلىپ، ئەسەرنىڭ بۇ قىسمى مىرزا ئۇلۇغبەگ ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان دىيىشكە بولىدۇ.ئۇنىڭدىن تارشقىرى ئەسەرنىڭ ئۆزىدە كەلتۈرۈلگەن بەزى قەيتلەرمۇ بىزنىڭ بۇ پىكرىمىزنى تەستىقلايدۇ.

قەيتلەرنىڭ بىرىدىن مانا بۇلارنى ئوقۇيمىز» :مۆتۋەر تارىخلاردا يېز ىلىشچە، ئۇنىڭ نەسلى-نەسەبى ھەممىگە مەلۇم ۋە جۇجىخانغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئەمما،«تۈرك خاقانلىرى شەجەرىسى»دېگەن كىتاپتا ھېچ نەرسە نەزەرگە چۈشمىگەنلىگى ئۈچۈن ئاشۇ كىتاپنىڭ تاللانما تۇپلىمى بۇلغان بۇ كىتاپ («تۈرك خاقانلىرى شەجەرىسى»كىتابىدا، ب. ئە)تىمۇ ئۇ توغرىسىدا ھېچ نەرسە يېزىلمىغا ن .بىراق ئېسىمىزدە قالغىنى شۇكى،ئۇ ئۇلۇغۋار پادىشاھ بولۇپ، ئىنسابى بىھساپ ئىدى»(«تۆت ئۇلۇس تارىخىي»قولىيازمىسى،121-بەت) مەزكۇر نەقىلدىن مەلۇم بولدىكى، بىرىنچىدىن؛«تۈرك خاقانلىرى شەجەرىسى» بىلەن «تۆت ئۇلۇس تارىخىي»باشقا-باشقا ئەسەرلەردۇر. ئىككىنچىدىن؛«تۆت ئۇلۇس تارىخىي»مەلۇم دەرىجىدە«تۈرك خاقانلىرى شەجەرىسى»گە ئاساس سالغان ئەسەردۇر. يەنە بىر جايىدا مۇنداق دىيىلگەن؛«چىڭگىزخاننىڭ تۆت ئۇلۇس تارىخىي»ناملىق بۇ مەجمۇ ئەدە تۈركخان ئىبنى يافەس ئىبنى نۇھ ئەلەيھىسسالام ئەۋلادىدىن بولغان پادىشاھ ھلارنىڭ ناملىرى بايان قىلىنىدۇ. مەزكۇر رىسالىدە كەلتۈرۈلگەن تۈركىستان زېمىنى خاقانلارنىڭ ناملىرى،سۇلتان ئەس-سەئىد ئۇلۇغبەگ مىرزەئى شاھىد،-ئاللاھ ئۇنىڭ قەبرىسىنى نۇرغا تولدۇرسۇن،-تەرىپىدىن يېزىلغان تۆت ئۇلۇس

خاقانلىرى ھەققىدىكى مەجمۇئەدىن ئېلىندى»(«چىڭگىزخاننىڭ تۆت ئۇلۇس تارىخى» بىر تانىيە مۇزىيىدا ساقلىنىۋاتقان قولىيازما، 182-بەت). بۇ نەقىللەر ئەلۋەتتە، ئەڭ ئاخىرقىسى، چۈنكى بىرىنچىدىن؛ئەسەرنىڭ ئېنىق نامى«چىڭگىزخاننىڭ تۆت ئۇلۇس تارىخى»ئىكەنلىكىنى، ئىككىنچىدىن؛ئۇنىڭ پۈتۈنلەي مىرزا ئۇلۇغبەگ نىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ يەردە ئەسەر ھەققىدە بارتولد ئېيتقان ئايرىم پىكىرلەرمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر. ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش كېرەككى،ئالىم ئۆزىنىڭ بىر قاتار ئىلمىي رىسالىلىرى («موغۇل ئىستىلا سى دەۋرىدىكى تۈركىستان»،«ئۇلۇغبەگ ۋە ئۇنىڭ دەۋرى»ۋە باشقىلار) دا ئۇلۇغبەگنىڭ مەزكۇر ئەسىرىدىن مەنبە سۈپىتىدە پايدىلانغانلىقىنى ئېيتىدۇ. لېكىن نېمە سەۋەپتىندۇر ئۇنى ئۆز ئەسەرلىرىنى ھۇجۇدقا چىقىرىشتىكى مۇھىم تارىخىي مەنبەلەر قاتارىغا كىرگۈز مەيدۇ .ئېنىقراقى،ئۇ«تۆت ئۇلۇس تارىخى» ناملىق بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتىنى بىرقەدەر پەسەيتمەكچى بولىدۇ. چۈنكى ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ:« شاھرۇخنىڭ ئوغلى ۋە تەخت ۋارىسى ئۇلۇغبەگ (1449-يىلى ئۆلتۈرۈلگەن)«تۆت ئۇلۇس تارىخى»نى يازغان. ئەسەر ئۆزنامىغا كۆرە موغۇللار ئىمپېرىيىسىنىڭ تولۇق تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .ئۇلۇغبەگنىڭ بۇ ئەسىرى بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن،لېكىن بەزى مەنبەلەردە، جۈملىدىن،خاندە مىرنىڭ «ھەبىب ئۇسسىيەر»دە ئۇنىڭدىن ئېلىنغان پارچىلار ئۇچرايدۇ. بۇ نەرسىلەردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، موغۇللار دۆلىتى تارىخى مۇئەللىپ (خاندەمىر -ب.ئە (ياشىغان دەۋر گىچە بايان قىلىنغان. ئەمما مۇئەللىپ ئاشۇ پادىشاھلار ھەققىدە تولۇق مەلۇمات بەر مەيدۇ. ئەكسىچە،خانلارنىڭ نامىنى نەقىل كەلتۈرۈش بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ، خالا س. شۇ سەۋەپتىنمۇ بۇ ئەسەرنىڭ بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەنلىكىدىن ئارتۇقچە قايغۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ئاساسى يوق،دىسەكمۇ بولىدۇ»(ۋ.ۋ. بارتولد «موغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان»موسكۋا، 1963-يىل روسچە نەشرىي،1-توم،105-بەت). ئالىمنىڭ يەنەبىر ئەسىرىدىن يەنە مۇنۇلارنى ئوقۇيمىز: «ئۇلۇ غبەگ قەلىمىگە تەئەللۇق دەپ ھىساپلانغان تارىخىي ئەسەر ئېھتىمال ئەدەبىي مە نبە تارىخنى تەنقىدىي تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ماتېرىيال سۈپىتىدە بىرمۇنچە قىز ىقىش پەيدا قىلىشى مۇمكىن،مۇبادا مەزكۇر ئەسەرنىڭ نۇسخىسى تېپىلسىمۇ، مو غۇل ئىمپېرىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئىنقىرازىدىن كېيىن تەشكىل تاپقان دۆلەتلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت مەۋجۇت مەلۇماتلارنى بېيىتىدۇ،دىيىش شۈبھىلىكتۇر»(ۋ.ۋ. بار تولد«ئۇلۇغبەگ ۋە ئۇنىڭ دەۋرى»موسكۋا، 1964-يىل روسچە نەشرىي،2-توم، 2-بۆلۈم. 142-بەت). مېنىڭچە،ئۇنىڭ«تۆت ئۇلۇس تارىخى»غا بۇنداق مۇئامىلە قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى ئىككى. بىرىنچىدىن؛دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كۇتۇ پخانىلاردا مەزكۇر ئەسەرنىڭ تولۇق نۇسخىسىنىڭ ساقلانمىغانلىقى(مەشھۇر شەر قشۇناس ش.شېفېرنىڭ تەخمىن قىلىشىچە،«تۆت ئۇلۇس تارىخى»نىڭ ئىككى تولۇق نۇسخىسى تۈركىيە كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانغان، لېكىن بۇ مەلۇماتنى ئېنىقلا ش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىمىزدىن ھېچ بىر نەتىجە چىقمىدى -ب.ئە) ئىككىنچىدىن؛ XVXVIIئەسىرلەرگە ئائىت تارىخىي قولىيازما ئەسەرلەرنىڭ ھاز ىرغىچە قانائەتلىنەرلىك دەرىجىدە

تەتقىق قىلىنمايۋاتقانلىقىدۇر. لېكىن ھەقىقەت، پەقەت مەلۇم تېمىغا بېغىشلانغان ئەسەرنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇپ ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىش ۋە ئۇلاردا كەلتۈرگەن مەلۇماتلارنى دىققەت بىلەن تەكشۈرۈش ئار قىلىقلا ئايدىڭلىشىدۇ. بىز بۇنى تۆۋەندىكى ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا مەلۇم بولغان پاكىتلاردىن كۆرەلەيمىز. مەسىلەن،تۆمۈرىيلەر دەۋرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مۇئەررىخلىرىدىن بىرى خاندەمىر (ھىجرىيە880- 941 -يىللىرى، مىلادى 1475-1534-يىللىرى) ئۆزىنىڭ«خۇلاسەتۇل ئەخپار» ۋە «ھەبىب ئۇسسىيەر «ناملىق ئەسەرلىرىدە«تۆت ئۇلۇس تارىخي»دىن كەڭ-كۇشادە پايدىلانغانلىقى ئاپ-ئاشكارە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن،«تۆت ئۇلۇس تارىخي»نىڭ تۈركىستان خانلىرى، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ چاغاتاي ئۇلۇسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەۋلاد لىرى تارىخىغا بېغىشلانغان بىرىنچى جىلتىنىڭ توققۇزىنچى ماقالىسى ۋە ئۈچۈنچى جىلدىنىڭ بىرىنچى ماقالىسى زور رەۋىشتە«تۆت ئۇلۇس تارىخي»غا ئاساسلا نغانXVI-XVII.ئەسەرلەردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇنلانغان مۇئەللىپلەر ئۈچۈنمۇ،ئۇلۇغبەگنىڭ بۇ ئەسىرى بىرىنچى قول مەنبە سۈپىتىدە رول ئوينىغان. چۈنكى،مۇئەللىپى نامەلۇم بولغان«تارىخي گۈزىدە، نۇسرەتنامەXVI) «ئەسىر نىڭ باشلىرىدا يېزىلغان)ناملىق ئەسەرمۇ«تۆت ئۇلۇس تارىخي»غاتايانغان ئەسە ردۇر. «زۇبدەتۇل ئەسەرXVI) «ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا يېزىلغان) كىتا بىنىڭ مۇئەللىپى تۈرك-موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ تارىخىنى بايان قىلغاندا؛«بۇ ئەسەرنى يېزىشتا مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ نامى بىلەن زىننەتلەنگەن «خانلار تارىخي» ناملىق ئەسىرگە تايانغان ئىدىم» دەيدۇ.(زۇبدەتۇل ئەسەر، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتوتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان 608 - نومۇرلۇق قولىيازما،86-بەت). بۇ يەردىكى گەپ شۈبھىسىز«تۆت ئۇلۇس تارىخي »،تېخىمۇ ئېنىقراقى، ئۇنىڭ بىرىنچى قىسمى ئۈستىدە كېتىۋاتقاندەك قىلىدۇXVII .ئەسىردە ئۆتكەن يىرىك قامۇسىي ئالىم مەھمۇد ئىبنى ۋەلىنىڭ «بەھرۇل ئەسرار»(سىرلار دېڭىزى) ناملىق كاتتا ئەسىرىنى(بۇئەسەر ھەققىدە ئۆز ۋاقتىدا ئۆز پىكىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىانمىز-ئاپتۇر)، ئېنىقراقى، ئۇنىڭ موڭغۇل ئىمپىرىيىسى ۋە چىڭگىزخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئىمپىرىيە ئورنىدا قۇرۇلغان ئۇلۇغ يۇرت، يەنى، موڭغۇلىستان،ئالتۇن ئوردا،چاغاتاي ئۇلۇسى،شۇنىڭدەك، چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى ھىلاكوخان ئاساس سالغان ئېلخانىلار دۆلىتى(ئىران،ئەزەربەيجان) تار ىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالتىنچى جىلدىنىڭ مۇندەرىجىسى ھەمدە مەزمۇن جەھەتتىن ئۇلۇغبەگنىڭ «تۆت ئۇلۇس تارىخي»غا ئوخشاپ كېتىدۇ.

»تۆت ئۇلۇس تارىخي»ناملىق بۇ ئەسەرنىڭ ئىجاد قىلىنىش جەريانىغا ئۇلۇ غبەگنىڭ بىۋاستە قاتناشقانلىقى ياكى شەخسەن ئۆزى ئۆز قولى بىلەن يازغانلىقىغا ھېچ بىرشۈبھىگە ئورۇن يوق. يۇقۇرىدا ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىن بۇ پىكىر ىمىزنى ئىسپاتلايدىغان بىر پارچىنى نەقىل قىلىپ يازغان ئىدۇق. بۇنى باشقا تار ىخچىلارمۇ تەستىقلايدۇXV.ئەسىرنىڭ مەشھۇر تارىخچىلىرىدىن بىرى بولغان مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر(1500-1551) ئۇلۇبەگنىڭ تارىخ ئىلمى ساھەسىدىمۇ سەمەرىلىك

ئەمگەكلەرنى قلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مەسلەن؛ئۇنىڭ «تارىخي رەشىدىي»ناملىق يىرىك كىتابىدىن بۇ ھەقتە مانا بۇلارنى ئوقۇيمىز:«دانىشمەن پادىشاھ مىرزا ئۇلۇغبەگ بىر تارىخي ئەسەر يازدى ۋە ئۇنىڭغا «ئۇلۇسلار تارىخي »دەپ نام قويدى. («تارىخي رەشىدىي»،ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنىستىتوتى كۇتۇپخانىسى قولىيازما بۆلۈمى 1430-نومۇر، 85- بەت)، ئۇلۇغبەگنىڭ شۇنداق بىر ئەسەر يازغانلىقىنى خاندەمىر بىلەن مەھمۇد ئىبنى ۋەلىمۇ تەستىقلايدۇ.

يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلارغا تايىنىپ شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى،«تۆت ئۇلۇس تارىخي»رەشىددىنىنىڭ مەشھۇر«جامىئۇت تاۋارىخ»ناملىق ئەسىرىگە ئو خشاش تارىخچى ئالىملارجامائەسى تەرىپىدىن، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ بىۋاستە قاتنىششى ۋە رەھبەرلىكى ئاستىدا يېزىلغان.

»تۆت ئۇلۇس تارىخي»نىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىلىرى بەك ئاز. بىز يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق، ئەسەرنىڭ تولۇق نۇسخىسى ھازىرغىچە تېپىلغىنى يوق .بۈگۈ نگىچە ئۇنىڭ تۆتلا قىسقارتىلغان (مەجمۇئە)نۇسخىسى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىسى ئەنگىلىيىدە،بىرسى ھىندىستاننىڭ بەنكىپور شەھرى كۇتۇپخا نىسىدا،تۆتىنچى نۇسخىسى ئامېرىكا قوشماشتاتلىرى خارۋارت ئونىۋېرېستېتى كۇتۇ پخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

ئەسەر بىرقاتار تارىخي، جۇغراپىيىۋي مەنبەلەر ۋە رىۋايەتلەر ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، مۇئەللىپ كۆپ ھاللاردا ئۆزىنىڭ بۇكتاپنى يېزىشتا پايدىلانغان مە نبەلىرىنى ئېنىق كۆرسەتمەيدۇ ۋە«ئېيتىلىشچە»،«قىسسە ۋە تارىخي كىتاپلاردا يېزىلىشچە»،«چاغاتاي ئۇلۇسى ئۆلىمالىرىنىڭ كىتاپلىرىدا كەلتۈر لۈشچە»، « بىرگوروھ ئەدىپ، ھەقىقەتگۈي تارىخ ئەرباپلىرىنىڭ ئېيتىشچە»دېگەندەك ئومۇ مىي ئىبارىلەر بىلەن چەكلىنىدۇ. لېكىن، بەزى جايلاردا ئۆزى پايدىلانغان بەزى ئەسەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇئەللىپلىرىنىڭ نامىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر ئاسترونوم ئەبۇ مەئىيشەر بەلخي (886-يىلى ۋاپات بولغان)، بۈيۈك ئالىم،شائىر ھەمدە سەيياھ راشىددىن ۋاتىبات (1096- 1182)، مەشھۇر تارىخچى، دۆلەت ئەربابى ئالاۋۇددىن ئاتامەلىك جۇۋەينى (1226-1283)، راشىددىن پەزلۇ للاھ ھەمەدانىي) تەخمىنەن 1247-1318)، ھەمدۇللاھ مۇستەۋفىئي قەزۋىنىي (1281-1349) ۋە باشقىلارنىڭ نامىلىرى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئالىم تەپسىر ۋە ھەدىس كىتاپلار،رىۋايەتلەردىن پايدىلانغانلىقىنىمۇ تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا راشىد دىن، خۇجەندىي ۋە نىزامىيلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان شېئىرىي پارچىلارمۇ ئۇچرايدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇلۇغبەگ مەزكۇر ئەسەرنى يېزىشتا ناھايىتى كۆپ، مەز مۇن جەھەتتىن خىلمۇ-خىل (تارىخ، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، نەزمىي) كىتاپلار دىن خېلى كەڭ پايدىلانغان.

ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز.ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش كېرەككى، مۇئەللىپنىڭ ئۆزى مەزكۇر ئەسەرنى قىسىم ياكى باپلارغا بۆلمىگەن. بىز«تۆت ئۇلۇس تارىخي»توغرىسىدىكى بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن نەشىر قىلىنغان كىچىك بىر ماقالىمىزدا مەزكۇر ئەسەرنى تۆت ئۇلۇس تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىدىن كېلىپ چىقىپ، تۆت قىسىمدىن ئىبارەت دېگەن ئىدۇق. لېكىن كېيىنچە ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش ۋە ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ مۇندەرىجىسى ھەققىدىكى پىكرىمىز ئۆزگەردى. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى ھىساپتا ئۇنى تەخمىنەن مۇقەددىمە ۋە يەتتە باپقا بۆلۈش مۇمكىن، دېگەن خۇلاسىگە كەلدۇق.

ئەسەرنىڭ مۇقەددىمەسىدە، خۇدايى تائالا، ئۇنىڭ ئەلچىسى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى شەنىگە ئېيتىلغان مەدھىيىلەر،ئادەم ئاتىنىڭ يارىتىلىشى ھەمدە ئىسلامىيەتتىن ئاۋال ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر (شىس، قەينان، مەھلايىل ۋە باشقىلار)، نۇھ ئەلەيھىسسالام، شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ تارىخى قىسقىچە بايان قىلىندۇ.

بىرىنچى باپتا؛ تۈركخان ئىبنى يافەس ھەمدە ئۇنىڭ تۈركىستان زېمىنلىرىدە پادىشاھلىق قىلغان ئەۋلادى (ئەبۇلجاھان، دىباكۇيخان، كۆيۈكخان ۋە باشقىلار)، تاتار-موغۇل ۋە تۈرك قوۋملىرى پادىشاھلىرىنىڭ (موغۇلخان، قاراخان، ئوغۇز خانغا ئوخشاش)تارىخى بايان قىلىنغان بولۇپ،بۇنىڭ سىرتىدىكى كۆپ نەرسىلەر باشقا ئەسەرلەردىنلا مەلۇم،لېكىن بۇ باپتا يەنە بەزى مۇھىم مەلۇماتلارنىمۇ ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن؛ ئوغۇزخان دەۋرىدە(مۇئەللىپنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭ ئەجداتلىرى قەدىمكى ئىراندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان پېشدادىتلار بىلەن زاما نداش بولغان).ئۇ ئەمەل بۆلگەن ساراي قۇبۇل مۇراسىملىرى تەرتىۋى، تۈرك قوشۇ نلىرىنىڭ تۈزۈلىشى، ئۇلۇس سېستىمىسى،«ئوغۇزخان ھەربىر شاھزادىسىنى بىر دىن ئۆلكىگە تەيىنلەيدۇ، ئۇلارغا لەقەم ھەمدە تامغىلارنى بەلگىلەيدۇ. تۈرك قوشۇ نلىرىنىڭ تۈزۈلىشى، ئوسمانلى تۈرۈك سۇلتانلىرىنىڭ شەجەرىسى شۇلارنىڭ جۈ ملىسىدىندۇر. مەزكۇر باپتا كەلتۈرۈلگەن تۈركلەر ۋە موغۇل قەۋملىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلاردىن مەلۇم بولىشچە، ئۇلار بىر-بىرىگە شۇ دەرىجىدە يېقىن ئىستىقامەت قىلغانكى، ھەتتا ئۇلارنىڭ شەجەرىلىرىمۇ ئارلاش-قۇرلاش بولۇپ كەتكەن. بۇ ھا لنى بىز راشىددىننىڭ يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسرى (بىرىنچى جىلدىدا) ۋە مەشھۇر نېمىس شەرقشۇناسى گېرخارد دايېرفېرنىڭ «يېڭى پارس ئەدەبىياتىدا تۈرك-موغۇل ئېلمېنتلىرى»دېگەن تۆت جىلدلىق ئىزاھلىق لوغىتىدىمۇ ئېنىق كۆ رەلەيمىز.( گېرخارد دايېرفېر«يېڭى پارىس ئەدەبىياتىدا تۈرك-موغۇل ئېلمېنتلىر ى»ۋېسبادىن نېمىسچە،1963 -1975-يىللىرى نەشرى.(

ئىككىنچى باپتا؛ تۈرك-موغۇل خانلىرىنىڭ ئەپسانىۋىي ئانىسى ئالانقوۋا ۋە ئۇ نىڭدىن تارقالغان ئەۋلادلار يەنى،پادىشاھلارنىڭ(بۇزەنجىر خاقان، بۇقاخان، دۇ

تىمنخان،قابلخان،بايسۇنغۇرخان،بۆرتان باھادىر،يەسۇگەي باھادىر) تارىخي باياننى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ باپتىمۇ ئىلىم-پەن ئۈچۈن مۇھىم مەلۇماتلار ئۇچرا يدۇ. تۈرك-موڭغۇل قوۋملىرىنىڭ بىرلىكتە، ئارلىشىپ ياشاپ كەلگەنلىگى تۈرك دىيارى ۋە ئۇنىڭ باشقا قوۋملىرى ئارىسىدا تۇتقان مەۋقەيى، ئاددىي خەلقنىڭ بىر يەرگە،ئىنىقراقى،ئۆز ھۆكۈمدارىنىڭ بايرىقى ئاستىغا بىرىكتۈرۈلگەنلىگى) يەنى فىئودالىق ھوقۇق(، VIIIئەسىردە جالايىر قوۋمى باشلىقلىرىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلار شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

»تۆت ئۇلۇس تارىخي»نىڭ ئۈچۈنچى بابىدا؛بۈيۈك جاھانگىر چىڭگىزخاننىڭ تارىخى بايان قىلىنغان. بۇ يەردە كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلار ئىچىدە ئېتىبارغا سازاۋەر لىرىدىن موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ تۈزۈلىشى،ئۇنىڭ ئاق رەڭدىكى توققۇز تالالىق تۇغى،قۇرۇلتاي ۋە باشقا قۇبۇل مۇراسىملىرىدا بولىدىغان تەرتىپ-قائىدىلەر، تۈرك ئىلى، يەنى نايمانلار، قارلۇقلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ يۇسۇنلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلار مۇھىم ئەھمىيەت پەيدا قىلىدۇ. يەنە، شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، چىڭگىزخان زامانىدا تۈرك-موڭغۇل قوۋملىرى داھا (ئونلىك)، سادا (يۈزلىك(، ھازارا(مىڭلىك) ۋە تۈمەن(ئون مىڭلىك) لارغا بۆلۈنگەن. چىڭگىزخان زامانىدا«ھېچكىم»دەپ باشلىنىدۇ«تۆت ئۇلۇس تارىخي»دا؛«ئۆز داھاسى، ساداسى ۋە ھەزاراسىدىن باشقا جايغا كېتەلمەگەي ۋە باشقىلارنىڭ پاناسىغا ئۆتەلمەگەي...بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغانلار باشقىلارغا ئىبرەت بولسۇن دەپ خەلق ئالدىدا ئۆلتۈرىدۇ»، بۇ توغرىسىدا «تۆت ئۇلۇس تارىخي»نىڭ مۇئەللىپى كەلتۈرگەن مانابۇ پاكىتمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر. ئەسەرنىڭ تۆتىنچى بابىدا ئېيتىلىشىچە، چىڭگىزخاننىڭ 1225- يىلى خارەزىمشاھلار دۆلىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان كەڭ كۆلەملىك ھەربىي يۈرۈ شىدىن قايتىشىدا، سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ ساھىلىدا، چېدىر تىكتۈردى، شۇچاغدا خان تەرىپىدىن بۇيرۇق قىلىندىيكى، ئەركانى دەۋلەت ۋە باشقا ئەسكەرلەرنىڭ ھەربىرى ئۆزقەدرى ۋە مەۋقەسىگە مۇئاپىق ئوۋ مەيدانىدا بىردىن ئولجىنى قولىغا كىرگۈزىۋالسۇن: تۈرلۈك ئوۋلارغا ئۆز تامغىلىرىنى باسقاندىن كېيىن قويىۋەتسۇن». بۇ پاكىت موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە پەقەت، يەر، سۇ، ئوۋ قىلىنىدىغان قورۇقخانىلار ۋە ئۇنىڭدىكى جانىۋارلارمۇ فىئوداللارغا بىرلەشتۈرۈپ قويۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك،بۇ پاكىت بىزنىڭ تۈرك-موڭغۇل جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولغان فىئودا لىلىق مۇناسىۋەتلەر ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىمىزنى بىر قەدەر كېڭەيتىشكە ياردەم بېرىدۇ. ياكى چىڭگىزخاننىڭ شۇ قەدەر تېز ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن مەملىكەتلەر، جۈملىدىن، ئاشۇ زاماننىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتلىرىدىن بىرى بولغان خارەزىم ئىمپېرىيىسى ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىنى تەمىنلىگەن سىياستىنى خاراكتېرلىگۈچى مانا بۇ مىسالمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر» .ساھىبقىرانى ئەزەم چىڭگىزخانى مۇئەززەم،-دەپ ئوقۇيمىز بۇ ئەسەردە،-بىرەر دىن ۋە مىللەتكە يان باسمىغان، بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەت ئۈستىدىن ئۈستۈنلىگى تەئەسسۇبىدىن ئۆزىنى يىراق تۇتاتتى، مۇسۇلمانلار تائىپىسىنىڭ ئۆلىما ۋە زاھىدلىرىنى ئەزىز كۆرەتتى». يەنە بىر مۇھىم مىسال: «ئادەم ئاتا زامانىدىن

بۆگۈنكى كۈنگىچە بىرەر پادىشاھ سىپاھى تۈركلەر نىڭكىدىن مۇپەسسەل بولمىغان»،پەقەت تۈركلەردىنلا تۈزۈلگەن چوڭ-چوڭ ھەربىي قىسىملار چىڭگىزخاننىڭ ماۋەرائۇننەھىر، ھىندىستان، ئىران، ئەزەربەيجان ۋە باشقا مەملىكەتلەرگە قىلغان يۈرۈشلىرىگە پائال قاتناشقان. ئەسەردە ئۇچرىغان«چىڭگىزخان جۇجىخاننى بارچىل (بارچىلكەند) شەھرىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر تۈمەن تۈرك لەشكەر بىلەن ئەۋەتتى»،«تۈركلەربىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا تۈركانخاتۇن ئەۋلادلىرى بىلەن ئەسىر ئېلىنغاندى»،«قوشۇن يۇرتلىر نىنىڭ تەگرىقۇتلىرىنى تۈرك ئاتلىرىنىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلىدى»، «ھىندىستا نىنىڭ ئاب ھاۋاسى تۈركلەرنىڭ مىجەزىگە ياقماي، نۇرغۇنلىرى كېسەلگە مۇپتىلا بولدى»دېگەنگە ئوخشاش پارچىلارنى ئۇچرىتىمىز،بۇ ئەسەردە. يەنە ئاشۇ تاڭغۇت ئۇرۇشى ھېكايىسىدە كەلتۈرۈلگەن مانا بۇ شېئىرغا دىققەت قىلىڭ:

كاماندارى تۈركان بەتىرى ھەدەڭ،

زىرىھرا كۇشادا زى ھەم چەۋمى تاڭ.

مەنىسى:

تۈرۈك كاماندازلار ھەدەڭ ئوقى بىلەن

ساۋۇتنىڭ تار كۆزىنى ئاچتىلەر.

مەزكۇر باپتا يەنە دىققەتكە سازاۋەر مەلۇماتلار باربولۇپ،بىز بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ھەممىسنى كەلتۈرمەي ئاز بىر قىسمىنى ئەسلتىپ ئۆتۈش بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز. بۇلار: قاراختايلار تەرىپىدىن ئىمىل دەرياسى بويىدا بىنا قىلىنغان شەھەر ۋە ئۇ نىڭغا يېقىن ئەتراپتىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن 40 مىڭ ئائىلە تۈركلەر،خارەزىمشاھ ئەلاۋۇددىن مۇھەممەد بىلەن تايانقۇ باش بولغان قاراختاي قوشۇنى ھجرىيە 607-يىلى رەبىئەل ئەۋەل ئېيىنىڭ 8-كۈنى (مىلادى 1230-يىلى 30-ئاۋغۇ ست كۈنى) ئىلى دەرياسى بويىدا بولۇپ ئۆتكەن دەھشەتلىك ئۇرۇشنىڭ تەپسىلا تى،مۇڭغۇللار ئىستىلاسى ئارپىسىدا خارەزىمشاھ ئەلاۋۇددىن مۇھەممەدنىڭ سەمەر قەند مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش توغرىسىدا ئېلىپ بارغان ئىشلىرى، بەلخ شە ھرىنىڭ موڭغۇللار تەرىپىدىن قورشىۋېلىنىشى ۋە موڭغۇل ئارمىيىسى تەركىبىدە چىڭگىزخاننىڭ باشقا مەملىكەتلەرنى بېسىۋېلىشىغا پائال قاتناشقان تۈرك قوشۇ نلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ سەردارلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلاردۇر. خاراكتېرلىك ئىككى مىسال: «تۆت ئۇلۇس تارىخي»دا كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، موڭغۇللار ھۇجۇمى ئارپىسىدا خارەزىمشاھنىڭ پەرمانى بىلەن 300 مىڭ ئادەم سەمەرقەند سېپىلى،شەھەر قەلئەسى ۋە باشقا مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى مۇستە ھكەملەش ئىشىغا سەپەرۋەر قىلىنغان، شۇچاغدا ھەقىقەتەنمۇ شەھەرنى مۇستەھكەملەش، ئۇنى قامال جەڭلىرىگە تەييارقىلىش توغرىسىدا چوڭ ئىشلار ئېلىپ بېرىلغان ئىكە

ن. «تۆت ئۇلۇس تارىخي»دا كەلتۈرۈلگەن بۇ مەلۇمات 1960-يىللىرى ئەپراسىيا پتا ئېلىپ بېرىلغان ئارخىلوگىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئىشلىرىنىڭ نەتىجىلىرى بۇلارنى ئىسپاتلايدۇ.(ۋ. ئا. كارلىۋاروۋ شېشكىن؛«ئەپراسىياپتىكى ئارخىلو گىيىلىك تەكشۈرۈش»تاشكەند 1969-يىل روسچە نەشرى،136-141-بەتلەر). ئىككىنچى مىسال: مەلۇمكى،-1221 يىلى باھار پەسلىدە موڭغۇللار خۇراساننىڭ قەدىمقى ئىقتىسادىي-سىياسىي ۋە مەدەنىي مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان بەلخ شەھر ىنى ئىشغال قىلىپ ئۇنى خارابىلىككە ئايلاندرۋەتتى. ئىبنى ئەل ئەسىر (1160 – 1232) نىڭ گۇۋاھلىق بېرىشچە شەھەر ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن دۈشمەنگە تە سلىم بولغان،شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ چىڭگىزخان بەلخ خەلقىگە مېھر-شەپقەت كۆرسە تكەن ھەمدە شەھەر ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى ئامان قالدۇرغان.(«تارىخ ئەل-كامىل»، تورنىبېرىگ نېمسچەنەشرى 12-جىلد، لېيدىن، 1853-يىل، 255- بەت). يەنە باشقا بىر كاتتا تارىخچى ئالاۋۇددىن ئاتا مەلىك جۇۋەينى (1226-1273)نىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، قۇدرەتلىك خان، يەنى چىڭگىزخان ئاۋال شەھەرنىڭ ئاما نلىقىغا ۋەدە قىلغان، لېكىن كېيىن سۆزىدە تۇرماي شەھەرنى ۋەيران قىلغان.( مىرزا مۇھەممەدخان قەزۋىنىي«تارىخي جاھانگوشاي»،لېيدىن-لوند ون،1912-يىل ئېنگىلىزچە نەشرى، 1-قىسىم-103 ، -104بەتلەر). مىرزا ئۇلۇ غبەگ بۇ ھەقتە تامامەن باشقا مەلۇماتلارنى كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا چىڭگىزخان بەلخلىقلار ئەڭ ئاخىرقى خانى خارەزىمشاھ جالالىددىن (ھىجرىيە 618-628-يىللىرى،مىلادىيە 1220-1231-يىللىرى)نىڭ ئادەملىرىگە باشپاناھ بولغانلىقى ئۈچۈن شەھەر ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى جازالىغان. ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن بەلخئاب دەرياسىغا ياسالغان بەندى ئەمر تۇغانى بۇزۇپ تاشلانغان .شۇچاغدا بەلخ ۋە ئۇنىڭ تۇمەنلىرى ئالتە ئاي سۇئاستىدا قالغان.

ئەسەرنىڭ تۆتىنچى بابى چىڭگىزخاننىڭ ئۇلۇغ يۇرتى، يەنى، موڭغۇلىستان بىلەن شىمالىي جۇڭگونى ئىدارە قىلغان بىۋاستە ۋارىسلىرى تارىخىغا بېغىشلانغان ۋە ئوكتايخاقان (ھىجرىيە 624-639-يىللىرى،مىلادى 1227-1241- يىللىرى (زاماندىن تا ئارىق بوقا (ھىجرىيە 728-يىلى، مىلادى 1328-يىلى) ئەۋلادى ئورداىخاقانىچە بولغان دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك،بۇ باپتا؛ چىڭگىزخان زاماندىن تاكى ئەمىرتۆمۈر زامانىغىچە موڭغۇلىستاندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 21 ھۆ كۈمداردىن 17 سىنىڭ تارىخى قىسقىچە بايان قىلىنغان. مۇھىمى شۇكى، راشىد دىن ئۇلاردىن پەقەت بەشىنىڭ (ئوكتاي، چاغاتاي، كۆيۈكخان، مەنسۇرخان، قۇ بلاي خاقان)نىڭ نامىنى. «مۇقەددىمەئىي زەپەرنامە»نىڭ مۇئەللىپى شەرپىددىن ئەلى يەزدى (ھىجرىيە-858 يىلى، مىلادى 1454-يىلى ۋاپات بولغان) ئۇلاردىن پەقەت14نىڭ نامىنى يازغان، خالاس. («مۇقەددىمەئىي زەپەرنامە»، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئېنىستىتوتى كۆتۈپخانىسى قولىيازمىلار بۆلۈ مى، 1-1520-نومۇر، 59-، 62-بەتلەر.(

بەشنچى باپ؛ چىڭگىزخاننىڭ تۇنجى ئوغلى جۇجىخاننىڭ نەسەبىدىن بولغان 33 خان زامانىدا دەشتىقىپچاق (ھازىرقى قازاقىستان، غەربىي سىبىرىيە ۋە بالغاسۇيى يەرلىرى)نىڭ تارىخىدىن ھېكايە قىلىدۇ. بۇ باپتىمۇ ۋەقەلەر قىسقا تەر ىزدە بايان قىلىنغان.لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئايرىم مەلۇماتلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ يەردە شۇلاردىن بەزىلىرىنى كەلتۈرۈپ ئۆتمە كچىمەن.

.1دەشتىقىپچاقتا، ئومۇمەن موڭغۇل قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ تار قىلىش مەسىلىسى. مەلۇمكى بىر ۋاقىتلاردا قاراخانىيلار تەسەررۇپى ئاستىدا بولغان جايلاردا، جۈملىدىن ئالتاي، ئىلى ۋادىسى، يەتتىسۇ ۋە قەشقەردە ياشىغۇچى خەلقلەر ئارىسىدا ئىسلام دىنىX ئەسىردىلا سۇتۇق بۇغراخان) ھىجرىيە 344- يىلى تۇغۇلۇپ، تەخمىنەن 955-956-يىللىرى ۋاپات بولغان) دەۋرىدە تارقىلىشقا باشلىغان. چىڭگىزخان ماۋەرائۇننەھرنى پەتھى قىلغاندىن كېيىن، ئاشۇ يۇرتلاردا ئىسلام ئاساسنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، بۇخارادىن بىر گورۇھ يىرىك مۇسۇلمان روھانىيلارنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەتكەنلىگى مەلۇم. ئۇنىڭدىن قالسا، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى، تا ئۆزبېكخان(ھىجرىيە 712-742-يىللىرى، مىلادىيە 1312- 1342- يىللار (غىچە، گەرچە يات دىندا بولسىمۇ، مۇسۇلمان ئاھالىسى ۋە روھانىيلىرىغا نىسپەتەن ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن، ئۇلارنى تەقىپ ئاستىغا ئالمىغان. بۇ ھەقتە جۇۋەينىنىڭ يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسىرىدىمۇ، راشىد دىنىڭ«جامىئۇت تاۋارىخ»دىمۇ،مۇسۇلمان روھانىيلىرىنىڭ يازمىلىرىدىمۇ، «تۆت ئۇلۇس تارىخي»دىمۇ بەزى مۇھىم مەلۇماتلار كەلتۈرۈلگەن. دەشتىقىپچاقتا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى مەسىلىسىگە كەلسەك، ھازىرغىچە بۇ مۇھىم ئىجتىمائىي- سىياسىي ۋەقەXIV ئەسىرنىڭ بېشىدا، يەنى ئۆزبېكخان دەۋرىدە بولغانلىقى تەكىتلىنىدۇ. لېكىن«تۆت ئۇلۇس تارىخي»دا بۇ جەريان باتۇخان (ھىجرىيە- 624-653 يىللىرى، مىلادىيە 1227-1255-يىللىرى) ۋە باراكخان(بەركخان) پادىشاھلىقى دەۋرىدە (ھىجرىيە 655-665-يىللىرى،مىلادى 1257- 1267- يىللىرى) باشلانغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، باراكخا نىنىڭ مۇسۇلمان ئايالنى ئىمىپ چوڭ بولغانلىقى، يەنى، مۇسۇلمان كىشى ئىكە نلىگى،بۇخارادىكى مەشھۇر ئىلاھىيەت ئالىمى سەيفىددىن بۇخارىزىيXII)ئەسىر نىڭ ئىككىنچى يېرىمى،(ھىجرىيە659-يىلى، مىلادى1251-يىلى) دىن تەلىم ئالغانلىقى ئېيتىلغان. باشقا بىرجايدا، يەنى ئۆزبېكخان پادىشاھلىقى بايان قىلىنغان يەردە، (ھىجرىيە720-يىلى،مىلادى1320-يىلى) دا ئەنەشۇ پادىشاھ ھنىڭ سەئيي ھەركەتلىرى بىلەن زەڭگى ئاتا ۋە ئۇنىڭ خەلپىسى سەئىد ئاتىلار نىڭ يېتەكچىلىگىدە دەشتىقىپچاقتا كۆچۈپ يۈرگەن تۈرك-موڭغۇل قوۋملىرىنىڭ مۇسۇلمانلىق شەرىپىگە مۇيەسسەرر بولغانلىقى ھەققىدە ھېكايە قىلىنىدۇ.

مەزكۇر باپتا كەلتۈرۈلگەن«ئۆزبېك»ئېتنونىمىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئائىت ناھايىتى مۇھىم مەلۇماتلار ئالاھىدە دىققەتنى تارتىدۇ. مەلۇمكى، ئۆزبېك خەلقىنىڭ كېلىپ چىقىش مەسىلىسى ھازىرغىچە تولۇق ھەل قىلىنمىغان بىر مەسىلە بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئىلىم-پەندە بۇ مەسىلىگە بولغان ھەرخىل چۈشەنچىلەر ۋە قاراشلار مەۋجۇت،مەسىلەن؛ھ.ئا. ئارىستوۋ، ئا.يۇ. ياكوۋېسكىي، ل.ل. ئىۋانوۋ ھەمدە چەتئەللىك ئالىملاردىن م.ئا. چاپلىچكا ۋە ھ.ھوۋكىملارنىڭ پىكرىگە قارىغاندا، «ئۆز بېك»ئېتنونىمى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ خانى ئۆزبېكخاننىڭ نامى بىلەن باغلىق، باشقىچە ئېيتقاندا،ئۆزبېك نامى ئاشۇ خاننىڭ ئىسمىدىن ئېلىنغان. ۋ.ۋ. گىرىگورىيېۋ ۋە ئا.ئا. سېمونوۋلار بولسا، دەشتىقىپچاقنىڭ شەرقىي قىسمى، يەنى ئاق ئوردىدا ئاشۇ زامانلاردا ياشىغان تۈرك-موڭغۇل قوۋملىرى ئۆزبېكلەر دېيىلەتتى. ھ . ۋامبېرىي،گ.خاۋارىس،لېلۋولارنىڭ پىكرىچە دەشتىقىپچاقتا كۆچۈپ يۈرگەن تۈرك -موڭغۇل قەبىلىرى ئۆزلىرىنى ئەركىن تۇتقانلىقى سەۋەپلىك ئۆزبېكلەر(ئۆز-ئۆزىگە بەگلەر) دەپ ئاتالغان بولۇشلىرى مۇمكىن. (ئاھمەدوۋ«ئۆزبېك كۆچمەنلىرى» موسكۋا،1965-يىل روسچە نەشرى،11-،17-بەتلەر). بىر قاتار مۇھىم تارىخي مەنبەلەر (گەردىزىي، راشىددىن، ھەمدۇللاھ قەزۋىنىي«ئىسكەندەر ئانانىمىي»، خاندەمىر«تارىخى گۇزىدە نۇسرەتنامە»،«مېماننامەئىي بۇخارا»، «تارىخي ئابدۇ لخەيرىخانىي»غائوخشاش ئەسەرلەر)نى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش شۇنى كۆرسىتىدۇ كى،«ئۆزبېك» ئېتنونىمى توغرىسىدا بىلدۈرۈلگەن كېيىنكى پىكىر ھەقىقەتكە بىر قەدەر يېقىن. «ئۆزبېك»ئېتنونىمى XIXئەسىرنىڭ-60 يىللىرىدا پەيدا بولغان، «ئۆز بېكلەر»دېگەندەXIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىن ئاجىرلىپ چىققان دەشتىقىپچاقنىڭ شەرقىي قىسمىدا يەنى، ھازىرقى قازاقىستان ۋە غەربىي سىبىرىيەدە كۆچۈپ يۈرگەن تۈرك-موڭغۇل قوۋملىرى نەزەردە تۇتۇلغان. لېكىن شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىپ ئۆزبېكلەر خەلق سۈپىتىدەXIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ مەلۇم بولغان،دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس .ئۆزبېكلەر، قازاقلار، قاراقالپاقلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەجدا تلىرى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ياشاپ كېلىۋاتقان جايلاردا كۆن كەچۈرگەن. ئەمما،ئاشۇ زامانلاردا ئۇلار ئۆزبېكلەر، قازاقلار، قاراقالپاقلار دەپ ئاتالمىغان. ئۇلار ئومۇمەن تۈرك ياكى ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان قەبىلىلەرنىڭ (بۆركۈت، نايمان، دارمان، قوڭغىرات، مانغىت ۋاھاكازا)نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ توغرىسىدا «تۆت ئۇلۇس تارىخي»دا ناھايىتى مۇھىم مەلۇماتلار بېرىلگەنكى، ئۇلارنىڭ ئىلىم- پەن، خۇسۇسەن ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئېتنىك تارىخى ۋە كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىش ئەھمىيىتى بىنىھايەت كاتتىدۇر. ئەسەردىن مانا بۇلارنى ئوقۇيمىز: «...توقتامىشخاننىڭ دۆلىتى پايانىغا يەتكەندىن كېيىن، ھەزرىتى سۇلتان مۇھەممەد ئۆزبېكخان...تەختكە ئولتۇردى، ئۆزبېك ئۇلۇسىنى ئۇنىڭغا ئايرىپ بەردى. ھىجرىيە 712-يىلى (مىلادى 1312–يىلى) سەلتەنەت تەختىدىن جاي ئالدى. ئېيتىلىشىچە، ئۇ تەختكە ئولتۇرۇپ ئاردىن سەككىزيىل ئۆتكەندىن كېيىن، ماشا يىخلار ۋە مۇسۇلمانلارشەيىخى، ئەۋلىيالار قۇدبى ھەزرەتى زەڭگى ئاتىنىڭ،-ئاللاھ ئۇنىڭ قەبرىسىنى مۇنەۋۋەر قىلسۇن،-ئىشارىتى بىلەن جانابى

سەئىدزادىلەر ئاللا ھنىڭ ئىرادىسى بىلەن يولدىن ئاداشقۇچىلارنى توغرا يولغا سالغۇچى مۇردلارنىڭ پىرى مۇرشدى، تالىپلارنىڭ يوللىغۇچىسى ھەزرىتى سەئىد ئاتا-ئاللاھ ئۇنىڭ سىر لىرىنى مۇقەددەس قىلسۇن،-يەنى زەڭگى ئاتانىڭ خەلپىسى ئارقىلىق- ھەر ئىككىلىسىگە ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياغسۇن-...ھىجرىيە 720-يىلى (مىلادى 1320-يىلى) ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى. بۇقىسقا بايانىنىڭ تەپسىلاتى«ماقامەتى ھەزرىتى سەئىدئاتا»دىگەن كىتاپتا بايان قىلىنغان

سۇلتان مۇھەممەد ئۆزبېكخان ئۆزىنىڭ ئەل-ئۇلۇسى بىلەن ئىلاھىي سائادەت ۋە پەزىلەتكە ئېرىشىپ، ھەزرىتى سەئىد ئاتىنىڭ غايىپ ئىشارىتى ۋە ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسنى ماۋەرائۇننەھىر دەرياسى تەرەپكە ئېلىپ كە لدى. ھەزرىتى سەئىدئاتىغا،- ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە رىزالىقى بولسۇن،- قۇلاق سېلىشتىن بويۇن تولغىغانلار بۇ سائادەتتىن بىخەۋەر ھالدا، ئۇ يەردە) دەشتىقىپچاقتا) قالدى ۋە «قالماق»دىگەن نامغا مەنسۇپ بولدىلەركى، بۇنىڭ مە نىسى »قالغان»دېمەكتۇر. ھەزرىتى سەئىد ئاتا،- ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە رىزالىقى بولسۇن،-ھەمدە سۇلتان مۇھەممەد ئۆزبېكخان بىلەن بىللە ماۋەرائۇننە ھىرگە كەلگەن كىشلەردىن:«بۇ كەلگەن كىم؟»-دەپ سورىدى. ئۇلارنىڭ پاد ىشاھى ۋە سەردارى ئۆزبېكخان بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارنى«ئۆزبېك»دەپ ئاتىدى. شۇ سەۋەپتىن ئاشۇ زاماندىن باشلاپ ماۋەرائۇننەھىرگە كەلگەن كىشلەر «ئۆزبېك »دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. دەشتىقىپچاقتا قالغان كىشلەربولسا، «قالماق» بو لدى.«

يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن پارچىلاردىن مۇنداق ئىككى مۇھىم خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇ:

.1دەشتىقىپچاقنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە غەربىي سىبىر ئۆزبېكخان ئالتۇن ئوردا تەختىگە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرىمۇ ئۆزبېك ئۇلۇسى دەپ ئاتالغان .دېمەك شۇ كەڭرى زېمىندا كۆچۈپ يۈرگەن تۈرك-موڭغۇل قوۋملىرى «ئۆزبېك»دىگەن بىرلا ئومۇمىي نام بىلەن ئاتالغان.

.2شۇ پەيتكىچە پەندە«ئۆزبېك-خەلق نامى سۈپىتىدە،XVئەسىرنىڭ ئاخىرىXVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دەشتىقىپچاقتىن كۆچۈپ كەتكەن»دىگەن پىكىر ھۆكۈمرانىدى.«تۆت ئۇلۇس تارىخىي»دا كەلتۈرۈلگەن بۇ مەلۇماتتىن» ئۆز بېك»خەلقىنىڭ نامى سۈپىتىدە، ماۋەرائۇننەھىرگەXIV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا،بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنراق (باتۇخان بىلەن باراكخان تارىخىدا كەلتۈرۈلگەن بەزى مەلۇماتلارنى ئېتىبارغا ئالغاندا) كىرىپ كەلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇ مەلۇمات شۈبھىسىزكى، ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئېتنىك تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

»تۆت ئۇلۇس تارىخىي»نىڭ ئالتىنچى بابى؛ئىران بىلەن ئەزەربەيجان ئۇ ستىدىن ئالاھەزەل بىر ئەسىر مابەينىدە (ھىجرىيە 654-754-يىللىرى، مىلادى 1256-1353-يىللىرى) ھۆكۈمرانلىق قىلغان

ئىلخانىيلار دۆلتى، شۇنڭدەك، ئار پاخان دەۋرىدە (1335-1336) نوپۇزى ئارتىشقا باشلىغان چوپانىيلار (شەيخ ھەسەن كۇچاك) ۋە جالايىرلار (شەيخ ھەسەن بۇزرۇگ) تارىخنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ باپتا ئىلخانىيلار دۆلتىنىڭ ئىچكى ئەھۋالى ۋە تاشقى سىياسىتىگە ئائىت بىرتالاي قىممەتلىك مەلۇماتلاربار. مەراغە رەسەتخانىسى (ھلاكوخان دەۋر ىدە بىنا قىلىنغان(، غازانخان(ھجرىيە 694-703-يىللىرى، مىلادى 1295 -1304-يىللىرى) زاماندا ئېلىپ بېرىلغان ئىقتىسادىي ۋە مەمۇرىي ئىسلاھاتلار ۋە سۇلتانىيە شەھرىنىڭ بىناقىلىنىشى،كەيخاتۇخان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا (ھجرىيە 693-يىلى، مىلادى 1294-يىلى) ئىران زېمىندا خەنزۇلارغا تەقلىد قىلىپ قەغەز پۇل چىقىرىلىشى،ئۆلجايتۇخان ھۆكۈمرانلىقى يىللىرى (ھجر يە 703-717-يىللىرى، مىلادى 1304-1317-يىللىرى) ئون ئىككى ئىمامنىڭ نامى چۈشۈرۈلگەن تەڭگىلەرنىڭ قۇيۇلىشى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن، ئىلاخانىيلار دۆلتىنىڭ مىسىر، شام(سۇرىيە)، ئالتۇن ئوردا ھەمدە چاغاتاي ئۇلۇسى بىلەن بو لغان سىياسىي مۇناسىۋىتى ھەققىدىمۇ،ناھايىتى زور ئېتىبار بېرىشكە تېگىشلىك مەلۇماتلارنى ئۇچرىتىمىز.

»تۆت ئۇلۇس تارىخىي»نىڭ ھلاكولار تارىخنى تەتقىق قىلىشتا يەنەبىر مۇ ھىم تەرىپىمۇ بار. ئۇنىڭدا مۇساخاندىن كېيىن (ھجرىيە-736-754 يىللىرى، مىلادى1336-1356-يىللىرى) ئارىسىدا ئۇلۇس تەختىدە ئولتۇرغان بىر نەچچە خا ن: تۇقاي تېمۇر ئىبنى سۇرىي، ساقى بېگىم بىنتى ئۆلجايتۇ سۇلتان ، جاھان تېمۇرخان ئىبنى ئەل ئەفرەڭ، ئىبنى كەيخاتۇخان سۇلايمانخان ھەققىدىمۇ مۇھىم مەلۇماتلار كەلتۈرۈلگەن. يەنە بىر مۇھىم نەرسە-بۇ چىڭگىزخاننىڭ قېرىندىشىنىڭ ئەۋلادى ئەبۇ شەيخ ئەلى كەۋىن ھەققىدىكى مەلۇماتتۇر. ئەسەردە بۇشەخس ھەققىدە،جۈملىدىن مۇنداق دېيىلگەن: «ئەبۇ شەيخ ئەلىنىڭ بوۋىسى (ھجر يە-705 يىلى، مىلادى 1305-يىلى) ئون مىڭ ئائىلە خېشۇ ئەقرەبەسى بىلەن قايدۇخان ئىبنى غازى ئۇغۇل ئىبنى ئوكتاي خاندىن يۈز ئۆرۈپ، خارەزىم ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا كۆچۈپ كەلگەنىدى. ئەل بۇلۇپ كەلگەندە ئۇنى ئولجا يتۇخان ئۆلتۈردى،ئەۋلادى بولسا جۇرجان تەۋەلىگىدە ياشاپ قالدى. ۋاقتى كېلىپ، XIVئەسرنىڭ 50-يىللىرىدا مەھەللىۋىي فىئوداللار ئەنە شۇ ئەبۇ شە يخ ئەلى كەۋۈننى جۇرجاندىن ئىزلەپ تېپىپ تەختكە ئولتۇرغۇزغان. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، چاغاتاي ئۇلۇسدا بولغانغا ئوخشاش ئىراندىمۇ ئوكتايخان ئەۋلادلىرى ھاكىمىيەت ئۈچۈن كۆرەش ئېلىپ بارغان ئىكەن.

ئەسەرنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى-ئۇنىڭ يەتتىنچى بابىدۇر .ئۇنىڭدا چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ چىڭگىزخان زاماندىن(1227-يىلى) تاكى ئەمىر تۆمۈرنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىشى(1370-يىلى) غىچە بولغان تارىخ ھېكايە قىلىنىدۇ.

مەلۇمكى، چاغاتاي ئۇلۇسنىڭ ئازكەم 150 يىللىق تارىخى تەتقىق قىلىنمىغا ن. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، بۇ ھەقتىكى قولىيازما مەنبەلەرنىڭ يېتەلىك بولما سلىقىدىندۇر. توغرا،چاغاتاي ئۇلۇسىدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان خانلار ھەققىدە ناھا يىتى قىسقا مەلۇماتلار شەرىپىددىن ئەلى يەزدىنىڭ«مۇقەددەمەئىي زەپەرنامە» سىدە، مەھمۇد ئىبنى ۋەلىنىڭ «بەھرۇل ئەسرار»دىمۇ كەلتۈرۈلگەن. لېكىن» ئۆت ئۇلۇس تارىخي»ئۇلارغا نىسپەتەن بىر قەدەر تولۇقراق. ئۇنىڭدا ئۇلۇستا ھۆكۈمرا نلىق قىلغان چاغاتاي ۋە ئوكتايخان نەسلىدىن (ئەلى سۇلتان، دانىشمەنچخان، سۇيۇرغاتمىش ۋە سۇلتان مەھمۇدخان)غىچە بولغان 33 خاننىڭ تارىخى قىسقا تەرىزدە بايان قىلىنغان.

بۇ باپتىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشكە تېگىشلىك مەلۇماتلار كۆپ. بۇلار ئارىسىدا چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ئورامى،(ھجىرىيە636-يىلى،مىلادى-1238 يىلى) بۇخارادا يۈزبەرگەن مەخمۇت تورابى باشچىلىق قىلغان خەلق قوزغىلىڭى، چاغاتاي ئۇلۇسى بىلەن ئىلخانىيلار دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى سىياسي مۇناسىۋەتلەر، چاغاتاي ئۇلۇ سىنىڭ ئىجتىمائىي-سىياسي ھاياتىدا بارلاس ئەمىرلىرىنىڭ جۇملىدىن، قاراچاي نۇيان،ئىجىل نۇيان، ئالانگۇز نۇيانلارنىڭ تۇتقان ئورنى ۋە رولى، دۇۋاخان) تەخمىنەن، ھجىرىيە 690-706-يىللىرى، مىلادى 1291- 1306-يىللىرى) ۋە كېپەكخان )ھجىرىيە709-يىلى،مىلادى 1309-يىلى)، ئىككىنچى قېتىم (ھجىرىيە 718-،726-يىلى، مىلادى 1318-1326-يىللىرى) دەۋرىدە يۈرتىي ئاۋات قىلىش يولىدا ئېلىپ باغان چوڭ ئىشلىرى،( مەسىلەن؛بەلخ ۋە ئەندىجان شەھەرلىرىنىڭ قايتىدىن قۇرۇلۇشى، مەمۇرىي ۋە ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلار)، تارما شرىن(ھجىرىيە726-734-يىللىرى،مىلادى1326-1334-يىللىرى)نىڭ ھىند ىستانغا قىلغان يۈرۈشى، چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭXIV ئەسىرنىڭ 40-50- يىللىر ىدىكى سىياسي ئەھۋالى ھەمدە ئەمىر قازاغاننىڭ يۈرۈشلىرى شۇلارنىڭ جۇ ملىسىدىندۇر.

بۇ باپتا يەنە، چىڭگىزخان ۋاپات بولۇش ئالدىدا-1227) يىلى) ئۆزى ئىگە لىگەن مەملىكەتلەرنى ئوغۇللىرىغا تەخسىملەپ بەرگەندە، ئىككىنچى ئوغلى چاغا تايخانغا قەشقەر، يەتتىسۇ ۋادىسى ۋە ماۋەرائۇننەھرنى، خۇرازەمنىڭ بىر قىسمى بىلەن ئىنئام قىلغىنى،ھازىرقى ئابغانىستان ۋە شىمالىي ھىندىستان زېمىنلىر ىنىڭ بولسا،كېيىنچە ئاندىن چاغاتايلار تەسەرۇپىغا ئۆتكەنلىگى ھەققىدىكى مەلۇما تلاربار ئىدى. «تۆت ئۇلۇس تارىخي»دا يېزىلىشىچە، ئابغانىستان بىلەن شىمالىي ھىندىستان زېمىنلىرى چىڭگىزخان ھايات ۋاقتىدىلا چاغاتايخانغا بۆلۈپ بېر ىلگەن. بۇ ھەقتەئەسەردىن تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇيمىز:«چىڭگىزخان غۇران زېمىن ھاكىملىغىنى، قەشقەر ئەتراپلىرىدىن ئۇيغۇرلار زېمىنى چېگرىسىغىچە؛ سەيھۇن دەرياسى ئايىغىغىچە بولغان يەرلەر؛ئىران بىلەن تۇران ئارلىقىدىكى بەلخ، بەدە خشان، كابۇل، غەزنى، سىند دەرياسىغىچە بولغان يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى شۇ سۇيۇملۇك پەرزەندى(چاغاتايخان)غا بەردى.«

مەلۇمكى،تارماشرىنىنىڭ ھىندىستانغا قىلغان يۈرۈشى نەتىجىسىدە مەملىكەت پايتەختى دېھلى ئىشغال قىلىندى. شۇچاغدا چاغاتايخان قوشۇنى گۇجارات، سۇمھات ۋە سۇرات شەھەرلىرىنىمۇ ئىشغال قىلدى. توغرا، باسقۇنچىلار ھىندىستانى نىي ئۇزىل-كېسىل ئىشغال قىلالمىدى،لېكىن ھىساپسىز ئولجىلارغا ئىگە بولۇپ قايتتى.

چاغاتاي ئۇلۇسىدا، XIVئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا كۆچىيىپ كەتكەن فىئودال تارقاقلىق ھەققىدىكى مەلۇماتلارمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.«تۆت ئۇلۇس تارىخى»دا يېزىلىشچە،بۇ تارقاقلىق يەسۇن تۆمۈرخاندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەن.( تەخمىنەن 743-ھىجرىيە، مىلادى 1343-يىلى) بىر گوروھ فىئوداللار يەسۇن تېمۇرنى تەختتىن چۈشۈرۈپ،ئورنىغا ئوكتايخاننىڭ ئەۋلادى ئەلى سۇلتانىنى تەختكە چىقاردى. ئەلى سۇلتان يەسۇنتېمۇرخان تەرەپدارلىرىنى تەقىپ ئاستىغا ئالدى، خەزىنىنى تالان-تاراج قىلدى. ئەڭ دەھشەتلىكى شۇكى، ئۇ تۇمۇنخان ۋە ئەمىر تۆمۈرنىڭ بوۋاكالانى كۆچلۈك باھادىر زامانىدىن بېرى ئۆي، ئائىلىلىرى بىلەن بارلاسلار ئائىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تاجۇ-تەخت خان ئەۋلادىغا، مەملىكەت مادارلىق،يەنى ئەمرۇل-ئۇمەرالىق مەنسىپى بولسا، بارلاس بەگلىرىدىن كۆچلۈك باھادىر ئائىلىسىگە ئەبەدىل-ئەبەت تەگىشلىك بولىشى ھەققىدىكى ئەھدىنامىنى يىرتىپ تاشلىدى XIV .ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىغا كەلگەندە، دۆلەت تىزگىنى يەنەبىر نۇپۇزلۇق فىئودال-ئەمىر قازاگان قولىغا ئۆتۈپ قالدى. لېكىن ئەلەڭگىز نۇيان بارلاسنىڭ ئەۋلادى: سەيفىددىن ھاجى بارلاس ۋە ئۇنىڭ سالاھىيەتلىك جىيەنى ئەمىر تۆمۈر بوش كەلمىدى-مەملىكەت مادارلىق مەنسىپى ئۈچۈن ئەمىر قازاگان ھەمدە ئۇنىڭ ئەۋلادى بىلەن مۇرەسسەسىز كۆرەش ئېلىپ بار دى ۋە ئاخىرى غەلبە قازاندى.

ئەسەردە يېزىلغان چاغاتاي قوشۇنلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، يەنى ھەبىي بۆلۈ نىملىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلار بەك مۇھىمدۇر. مەسىلەن؛قاراۋۇل قىسىم ئاشۇ ۋا قىتلاردا بۆلۈنغار،ھىراۋۇل(ئىلغار قىسىم ئارقىسىدىن يۈرگۈچى بۆلۈنمە -(بۇرۇنغار، مەيمەنە(ئوڭ قانات)-ئاۋانغار(ھازىرقى ئاۋانگارت شۇنىڭدىن ئېلىنغان بولساكېرەك)، ساقا(ئەۋرىگارت) –ئۆكچۈنغار دەپ ئاتالغان ۋاھاكازالار.

»تۆت ئۇلۇس تارىخى»دا بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش مەلۇماتلار كۆپ. بۇنىڭغا قارىماي ئەسەرھەم ئايرىم كەمچىلىكلەردىنمۇ خالى ئەمەس .مۇشۇ يەردە ئەگەر تەبىر جايىز بولسا، كۆڭلۈمدىكى بىر گەپنى ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەن .ئادەتتە كىشىلەر كىتاپتىن بىرەر خاتالىق-كەمچىلىك سەزسە، كۆپىنچە مۇئەللىپكە مالامەت قىلىدۇ. بۇ-كىتاپنىڭ چوڭ-كىچىكلىگىدىن قەتئىي نەزەر، قانچىلىك جاپا - مۇشاقەت بىلەن ئىجادقىلىنغانلىقنى بىلمىگەنلىكتىندۇر. ئۇ كىتاپ قولىيازمىمۇ ياكى باسمىمۇ، بۇنىڭدىن قەتئىي نەزەر ئوقۇرمەنىنىڭ قولىغا يەتكىچە مۇئەللىپتىن تاشقىرى يەنە بىر نەچچە ئادەمنىڭ قولىدىن ئۆتىدۇ. قولىيازما كىتاپنى ئالساق، ئۇ بىر ياكى بىر نەچچە خەتتاتنىڭ ئەمگىكى بەدىلىگە يارتىلىدۇ.

كۆپۈنچسى كاتىپ قىمۇ باغلىق .ئەسەرنىڭ مۇكەممەللىكى، خاتا ۋە كەمچىلىكلەردىن مەلۇم دەرىجىدە خالى بولۇشى نۇرغۇن جەھەتلەردىن خەتتاتنىڭ بىلىمى، ئىخلاسى، ھەتتا ئىنتىزامىغا ھەم باغلىق. لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن، كىتاب ئومۇمەن مەلۇم خاتا-كەمچىلىكلەردىن خالى بولالمايدۇ . »تۆت ئۇلۇس تارىخي»، جۈملىدىن، ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن نۇسخىلىرىمۇ بەزى بىر خاتالىقلاردىن خالىي ئەمەسلىگى شۇ سەۋەپتىندۇر.

ئەسەردە كۆزگە چېلىقىدىغان ئەڭ چوڭ ھەمدە ئەڭ كۆپ خاتالىق- موڭغۇلچە ۋە خەنزۇچە نامىلارنىڭ (ئاتالغۇ، جۇغراپىيىۋى ۋە ئېتنىك نامىلارنىڭ (بەزى جايلاردا توغرا يېزىلمىغانلىقىدۇر. مەسىلەن ئەنگۇر باۋىرچى ئورنىغا –كۈگۈر، دۇتۇرمېنەن- دۇتۇمنخان، گىيۇگىن-كېۋكىن، قۇتۇقۇنۇيان-خەتاقۇيانۇيان، جامۇقا-شامۇقا، قاراسۇبەچى ئورنىغا قۇرا-سۇبەنچى،دەيدۇ ئورنىغا-دۇدۇ،مەنزى-مىسكىن، سا قچىن-ساقيىن، ھانگياس-تاقناس، تەيسۇ-تويكايىخ، خەنجىن- خۇربەخت ، دۇلىشىك (دىياۋشەن) -چاقاندۇ؛ جاجىرەت ئورنىغا-جانجىرەت،تايجىۇت-تايچى غۇت،كۆنكۇتان ئورنىغا-كۈنغان ۋە باشقىچە كۆرۈنۈشلەردە يېزىلغان.

بەزى ھاللاردا ۋەقەلەرنىڭ يىلنامىلىرى بۇزۇپ كۆرستىلگەن. مەسلەن؛ ئىلخا نىيلاردىن غازانخاننىڭ مىسىر بىلەن بولغان ئۇرۇشى ئۈچ يەردە –ئۈچ خىل: ھىجىر يە 699-، 708-ۋە 703-يىللىرى دەپ كۆرستىلگەن.

بەزى ئورۇنلاردا بولسا، مەسلەن؛ ئىلخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق نۆۋىتى ئالما شتۇۋېتىلگەن.

ئەسەردە ئاشۇرۋېتىش ئەھۋاللىرىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ .مەسلەن؛ موڭغۇل قوشۇ نى ئۆرگەنچنى يەتتە ئايلىق قامالدىن كېيىن، ئىستىلا قىلىپ 100 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرگەن،100 ھۈنەرۋەن ۋە سەنئەت ئەھلىنى موڭغۇلستان تەرەپلەرگە ھەيدەپ كەتكەن،نىشاپور قەتلىئام قىلىنغاندا 747 مىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن،دىيىلىدۇ .چىڭگىزخان ئىستىلاسى ئارپىسىدا مەرۋى ئاھالىسى بىر مىليۇن 300 مىڭ، نىشاپور ئاھالىسى بىر مىليۇن 747 مىڭ دەپ كۆرستىلگەن.

لېكىن ئەسەردە ئۇچرايدىغان شۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كەمچىلىكلەر ئۇنىڭ ئىلمي قىممىتىگە مۇتلەق تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. ئۇلۇغبەگنىڭ«تۆت ئۇلۇس تار ىخي»دېگەن ئەسىرى مەركىزى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭXIII–XIV ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئىجتىمائىي-سىياسي تارىخنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدىغانلىقى شۈبھىسىز.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، بىز چاغاتاي ئۇلۇسى تارىخنى ياخشى بىلمەيمىز. مەملىكەتنىڭ چىڭگىزخاننىڭ ئىستىلاسىدىن تا ئەمىر تۆمۈرنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققانلىقىغا قەدەر بولغان تارىخى

بىز ئۇچۇن قاراڭغۇ» .تۆت ئۇلۇس تارىخى»دا كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلارنى شەرقدىن ئەلى يەزدىينىڭ» مۇقەددەمەئى زەپەرنامە» ۋە مەخمۇد ئىبنى ۋەلىنىڭ «بەھرۇل ئەسرار»غا ھەمدە ئارخىلوگىيە پېنى قولغا كەلتۈرگەن مەلۇماتلارغا بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىنسا،شۈبھىسىزكى، پەندىكى بۇ ئاق داغنى يۇيۇش مۇمكىن.

»تۆت ئۇلۇس تارىخى»نىڭ بۇ ئۆزبېكچە نەشر نۇسخىسىنىڭ بىرتانىيە مۇز بيى(ئەنگىلىيە)دە ساقلىنىۋاتقان ئا دد 26190 نومۇرلۇق قوليازما نۇسخىسى ئاساسدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

شۈبھىسىز،«تۆت ئۇلۇس تارىخى»نىڭ بۇ نەشرىدە، ئۇنىڭ تەرجىمىسىدە ھەم،تەتقىقات قىسىملىرىدىمۇ بەزى جۇزئى خاتالىقلار سادىر بولغان بۇلۇشى تۇرغان گەپ. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ مۇتخەسس، ئالىملارنىڭ خالىسانە پىكىر-مۇلاھىز ىلىرىگە مۇھتاجمىز. خالىسانە ياردەملەر ئەسەرنىڭ يېڭى، پۇختىراق نەشرىنى تەييارلاشقا ياردەم بېرىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئاپتۇر-بۆرىباي ئەخمەدوۋ: ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادىمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى.

مىرزا ئۇلۇبەگ «تۆت ئۇلۇس تارىخى» ناملىق كىتاپنىڭ تاشكەنت يازغۇچى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1994-يىلى نەشر قىلىنغان ئۆزبېكچە نەشرىگە ئاساسەن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى.

قاراقاش ناھىيلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن؛
تېلېفون:13779291157

-2011يىل 9-يانۋار

# 2- «قەشقەر تارىخى» نىڭ باش- ئاخىرى

ئەلى غوپۇر



مۇقەددىمە

قەشقەر يىپەك يولىدىكى قەدىمي شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىمدىن بۇيان يىراق يېقىندىكى ئەللەر ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ زور دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ كەلگەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەزكۇر تۇپراقتا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ۋە بۇ زېمىننىڭ ئاجايىپ- غارايىپلىرىغا مەستانە بولغان كىشىلەر تەرىپىدىن مۇشۇ يۇرتقا بېغىشلانغان نۇرغۇن قىسسە، داستان، شېئىر – قوشاق ۋە تارىخي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەرنىڭ خاتىرىلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ۋە ياكى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقۇلۇپ كەتكەن بولسا، يەنە بەزىلىرى ئىلىم سۆيەر، ۋىجدانلىق كىشلەر تەرىپىدىن ساقلىنىپ ۋە كۆچۈرۈپ تارقىتىلىپ، بۇ ئەزىزانە يۇرتنىڭ ئۆتمىشىدىن دېرەك بېرىپ كەلدى.

قەشقەر بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «كاشغەر – ئۇردۇكەند دېيىلدۇ ، بۇ خانلىقلار تۈزىدىغان شەھەر دېگەن مەنىدە»[1] دېگەن باياناتلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاندىن تارتىپ، ھەرقايسى دەۋر قەلەمكەشلىرىنىڭ خاتىرلىرىدە «قەشقەر شەھرى«،» قەشقەر رايونى »، ھەتتا پۈتكۈل تارىم ۋە تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئومۇمىي نامىنى كۆرسەتكەن.

2007-يىلى 3- ئايدا دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى «شىنجاڭ ئومۇمىي تارىخى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى مۇتەخەسسلەر ھەيئىتى مەزكۇر چوڭ ھەجىملىك ئەسەرنىڭ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى سۈپىتىدە تەرجىمە قىلىنىپ، مۇناسىپ شەرھ يېزىلىدىغان، شۇ ئاساستا ئاساسىي مەۋقەنىڭ بىرىنچى قول ماتېرىياللىق خىزمىتىنى ئارتتۇرىدىغان تارماق تەتقىقات تېمىلىرى قاتارىدا مەن يوللىغان «قەشقەر تارىخىنىڭ تەرجىمىسى ۋە شەرھى» دېگەن تېمىنى تەستىقلىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن «قەشقەر تارىخى» دېگەن نامدا چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى، ئوسمانلىي تۈركچىسىدە يېزىلغان ھەم بۇنىڭدىن بۇرۇن نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر ۋە قولىيازمىلارنى ئۆزۈم بۇرۇن تاپقان قولىيازما ۋە نەشر نۇسخىلىرىغا سېلىشتۇرۇش، كەملىرىنى ئىزدەش ئىشىنى باشلىۋەتتىم .ئەمما بۇ خىزمەت رەسمىي باشلانغاندىن كېيىن، بۇ ئىشنى قىلىشنىڭ مەن تەسەۋۋۇر قىلغاندىن نەچچە ھەسسە قىيىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەگەر «قەشقەر تارىخى» نى قولىمىدىكى قولىيازما ۋە نەشر نۇسخىلىرى ئاساسىدا خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلىرىغا شەرھى يازغان بولسامۇ، بۇ مەزكۇر تېما ئۆچۈن تۈزۈلگەن توختامنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە تامامەن ئۇيغۇن ئىدى. ئەمما مەزكۇر تېمىدىكى ئەسەرلەرنى سىستېمىلىق ئوقۇش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلاردا بەلگىلىك دەرىجىدە ئوخشىماسلىقلار بولغاندىن سىرت، بەزى ئەسەرلەر نامىنىڭمۇ كېيىنكىلەر تەرىپىدىن غەرەزلىك ياكى بىپەرۋالىق تۈپەيلىدىن خاتا قوللىنىلغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىر خىل مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسى مېنى بۇ تېمىنى تېخىمۇ پۇختا ئىشلەشكە دەۋەت قىلدى.

## 1. قەشقەر تارىخى» نىڭ قولىيازما ۋە نەشر نۇسخىلىرى

ھازىرغا قەدەر «قەشقەر تارىخى» نامىدا بەش پارچە تارىخى ئەسەر پۈتۈلگەن بولۇپ ، تۇنجىسى 11- ئەسىردىكى ئۇيغۇر تارىخشۇناس، شەيخ، ئىستېداتلىق ئىمام ئەبۇ ئابدۇللا ھۆسەيىن پەزلىينىڭ ئوغلى كامىل ئىمام ئەبۇل پۇتۇخ ئابدۇلغاپپار كاشغەرىينىڭ «تارىخى كاشغەر» دېگەن ئەسىرى بولۇپ ، ھېسابلىنىدۇ .مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئەسلى قولىيازمىسى زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن . ئەمما بۇ

ئەسەرنىڭ قاراخانلار خانلىقى ۋە موڭغۇللارغا دائىر بىر قىسىم مەزمۇنلىرى 13 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئالمالىقلىق مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى جامال قارشىنىڭ قەشقەردە يېزىپ تاماملىغان «سۇراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما » دېگەن ئەسىردە ساقلىنىپ قالغان [2 .[مەزكۇر ئەسەر ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار خانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچىسى، نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن 17ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يەكەندە يېزىلغان [3] دەپ پەرەز قىلىنغان «تارىخى كاشغەر» (بۇ ئەسەر 1986ـ يىلى ھاجى نۇر ھاجىنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «چىڭگىزنامە» دېگەن نام بىلەن نەشردىن چىققان. بۇ ھەقتە كېيىنكى مەزمۇنلاردا ئايرىم توختىلىمىز)

»تارىخى كاشغەر» نى رۇسىيىلىك شەرقشۇناس بارتولد 1902ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا تاشكەنتتىن تاپقان ھەمدە ئۇنىڭ ئايرىم جايلىرىنى تەرجىمە قىلىپ،» تۈركىستان كاماندىروپكىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالدىن دوكلات» قا كىرگۈزۈپ، تۇنجى بولۇپ ئىلىم ساھەسىگە تونۇشتۇرغان. ئاكادېمىك بارتولد بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى باشقا بەش كىتاب ۋە تەزكىرىلەردە خاتىرلەنگەن 16ـ، 17ـ ئەسىرلەردىكى شىنجاڭغا ئائىت مەزمۇنلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىققان ھەمدە مەزكۇر ئەسەردىكى ئەينى ۋاقىت ئالاھىدە شارائىتىدا يۈز بەرگەن تارىخى ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم مەزمۇنلارغا شەرھ يازغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەر ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ يۈكسەك ئېتىبارىنى قوزغىغان. بارتولدنىڭ مەزكۇر ئەسەرگە مۇناسىۋەتلىك دوكلاتى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، گېرمانىيىلىك ئاتاقلىق تۈركولوگ خارتمان ئۆز كىتابىنىڭ ئاخىرىغا ئۇنىڭ گېرمانچە تەرجىمىسىنى قوشقان.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەرنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشى بىر مەھەل داغا-دۇغا پەيدا قىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى ئاساسى سەۋەب ، مەزكۇر ئەسەر تۇنجى بولۇپ ھىجرىيە 920 (مىلادىيە 1514) — يىلىدىن ھىجرىيە 1107(مىلادىيە 1696) — يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا چاغاتايلارنىڭ شىنجاڭ تۇپرىقىدا خانلىق قۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەنلىكى، بۇ ماتېرىياللار بىر-بىرىگە زىچ باغلىنىشلىق ۋە ۋاقىت جەھەتتىن دەۋرىيلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقىدۇر. دەل مۇشۇ خىل سەۋەبلەرگە كۆرە، بارتولد بۇ ئەسەرگە «تارىخى كاشغەر «دەپ نام بەرگەن ھەمدە مەزكۇر ئەسەرنىڭ تارىخى ماتېرىياللىق قىممىتى ھەققىدە مۇنداق يازغان: «كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، بىز ھازىر قەشقەر خانلىقى ۋە خانلىقنىڭ ئاخىر زاۋالغا يۈز تۇتقانلىقىغا ئائىت ناھايىتى تەپسىلىي تارىخىي ماتېرىيالغا ئىگە بولدۇق» [4.[

مەزكۇر ئەسەرگە بېغىشلانغان تەتقىقات نەتىجىلىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئەخمەت زەكى ۋەلى

توغان، ل.ئى.دۇمان، ك.ئا.ئوسمانوف، ئا.م. مۇگنوف، ك.س.ئىبراھموف، ك.ئى. پېتروف، ئى.يا.زىلاتكىن، ۋ.پ.يودىن، ل.ئا.پوكروۋسكايا قاتارلىق كۆپلىگەن ئالىملارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان.

»تارىخى كاشغەر» نىڭ خېلى كۆپ كۆچۈرمە نۇسخىسى زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلىگەن . رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ پېتربورگ شۆبىسىدە ئۇنىڭ C576, C577, C2472دەپ نومۇر قويۇلغان ئۈچ خىل قوليازما نۇسخىسى ساقلانماقتا. ئۇنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنلىرى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا «15—17- ئەسىرلەردىكى قازاق خانلىقىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار » غا كىرگۈزۈلگەن [5.]

2001-يىلى رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى سانكت- پېتربورگ شۆبىسى مەزكۇر ئىنستىتۇتتا ساقلىنىۋاتقان «تارىخى كاشغەر» نىڭ ئاتاقلىق شەرقشۇناس ئاكمۇشكىن كىرىش سۆز يېزىپ، ئىندېكسىنى ئىشلىگەن ئەسلى قولىيازمىسىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسى «سانكت- پېتربورگ ئىلىم مەجمۇئەسى» نىڭ 8- قىسمى سۈپىتىدە نەشر قىلىپ تارقىتىلدى. مەزكۇر ئەسەرنىڭ باش مۇھەررىرلىكنى پېتروسيان، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكنى ئاكمۇشكىن بىلەن ئالىموف ئۈستىگە ئالغان. گورىكىلياد، كىچانوف، مىنشكوف، تېمكىن ۋە خالىدوفلار مەسئۇل مۇھەررىر ۋە مۇھەررىر بولغان.

«تارىخى كاشغەر» ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ ، بىرىنچى قىسمى (ئەسلى قولىيازما 1- بەتتىن -58بەتكىچە) دا ئىنتايىن ئاددىي تىل ۋە بايان قىلىش ئۇسلۇبى ئارقىلىق نوھ، توپان بالاسى، نوھنىڭ ئوغۇللىرى، يافەس ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن تاكى موغۇل، تاتار خانلىرىغىچە؛ قاراخانىنىڭ نەسەبى، موغۇل خانلىرىنىڭ ئوغۇزخانىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنىڭ بايانى؛ موغۇل خانىنىڭ ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىشى ؛ ئاتىسى بىلەن بولغان ئۇرۇش، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر، قاڭقىل، قارلۇق، خالاج – قىپچاق قاتارلىق بەش تۈركىي قوۋم؛ ئوغۇزخاندىن ئالانقۇۋا) چىڭگىزخانىنىڭ ئەجدادى) غىچە بولغان ۋەقەلەر؛ چىڭگىزخانىنىڭ نەسەبنامىسى ھەمدە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى، غەربكە يۈرۈش قىلىشى، ئىراندىكى ئىلخانىيلار ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، چاغاتايخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن مۇبارەكخان، تۇۋاخان، ئېسەن بۇغاخان، تۇغلۇق تېمۇرخاندىن تارتىپ 1514- يىلى قەشقەردە مىرزا ئابابەكرىنىڭ قوشۇنلىرى مەغلۇپ قىلىنىپ يەكەن خانلىقى قۇرۇلغىچە بولغان ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

ئىككىنچى قىسمدا سۇلتان سەئىدخاندىن تارتىپ سۇلتان مۆمىنخانغىچە بولغان ۋەقەلەر، يەنى 1514 -يىلدىن 1695- يىلغىچە بولغان يەكەن خانلىقىنىڭ ھەرقايسى خانلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقنى

ۋە شۇ دەۋرلەردە يۈز بەرگەن تارىخى ھادىسىلەر يىلنامە تەرتىپى بويىچە بايان قىلىنغان. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مۇئەللىپ باشقا تارىخشۇناسلارغا ئوخشىمىغان رەۋىشتە ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق خوجىلار جەمەتلىرىنىڭ يەكەن خانلىقىغا بولغان تەسىرى، ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرىنى لايىقىدا بايان قىلىش بىلەن بىللە ئەينى دەۋرنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىدىنمۇ مەلۇماتلار بەرگەن.

مۇئەللىپ يەنە ئۆز ئەسىرىنى جانلىق تارىخىي پاكىتلار ۋە گۈزەل ئەپسانە - رىۋايەتلەر بىلەن بېيىتىش مەقسىتىدە رەشىدىددىنىنىڭ «جامىئۇت - تەۋارىخ»، مىر خاۋەندىنىڭ «رەۋزەتۇس - سەفا»، جۇۋەينىنىڭ «تارىخىي جاھان گۇشاي»، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدىي»، شەرەفىددىن ئەلى يەزدىينىڭ» زەفەرنامە»، شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ «تارىخ» (بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە نۇسخىسى «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار » دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنغان) قاتارلىقلاردىن كۆپلەپ پايدىلانغان ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ ئالغان. ئەسەرنىڭ 99 -بېتىدىن 105- بېتىگىچە بولغان قىسمى ئاپتورنىڭ ئەسلى ئىجادىيىتى بولۇپ ، ناھايىتى يۇقىرى تارىخىي قىممەتكە ئىگە.

ئۈچىنچى، رۇسىيىلىك گېنېرال كوروپاتكىن 1879- يىلى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان «قەشقەرىيە»؛ 1876- يىلى 10- ئايدا كوروپاتكىن (تولۇق ئىسمى :ئالېكسېي نىكولايېۋىچ كوروپاتكىن، 1848-1925) چار پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ، ھەر خىل ئاخباراتلارنى يىغقان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ زېمىنلارنى قوقەندلىك ياقۇپبەگ ئىگىلەپ تۇرغان بولۇپ ، كوروپاتكىن چاررۇسىيە نامىدىن ياقۇپبەگكە زېمىن تەلەپ قويغان. ئۇ دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، تۈركىستان گوبىرناتورى كوفمانغا قەشقەرىيىنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، ھەربىي كۈچى، سانائەت ۋە سودىسىغا دائىر بىر پارچە دوكلات يېزىپ تاپشۇرغان. مەزكۇر كىتاب شۇ دوكلاتنىڭ تولۇقلىمىسى ۋە تۈزۈتىلگەن نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشر قىلىنغان. 1982- يىلى مەزكۇر ئەسەرنىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە تەرجىمىلىرى (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئىنگلىزچە نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغان) سودا نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان. بۇ ئەسەر جامائەتچىلىككە خېلى تونۇش بولغاچقا بۇ ھەقتە كۆپ توختالماسلىقنى لايىق تاپتىم.

تۆتىنچى، تۈركىيىلىك مۇھەممەد ئاتىف ھىجرىيە 1300- يىلى (مىلادىيە 1882) يېزىپ نەشر قىلدۇرغان «قەشقەر تارىخى». مەزكۇر ئەسەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى بىرئاز كەڭ بولۇپ ، مۇقەددىمە، قەشقەر قىتئەسى (بۇ ئاپتورنىڭ ئەسلى سۆزى بولۇپ ، ئۇ ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالغان) نىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخى، ئاھالىسى، ھىجرەتتىن ئاۋۋالقى

تارىخى، قاراخانىيلار، چىڭگىز ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، ئەمىر تىمور ۋە تۇغلۇق تىمۇرگە دائىر مەلۇماتلار، يەكەن خانلىقى، جوڭغارلار ۋە ئۆلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، ياقۇپبەگنىڭ ئىستىلاسى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ياقۇپبەگ ھاكىمىيتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشى قاتارلىق بىر قاتار تارىخى ۋەقەلەردىن سىرت، مەزكۇر يۇرتنىڭ دەۋرلەردىن بۇيانقى سودا-تىجارەت، ھۈنەر-كەسىپ ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىغا ئائىت مەلۇماتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بولۇپمۇ مۇئەللىپ ئەسىردە ئۆز دەۋرىگە دائىر مەلۇماتلارنى بايان قىلىشتا مەسىلىلەرگە خالىس مەيداندا تۇرۇپ باھا بېرىشكە تىرىشقان. شۇڭا ياقۇپبەگ ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى، تۈركىيە، رۇسىيە ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەزمۇنلار مەزكۇر ئەسەرنىڭ جېنى ھېسابلىنىدۇ.

مۇئەللىپ ئەسىردە ئۆز مۇددىئاسىنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە كىرىش سۆز قىسمىدا تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: «جانابىي ئاللاھ دەرگاھىغا چەكسىز ھەمدۇسانا، تەشەككۇر، مەدھىيە يەتكۈزۈپ ۋە ئۇلۇغ، شانلىق پەيغەمبىرىمىزگە رەھمەت، سالام يوللىغاندىن كېيىن، جانابىي ئاللاھنىڭ كۈچلۈك، توغرا رەھمىتىگە تايىنىپ، مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ خاتالىقمنى كۆچۈرۈشنى ئۈمىد قىلىپ، قەشقەرنىڭ تارىخى ۋە ئاجايىپ-غارايىپلىرى ھەققىدە بېغىشلانغان بۇ كىتابنى يېزىشقا ۋە نەشر قىلىپ تارقىتىشقا جۈرئەت قىلدىم .بۇ ئاۋۋالقى قىسسىنىڭ باشقا كىتابلاردەك بىر قىسىم خاتالىقلىرىدىن خالىي بولالمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىللە، باشقا قىسسەلىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ زوقى ۋە مەمنۇنىيتىنى قوزغايدىغان ھالدا بايان قىلىشقا جۈرئەت قىلىمەن .مەملىكىتىمىزدە ياۋروپا ئەخلاق ۋە مەدەنىيىتىنىڭ يەرلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئارقىمۇ-ئارقا تەجرىبە قىلىنىپ، ھازىرغا قەدەر بۇزۇق ئەخلاق تارقىتىشتىن باشقا ھېچبىر رولى بولمىغان كىتابلارغا قارشى ھالدا دىنىي قېرىنداشلىرىمىزغا ۋە مىللىتىمىزگە تەئەللۇق بولغان مۇنداق تارىخ كىتابلىرى ئاز بولسىمۇ، بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسى غەيرەتلىك ۋەتەنپەرۋەرلەر تەرىپىدىن تەشەككۇر نەزىرى بىلەن كۈرۈلگىسىدۇر .كۆپلىگەن تارىخ كىتابلىرىدىكىگە ئوخشاش، ۋەقەلەرنى تەكشى بىر سۈرئەتتە يېزىشتەك ۋەقە تەسۋىرچىلىكى قىلىشنى ۋىجدانىم قەتئىي قوبۇل قىلمىغاچقا، بىر ۋەقەنىڭ سەۋەب ۋە قارشى تەرەپلىرىنى ئەتراپلىق بايان قىلىپ، ئۇ ۋەقەلەر ھەققىدە زۆرۈر مۇھاكىمىلەرنى يۈرگۈزدۈم. قەشقەرگە ئازدۇر-كۆپتۇر مۇناسىۋىتى بولغان باشقا مەلۇماتلارنى كىتابقا كىرگۈزۈش بىلەن بىللە ۋەقەلىكلەرنى ئىمكان قەدەر توغرا يازدىم. بەزى تارىخى ۋەقەلىكلەرنى رىغبەت نەزەرى بىلەن چۈشەندۈرۈشتىن ھەم ماختانچاقلىق، مەنمەنلىك، ئابرۇيپەرەسلىك ۋە تەرەپبازلىقتى قەتئىي ساقلىنىپ، بىتەرەپ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، راستىنى سۆزلەشتىن قىلچىمۇ يۈز ئۆرىمىدىم.

بۇ كىتاب ئاساسەن ئۈچ قىسمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، بىرىنچى قىسمى قەشقەر قىتئەسىنىڭ توپان بالاسىدىن تاكى زامانىمىزغا قەدەر بولغان تارىخى ۋەقەلىرىنى؛ ئىككىنچى قىسمى قەشقەر مەملىكىتىنىڭ

جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى بىلەن ئاھالىسىنىڭ ئۆرپ-ئادەت، ئەخلاق ۋە باشقا ئاجايىپ مەلۇماتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۈچىنچى قىسمى بولسا قەشقەردە تۇنۇلغان بىر تۈركۈم زاتلارنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىتابتا ۋەقەلەر بىر بىرىگە تۇتاش ۋە چىگىش يېزىلماستىن، بىر قانچە بابقا ئايرىلىدى.... قەشقەردە ھازىرغا قەدەر نۇرغۇن ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكەنلىكى، خۇسۇسەن ياقۇپخان ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى، يېقىنقى زاماندا سۇلتان ئابدۇل ئەزىزخاننىڭ قەشقەرگە قۇرال ۋە ھەربىي مۇئەللىملەرنى ئىبەرتىشتەك ياردەملىرى ئۇ تەرەپتىكىلەرنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئىسلام خەلىپىسى مەركىزىگە بۇرىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ھەمدە قەشقەردە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر ھەققىدىكى خەۋەرنىڭ مەملىكىتىمىزگە يېتىپ كەلگىنىگە بىر يىل بولاي دېگەن بولسىمۇ، ھازىرغا قەدەر قەلەم ئىگىلىرىدىن ھېچبىر كىشىنىڭ مۇكەممەل بىر ئەسەر يېزىشقا كىرىشمىگەنلىكىگە ئېچىنىپ، قەشقەر تارىخىنى يېزىشتەك بۇ مۇشكۇل خىزمەتنى كەمىنە ئۆز ئۈستۈمگە ئالدىم. قەشقەر تەرەپلەردە يۈز بەرگەن ۋەقە- ھادىسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنىڭ بۇ تەرەپلەرگە كەلگەنلىرىنىڭ بەزىلىرى يېزىلدى. خەلق ئاغزىدا كۆچۈپ يۈرگەن ياكى گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن ۋە مەلۇم غەرەز بىلەن بۇرمىلىۋېتىلگەچكە، ئىشىنىشكە لايىق ئەمەستۇر. بۇنداق كۆچۈپ يۈرىۋاتقان رىۋايەتلەرنىڭ ھەققەتكە ئۇيغۇن تەرەپلىرى ناھايىتى چەكلىك بولۇپ ، مەتبۇئاتلىرىدىن ئورۇن ئالغانلىرىمۇ 150-200 قۇر، يەنى 10-12 بەتتىن ئىبارەتتۇر. مەن بۇ خىل رىۋايەتلەرنى كىتاۋىمغا يېزىشتا پەقەت تولۇق ھەققەت بولغانلىرىنى كىتابخانلارغا قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دەلىل-پاكىت يۈزىسىدىن يازدىم [6.]

مۇھەممەد ئاتىف ئوسمانلى ئىمپىرىيىسىنىڭ قۇرال-ياراق باشقارمىسىنىڭ ھېسابات مەسئۇلى ۋە پۈتۈكچىلىرىدىن بولۇپ ، ياقۇپبەگنىڭ قەشقەردىكى ھۆكۈمرانلىقىغا دائىر ۋەقەلەرنى ئوسمانلى ئىمپىرىيىسىنىڭ قەشقەرگە ئەۋەتكەن ھەربىي كوماندىرى كازىم ئەپەندىنىڭ بىۋاستە بايانىغا ئاساسەن يازغان. ئۇ بۇ ئەھۋاللارنى ئۆز ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا مۇنداق بايان قىلغان: «ئالوي كاماندىرى كازىم ئەپەندى دۆلتى ئالىيە تەرىپىدىن ياقۇپخان قېشىغا قەشقەرگە ئەۋەتىلىپ، ئۇ يەردە ھىجرىيە 1291- يىلىدىن (ملادىيە 1874) ھىجرىيە 1294- يىلىغىچە (ملادىيە 1877 ) تۇرغان ئۈچ يېرىم يىل ئىچىدە كۆرگەنلىرىنى كېيىنكى چاغدا ئالىي ئوردىغا كەلگەندە ماڭا سۆزلەپ بەرگەنلىكتىن، ئۇنىڭ بۇ ياردىمىگە كۆپ مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرۈمەن.«
مەزكۇر ئەسەرنىڭ تۈركىيە تۈركچىسىدىكى نۇسخىسى 1998- يىلى تۈركىيە ئالىملىرىدىن دوكتور ، پروفېسسور ئىسمايىل ئاكا، رەھبى گۈنەي ۋە جاھىت تىلچى قاتارلىقلار تەرىپىدىن قايتا نەشر قىلىنغان.

بەشىنچى، ئىمىر ھۈسەيىن قازى تەرىپىدىن 1957- يىلى قەشقەردە يېزىلغان «تارىخى ۋاقىئەئى كاشغەر». مەزكۇر ئەسەرنىڭ قولىيازما نۇسخىسنى تېپىشقا ئىمكانىيىتىم يار بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن،

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەت ۋە ئانتروپولوگىيە ئىنستىتۇتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «شىنجاڭ تارىخى – مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلەر كاتالوگى «دىكى تۆۋەندىكى قىسقا ئۇچۇر بىلەنلا كۇپايىلەندىم:

»تارىخى ۋاقىئەئى كاشغەر«، ئاپتورى: ئىمىر ھۈسەيىن قازى، يېزىلغان ۋاقتى : 1957- يىلى، قەشقەر. «بۇ كىتابتا قەشقەرنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىكى تارىخى ۋەقەلىرىدىن قىسقىچە مەلۇمات بېرىلىش بىلەن بىللە، ئاساسلىقى قەشقەر رايونىنىڭ 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئوتتۇرلىرىغىچە بولغان تارىخى ۋەقەلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئەسەر 284 بەت ئەتراپىدا» [7]. بۇ ئەسەر شىنجاڭ رايونىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## « 2 . چىڭگىزنامە» ئەسلى «تارىخى كاشغەر» بۆلىشى كېرەك

نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى كاشغەر -1902 «يىلى ئاكادېمىك بارتولد تەرىپىدىن ئىلىم ساھەسىگە قايتا تونۇلۇپ، 84 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنى 1986- يىلى ھاجى نۇر ھاجى ئەپەندى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، «چىڭگىزنامە» دېگەن تونىنى كىيىپ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ نەشر قىلىپ تارقىتىشى بىلەن ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئاتالمىش» چىڭگىزنەمە» نىڭ «نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن» دېگەن سەھىپىسىگە تۆۋەندىكىدەك بايانلار بېرىلگەن : « ‹چىڭگىزنامە› ناملىق بۇ تارىخى ئەسەر موللا مىرسالىھ كاشغەرىي تەرىپىدىن يېزىلغان. ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ، ئاپتورنىڭ ھاياتى ۋە تەرجىمھالىغا ئائىت ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ‹چىڭگىزنامە› ناملىق بۇ ئەسەر موللا مىر سالىھنىڭ ئەينى قولىيازما نۇسخىسى بولۇپ ، 1981- يىلى قەشقەرلىك قادىر بۆلاق تەرىپىدىن تېپىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قولىيازما فوندىغا تەقدىم قىلىنغان. ‹چىڭگىزنامە› نىڭ قولىيازما نومۇرى: 00679، قولىيازما خوتەننىڭ پاتلىق سامان قەغىزىگە خەتتى پارسىي بىلەن يېزىلغان. ئەسەر جەمئىي 262 بەت، 16 فورمات بولۇپ ، ھەر بېتىگە 13 قۇردىن يېزىلغان. ‹چىڭگىزنامە ‹ئۇيغۇر تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. بۇ قولىيازمىنىڭ تېپىلىشى تارىخ تەتقىقاتىدا كىشىنى شادلاندۇرىدىغان زور مۇۋەپپەقىيەت بولدى. ......» [8].

ھاجى نۇر ھاجى ئەپەندى مەزكۇر قولىيازمىنى نەشرگە تەييارلىغان ۋاقىتتا، بۇنىڭدىن 84 يىل ئاۋۋال ئىلىم ساھەسىدىكىلەر مەزكۇر ئەسەرنى «تارىخى كاشغەر» دەپ ئاتىغانلىقىدىن خەۋەر تاپمىدىمۇ ياكى غەرەزلىك ھالدا ئەسەر نامىنى قايتىدىن قويىدىمۇ، بۇنى بىلىش قىيىن بولسىمۇ ئەمما بىر ئەسەرنىڭ ئىككى خىل نامدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، بولۇپمۇ ھاجى نۇر ھاجىنىڭ 1993- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە

تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە مەزكۇر ئەسەرنى ھەم «چىڭگىزنامە»، ھەم «تارىخى كاشغەر» دەپ تەڭ قوللىنىشى كىشىدە بىپەرۋالىق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىكتىن كۆرە، مەلۇم غەرەز يوشۇرۇنغانمىدۇ دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلىدۇ.

ئاتالمىش «چىڭگىزنامە» نەشر قىلىنىپ نەچچە يىلدىن كېيىن، پېشقەدەم ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئابدۇشۈكۈر تۇردى قاتارلىقلارنىڭ: «بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى نامى ‹تارىخى كاشغەر› ئىدى» دېگەنلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان بولساممۇ، ئەمما بىرەر كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇ ئىككى قوليازمىنىڭ ئەسلىدە بىر ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئىلمىي ساھەسىگە جاكارلىمىغانلىقى ئۈچۈن خاتا نام خاتا پېتى كېتىۋەردى. بۇ خىل نام خاتالىقى چاغاتاي خانلىقى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرگىمۇ خاتا تۇيغۇ بېرىپ قويغان ۋە بىر قىسىم ئۇقۇم خاتالىقلىرىنىڭ سادىر بولۇشىغا سەۋەب بولغان ئىدى.

ئاكىمۇشكىنىنىڭ نەشرگە تەييارلىشى ئارقىلىق يورۇقلۇققا چىققان «تارىخى كاشغەر» نىڭ ئەسلى قوليازمىسىدىن باشقا، بارتولدنىڭ «تارىخى كاشغەر» ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلار رۇس ۋە گېرمان تىلىدا ئېلان قىلىنغان، خەنزۇ ئالىملار چەتئەل تىلىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن بىۋاستە پايدىلانغان، ئاتالمىش «چىڭگىزنامە» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى بولمىغانلىقىدەك بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، خەنزۇ ئالىملىرىنىڭ بۇ ئىككى قوليازمىنىڭ ئەسلى بىر ئەسەر ئىكەنلىكىنى بايقىماسلىقىدىن ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئەمدى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىز نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى كاشغەر» ناملىق مەزكۇر ئەسەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋېبى لياڭتاۋ قاتارلىق بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىنلا بىلگەن. ئەمما ئۇنىڭ سانكت-پېتربورگتىكى قوليازما نۇسخىسىنى بىۋاستە كۆرمىگەن بولغاچقا، بۇ ھەقتىكى خاتالىقلارغا ئوخشاشلا يول قويۇپ كەلگەنىكەنمىز. بۇ خىل خاتالىق تۈپەيلىدىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، دوكتور جاۋجياڭمىن « شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى » نىڭ 2005- يىللىق 5 -سانىدا ئېلان قىلغان بىر پارچە ماقالىسى ۋە ئۆزىنىڭ دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە «چىڭگىزنامە» دېگەن نامنى ئىشلەتكەن [9].

مەنمۇ «تارىخى كاشغەرنىڭ تەرجىمىسى ۋە شەرھى» دېگەن تەتقىقات تېمىسىنى يوللىغان ۋاقتىتا، نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى كاشغەر» بىلەن موللا مىرسالىھ كاشغەرىينىڭ نامىدا نەشر قىلىنغان ئاتالمىش «چىڭگىزنامە» نى ئايرىم-ئايرىم ئىككى پارچە «تارىخى كاشغەر» قىلىپ يوللىغان ئىدىم (مۇھەممەد ئاتىق بىلەن ئىمىر ھۇسەيىن قازىنىڭ ئەسەرلىرىنى قوشقاندا تۆت پارچە) تېما بېكىتىشكە قاتناشقان مۇتىخەسسىسلەرمۇ شۇ بويىچە تەستىقلىغان ئىدى. ئەمما سانكت-پېتربورگدا ساقلىنىۋاتقان «تارىخى كاشغەر «نىڭ قولىيازما نۇسخىسىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، مەزكۇر قولىيازما بىلەن ئاتالمىش» چىڭگىزنامە» نى بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ يۈز پىرسەنت ئوخششدىغانلىقىنى بايقىدىم.

-2007يىلى 5- ئاينىڭ ئاخىرى ۋە 9- ئاينىڭ باشلىرىدا ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن-مائارىپ، مەدەنىيەت ئورگىنىنىڭ ھەمكارلىقىدا ئۆتكۈزۈلگەن سەمەرقەنت شەھرىنىڭ 2750 يىللىق، مەرغىلان شەھرىنىڭ 2000 يىللىق تارىخىغا بېغىشلانغان ئىككى قېتىملىق خەلقئارالىق ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى ۋە تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى كەسپداشلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، ئاكىمۇشكىن نەشرگە تەييارلىغان» تارىخى كاشغەر» بىلەن ھاجى نۇر ھاجى نەشرگە تەييارلىغان ئاتالمىش «چىڭگىزنامە «نىڭ بىر ئەسەر ئىكەنلىكى ھەققىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پاكىت ئاساسىغا ئىگە بولدۇم.

ھەممىدىن قىزىقارلىقى شۇكى، بۇ ئىككى قولىيازمىنىڭ بىر ئەسەر ئىكەنلىكى ھەققىدىكى چىگىش سوئاللارنىڭ جاۋابى يەنىلا ھاجى نۇر ھاجىنىڭ 1993- يىلى نەشر قىلىنغان «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدىن چىقتى ۋە بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمنى تېخىمۇ كۈچلۈك پاكىت ئاساسىغا ئىگە قىلدى. تۆۋەندە بۇ پاكىتلارنى بىر بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.
بىرىنچى، ئەسەرنىڭ نامى مەسلىسى: ھاجى نۇر ھاجىنىڭ «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «قىسقىچە تارىخ» دېيىلىدۇ ) دېگەن ئەسىرىنىڭ 263- بېتىگە بېرىلگەن» پايدىلانغان ئەسەرلەر» دېگەن تىزىملىكتە «موللا مىرسالىھ كاشغەرىي: ‹قەشقەر تارىخى›، قولىيازما» دېگەن مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ ، «چىڭگىزنامە» دېگەن كىتاب نامى ئۇچرىمايدۇ. ئەجەبا ئەسلى تېكىستتىكى پايدىلانغان ئەسەرلەر تىزىملىكىدە بار كىتاب نامى بۇ يەردە نەزەردىن

ساقت قىلىنغانمۇ ياكى بۇ بىر تاسادىپىيلىقمۇ ۋە ياكى مۇھەررىرنىڭ خاتالىقمۇ؟

ئەمدى بىز مەزكۇر كىتابنىڭ ئەسلى تېكىستىگە قاراپ باقايلى: «قىسقىچە تارىخ» نىڭ 47- بېتىدىكى: «...... بىر ئاپتۇۋنىڭ ئىچىدىن ‹خۇمار خاتۇننىڭ ئوغلىنىڭ تويى ئۆچۈن› دەپ يېزىلغان بىر خەت چىققان. خۇمار خاتۇن كىم؟ قاچان ئۆتكەن؟ قانداق بولغان؟ بۇ توغرىدا مەلۇمات يوق» دېگەن ئابزاسنىڭ پايدىلانغان ماتېرىياللار قىسمىغا «مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كورەگان: ‹تارىخى رەشىدى›، قولىيازما؛ شاھ مەھمۇد چوراس: ‹تارىخ›، موللا مىرسالىھ كاشغەرىي: ‹قەشقەر تارىخى› » دەپ يېزىلغان. بۇ مەنبە ئاكمۇشكىن نەشرىگە تەييارلىغان «قەشقەر تارىخى» نىڭ 58 – bبېتىدىكى مەلۇمات بىلەن تامامەن ئوخشاش. يەنە ئاتالمىش «چىڭگىزنامە» نىڭ 98 -بېتىدىمۇ شۇنداق. ھاجى نۇر ھاجى بۇ يەردە «تارىخى قەشقەر» دېگەن نامنى ئىشلەتكەن.

»قىسقىچە تارىخ» نىڭ 109- بېتىدىكى: «يەكەننى چوڭ ئوغلى جاھانگىر مىرزىغا بېرىپ، خوتەن ئارقىلىق تىبەتكە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى» دېگەن بايانغا بېرىلگەن ئىزاھاتتا: «موللا مىرسالىھ كاشغەرىينىڭ ‹قەشقەر تارىخى› دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ» دېيىلگەن. بۇ مەلۇمات «چىڭگىزنامە» نىڭ 96- بېتىدىكى ۋە ئاكمۇشكىن تەييارلىغان «تارىخى كاشغەر» نىڭ 56 – bبېتىدىكى مەلۇماتلار بىلەن بىردەك. ھاجى نۇر ھاجى بۇ يەردە يەنىلا «قەشقەر تارىخى» دېگەن نامنى ئىشلەتكەن.

»قىسقىچە تارىخ «نىڭ 149- بېتىدىكى: «....ماڭا دەرسەنكى ۋاپا قىلغۇچىدۇر، ئۆلگە قىلغاچقا ماڭا قىلغايسەن» دېگەن بايانغا بېرىلگەن ئىزاھاتتا: « ‹چىڭگىزنامە› قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985- يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 99- بەت» دېيىلگەن. بۇ مەلۇمات ئاكمۇشكىن نەشرگە تەييارلىغان «تارىخى كاشغەر» نىڭ 58 – bبېتىدىكى مەلۇمات بىلەن ئوخشاش .ھاجى نۇر ھاجى بۇ يەردە «چىڭگىزنامە» دېگەن نامنى ئىشلەتكەن.

»قىسقىچە تارىخ «نىڭ 184- بېتىدىكى: «....... خۇدابەردى يەكەنگە كېتىپ بېرىپ يولدا ئۆلۈپ كەتتى» دېگەن بايانغا بېرىلگەن ئىزاھاتتا: «موللا مىرسالىھ كاشغەرىي: ‹چىڭگىزنامە› » دېيىلگەن .بۇ مەلۇمات ئاكمۇشكىن نەشرگە تەييارلىغان «تارىخى كاشغەر» نىڭ 72 – aبېتىدىكى مەلۇمات بىلەن ئوخشاش. ھاجى نۇر ھاجى بۇ يەردە «چىڭگىزنامە» نامنى ئىشلەتكەن.

»قىسقىچە تارىخ » نىڭ 185- بېتىدىكى: « ...... ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەر، ئاقسۇ، تۇرپان، قۇمۇلمۇ مۇھىم سودا شەھەرلىرىدىن ئىكەن» دېگەن بايانغا بېرىلگەن ئىزاھاتتا: «موللا مىرسالىھ كاشغەرىي: ‹چىڭگىزنامە› » دېيىلگەن. بۇ مەلۇمات ئاكمۇشكىن نەشرگە تەييارلىغان «تارىخى كاشغەر» نىڭ 72 -bبېتىدىكى مەلۇمات بىلەن ئوخشاش. بۇ يەردىمۇ «چىڭگىزنامە» نامنى ئىشلەتكەن.

»قىسقىچە تارىخ» نىڭ 187 -بېتىدىكى: «...... بۇ قەھەتچىلىك مىرزا مۇناخنىڭ قەھەتچىلىكى دەپ ئاتالدى» دېگەن بايانغا بېرىلگەن ئىزاھاتتا: «موللا مىرسالىھ كاشغەرىينىڭ ‹قەشقەر تارىخى›

قوليازما ئەسرىگە قارالسۇن» دېيىلگەن. بۇ مەلۇمات «چىڭگىزنامە» نىڭ 148- بېتىدىكى، ئاكمۇشكىن نەشرگە تەييارلىغان «تارىخى كاشغەر» نىڭ 86 ـaبېتىدىكى مەلۇماتلار بىلەن ئوخشاش. بۇ يەردە يەنىلا «قەشقەر تارىخى» دەپ ئىشلىتىلگەن.
»قىسقىچە تارىخ» نىڭ 188- بېتىدىكى: «..... قۇمۇلغا ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغاندىن كېيىن قاتناش راۋانلاشتۇرۇلدى» دېگەن بايانغا بېرىلگەن ئىزاھاتتا: «موللا مىرسالىھ كاشغەرىينىڭ ‹قەشقەر تارىخى›، قوليازما» دېيىلگەن. بۇ مەلۇمات «چىڭگىزنامە» نىڭ 147ـ بېتىدىكى ۋە ئاكمۇشكىن نەشرگە تەييارلىغان «تارىخى كاشغەر» نىڭ 85 ـbبېتىدىكى مەلۇماتلار بىلەن ئوخشاش. بۇ يەردە يەنىلا «قەشقەر تارىخى» دېگەن نام ئىشلىتىلگەن.

«قىسقىچە تارىخ» نىڭ 191- بېتىدىكى: « ..... شاھ بايىرىن بىلۇجىستان لەشكەرلىرىنى توپلاپ ئۆزى بىلۇجىستاندىكى مۇستەھكەم قەلئەگە بېكىنىۋېلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، سەئىدىيە قوشۇنى دارا قەلئەسىنى مۇھاسىرە قىلغانلىقتىن، ئاخىر ئوغلىنى تارتۇقلار بىلەن ئابدۇللاخان ئالدىغا چىقىرىپ تەسلىم بولدى» دېگەن بايانغا بېرىلگەن ئىزاھاتتا: «موللا مىرسالىھ كاشغەرىينىڭ ‹قەشقەر تارىخى› » دېيىلگەن. بۇ مەلۇمات ئاتالمىش «چىڭگىزنامە» بىلەن ئاكمۇشكىن نەشرگە تەييارلىغان «تارىخى كاشغەر» دە ئۇچرىمايدۇ. ئەمما «ئابدۇللاخاننىڭ بولۇرنى فەتھ قىلغانلىقىنىڭ بايانى «دېگەن قىسمىدا «شاھ بابىر دەررەئى مەھكەمگە مۇستەھكەم بولۇپ ، ئوغلى شاھ رەئىسنى نۇرغۇن سوۋغا-سالاملار بىلەن كۆرۈنۈشكە چىقاردى ......» دېگەن مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ .بۇ يەردىمۇ ھاجى نۇر ھاجى يەنىلا «قەشقەر تارىخى» دېگەن نامنى قوللانغان. «قىسقىچە تارىخ» نىڭ 236- بېتىدىكى: «سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئەدەبىيات ساھەسىدە خۇلقىي (ئەدەبىي تەخەللۇسى)، شائىر ھەنىفىي (ئەدەبىي تەخەللۇسۇ (قاتارلىق شائىرلار مەيدانغا كەلگەن» دېگەن بايانغا بېرىلگەن ئىزاھاتتا: «موللا مىرسالىھ كاشغەرىينىڭ ‹قەشقەر تارىخى›، قوليازما» دېيىلگەن. بۇ مەلۇماتلارمۇ ئەسلى قوليازما ۋە ئاتالمىش «چىڭگىزنامە» دە ئۇچرىمايدۇ. بۇ يەردىمۇ ھاجى نۇر ھاجى يەنىلا» قەشقەر تارىخى» دېگەن نامنى قوللانغان.

دېمەك، ھاجى نۇر ھاجىنىڭ «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابىنىڭ 47-، 109-، 145-، 187-، 188-، 191- ۋە 236- بەتلىرىدە «موللا مىرسالىھ كاشغەرىي: ‹قەشقەر تارىخى› » دېگەن ئىستاتا ئىشلىتىلگەن. يەنە شۇ ئەسەرنىڭ 149-، 184-، 185- بەتلىرىدە «موللا مىرسالىھ كاشغەرىي: ‹چىڭگىزنامە› » دېگەن ئىستاتا ئىشلىتىلىپ، 149- بەتتىكى ئىستاتىدا «1985 ـيىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى» دېگەن تەپسىلىي ئىزاھ بېرىلگەن

بولسا، 184-، 185- بەتلەردە پەقەت «موللا مىرسالىھ كاشغەرىي: ‹چىڭگىزنامە « ‹دېيىلگەن. ھەممىدىن ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، كىتابنىڭ ئاخىرىغا بېرىلگەن پايدىلانغان ئەسەرلەر تىزىملىكىدە ئاتالمىش «چىڭگىزنامە» نىڭ نامى تىلغا ئېلىنمىغان.

يۇقىرىقى مەنبەلەرنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر كىشى موللا مىرسالىھ كاشغەرىي ئاتلىق بىر كىشى «قەشقەر تارىخى» ۋە «چىڭگىزنامە» دىن ئىبارەت ئىككى تارىخى ئەسەر يازمىغان بولغىيمىدى دېگەن قاراشقىمۇ كېلىپ قالىدۇ. ئەمما ئەسلى قولىيازمىنى كۆرگەن كىشىلەرلا بۇنىڭ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئويۇنالغان «مەنبە كۆپەيتىش» ئويۇنى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيدۇ. ئەجەبا ھاجى نۇر ھاجى ئەپەندى «تارىخى كاشغەر» بىلەن «چىڭگىزنامە» نى بىر خىل نامدا ئاتاشنى خالىمىغانمۇ؟
ھاجى نۇر ھاجىنىڭ «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە بىر قولىيازمىنى ئىككى خىل نامدا قوللىنىشى ۋە 1986- يىلى «تارىخى كاشغەر» نى نەشرگە تەييارلىغاندا كىتاب نامىنى «چىڭگىزنامە» دەپ ئىشلىتىشىدىكى تۈپ سەۋەبلەر خۇددى تارىخىمىزدىكى نۇرغۇن سىرلارغا ئوخشاش مەرھۇم بىلەن بىللە باقىي ئالەمگە كەتتى،
يەنە بىرى، ئەسەرنىڭ ئاپتورى مەسىلىسى: «تارىخى كاشغەر» نىڭ كىم تەرىپىدىن يېزىلغانلىق مەسىلىسى رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرىنىڭمۇ يۇكسەك دىققىتىنى قوزغىغان بولۇپ ، بۇ ھەقتىكى تالاش- تارتىشلار ھازىرغىچە تۈگىمىدى. بىر قىسىم كىشىلەر مەزكۇر ئەسەرنى «شاھ مەھمۇد چوراس يازغان بۆلىشى مۇمكىن ، چۈنكى بۇ ئىككى كىتاب ۋەقەلىك ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئاساسەن ئوخششىپ كېتىدۇ» [10] دەپ قارايدۇ. يەنە بىر قىسىم ئالىملار «شاھ مەھمۇد چوراسنىڭ ‹تارىخ›ى بىلەن› تارىخى كاشغەر» بىر ئاپتورنىڭ ئەسىرى بۆلىشى مۇمكىن ئەمەس. گەرچە بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ۋەقەلىك ۋە مەزمۇنلىرى ئاساسەن ئوخششىپ كەتسىمۇ، يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى ۋە مۇھىم مەنتىقلىرى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەردىن قارىغاندا، ئۇلار بىر ئاپتورنىڭ ئەسىرى بولۇشتىن كۆپ يىراق»[11 ] دەپ قارايدۇ.

ئاكىمۇشكىن نەشرگە تەييارلاپ كىرىش سۆز يازغان ھەممە 1902 -يىلدىن بۇيان رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى سانكت -پېتىربورگ شۆبىسىدە ساقلىنىۋاتقان ئۈچ پارچە قولىيازمىدا ئاپتورنىڭ نامىدىن سىرت، ھەتتا كۆچۈرگۈچىلەرنىڭمۇ نامى يېزىلمىغان. شۇڭا بۇ قولىيازما كېيىن «نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان ‹تارىخى كاشغەر› » دېگەن نام بىلەن ئىلىم ساھەسىگە تونۇلغان .ئەمدى ھاجى نۇر ھاجى تەرىپىدىن 1985- يىلى نەشرگە تەييارلىنىپ، 1986- يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئاتالمىش «چىڭگىزنامە» («تارىخى كاشغەر») نىڭ ئاخىرقى بېتىدە «بۇ كىتابەت روز سەھشەنبە كۈنى تامام بولدى. رەقەم موللا مىرسالىھ كاشغەر»

[12] دېگەن قۇرلار ئۇچرايدۇ. بۇ قۇرلار مەزكور ئەسەر مۇئەللىپىنىڭ كىملىكى مەسىلىسىگە نىسبەتەن مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» . رەقەم» سۆزى چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا «سان»، «بەلگە»، «يېزىش»، «مەكتۇب»، «نامە«،» تەقدىر» [13] دېگەندەك مەنىلەردە چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ ، شۇ بويىچە بولغاندا «رەقەم موللا مىرسالىھ كاشغەرىي» دېگەن سۆز مەزكور ئەسەرنىڭ موللا مىرسالىھ كاشغەرىي تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر موللا مىرسالىھ كاشغەرىينى «تارىخى كاشغەر» نىڭ ئاپتورى دېسەك ، ئۇ ھالدا سانكىت- پېتربورگدا ساقلىنىۋاتقان ئۈچ پارچە قولىيازمىدا كۆچۈرگۈچىلەر ئاپتورنىڭ ئىسمىنى چۈشۈرۈپ قويغان بولىدۇ . ئالدىنقى ئۈچ پارچە قولىيازمىنىڭ بىرىدىمۇ ئاپتورنىڭ نامىنىڭ بولماسلىقى مەزكور ئەسەرنى كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ ھەر ئۈچىلىسى ئوخشاش خاتالىقتا يول قويغانمۇ دېگەن سوئالنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مېنىڭچە «رەقەم موللا مىرسالىھ كاشغەرىي» دېگەن سۆزنى «يازغۇچى موللا مىرسالىھ كاشغەرىي» ئەمەس، «كۆچۈرگۈچى موللا مىرسالىھ كاشغەرىي» دەپ چۈشەنسەك توغرا بولىدۇ.

## خاتىمە



ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، «قەشقەر تارىخى» دېگەن ئومۇمىي نامدا يۈرتىمىز تارىخىغا بېغىشلانغان ئەسەرلەرنىڭ پۈتكۈل ئۇيغۇر تارىخىنىڭ مۇھىم گەۋدىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش ھەم ئۇلارنى توغرا تەتبىقلاش ۋە توغرا پايدىلىنىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز. ئىلىم ساھەسىدە «تارىخى كاشغەر» دەپ ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەن ئاتالمىش «چىڭگىزنامە» نى خەلقئارا ئىلىم ساھەسى بىلەن بىر ئورۇنغا

چۈشۈرۈپ ئورتاق بىر نامدا ئاتاش زور ئەھمىيەتلىك ئىش. بۇ قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. خەنزۇ كلاسسىكلىرىنىڭ «قويىدىن نەچچىنى يوقاتقاندىن كېيىن، قوتاننى تۈزىسەكمۇ كېچىكمەيمىز» دېگەن ھېكمىتى ناھايىتى ئوبرازلىق ۋە جايىدا ئېيتىلغان. گەرچە ئاكادېمىك بارتولدنىڭ نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان تارىخى مىراسىمىزغا «تارىخى كاشغەر» دەپ نام بەرگىنىگە ھازىر توپتوغرا 106 يىل بولغان بولسىمۇ، «قوتاننى ئەمدى تۈزىسەك» مۇ يەنىلا كېچىكمەيمىز، ئەلۋەتتە.

ئاخىرىدا ياپونىيىدىكى ئالدىراش ئوقۇشىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، «تارىخى كاشغەر» نىڭ سانكىت-پېتربورگ نۇسخىسىنى تېپىپ بەرگەن شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالى مۇھەررىرى زۇلپىيە تۇرسۇنغا، «تارىخى كاشغەر» بىلەن ئاتالمىش» چىڭگىزنامە» نى بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇپ چىقىشىمغا ياردەملەشكەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كوسەن مىڭئۆيى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەنلەرگە چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

---


ئىزاھات:

.[1]مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981- يىلى، 1 -توم 168- بەت

.[2]ۋېيي ليڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986- يىلى ، خەنزۇچە 1- بەت. قاراڭ: خۇتاۋ: «8- 10- ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 2000 -يىلى، خەنزۇچە 217- بەت

.[3]ئاكىمۇشكىن نەشرگە تەييارلىغان: «تارىخى كاشغەر«، كىرىش سۆز، رۇسچە 2- بەت، 2001- يىلى سانكىت – پېتربورگ.

.[4]ئاكىمۇشكىن نەشرگە تەييارلىغان: «تارىخى كاشغەر»، كىرىش سۆز، رۇسچە 6- بەت، 2001- يىلى، سانكىت – پېتربورگ.

.[5]ليۇجېڭيىن، ۋېيي لياڭتاۋ: «غەربىي يۇرت خوجىلار جەمەتى تەتقىقاتى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1988- يىلى، خەنزۇچە، 8-، 9 -بەتلەر؛ ۋېيي لياڭتاۋ: : «يەكەن خانلىقى تارىخى»، 1988- يىلى، خەنزۇچە، 12 -بەت.

.[6]مۇھەممەد ئاتىق: «قەشقەر تارىخى»، 1998- يىلى، تۈركچە، 3-5 -بەتلەر.

» .[7]شىنجاڭ تارىخى – مەدەنىيتى تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلەر كاتالوگى»، 1- توم، شاپىگراف نۇسخىسى.

.[8]موللا مىر سالىھ كاشغەرىي» :چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986- يىلى، كىرىش سۆز

قسمى، 1ـ بەت، (بۇ قولىيازما ئاكادېمىيىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا قايتىپ كەلمىگەن.)

.[9]جاۋ جياڭمىن: :چاغاتايچە ھۆججەت ‹چىڭگىزنامە› دىكى موڭغۇل كىشى ئىسىملىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە«،» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى »، 2005ـ يىللىق 5ـ سان، خەنزۇچە، 77ـ بەت . قاراڭ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «دوكتور ئوقۇغۇچىلار دىسسېرتاتسىيىلىرى توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن جاۋ جياڭمىننىڭ «چاغاتايچە ھۆججەت› چىڭگىزنامە› تەتقىقاتى» ناملىق دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى، 2005ـ يىلى.

.[10]ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى سۆھبەت خاتىرىسى، ـ2007يىلى 9ـ ئاينىڭ 10ـ كۈنى.

.[11]ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مەنبەشۇناسلىق دوكتورى گۈلچېھرە سۇلتانوۋا بىلەن مەزكۇر تېما ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت خاتىرىسى، 2007ـ يىلى 9ـ ئاي، تاشكەنت.

.[12]موللا مىرسالىھ كاشغەرىي: «چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986ـ يىلى، 182ـ بەت. (بۇ يەردە ئەسلى مەنبەگە سادىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە يەنىلا «چىڭگىزنامە» دەپ ئېلىندى.)

.[13]مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن قاتارلىقلار تۈزگەن: «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ـ2002 يىلى، 303ـ، 304ـ بەتلەر.

مەنبەسى: «بۇلاق» ژۇرنىلى 2008ـيىلى 6ـسان

# 3ـئبن سىنانىڭ ياۋروپا پەلسەپسگە كۆرسەتكەن تەسىرى

**ئىسمائىل ياقىت (تۈركىيە)**

بۇ ماقالە 2005ـ يىلى 10ـ ئايدا ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلگەن ‹‹6ـقېتىملىق خەلقارا تۈرك مەدەنىيەت كونگرېسى ››دا ئوقۇلغان شۇ ناملىق ماقالىغا ئاساسەن يۈسۈپجان ياسىن تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈلدى.



شەرقلىقلەر «ئەش-شەيخور رەئىس»، غەربلىكلەر «ئاۋىسېننا «دېگەن نام بىلەن تىلغا ئالىدىغان مەشھۇر ھېكىم ۋە پەيلاسوپ ئىبن سىنانىڭ ئەدەبىياتتىكى تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئېلى ھۈسەيىن بىن ئابدۇللاھ بىن سىنا. ئىبن سىنا مىلادىيە 980ـيىلى بۇخارا ئەتراپىدىكى ئافشاندا دۇنياغا كەلگەن. 1037ـھەمەداندا ۋاپات بولغان. باللىق چاغلىرىدىلا دىنىي ئىلىملەر بىلەن بىرلىكتە گراماتىكا، گېئومېترىيە، مەنتىقە، فىزىكا ۋە تىبابەت قاتارلىق ئەمەلىي پەنلەرنى ئۆگىنىپ، تېزلا داڭق چىقارغان. فارابىنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئارىستوتېل پەلسەپىسىدىكى تۈپ مەسىلىلەرنى

يېشىپ، ئوتتۇرا ئەسىردە ھەم شەرقتە، ھەم غەربتە تونۇلغان ئەڭ مەشھۇر ھېكىم ۋە پەيلاسوپقا ئايلانغان.

ھاياتى ناھايىتى ئېغىرچىلىق ئىچىدە ئۆتكەن ئىبنى سىنانىڭ بىر مۇنچە ئەسىرى بار. ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى كۇللىيات ھالىتىدە كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ماقالە شەكلىدىكى رىسالىلىرى بىلەن قوشقاندا ئەسەرلىرىنىڭ سانىنىڭ 250 ئەتراپىدا ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىسمۇ، بۇلاردىن 130 پارچىغا يېقىن ئەسەرنىڭ ئۆزىگە ئائىت ئىكەنلىكى قوبۇل قىلىنماقتا.

ئىبنى سىنا ئانتىك پەلسەپە ئەنئەنىسىنى ئىسلام تەپەككۇرى ساھەسىگە ئېلىپ كىرگەن ۋە ئۆز غەيرىتىگە تايىنىپ ھەقىقىي بىر سىنتىز ياراتقان پەيلاسوپ. غەربلىكلەر ئىسلام دۇنياسىدىن تەرجىمە ئارقىلىق تونۇغان تۇنجى پەيلاسوپ ئىبنى سىنادۇر. ئەسكەرتىپ قويىدىغان بىر نۇقتا باركى، غەرب ئەڭ دەسلەپتە ئۇنىڭ ھېكىملىك سالاھىيىتىنى بىلدى، كېيىن ئۇنىڭ پەلسەپىسىنى ئۆگەندى.

## لاتىنچە تەرجىمىلەر ھەققىدە

غەرب دۇنياسىدا 12- ۋە 13-ئەسىرلەردە تولېدو ۋە سالېرنودا قۇرۇلغان تەرجىمە مەكتەپلىرى ئارقىلىق ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرى لاتىنچىگە تەرجىمە قىلىندى. ئىبنى سىنانىڭ ئەسەرلىرىمۇ ئوتتۇرا ئەسىر لاتىن ياۋروپاسىدا ئاشۇ ۋاقىتتا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ. بولۇپمۇ تولېدودا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرى كېيىنچە غەرب ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ ئاساسلىق دەرسلىك كىتابىغا ئايلىنىپ ئۇزۇن مەزگىل ئوقۇتۇلغان .لاتىنچىگە قىلىنغان ئىخچام تەرجىمىسى ئەدەبىيات ساھەسىدە جۇھاننېس ھېسپالېنسىس ياكى ئىبنى داۋۇد دېگەن نام بىلەن ئۇچرايدىغان ئىسپانىيىلىك جون تەرىپىدىن ئىشلەندى. بۇ كىشى تولېدو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ روھانىي باشلىقى رايموندىنىڭ تەكلىۋى بىلەن دومىنىكۇ گۇندىسسالىنۇس بىلەن بىرلىكتە ئاۋۋال ئىبنى سىنانىڭ «نەفەس» ناملىق كىتابىنى تەرجىمە قىلدى. يەنە ئاشۇ كىشى «شىفا» نىڭ فىزىكا ۋە مېتافىزىكىغا ئائىت قىسىملىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ئۇنى «ئوپېرا» (مەجمۇئە) دېگەن نام بىلەن نەشر قىلدى. بۇ ئەسەر ۋېنىتسىيىدە ئۈچ قېتىم (1945-، 1500-، 1508-يىللىرى) بېسىلدى. ۋاتىئېر ئىبنى سىنانىڭ مەنتىققە ئائىت ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىپ، 1658-يىلى پارىژدا ئېلان قىلدى. دومىنىكۇ گۇندىسسالىنۇس «نەجات» ناملىق ئەسىرىنىڭ مېتافىزىكىلىق قىسمى بىلەن «ھېكمەت ۋە تەبىئەتكە

دائىر توققۇز رىسالە» نى، «ئاسمان ۋە كائىنات» ناملىق ئەسىرىنى، ئاخىرىدا» شىفا» نىمۇ تەرجىمە قىلىپ، بۆلارنى»)<> تولۇق ئەسەر» دېگەن مەنىدە ـت ( دېگەن نامدا نەشر قىلدى.

سرېمونالىق كىراردمۇ ئىبن سىنانىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلدى. بولۇپمۇ «ئەل قانۇن فىت-تىپ» ناملىق ئەسىرىنى لاتىنچىگە تەرجىمە قىلدى. ئىبن سىنانى ئەڭ مەشھۇر ھېكىملەر كاتېگورىيىسىگە يۈكسەلدۈرگەن بۇ ئەسەر نۇرغۇن تەرجىمانلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم لاتىنچىگە تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى-1593 .يىلى ئىتالىيىدە ئەرەب يېزىقىدا ئەسلى نۇسخىسىمۇ بېسىلدى. بۇ چاغدا ئوسمانلىلاردا تېخى مەتبەئە يوق ئىدى. «ئەل قانۇن فىت-تىپ» ناملىق بۇ ئەسەر مەتبەئە ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن، «ئىنجىل» دىن قالسا ئەڭ كۆپ بېسىلغان كىتابقا ئايلاندى.

بۇنىڭدىن باشقا ئاندرېس ئالپاگوس، فرانسىسكۇس د.ماكپراتا قاتارلىق تەرجىمانلارمۇ ئىبن سىنانىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلدى .شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىبن سىناغا ئائىت بولمىغان، ئەمما ئۇنىڭغا بېغىشلانغان بەزى گۇمانلىق ئەسەرلەرمۇ تەرجىمە قىلىندى. نەتىجىدە غەربتە ئىبن سىنانىڭ ئۆز پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن ئالتىسىنىڭ تولۇق تەرجىمىسى، ئىككىسىنىڭ قىسمەن تەرجىمىسى مەيدانغا كەلدى. بۇ تەرجىملەرنىڭ تەخمىنەن 120 خىل قول يازما نۇسخىسى غەربنىڭ تۈرلۈك كۇتۇپخانىلىرىدا كۈنىمىزگە قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە.

## ئىبن سىنانىڭ تەسىرىگە ئومۇمىي نەزەر

يۇقىرىدىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، لاتىنچىگە ئەڭ ئاۋۋال تەرجىمە قىلىنغان پەلسەپۋىي ئەسەر ئىبن سىنانىڭ «مېتافىزىكا» دېگەن كىتابى ئىدى. بۇ كىتاب غەربكە «ئارىستوتېل مېتافىزىكىسى»دىن ئىبرىم ئەسىر بۇرۇن مەلۇم بولدى. ھەتتا «ئارىستوتېل مېتافىزىكىسى»نىڭ كېيىنكى ئىككى قىسمى بولسا، ئىبن سىنانىڭ باشقا ئەسەرلىرىدىن ناھايىتى كېيىن («شىفا» نىڭ تەرجىمىسىدىن بىر ئەسەر كېيىن) غەربلىكلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈلاشتى. شۇ سەۋەبلىك غەربلىكلەر ئىبن سىنا پەلسەپىسى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىسمى تىلغا ئېلىنىدىغان ئارىستوتېل، پلاتون ۋە باشقا گرېك پەيلاسوپلىرىنى تونۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

ئىبن سىنانىڭ ئەسەرلىرى لاتىنچىگە تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن، غەربتە يېزىلغان بىر مۇنچە ئەسەرلەردە ئىبن سىنانىڭ پىكىرلىرىنىڭ تەسىرى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرىدىن ئېلىنغان ئىستاتلار دەرھال

كۆرۈلۈشكە باشلىدى. مەسىلەن، ئىبن سىنانىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىسىگە قوشۇۋېتىلگەن ۋە ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان 《de Intelligentiis》 دېگەن ئەسەر دېنىس، ست ئاگۇستىن، سكوت ۋە ئېرىگېن قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بىللە ئىبن سىنانىڭ ئەقلىنىڭ تۈرلىرى ھەققىدىكى شەرھىيلىرىگە ئورۇن بەردى. ئىبن سىنانىڭ ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان ئىستاتلار ھەققىدە گوئىچون م. فورپىستىنىڭ كۆرسەتكەنلىرىگە ئاساسەن ست توماسنىڭ 《De ente et essential》 ناملىق ئەسىرىدە 19، «تېئولوگىيە تېزىسلىرى» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى بۆلۈملىرىدىن باشقا تومستىك ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئىبن سىنانىڭ ئەسەرلىرىدىن جەمئىي 251 ئىستات ئالغانلىقىنى تىلغا ئالدۇ.

ئىبن سىنا ئارقىلىق غەربكە ئۆتكەن پەلسەپە ئالدى بىلەن خرىستىئان تېئولوگىيىسى بىلەن توقۇنۇشتى. پوپلارنىڭ بىر قىسمى ئارىستوتېلنىڭ پىكىرلىرىنى يېرىم بۇتپەرەسلىك، ئىبن سىنانىڭ پىكىرلىرىنى يېرىم كۇفرلىق دەپ چۈشەندى. بۇنىڭغا مۇقابىل بەزىلىرى ئىبن سىنا پەلسەپىسىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېتىش ئارزۇسىدا بولدى. گوئىچوننىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ كەيپىيات غەربتە ھەر ۋاقىتتىكىدىن بەكرەك بىر ئويغىنىش ۋەزىيىتىنى ياراتقىنىدەك، يەنە تەتقىقات ساھەسىنى كېڭەيتىپ، ئۇقۇملارنى بېيىتىپ ۋە مۇنازىرە سەۋىيىسىنى ناھايىتى يۇقىرى باسقۇچقا چىقارغان ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە،ئىبن سىنانىڭ غەربكە كۆرسەتكەن تەسىرى ئۈچ باسقۇچ بويىچە ئوتتۇرىغا چىقتى.

1-باسقۇچ، تەرجىمە دەۋرىدىن باشلاپ ئۆزۈپرگىنلىق جۇئىلېئۇم قارشى چىققان ۋاقتقا قەدەر بولغان مەزگىل. بۇ تەخمىنەن 1230-يىلغا قەدەر داۋام قىلدى.

2-باسقۇچ، ئارىستوتېل تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغان ۋاقىتتىن تارتىپ بۈيۈك ئالبېرت (ئالبېرت ماگنۇس -ت) نىڭ توپلىمى بارلىققا كەلگىچە بولغان مەزگىل. تەخمىنەن 1230-1260-يىللار ئارىسىغا توغرا كېلىدۇ.

3-باسقۇچ، ئىبن سىنا ست. توماسنىڭ ئەسەرلىرىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەندىن كېيىنكى مەزگىل. بۇ تەخمىنەن 1250-يىلدىن كېيىنكى باسقۇچ.

ئىبن سىنانىڭ تەسىرى بۇ باسقۇچلار داۋامىدا قەدەممۇ قەدەم ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭ يېڭى پلاتونچى تەرىپى ئارقىلىق كۆرسەتكەن تەسىرى ئارىستوتېلچى تەرىپى ئارقىلىق كۆرسەتكەن تەسىرىدىن تېخىمۇ تەييار بىر ئاساسقا ئېرىشتى. ھەتتا ئۇنىڭ تەڭرى بىلەن ئالەمنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى قاراشلىرى ئارقىلىق ئارىستوتېلنىڭ قاراشلىرىنى تولۇقلىغانلىقىغا ئىشىنىلدى. پەرىشتىلەرنىڭ، ئاخىرەتنىڭ بارلىقىدىن ۋە روھنىڭ ئۆلۈمسىزلىكىدىن سۆز ئاچىدىغان قاراشلىرى ئىمان بىلەن ئەقىل ئارىسىدا كورېلاسىيون ياراتقان بىر پەلسەپىۋى پوتېنلۇك دەپ قارىلىپ قىزىقىش قوزغىدى.

ئبن سنانىڭ غەرب پەلسەپسگە كۆرسەتكەن تەسرى ھەققدە ئىزدەنگەنلەر ئۇنىڭ تەسرىگە كۆپىنچە «ئېپىستېمولوگىيە» (بىلىم نەزەرىيسى)، «ئېگزىستېنس» (مەۋجۇتلۇق) ۋە «ئىندىۋىدۇئالىزم» (خاسلىق) دائىرىسىدە تۇرۇپ نەزەر تاشلىدى. ھەققەتەن، ئۇ پەلسەپىنىڭ بۇ تۈپ نەزەرىيىلىرىدە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى. ئبن سىنا شەرقتە ۋە غەربتە بىر «مەۋجۇتلۇق پەيلاسوپى» سۈپىتىدە بىلىنسىمۇ، ئۇنىڭ تەسرى خۇسۇسىدا خرونولوگىيىلىك ھالدا ئەڭ ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدىغىنى بىلىم نەزەرىيسى جەھەتتە كۆرسەتكەن تەسىرىدۇر. چۈنكى ئبن سىنانىڭ يېڭى پلاتونچىلىقى بىلەن ست ئاگۇستىننىڭ يېڭى پالتونچىلىقى بىر مۇنچە تەرەپتىن ئوخشايدۇ. بىراق، ست ئاگۇستىن ئىلاھىيەتشۇناس بىر پەيلاسوپ بولغان بولسا، ئبن سىنا پەقەت بىر پەيلاسوپ ئىدى. ئۇ ست ئاگۇستىنغا قارىغاندا تېخىمۇ سىستېمىلىق ۋە تېخىمۇ ئاددىي بىر نەزەرىينى سۇنغان ئىدى. شۇڭا، ئۇنى ست ئاگۇستىننىڭ تاكامۇللاشقان بىر شەكلى سۈپىتىدە كۆرىمىز. دەل مۇشۇ سەۋەبلەردىن ئبن سىنا ست ئاگۇستىنچى بولغان فرانسىسكېن مەكتپىدە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى.

خرونولوگىيىلىك جەھەتتە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان، ئەمما تەسرى نۇقتىسىدىن ئالدىنقىسىدىنمۇ قېلىشمايدىغىنى بولسا ئۇنىڭ «مەۋجۇتلۇق نەزەرىيسى» جەھەتتە كۆرسەتكەن تەسىرىدۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ بۇ خۇسۇستىكى تەسىرلىرىنى ئۇزۇن يىللار تەتقىق قىلغان ئانىنا مارىيا گوئىچون «ئبن سىنا مەۋجۇتلۇق نەزەرىيسى بىلەن شۇنداق بىر تەسىر كۆرسەتتىكى، لاتىن سكولاستىكلىرى ئارىسىدا مۇشۇ تېمىدا ئۇنىڭدىن پايدىلانمىغان بىرمۇ مېتافىزىكچى يوق. بۇ نەزەرىيە ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك داۋاملاشقان بىر تەتقىقات جەريانىنىڭ بىردىن بىر مەنبەسىگە ئايلاندى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرىدىن بەزىلىرى ئۆلۈمسىز ئەسەرگە ئايلاندى» دەيدۇ .ھەققەتەن بىرمۇ بىر نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئبن سىنانىڭ مەيلى بىلىم نەزەرىيسى جەھەتتە بولسۇن، مەيلى مەۋجۇتلۇق ۋە خۇسۇسلىشىش چۈشەنچىسى جەھەتتە بولسۇن، ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلارنىڭ ئاساسلىقى ئوتتۇرا ئەسىر پەيلاسوپلىرى بولۇش بىلەن بىرلىكتە يېڭى دەۋر(يېقىنقى زامان-ت) پەيلاسوپلىرىنىڭ بارلىقىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. ئبن سىنا ئارقىلىق غەربكە ئۆتكەن ئىسلام پەلسەپىسى غەربنىڭ روھىنى جانلاندۇردى ۋە ئۇلار ئۆچۈن گىرېك، شەرق ئىسلام چۈشەنچىلىرىنىڭ بىر كومپوزىسيونى سۈپىتىدە يېڭى بىر ھاياتلىق تىنىقىغا ئايلاندى.

## ئوتتۇرا ئەسىر پەيلاسوپلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

بۇ قىسمدا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپلىرىغا ئورۇن بېرىمىز. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىبن سىنانىڭ پىكىرلىرىگە قارشى چىققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. كۆپچىلىكى بولسا ئىبن سىنانىڭ پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭدى.

دومىنىكۇ گۇندىسسالىنۇس –ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۇ مەشھۇر شەخس ئىبن سىنانىڭ پىكىرلىرىدىن پايدىلىنىپ «نەفەس» دېگەن بىر كىتاب يازغان .ئۇنىڭدا روھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ دەلىللىرى ھەققىدە ئىبن سىنانىڭ دەلىللىرىنى قوللانغان ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇلارنى تەرجىمە قىلىپ كۆرسەتكەن. ئىبن سىنانىڭ مەشھۇر «ئۇچقان ئادەم» («ئەر رەجۇلۇت – تەير»)دېگەن مىتافىزىكىسىنى قوللانغان ۋە روھنىڭ مەنىۋىي بىر جەۋھەر بولۇپ ئاراز ①ئەمەسلىكىنى ۋە مەڭگۈ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئىبن سىنانىڭ پىكىرلىرىنى تەكرارلىدى. بۇ مىتافىزىكا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ناھايىتى كۆپ ئاپتور تەرىپىدىن قوللىنىلدى. دومىنىكۇ گۇندىسسالىنۇس ئەينى دەۋردە 《De processione
Mundi》دېگەن ئەسىرىدە ئىبن سىنانىڭ كوزمولوگىيىسىنى خرىستىئان چۈشەنچىلىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇشقا

① ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولالمايدىغان ۋە مەۋجۇت بولۇش ئۈچۈن باشقا بىر ئاساسقا مۇھتاج بولغان نەرسە ياكى تاسادىپىيلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان نەرسە–ت

ئۇرۇندى.

ئۇۋېرگنىلىق جۇئىلىيئۇم –پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تېئولوگىيە مۇئەللىمى بولغان. ئۇ 1228-يىلى ئارىستوتېل ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە قارشى ناھايىتى شىددەتلىك بىر ھەرىكەت قوزغىدى. ئارىستوتېلنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە قارشى تۇرۇشتىكى قەستى ئىسلام پەيلاسوپلىرىغا، بولۇپمۇ قارابى، ئىبن سىنا ۋە غەززالى قاتارلىقلارغا زەربە بېرىش ئىدى. ئۇ ئىبن سىنا بىلەن بولغان كۈرىشىنى مەۋجۇتلۇقنىڭ يارىتىلىشىدا ۋاستىچىنىڭ بولىدىغانلىقى، ئالەمنىڭ ئاسماننىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغانلىقى ۋە ئالەمنىڭ بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسى قاتارلىق خۇسۇسلاردا ئېلىپ بېرىپ، ئىبن سىنانىڭ كوزمولوگىيىسىنى رەت قىلدى. بولۇپمۇ ئىبن سىنانىڭ تۇنجى سەۋەب، پائال ئەقىل نەزەرىيىسى بىلەن خۇسۇسىيلىشىش پىرىنسىپى سۇپىتىدە شەرھىيلىگەن ماددا نەزەرىيىسىگە قارشى چىقتى. ئۇنىڭ قارىشىچە پائال ئەقىل روھنىڭ بىر قىسمى بولالمايتتى. مەلۇم بولغىنىدەك، ئىبن سىنانىڭ بىلىم نەزەرىيىسىدە كەسپىي ئاتالغۇ بىلەن ئېيتقاندا ئابىستراكتلىق ۋە ئايدىڭلىق (ئېنىقلىق) تىن ئىبارەت ئىككى بۆلۈم بار. شۇ سەۋەبلىك، جۇئىلىيئۇم قارشى چىققان خۇسۇس روھنىڭ پائال ئەقىل بىلەن يورىتىلىشىدۇر. ئىبن سىنانىڭ پىكىرلىرى خرىستىئان تېئولوگىيىسىگە زىت كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇۋېرگنىلىق جۇئىلىيئۇم ئۇنىڭغا قارشى چىققان. شۇنداقتىمۇ ئۇ بىر مۇنچە تېمىلاردا ئىبن سىنانىڭ

پكىرلىرىگە قوشۇلدى. ئەسەرلىرىدە 40 يەردە ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدى. ئىبن سىنانىڭ زات (ئۆز، ماھىيەت، ئېلمېنت، تادۇ-ت) بىلەن ۋۇجۇدنىڭ پەرقى، پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى، روھنىڭ مەڭگۈلۈكلىكى ۋە ئېنىقلىمىلار ھەققىدىكى پىكىر ۋە مەسىللىرىنى ئەينەن تەدبىقلىدى.

ھالېسلىق ئالىكساندىر -پائال ئەقىل تېمىسىدا ئىبن سىناغا قارشى چىقتى، زات بىلەن بىلەن ۋۇجۇدنىڭ پەرقى تېمىسىدا ئۇنىڭغا قوشۇلمىدى .لېكىن، ئۇ تۈيغۇلارنىڭ رولى ھەققىدە ئىبن سىنانىڭ پىكرىنى ئەينەن قوبۇل قىلدى .ئالېكساندىر 1170-1180-يىللاردا پارىژغا كەلگەن بولۇپ، بۇ چاغدا گرېگوئىرېIX نىڭ قارارى بىلەن ئارىستوتېل ۋە ئىسلام پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدىكى چەكلىمە بىكار قىلىنغان ئىدى. ئۇ فرانسىسكېن مەكتىپىگە تېئولوگىيە مۇئەللىمى بولۇپ كىردى . «Summa Universae theologlae»دېگەن بىر ئەسەر يازدى. ئۇ ئابستىراكتلىق مەسىلىسىدە، بولۇپمۇ تۈيغۇلارنىڭ رولى ۋە تۈيغۇ شەكىللىرىنىڭ ئابستىراكتلىقى ھەققىدە ئىبن سىنانىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. ئىبن سىنا تەرىپىدىن بايقالغان ۋەھىمە سېزىش ئىقتىدارىنى «ئىستىمەيت» (مۆلچەرلەش، تەخمىن قىلىش دېگەن مەنىدە -ت ) دېگەن نام بىلەن ئاتىدى.

جون دېلا روچېل -پارىژ ئۇنىۋېرستېتىدە ھالېسلىق ئالېكساندىرنىڭ ئورنىغا چىققان جون دېلا روچېل زات بىلەن ۋۇجۇدنىڭ پەرقى تېمىسىدا ئىبن سىنانىڭ پىكرىگە ئانچە قوشۇلمىدى. جون بۇ پەرقنى ماددا بىلەن شەكىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرقكە ئارىلاشتۇرىۋەتكەن ئىدى. لېكىن، ئىبن سىنانىڭ «ئورتاق تۈيغۇ «ئۇقۇمىنى قوبۇل قىلدى، ھەتتا بۇنى ج . داماسېن بىلەن ست ئاگۇستىننىڭ تەبىئي ئىقتىدار ھەققىدىكى قاراشلىرى بىلەن بىر خىل دەپ قارىدى. جون دېلا روچېل ئەقىلنىڭ رولى ھەققىدە ئىبن سىنا ئوتتۇرىغا قويغان مەلۇماتنى ھەتتا كەلتۈرگەن مىساللىرى بىلەن قوشۇپ نەقىل ئالدى. ئىبن سىنانىڭ ئەقىلنىڭ تەسنىفى ھەققىدىكى قاراشلىرى تامامەن ئۇنىڭ ئەسىرىدە بار.

ئاۋۆكسېرلىق جۇئىلېئۇم -1145-1241-يىللاردا ياشىغان پاپا گرېگورئې-1231IX يىلى ئارىستوتېل ۋە مۇسۇلمان شەرھىيچىلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشنى چەكلىدى. پارىژ ئۇنىۋېرستېتى پاپانىڭ قويغان چەكلىمىسى سەۋەبىدىن ئاۋۆكسېرلىق جۇئىلېئۇمنى رىمغا ئەۋەتتى. ئارىستوتېل ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈلدى. ئاۋۆكسېرلىق جۇئىلېئۇم ئىبن سىنانىڭ پائال ئەقىل ۋە سۇدۇر تەلىماتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدىن.

روبېرت گروسسېت (1170-1253) -ست ئاگۇستىنچى بىر ئەنئەنىگە باغلىنىپ قالغان بولسىمۇ، زات بىلەن ۋۇجۇدنىڭ پەرقى ھەققىدە ئىبن سىنانىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدى. ست ئاگۇستىنچى ئەنئەنە مۇرەككەپ بىر قۇرۇلمىغا ئىگە ئىدى .ئىبن سىنانىڭ تەسىرى مەسىلىسىدە ئۇلار ئىككى گۇرۇھقا

ئايرىلدى. بىر تەرەپتە ئاۋېرگىنلىق جۇئىلېئۇم، روبېرت گروسسېت، يەنە بىر تەرەپتە ھالېسلىق ئالېكساندىر، جون  دېلا روچېل ۋە ست بۇناۋېنچېر قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى.

روگېر مارىستون –فرانسىسكېن مەكتېپىگە مەنسۇپ ئىدى .پائال ئەقىل تېمىسىدا ئۇمۇ ئىبن سىنادىن ئىلھام ئالدى. ئىبن سىنانىڭ شەرھىيلىرىدىن پايدىلىنىپ ئارىستوتېل بىلەن ست ئاگۇستىنىنىڭ پىكرىنى بىر-بىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا تىرىشتى.

ست بۇناۋېنچېر (1221-1274) –پائال ئەقىل ۋە ئىرادە ئەركىنلىكى مەسىلىسىدە ئىبن سىنانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. بولۇپمۇ «ئۇچقان ئادەم «دېگەن ئۇرنەكنى قوللىنىپ روھنىڭ تەپەككۇر قىلىدىغان بىر جەۋھەر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ست بۇناۋېنچېر روھ بىۋاستە پائال ئەقىلگە ئىگە دېگەن قاراشنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ تەڭرىنىڭ ھەر مەۋجۇداتقا ئۆز ھەرىكىتىگە ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىدىغان ئىقتىدار بەرگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، ئىبن سىنانىڭ پىكىرلىرىنى تەكرارلىدى.

ئېكخارد (1260 –1327) –ئىبن سىنانىڭ مەۋجۇتلۇق نەزەرىيىسىنىڭ غەربتە كۈچلۈك نوپۇزغا ئىگە ئىكەنلىكى 14-ئەسىردە كۆلىندە «ھىكمەت كىتابى» ھەققىدە شەرھ يازغان ئېكخاردنىڭ ئەسىرىدە تېخىمۇ ئېنىق شەكىلدە كۆرۈلدى. ئۇ زات بىلەن ۋۇجۇدنىڭ ھەربىر نەرسىدىكى پەرقىگە ئائىت قاراشنى قوللاندى.

دانس سكوت (1270-1308) -مەۋجۇتلۇق تېمىسىدا ئىبن سىنانىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدى. ھېنرى دې گانتمۇ دانس سكوت بىلەن ئوخشاش يولدا ماڭدى.

ۋايتېل دې فور (1327-ئالەمدىن ئۆتكەن) مەۋجۇتلۇق نەزەرىيىسى ھەققىدە ئىبن سىنانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇنىڭ ئەسىرىدىكى بارلىق مۇھىم ھۆكۈملەر ئىبن سىنانىڭ ئەسەرلىرىدىن ئېلىندى. ئۇ ئايرىم بىر پائال ئەقىل تېمىسىدا ئىبن سىنادىن ئىلھام ئالدى.

ست ئانسېلمۇس (1033-1109) –ئانتولوگىيىلىك دەلىلنىڭ مەشھۇر ئىجادچىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان ست ئانسېلمۇسنىڭ دەلىللىرىنىڭ مەنبەسى ئىبن سىنانىڭ ئەسەرلىرىدە بار.

ئىسپانىيىلىك پېئېر (1220-1277) –پاپا بولۇشتىن بۇرۇن يازغان « anima libre de» دېگەن كىتابىدا ئىبن سىنانىڭ پائال ئەقىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئېنىقلىمىلىرىنى قوللاندى. ئۇ غەربتە مىستىك ئىلىمدە پەلسەپىنى قوللانغان كىشى ئىدى.

مارسل فايسن (1433ـ1499) ـ ئبن سنانىڭ تەسرىگە ئۇچرىغان. ئۇ ئبن سنانىڭ پائال ئەقىل نەزەرىيسى بىلەن ست ئاگۇستىننىڭ» ئايدىڭلاشتۇرغۇچى تەڭرى» چۈشەنچىسنى بىر-بىرىگە يېقىنلاشتۇردى.

روگېر باكون «(1214ـ1294) ـ دوكتۇر مىرابىلىس») مۆجىزىلىك ئۇستاز» دېگەن مەنىدە ـ ت ) دېگەن لەقەم بىلەن تۇنۇلغان ر . باكون «opus majus» ناملىق ئەسرىدە ئبن سنانىڭ «پەۋقۇلئاددە نەرسىلەرنى ۋە ئۇچۇق بىر ھەقىقەتنى يازغانلىقى» نى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ ئارىستوتېلنى فارابى بىلەن ئبن سنانىڭ ئەسرىگە ئاساسەن چۈشەندۈردى. باكوننىڭ قارىشچە، ئبن سنانىڭ بۈيۈكلىكى روھنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقى، جەسەتلەرنىڭ ئاخىرەتتە بىر يەرگە توپلىنىدىغانلىقى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقى قاتارلىق ھەقىقەتلەر ئارقىلىق ھەر كىشنى ئۆزىگە قارىتىۋالغانلىقىدۇر. روگېر باكون بىلىمنىڭ يەر يۈزىگە تۆت قېتىم چۈشۈرۈلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغان قويىدۇ. ئۇنىڭ قارىشچە، بىلىم ئىككى قېتىم ئىبرانى تىلىدا تولۇق چۈشۈرۈلگەن، بۇنىڭ بىرى پاترىكلەر ۋە پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق، يەنە بىرى بۈيۈك ھېكىم سۇلەيمان ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن، ئىككى قېتىم تولۇق بولمىغان ھالدا چۈشۈرۈلگەن، بۇنىڭ بىرى يۇنان تىلىدا ئارىستوتېل ئارقىلىق، يەنەبىرى ئەرەب تىلىدا ئبن سنا ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن. بۇ خىل ئىپادىلەرنى قوللانغان باكون يەنىلا ست ئاگۇستىنچى ئەنئەنە ئىچىدە قالغان.

ئالبېرت لې گراند ياكى بۈيۈك ئالبېرت (1193ـ1280ـ (ئبن سنانىڭ ئەڭ كۆپ تەسرىگە ئۇچرىغان پەيلاسوپ. ئبن سنانىڭ «نەفەس » تە بىلگۈچى ۋە ياراتقۇچى كۈچلەرنىڭ بىر يەرگە كېلىشى بىلەن ئەقىلنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى ھەققىدە سۆزلىگەنلىرى بۈيۈك ئالبېرتنىڭ ئەسرىدىمۇ چېلىقىدۇ. ئۇ، بۇ ئۇقۇملارغا«intellectus operatives» ، «intellectus specukatves» دېگەن ناملارنى بەرگەن. ئۇنىڭ چۈشەنچە بىلەن ھادىسەنىڭ پەرقى ھەققىدىكى قاراشلىرى ئبن سنانىڭكىگە ئەينەن ئوخشايدۇ. ئالبېرت «summa de creatures» دېگەن ئەسرىدە ئالەمنىڭ يارىتىلىشى ۋە ئەزەلىيلىكى ھەققىدە ئارستوتېلنىڭ پىكىرلىرىگە تايانغان بولسا، كېيىن ھادىسلەر ھەققىدە ئبن سنانىڭ پىكىرلىرىگە تاياندى. ئۇ پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقى ھەققىدىمۇ ئبن سنا بىلەن بىر پىكىردە بولدى. ئۇ، پەرىشتىنىڭ ئۆزلۈكى دەل ئۇنىڭ تەبىئىتىدۇر، بۇ تەبىئەت ئارقىلىق تەركىبكە كىرگىنى دەل مەۋجۇتلۇقىدۇر. شۇ ئارقىلىق ئۇ بىر پۈتۈنلۈك ۋە بىر خاسلىق يارىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئالبېرت گراندنىڭ مەۋجۇتلۇق نەزەرىيسى ھەققىدە ماڭغان يولى ئبن سناچى بىر يول ئىدى.

ست توماس ئاكۋىن (1227ـ1274) ـ ئاكۋىنلىق مۇقەددەس تۇماس دېگەن نام بىلەن تونۇلغان توماس ئاكۋىن ئوتتۇرا ئەسىر ياۋرۇپاسىنىڭ ئەڭ بۈيۈك پەيلاسوپلىرىدىن بىرى. دومىنكېن مەكتىپىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ ئالبېرت لې. گراندنىڭ ئوقۇغۇچىسى. ئۇ ھەم ئبن سنانى تەنقىد

قىلغان ھەم ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئەڭ كۆپ ئىستاتىس ئېلىش ئارقىلىق ئۆز چۈشەنچىسىنىڭ ئاساسلىرىنى تىكلىگەن پەيلاسوپ. ست توماسنىڭ «كاپىرلارغا قارشى» ۋە «تېئولوگىيە تىزىسلىرى» دېگەن ئەسەرلىرىدە لاتىنچە شەكىل بىلەن تىلغا ئالغان ھەققەت ئۇقۇمى ئىبن سىنانىڭ ئۇقۇمى ئىدى. ئىبن سىنا ھەققەتنىڭ زېھىندە ئەمەس، پەقەت نەرسىدە بولىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، «ھەر نەرسىنىڭ ھەققىتى ئۆزىگە ئۇيغۇن بولغان مەۋجۇتلىقىدۇر» دېگەن ئىدى. ست توماس ھەققەتنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر كۇللىيلىك (ئۇنىۋېرساللىق) تېمىسىدا ئىبن سىنا بىلەن تامامەن ئوخشاش پىكىردە بولدى. چۈنكى نەرسىدىكى مەۋجۇت شەكىل زېھنىي ھەرىكەت ۋاستىسى بىلەن ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ ۋە قايتا بىر قېتىم زېھىندە مەۋجۇت بولغاندا زېھىن ئۇنىڭغا كۇللىيلىك ئاتا قىلىدۇ. ست توماس ئىبن سىناغا ئوخشاش مەۋجۇتلۇق بىلەن جەۋھەر ئوتتۇرىسىدا مەنتىقلىق ئەمەس، ھەققىي بىر پەرق بار دەپ قارايدۇ، مەلەكلەرنىڭ روھىي (دىنىي) ۋە نۇرانىي (نۇر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ــت ( مەۋجۇتلۇق ئىكەنلىكىنى ۋە ماددىدىن ئايرىم تۇرىدىغان بىر قۇرۇلمىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ قىيامەت، روھلارنىڭ تولىنىشى، روھ بىلەن بەدەننىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئىبن سىناغا يېقىنلاشتى. ئىبن رۇشتۇ «Contra Averroist» دېگەن ئەسىرىدىكى تەنقىتلىرىدە ئىبن سىنانىمۇ تەنقىتلىدى. ئۇ «De Potentia» دېگەن ئەسىرىدە ئىبن سىنانىڭ ئالەمنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدىكى قارىشىنى رەت قىلدى.

ست توماس زات بىلەن ۋۇجۇد ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ھەربىر مەۋجۇداتتا بولۇشى مۇمكىن بولغان، ئامما زۆرۈرىي بولمىغان زات پىكرىنى ئانالىز قىلىشتا ئىبن سىنادىن پايدىلاندى. ست توماس تەڭرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئائىت دەلىلنى مېتافىزىكىغا مەنسۇپ قىلىش خۇسۇسىدا ئىبن سىنا بىلەن بىر خىل پىكىردە بولدى.

كاردىنال سىجىتېن ـ1493ـ1494ـ يىللاردا پادۇئا ئاكادېمىيىسىدە ست توماسنىڭ «De Ente it Essentia» دېگەن ئەسىرىنى شەرھىيلىگەندە دائىم ئىبن سىنانىڭ ئىسمى تىلغا ئالغان.

جېئۇن دې ست توماس ـ1630ـ1643ـ يىللاردا ئالكالا ۋە مادرىددە دەرس ئۆتكەندە، پات ـ پات ئىبن سىنادىن سۆز ئاچقان. بۇ دەرسلىك 1637ـ يىلدىن ئېتىبارەن مادرىد، كۆلن، رىم ۋە لىيوندا نەشر قىلىندى. 19ـ ئەسىردە پارىژدا يېڭىدىن بېسىلدى. 1930ـ يىلدىن ئېتىبارەن «تومىستىك پەلسەپە دەرسلىرى» دېگەن نام بىلەن تۇرىندا نەشر قىلىنىپ كەلدى.

## يېڭى دەۋر (يېقىنقى زامان) پەيلاسوپلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

ئىبن سىنا يالغۇز ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ پەيلاسوپلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى يەنە رېنېسسانس دەۋرى بىلەن 18-ئەسىردىكى پەيلاسوپلارنىڭمۇ كۆپچىلىكىگە تەسىر كۆرسەتتى. بۇ خۇسۇسنى ئوردىنارىيۇس، پروفېسسور ئىزمىرلىق ئىسمائىل ھاققىمۇ بىلدۈردى.

17-ئەسىردە بايقالغانلىقى سۆزلىنىدىغان سۇ ۋە ھاۋانىڭ بېسىم كۈچى ھادىسىسىنى يەتتە ئەسىر بۇرۇن ئىبن سىنا «نەجات» ناملىق كىتابىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدى. ئۇ ھاۋانىڭ بېسىم كۈچى ھەققىدىكى تېمنى ئىتالىيان فىزىكچىسى تورچېللى (1608-1647)دىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويىدى. فرانسۇز مۇتەپەككۇرى مارئوت (1620-1680) بولسا 1678-يىلى ھاۋانىڭ بېسىم كۈچى قانۇنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭدەك، تەن بىلەن روھنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى ھەققىدە بۈگۈنكى كۈندە غەرب چۈشەنچىسىدە ئورۇن ئالغان بەزى قاراش ۋە شەرھىيلەرنى ئىبن سىنانىڭ ئەسىرىدە ئۇچرىتىمىز.

رېنې دېكارتېس (1596-1650) -ئىبن سىنانىڭ روھنىڭ بىر جەۋھەر ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلىرى ئارقىلىق دېكارتېسقا تەسىر كۆرسەتكەنلىكى لۆۋېنتېل، فۇرلانى ۋە گوئىچون تەرىپىدىن تىلغا ئېلىندى» .ئويلىنىۋاتىمەن، ئۇنداقتا مەن بار» دېگەن ئىپادىلىرى ئىبن سىنانىڭ «ئۇچقان ئادەم «دېگەن مېتافۇراسىغا شۇنداق يېقىن كېلىدۇ. دېمەك، دېكارتېسنىڭ ئۇنى بىلىدىغانلىقى زور ئېھتىماللىققا ئىگە. دېكارتېسنىڭ «تۇغما تەسەۋۋۇر»، «زېھىن ئىجاد قىلغان سۈنئىي تەسەۋۋۇر»، «ئېرىشىلگەن تەسەۋۋۇر» دېگەن قاراشلىرى ئىبن سىنانىڭ تەسەۋۋۇرنى تۈيغۇدىن كەلگەن، خىيال كۈچىدىن تۇغۇلغان ۋە تەجرىبىدىن ھاسىل بولغان دېگەن قاراشلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

لېيبنىز (1646-1716) -پەنلەرنى تۆرگە ئايرىش، ئىلىم تەھلىلى ۋە دىنامىستىك ئالەم چۈشەنچىسىدە ئىبن سىنا لېيبنىز ئۈچۈن يول باشلىغۇچىدۇر. ئىبن سىنانىڭ قارىشىچە ھەرىكەت جىسمانىي بىر كۈچنىڭ تەدرىجىي ھالدا چۈشەنچىدىن ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشىدۇر. بۇ ئۇقۇم لېيبنىزنىڭ «ئىزچىللىق » قارىشى بىلەن ئوخشايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، مەۋجۇتلۇقنىڭ ئويلىنىش نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان ئىبن سىنا مۇشۇ قارىشى بىلەن بىلمىنىڭ ئويلىنىش ئارقىلىق ئاڭ ھالىتىدە مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان لېيبنىزگە يول باشلىغۇچى بولدى. ئەينى شەكىلدە لېيبنىزنىڭ ئوپتىمىزمى (ئۈمىدۋارلىق قارىشى -ت ( ئىبن سىنانىڭ مەۋجۇتلۇقتا ياخشىلىقنىڭ ئاساس، يامانلىقنىڭ ۋاقىتلىق بولىدىغانلىقىنى مىساللار ئارقىلىق كۆرسەتكەن ئوپتىمىستىك قارىشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئۇقۇملىرىنىڭ تارماقلىرى بىلەن «ئەزەلىي ئىنايەت» تېمىسىدا لېيبنىز ئىبن سىنانىڭ قاراشلىرىنى تەكرارلىدى. ئىبن سىنا بىلىم نەزەرىيىسىدە تۈيغۇ بىلەن تەجرىبىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى. بۇ خۇسۇس ئەينى ۋاقىتتا لېيبنىزنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ كۆرۈلدى.

ئىممانۇئېل كانت (1724-1804) -ئىبن سىنانىڭ بىلىم نەزەرىيىسىدىكى تۈيغۇ بىلەن تەجرىبىنىڭ ئەھمىيتى يەنە كانتنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ كۆرۈلدى. ئىبن سىنانىڭ ئەمەلىي ۋە نەزەرىيۋىي ئەقىل تەسنىفى كانتنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ئەينەن شەكىلدە بار. كانت ئەڭ يۇكسەك ئۇقۇم بولغان «تەڭرى» بىلەن «روھ»قا ئەمەلىي ئەقىل ئارقىلىق ئۇلاشقىنى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى، ئىبن سىنا بولسا نەزەرىيۋىي ئەقىلنىڭ يۇكسەك دەرىجىسى بولغان «مۇقەددەسلىك» مەرتىۋىسى بىلەن ئۇلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كانتنىڭ « noemenon» بىلەن «fenomenon» ئۇقۇملىرى ئىبن سىنانىڭ» ھەقايىقۇل ئەشيا» بىلەن «زەۋارىھۇل ئەشيا» ئۇقۇملىرىنىڭ لاتىنچە ئىپادىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بېركېلىي (1685-1753) -ئىبن سىنانىڭ «ئاللاھ زاتىنى بىلىدۇ، زاتىنى بىلىشى ھاياتىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇنىڭدا بىلگەن ۋە بىلىنگەن نەرسە بىر خىلدۇر» دېگەن پىكرى بېركېلىينىڭ «ھايات ئىدراك قىلىنىشتىن ئىبارەتتۇر» دېگەن سۆز بىلەن خۇلاسىلىگەن ئىدىئالىزمغا يول ئاچقان ئىدى.

جون لوك (1632-1704) -تەبئىي جىسىملارنىڭ ئۆز زاتى بىلەن مەۋجۇت بولىدىغانلىقى ۋە تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان ئىبن سىنا ئەسلىدە جون لوكنىڭ جىسىمنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل خۇسۇسىيتى ھەققىدىكى قارىشىغا ناھايتى ئوخشاپ كېتىدىغان جىسىمغا خاس بىر خىل خۇسۇسىيەتنى نەزەردە تۇتقان ئىدى.

ھېنرى بېرگسون (1859-1941)-ئىبن سىنانىڭ پسىخكىلىق دۇنيا بىلەن بىئولوگىيىلىك دۇنيا ئوتتۇرىسىدا ئېنىق بىر چەك بېكىتمىگەنلىكى بېرگسون بىلەن ئوخشاش بىر نۇقتىدا ئىكەنلىكىنى ئەسكە سالىدۇ. بولۇپمۇ بېرگسوننىڭintuition چۈشەنچىسى، ماكس شېللىر (1874-1929) نىڭ sympathieچۈشەنچىسىدە نەزەردە تۇتقانلىرى ئىبن سىنانىڭ بىلىمنىڭ پەقەت تېما بىلەن شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئارزۇ بىلەن شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى قوشۇلۇش ۋە سۆيگۈدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قارىشىنى ئەسلىتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا 19-ئەسىردىكى داڭلىق مەنتىقەشۇناس خاملىتونغا ئىبن سىنانىڭ يۇكلەمنىڭ خۇسۇسىيتى ھەققىدىكى قاراشلىرى تەسىر كۆرسەتتى .ئۇ، بۇ تېمىدا ئىبن سىنانىڭ پىكرىنى تەقلىد قىلدى.

## خۇلاسە

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتتۈلگىنىدەك، ئىبن سىنا قاتارلىق ئىسلام تەپەككۇرىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىنىڭ پىكىرلىرى لاتىنلار تەرىپىدىن ئۆگىنىلگەندە غەرب دۇنياسىدا يېڭى بىر پىكىر ھەرىكىتى باشلاندى.

شۇنىڭ بىلەن ياۋروپادا ئەمەلىي- تەجرىبىۋىي بىلىملەر ئوقۇتۇلىدىغان پارىژ (سوربون) ۋە ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتلىرى قۇرۇلدى. بۇنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە رونېسانىس ھەرىكىتى باشلاندى. ئىبن سىنانىڭ غەربكە كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ كۆلىمى ھەققىدە يەنە غەربلىك تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن بىلدۈرۈلگەن خۇسۇسلارنى بۇ يەردە تىلغا ئېلىش يېتەرلىك. ئاننا مارىيا گوئىچون مۇنداق دەيدۇ :«ئىككى ئەسىر داۋامىدا بارلىق پەيلاسوپلىرىمىز مەيلى ئۇنىڭدىن ئىلھام ئالسۇن، ياكى ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنسۇن ھامان ئىبن سىنانىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاشقا تىرىشتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە خېلىلا چوڭقۇر، ئەمما ناھايىتى ئومۇمىي بىر تەسىر مەيدانغا كەلدى. بەزىدە ئۆتكۈنچى، بەزىدە ئىزچىللىققا ئىگە بولغان بۇ نەتىجىلەرنىڭ بەزىلىرى ھالا كۈنىمىزدىمۇ جانلىق ھالەتتە تۇرماقتا... ئىبن سىنانىڭ تەسىرى شۇ قەدەر كەڭ ۋە چوڭقۇر بىر تەسىر ئىدىكى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇتەپەككۇرلىرىمىزدىن ھەرقانداق بىرى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىلسا، ئۇنىڭ ئىبن سىنا پەلسەپىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تەتقىق قىلىنماي قالمايدۇ. ھەتتا بۇ تەتقىقاتلار قانچە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلسا، ئىبن سىنانىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئاسانلا مۇراجىئەت قىلىدىغان بىر مەنبەسىلا ئەمەس، بەلكى يەنە پىكىر ساھەسىدىكى ئۇستازلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىمۇ شۇنچە ئېنىق كۆرۈلىدۇ. ئىبن سىنا سىت ئاگۇستىن، ئارىستوتېل، بوئېس (480-525) ۋە سىت جېئۇن داماسىپىندىن كېيىن غەربلىكلەر چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن قارىغان، ناھايىتى يۇكسەك نوپۇزغا ئىگە بىر قانچە كىشىنىڭ بىرى ئىدى . ئەلۋەتتە ئۇ مۇنازىرە قىلىندى ۋە بەزىلىرى تەرىپىدىن رەت قىلىندى، ئەمما ئۇنىڭ تەسىرى شۇنداق چوڭقۇر بولدىكى ئەگەر غەرب ئۇنى بىلمىگەن بولسا، غەرب تەپەككۇرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ھېچ بىرنەرسە بەلگىلىيەلمەيتتى«.

دې لاك ئولېر ئىبن سىنا قاتارلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئۆتكەن ئاتنىك پەلسەپەنىڭ ياۋروپادا قانداق بىر يۈزلىنىشنى پەيدا قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن «...شۇنداق قىلىپ ھېلىنېستىك مەدەنىيەت ئىسپانىيىدىكى غەربىي ئىسلام جەمئىيىتىگە كۆچتى، بۇ يەردە خۇسۇسىي بىر تەرەققىياتنى نامايەن قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىگە كۆرسەتكەن تەسىرىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ھالدا خرىستىئان ۋە يەھۇدىي چۈشەنچىسىگە تەسىر كۆرسەتتى. نىھايەت شەرقىي شىمالىي ئىتالىيىدە چىركاۋغا قارشى بىر چۈشەنچە بىلەن ئەڭ ئاخىرقى تەرەققىياتىغا ئېرىشىپ رونېسانىسقا يول ئاچتى» دەيدۇ. غەرب چۈشەنچىسىگە قالدۇرغان تەسىرلەر خۇسۇسىدا فىلىپ ك. ھىتتى شۇلارنى تىلغا ئالىدۇ: «كۆپىنچە پەلسەپىۋىي پىكىرلەر ھالىتىدە غەربىي ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەن بۇ ئېقىم ۋە قالدۇرۇلغان تەسىرلەر قاراڭغۇ دەۋر دېيىلىدىغان بىر دەۋرنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر خرىستىئان سكولاستىكىنىڭ سەھەر ۋاقتىغا ئايلاندى... بۇنىڭ سەمەرىلىك نەتىجىلىرىنى ھالا بۈگۈنكى كۈندىمۇ غەرب دۇنياسىغا توپلىماقتا«.

:مەنبەلەر


Brehier, Emile, Histoire de la phılosophie(1-3), Paris, 1931-1932

Carra de Vaux,Avicenne, Paris, 1909.

Corbin, Henri, Histoire de la philosophie İslamique, Paris, 1964.

Gilson, Etienne, La philosophie Au Moyen age, Paris, 1947.

Goichon, A-M, La Distinctionde l' Essence et de l' existence d' Apres Ibn Sina, Paris, 1937.

Goichon, A-M, La philosophie d' Avicenne et son influence en Europe Medievale, 2, baskı, Paris, 1951, Çev. İsmail Yakıt, "İbn Sina felsefesi ve OrtaçağAvrupasındakıetkileri", Ötüken Neşriyat, 3. baskı, İstanbul, 2000.

Hitti, Philip K, Siyasi ve Kültürel İslam tarihi, çev, S.Tuğ, 1980.

İbn Sina,Kitabu'n- Necat, Kahire, 1938.

İbn Sina, Tis'u Resail fi'l -Hikmet ve't -Tabiiyyat, Kahire, 1908.

İzmirli, İsmail Hakkı, İslam mütefekkirleriyle Garp mütefekkirleri arasında mukayese, Ankara, 1964.

Karlığa Bekir, İbn Sina felsefesinin Batıfelsefesine etkileri, Uluslararasıİbn Sina sempozyumu(17-20 agustos 1983) bildirileri, Başbakanlık basımevi, Ankara, 1984.

Karlığa Bekir, İslam Düşüncesinin Batıdüşüncesine etkileri, Litera yayıncılık, İstanbul, 2004.

O'leary, De Lecy, İslam düşüncesi ve tarihteki yeri, Çev. H.Yurdaydın, Y. Kutluay, A.Ü.İlahiyat fakultesi yayınları, Ankara, 1971.

Ülken, H.Z, İslam Felsefesi, kaynaklarıve tesirleri, Türkiye İşbankasıKültür yayınları, Ankara, 1967.

Ülken, H.Z,Uyanışdevirlerinde tercümenin rolü, İstanbul, 1935.

Yakıt, İsmail,İbn Sina'da İnsan rohunun evrimi ve modern biyolojik düşünceye katkısı, uluslar arasİbn Sina sempozyumu(17-20 agustos 1983) bildirileri, Başbakanlık basımevi, Ankara, 1984.

# 4- جابىر ئىبن ھەييانىنىڭ ئاتوم ۋە «تۈپ بۆۋاق» نەزەرىيەسى

## (ئېنسىكلوپېدىك ئالىم جابىر ئىبن ھەييان)

**يۈسۈپجان ياسىن**

مەلۇمكى، ئاتوم بومبىسى ۋە سۈنئىي ئۈسۈلدا ھامىلە يېتىلدۈرۈش تېخنىكىسى 20 ـ ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن ئەڭ زور كەشپىياتلاردۇر. لېكىن بۇ ئىككى تېخنىكىنىڭ بۇنىڭدىن 1200 يىل بۇرۇن ياشىغان ئالىم جابىر ئىبن ھەييان تەرىپىدىن ئاللىقاچان تەسەۋۋۇر قىلىنغانلىقى بۈگۈنكى كۈندە غەرىپتە يېزىلغان پەن-تېخنىكا تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەردە ئومۇمەن تىلغا ئېلىنماي كەلدى. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يەر يۈزىدە ئىنسانلار تۈرلۈك ئىرقلارغا ۋە ھەر خىل مىللەت تۈركۈمگە مەنسۇپ بولسىمۇ، يەنە كېلىپ بۇ مىللەتلەر بىربىرى بىلەن ئۈچرىشىپ باقمىغان ئەھۋالدىمۇ ئەينى بىر مەقسەت يولىدا بىر بىرىگە ئوخشاش تەسەۋۋۇر قىلىدىغان زېھنىي ئىقتىدارغا ئىگىدۇر. شۇڭا ، مەلۇم بىر چۈشەنچە ياكى نەزەرىيەنى ياكى مەلۇم بىر مەدەنىيەت ئامىلىنى بىرلا مەدەنىيەت مەركىزىدىن باشقا جايلارغا قاراپ تارالغان دېيىش ھەم ئىشەنچسىز ھەم زەئىپ بىر قاراشتۇر. يەنە كېلىپ يېقىنقى دەۋرلەردىن باشلاپ ئەۋج ئالغان ئىلمگە مىللىي، دىنىي ۋە سىياسىي خائىشلار بىلەن نەزەر تاشلاش خائىشمۇ ئىنسانلارنىڭ ئىلىم-پەن تارىخىنىڭ ھەقىقىي ۋە بىتەرەپ ھالەتتە يېزىلىشىغا توسقۇن بولۇپ كەلدى. 18- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ غەرپلىكلەر ئىمپېرىيالىزملىق ھەرىكەتلىرىنىڭ سىياسىي ئىزچىللىقىنى ساقلاش ئۈچۈن بېسىۋېلىنغان مىللەتلەرگە ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلىكىنى سىڭدۈرىدىغان تۈرلۈك ۋاستىلارنى قوللاندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغىنى مەدەنىيەت ساھەسى ئىدى. بۇ مەقسەت يولىدا ئۇلار <<ھەر نەرسە غەرپتە مەۋجۇت، ھەر قانداق بۈيۈك شەخس، ئالىم ۋە كەشپىياتچىلار غەرپتىن چىققان>> دېگەن شۇئارنى سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكىلىق ئۈستۈنلىكىگە، مەتبۇئات ۋە تەشۋىقات ۋاستىلىرىغا تايىنىپ بېسىۋېلىنغان رايونلاردا كۈچەپ تارقاتتى. غەرپتە مەيدانغا چىققان نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلارمۇ غەرپ بىلەن شەرقنى پەرقلىق ۋە زىددىيەتلىك ماھىيەتتە تەتقىق قىلدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، <<غەرپ قەدىمكى يۇناندىن مىراس قالغان ئىزچىل تەتقىقات، ئەقىدە ۋە مەنپەئەت كۆرۈشنى ئۆزى ئۈچۈن پىكرىي(ئىدىيۋىي) ھاياتىنىڭ مەنبەسى قىلغان، تەقدىردىن بەكرەك ئەقىلگە ۋە بىلىمگە ئىشىنىدىغان، تەبىئەتنى ئىنسانغا بېقىندا

قىلىش ئىستىكى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان بىر ئاكتىپ دۇنيادۇر، شەرق بولسا ھورزۇر ۋە پاراغەتتىن لەززەتلىنىدىغان، نازارەتچى، جاھىل، ناھايىتى دىندار، ئاڭسىز، مەۋجۇت ھاياتقا ئۆتكۈنچى نەزەر بىلەن قارايدىغان، بۆگۈنكى كۈننى پەقەت ئۆتمۈشكە باغلاپ چۈشىنىدىغان، تەقدىرگە ئىشىنىدىغان، تەبىئەتنى ئۆز مەيلىگە تاشلىۋەتكەن پاسسىپ بىر دۇنيادۇر>> دېيىش ئارقىلىق، شەرقنى ئەقىلگە، ئىلىمگە ۋە ئىزدىنىشكە ئېتىبار بەرمەيدىغان دۇنيا دەپ سۈرەتلەش بىلەن بىرلىكتە شەرقنىڭ ئىلىم ـ پەن تارىخىمۇ سەل قارايدىغان پوزىتسىيەدە بولغان. مۇشۇنداق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن 8-13-ئەسىرلەردە باغدادنى مەركەز قىلغان ھالدا مەيدانغا كەلگەن ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىللىك شەخسلىرىنىڭ ئىلىم ـ پەن نەتىجىلىرىمۇ تازا توغرا ۋە تولۇق يورىتىلمىدى. مەسىلەن، رەسمىي ئىلمىي ئورگانلار تەرىپىدىن يېزىلغان پەن ـ تېخنىكا تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەردە، ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ تەبىئىي پەن دەرسلىكلىرىدە ئېينىشتېين نىسبىيلىك نەزەرىيەسىنى ياراتقان بىر فىزىك سۈپىتىدە ھەيرانلىق بىلەن تىلغا ئېلىنغاندا، ئۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇن نىسبىيلىك نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان فىزىك كىندى(796-866) تىلغا ئېلىنمايدۇ. بىئولوگىيە پىنىدە لامارىك(1744-1829) بىلەن دارۋىن(1890-1882) تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيەسىنىڭ ئىجادچىسى دەپ تەكىتلىنىدۇ، بىراق بۇلاردىن كۆپ ئەسىر بۇرۇن نەززام(?-845)، جاھىز(769-866)، بىرۇنى(973-1051)، ئىبنى مىسكەۋەيخ(940-1030) ۋە كازۋىنى (1203-1283) قاتارلىقلارنىڭ تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى ياراتقانلىقىدىن سۆز ئېچىلمايدۇ. كولومبو (1451-1506)نىڭ ئىلمىي مەقسەتتىن خالى ھالدا تاسادىپىي پۇرسەتتە ئامېرىكا قىتئەسىگە بېرىپ قالغانلىقىنى <<يېڭى بىر قىتئەنى بايقاش>> دەپ تەرىپلىگەندە، 11- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بىرۇنىنىڭ سىزغان دۇنيا خەرىتىسىدە ئامېرىكا قۇرۇغلۇقىنىڭ مەۋجۇتلىقىدىن سۆز ئېچىلغانلىقى ھەققىدە بىر نەرسە دېيىلمەيدۇ. يەنە نيۇتون(1643-1727)نىڭ يەرنىڭ تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنى بايقىغانلىقى كۆچەپ تەرغىپ قىلىنىدۇ، لېكىن بىرۇنىنىڭ تۇنجى بولۇپ ئاشۇ قانۇنىيەتنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ۋە شۇنىڭغا ئائىت تەتقىقاتلار بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى تىلغا ئېلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك، 20-ئەسىردە ئاتوم بومبىسى ۋە سۇنئىي ئۇسۇلدا ھاملە يېتىلدۈرۈش زور بىر كەشپىيات سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقىتتا بۇنىڭدىن 1200 يىل بۇرۇن جابىر ئىبن ھەييانىنىڭ مۇشۇنداق بىر نەزەرىيەنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدىن سۆز ئېچىلمىدى. بۇ نەزەرىيە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئېنىق يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ پەن تارىخىدىكى زور بىر بايقاش ئىكەنلىكى ئىلمىي ئەسەرلەردە نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىلدى. شۇڭا، ئىنسانىيەتنىڭ پەن تارىخىدىن سۆز ئاچقاندا، ھەر قانداق بىر ئىلىم ئىگىسى ھەم ئۆزىنىڭ ۋىجدانىغا، ھەم ئىنسانىيەتكە ھەمدە ئىلىمگە يۈز كېلەلەيدىغان مەۋقەدە تۇرۇپ بايان قىلىشى ئىلمىدىكى ئەڭ مۇھىم پىرىنسىپ سۈپىتىدە تەكىتلىنىۋاتقان بۆگۈنكى كۈندە جابىر ئىبن ھەييان ۋە باشقا بىر مۇنچە ئالىملارنىڭ كۆمۈلۈپ قالغان ئىلمىي نەتىجىلىرىنى قېزىش ۋە ئۇلارنىڭ ھەققىي ئىلمىي ئوبرازىنى تىكلەش دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم تېمىلاردۇر.

جابىر ئىبن ھەييانىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ مۇسا بىن ھەييان ئەل ــ ئەزدەئىل ـ كۇفى ئەبۇ ئابدۇللاھ دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئىسلام دۇنياسىدا <<ئەل ـ ھەررانى>>، <<ئەل ـ تۇسۇ>>، غەرپتە بولسا <<گەبىر>> دېگەن نام‌لار بىلەن مەشھۇر بولغان بىر خىمىيە ئالىمدۇر. جابىر ئىبن ھەييانىنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. بەزىلەر ئۇنى تۈرك دېسە، بەزىلەر ئەرەب دەپ قارايدۇ، يەنە پارس دەپ قارىغۇچىلارمۇ بار. 721ـ خۇراساندىكى تۇس شەھرىدە تۇغۇلغان ۋە بىر دورىگەرنىڭ ئوغلى بولغان جابىرنىڭ ھاياتى ھەققىدىمۇ كۆپ مەلۇمات يوق. ھاياتىنىڭ دەستلەپكى يىللىرى تۇس شەھرىدە ئۆتكەن ۋە باشلانغۇچ ئوقۇش ھاياتىنىمۇ مۇشۇ شەھەردە باشلىغان. كېيىن ئەرەب يېرىم ئارىلىغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن كۇفە شەھرىگە كەلگەن ۋە ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇشۇ ئىلىم مەركىزىدە ئۆتكۈزگەن. ئاخىرىدا باغدادقا بارغان ۋە ئۇ يەردە ھارۇن رەشىدنىڭ سارىيىدا ۋەزىر ياھيا بىن خالىد ئەل ـ بەرمەكىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، شۆھرەتلىك بىر ئالىمغا ئايلانغان. بەرمەكى ئائىلىسىگە زەربە بېرىلگەندىن كېيىن جابىر ئىبن ھەييانمۇ نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان. جابىر ئىبن ھەييان كۇفەدە ئەلەمدىن ئۆتكەن. لېكىن، قاچان ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ مەلۇماتلارنىڭ بىرىسىدە ئۇنىڭ 808ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى تىلغا ئېلىنسا، يەنە بىرىسىدە 815ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن دېيىلىدۇ. جابىر ئەينى دەۋرنىڭ شارائىتىغا يارىشا پەن بىلىملىرىنى ئىسلام ئىلىملىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆگەنگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ تەتقىق قىلغان ساھەلىرىمۇ دىن بىلىملىرى بىلەن بىرلىكتە تېبابەت، پەلسەپە، پېداگوگىكا، لوگىكا، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، خىمىيە، فىزىكا، مېتاللورگىيە، بىئولوگىيە، زوئولوگىيە، بوتانىكا ۋە مۇزىكا قاتارلىق كۆپ خىل پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

776ـ يىلىدىن باشلاپ ئاۋۋال تېبابەت ۋە كىمياگەرلىك(سېھرىگەرلىك، مىتاللارنى بىر بىرىگە ئايلادۇرۇش ھۈنىرى) ساھەسىدە تۇنۇلۇشقا باشلىغان ۋە بىر مەزگىل ھەرراندا باش مۇدەررىس بولغان جابىر ئىبن ھەييان كېيىنچە پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە داڭق چىقارغاچقا، ئۇنىڭ نامىغا بېغىشلاپ يېزىلغان كىتاپلارمۇ ناھايىتى كۆپ بولدى. شۇڭا، ھازىرغا قەدەر جابىرنىڭ ئۆزى يازغان ئەسەرلەرنىڭ سانىنى تولۇق ئېنىقلاش قىيىنغا توختىغاچقا، ئۇنىڭ زادى قانچىلىك ئەسەر يازغانلىقىنى ھەققىدە كەسكىنىك بىلەن بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. نېمىس شەرقشۇناسى پ. كرائۇس كۇللىيات دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ ئەسەرلەر ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يېزىلغان دەۋرى ھەققىدە : ‹‹ئىسلامىيەت نەقىل كەلتۈرىدىغان قەدىمكى ئىلىملارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ كەڭ دائىرىلىك ئەسەرلەر يالغۇز بىرلا مۇئەللىپنىڭ ئەسىرى ئەمەس. 7ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا مەنسۇپ بولۇشىمۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بىر بىرىگە ئۇيغۇن كەلگەن پۈتۈن ۋەقەلەر كۇللىياتىنىڭ 8ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 9ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغانلىقىنى كۆرستىپ بېرىدۇ›› دەيدۇ. بۇنىڭدىن كۇللىياتتىكى مۇتلەق كۆپچىلىك ئەسەرنىڭ جابىرنىڭ ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

ئەرەبلەردىن چىققان شەرقشۇناس فىلىپ ھىتتىنىڭ بىلدۈرىشىچە، غەرپتە ئاپتورى جابىر دەپ يېزىلغان 22 ئەسەرنىڭ نامى مەلۇم بولغان. بۇلاردىن <<كىتابۇل رەھمە>>، <<كىتابۇت تەجمى>> ۋە <<ئەززى ھەقۇس شەرقى>> قاتارلىق بەش ئەسىرى 12 ـ ئەسىردە ياۋروپادا نەشر قىلىنغان. بۇ بەش ئەسەر ھەم شەرقتە ھەم غەرپتە ناھايىتى مەشھۇر بولغان ئەسەرلەردۇر. ئۇنىڭ يەنە بەزى ئەسەرلىرى 1473ـ 1710ـ يىللار ئارىسىدا نۇرنبېرگ، فرانكوفورت ۋە سترازبۇرگدا لاتىن ۋە نېمىس تىللىرىدا نەشر قىلىنغان.

ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئالىم جابىر ئىبن ھەييانىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى خىمىيە ساھەسىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغان ۋە ئەسلى شۆھرىتىنى چىقارغىنىمۇ دەل مۇشۇ ساھەدۇر. ئۇ ئەينى دەۋرلەردە كەڭ يېيىلغان كىمياگەرلىكنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى خىمىيەدىن ئىبارەت يېڭى بىر پەنگە ئايلاندۇرغان تەجرىبە ۋە تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللانغان. جابىر تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان ئەرەب زېمىنىدا كىمياگەرلىك ئىككى يول بىلەن تەرەققىي قىلغان. بىرى، يىلتىزى جافەر سادىقتا قەدەر تاقىلىدىغان ھەمدە بىرمۇنچە ئالىم ۋە تەسەۋۋۇپچىلار ۋەكىللىك قىلغان، ھەقىقىي مەنىسى بويىچە ‹‹روھى خىمىيە›› ياكى سىمىيا(كىمياگەرلىك) دەپ ئاتالغان، مېتاللارنى ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى ماھارەتتۇر. يەنە بىرى، بۈگۈنكى زامانىۋىي مەنىدىكى خىمىيەدۇر. بىرىنچى ئېقىمنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا مەدەنلەر، مېنېراللار ياكى باشقا ماددىلارنى خىمىيەلىك تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى بويىچە تەھلىل قىلماي، بەلكى ھەر نەرسىدە روھنىڭ بولىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلىپ، روھ بىلەن خىمىيەلىك ئالاھىدىلىك ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت بارلىقىنى، روھنىڭ تەربىيەسى بىلەن مەدەن ياكى باشقا ماددىلارنىڭ فىزىكىلىق ۋە خىمىيەلىك تۈزۈلۈشىنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ۋە ھەر قانداق ماددىنىڭ ماھىيىتى بىر بولغانلىقى ئۈچۈن مەدەنلەرنىڭ تۈرلۈك روھىي ۋە خىمىيەلىك پائالىيەتلەرنى باشتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن بىر بىرىگە ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. جابىر ئىبن ھەييان دەستلەپتە بۇ ئېقىمنى قوبۇل قىلغان ۋە شۇ ساھەدە كۆپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئىزدىنىش ۋە تەجرىبە ئەمەلىيىتىنىڭ چوڭقۇرلىشى بىلەن ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ خاس مېتودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تەجرىبە، ئانالىز ۋە ماتېماتىكىغا تايانغان ھەقىقىي خىمىيە ئىلمىنى مەيدانغا كەلتۈرگەندى.

ئۇ خىمىيە پېنىنى شەكىللەندۈرۈشتە ھەم نەزەرىيىگە ھەم تەجرىبىگە تەڭ ئەھمىيەت بەرگەن. پەننىڭ ھەر تۈرلۈك نەزەرىيىۋى پىكىرلىرىنى ‹‹مىزان›› ئاتالغۇسى بىلەن ئىپادە قىلغان جابىر خىمىيەنى بىر تەجرىبە پېنى دەپ تەرىپلىگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، تەجرىبىگە تايانمىغان خىمىيەلىك بىلىملەر ھەر قانداق ۋاقىتتا ھەقىقەت ھېساپلانمايدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە: ‹‹خىمىيەدىكى تۈنجى مۇھىم نەرسە سىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەت ۋە تەجرىبىۋى سىناقلارنى ئېلىپ بېرىشىڭدۇر. ئەمەلىي ھەرىكەت قىلمىغان ۋە تەجرىبىگە ئورۇن بەرمىگەن كىشى خىمىيەدە ئەڭ ئۇستادلىق دەرىجىسىگە ئۇلىشالمايدۇ.

بىراق، ئەي ئوغۇل سەن تەجرىبە قىلساڭ ھەقىقىي بىلىمگە ئېرىشىسەن. ئىلىم ئىگىلىرى ماتېرىياللىرىنىڭ كۆپلىكىدىن زوقلانماي، پەقەت تەجرىبە ۋە سىناق مېتودلىرىنىڭ كۈچكە ئىگە بولغانلىقىدىن سۆيىنىدۇ›› دېگەنىدى ۋە ئۆزى لابوراتورىيە قۇرۇپ شۇ ئورۇندا تەتقىقات ۋە ئەمەلىي تەجرىبە بىلەن شۇغۇللانغان. دېمەك، جابىر ئىبن ھەييان يەنە دۇنيادا تۇنجى بولۇپ خىمىيە لابوراتورىيەسىنى قۇرغان ئالىم ھېساپلىنىدۇ. ئۇ ئۆزى قۇرغان ئاشۇ تەجرىبەخانىدا تۇنجى بولۇپ سۇنئىي ھۆجەيرە ياسىغان. ئۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ ئىككى ئەسىردىن كېيىن كۇفەنىڭ شام دەرۋازىسىغا يېقىن يەردىكى بىر يول قايتا ياسالغان چاغدا ئۇ قۇرغان لوبوراتورىيەنىڭ خارابىسى بايقالغان. جابىر تەجرىبە ئارقىلىق ئېرىشكەن بىلىم ۋە پىرىنسىپلارنى قەتئىي ۋە ئۆزگەرمەس دەپ قارىغان ئەمەس، ئەكسىچە ھازىرقى زاماندىكى پەن تەتقىقاتىدىكىگە ئوخشاش بۇنىڭ قىياسىي ۋە ئېھتىماللىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئۇنىڭ تەتقىقات مېتودىنىڭ ئاساسىنى ‹‹مۇنتىزىم دەلىل ۋە ساغلام تەجرىبە›› تەشكىل قىلغانىدى. ئۇ خىيال ۋە قۇرۇق پەرەز بىلەن ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەي، بەلكى ھەقىقىي مەنىدىكى بىر ئىلمىي تەتقىقاتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پەندە يېڭى بىر يول ئاچقانىدى.

جابىر خىمىيەلىك ماددىلارنى ئۈچۈچان (پارغا ياكى گازغا ئايلىنىدىغان) ماددىلار، ئۈچۈچان بولمىغان ماددىلار، كۆيمەيدىغان ماددىلار ۋە مەدەنلەردىن ئىبارەت تۆت تۈرگە ئايرىغان. بۇ تۈرلەرگە مەنسۇپ بولغان ۋە شۇ دەۋرگە قەدەر مەۋجۇتلىقى مەلۇم بولغان خىمىيەلىك ماددىلارنىڭ خىمىيەۋى خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشەندۈرگەن. جابىر بۇ نەتىجىسى ئارقىلىق خىمىيە پىنىدە تۇنجى قېتىم تۈرگە ئايرىش(تەسنىف) ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويغان. گۈڭگۈرت بىلەن سىمابنى ئارىلاشتۇرغاندا قىزىل رەڭلىق بىر تاشنىڭ (zencefre)نىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى ئېنىقلىغان. جابىرنىڭ گۈڭگۈرت ۋە سىماپ پىرىنسىپى خىمىيە پىنىدە ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت قوللىنىلغان. بۇ يەردە گۈڭگۈرت كۆيۈش پىرىنسىپى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان. بۇ پىرىنسىپ 18- ئەسىردە فلوژىستون نەزەرىيىسى بارلىققا كەلگەن دەۋرگىچە داۋام قىلغان. فلوژىستون نەزەرىيىسىنىڭمۇ يەنە جابىرنىڭ ئاشۇ پىرىنسىپىغا تايىنىدىغانلىقى بىلدۈرۈلمەكتە.

ئۇ خىمىيەدىكى ئىككى ئاساسىي پىرىنسىپ بولغان ئوكسىدالاش بىلەن ئوكسىدسىزلاش ئۇسۇلىنى دەلىللەپ، كرىستاللاشتۇرۇش، دىستىللەش، سۈزۈش، سۇبلىماتسىيەلەش، ئېرىتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى تېخنىكىلىق بىر سەۋىيەگە كۆتۈرۈپ، بۇنى خىمىيە تەجرىبىسىدە كەڭ تەدبىقلىغان. بۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك خىمىيەۋىي ۋە سانائەت بوياقلىرى ھەققىدىمۇ ساۋات بېرىپ، چاچ بوياش، رەخت بوياش ۋە ئەينەك سىرلاش ئۇسۇللىرىنى تۇنۇشتۇرغان. ئوتتا كۆيمەيدىغان قەغەز ئىجاد قىلغان. يەنە تۇنجى قېتىم تەجرىبىدە قوللىنىلىدىغان تېمىتىش سايمىنىنى ياسىغان. مېتاللارنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى، پولات قۇيۇش تېخنىكىسى، سۇ سىڭمەس رەختلەرنى بوياش تېخنىكىسى، ئەينەك ئىشلەشتە مانگان تۆت ئوكسىتىنىڭ

قوللىنىلىشى، مىتال سايمانلارنىڭ داتلىششىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كرال سۈيى(تىللا سۈيى) ھاسىل قىلىش جەھەتتە بىرمۇنچە كەشپىياتلارنى ياراتقان. بۇنىڭدىن باشقا جابىر سۇلفات كىسلاتاسى ۋە ئازوت كىسلاتاسى قاتارلىق كىسلاتالىق بىرىكمىلەرنى، ناترىي كاربونات ۋە كالىينى، ئەڭ زەھەرلىك ماددا بولغان ئارسىن تۆزىنى بايقىغان. ئەسەرلىرىدە خىمىيەلىك بەلگىلەرنى قوللىنىش بىلەن بىرلىكتە يەنە ماددىلارنىڭ ئۆزگىرىش خۇسۇسىيىتىنى تونۇشتۇرغان. جابىر ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ تەھلىل ۋە تەجرىبىلىرىنى ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىگىچە بايان قىلغان، ئىرىشكەن نەتىجىلىرىنىمۇ ناھايىتى سەگەكلىك ۋە ئەستائىدىللىق بىلەن تەرىپلىگەن. ئۇنىڭ خىمىيە ئىلمىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ياراتقان ئاساسلىق تۆھپىسىنى مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن كۆرستىشكە بولىدۇ. بىرىنجىسى، جابىر بەزى مۇھىم خىمىيەۋى ماددىلارنىڭ تەركىبىنى ئېنىقلىغان. ئىككىنجىسى خىمىيەدە قوللىنىلىدىغان بەزى مېتودلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۈچىنجىسى، تەجرىبىدە ئىشلىتىلىدىغان بەزى سايمانلارنى ياساپ، بۇلارنىڭ ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى كۆرسەتكەن. جابىرنىڭ خىمىيە تەتقىقاتىنى چۈشىنىشتە مۇراجىئەت قىلىدىغان ئەسەرلىرى <<كىتابۇل كىميا>>، <<كىتابۇسسۇمۇم>> قاتارلىق كىتاپلىرىدۇر.

جابىر ئىبن ھەييانىنىڭ خىمىيە ساھەسىدە ياراتقان ئەڭ چوڭ نەتىجىسى ئۇنىڭ ئاتوم ئېنىرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ ئاتوم بومبىسىدەك ۋەيران قىلىش كۈچىگە ئىگە كۈچلۈك بىر قۇرالنى ياساش مۇمكىنچىلىكىدىن بىشارەت بەرگەنلىكىدۇر. جابىر ماددىلارنىڭ ئاتوم تۈزۈلۈشىنى كۆرستىپ بېرىدىغان ئورگىنال ئېنىقلىمىلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىمىيەلىك رېئاكسىيەدە بەلگىلىك بىر مىقدارنىڭ يەنە بىر بەلگىلىك مىقدار بىلەن رېئاكسىيەلىشىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. بۇ ئارقىلىق مۇقىم نىسبەت قانۇنىيىتىگە يول ئاچقان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئالتۇن بىلەن كۆمۈشنىڭ رەڭگى ۋە ئېغىرلىقىدىن باشقا پەرقى يوق بولۇپ، بۇ ئىككى ئالاھىدىلىكنى يوقىتىش مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭ ئۇسۇلى بولسا ھەر ئىككى ماددىنى تەشكىل قىلغان ئاتومنى پارچىلاپ ئۇنىڭ ۋالىنتىنى ئۆزگەرتىشتۇر. بۇ قاراش ھازىرقى زامان خىمىيە پىنى تەرىپىدىنمۇ قوبۇل قىلىنغان بىر ھەقىقەتتۇر. جابىرنىڭ ئاتوم قارىشى قەدەمكى يۇنان(گرېك) ئالىملىرىنىڭ قارىشىدىن پەرقلىنەتتى. يۇنان ئاتوم نەزەرىيەسىدە ‹‹ئالەم بوشلۇقتىن، سانسىزلىغان چوڭ-كىچىك زەررىچىلەردىن مەيدانغا كەلگەن. بۇ زەررىچىلەر بۇزۇلمايدۇ، ئۆزگەرمەيدۇ، بۆلۈنمەيدۇ. بۇ زەررىچىلەر ئاتوم دەپ ئاتىلىدۇ...ئاتوم ماددىنىڭ شەكلى ۋە ئالاھىدىلىكىنى پەرقلىق قىلغان ئۇل تېشىدۇر... ئاتوم يوقتىن بار بولمايدۇ، بارلىرى يوقالمايدۇ...›› دەپ قارالغان. يۇنان ئالىملىرى زەررىچىلەرنى پارچىلانمايدۇ دەپ قارىغاچقا، ئۇنى ‹‹پارچىلانماس›› دېگەن مەنىدە ‹‹ئاتوما››(ئاتوم) دېگەن سۆز بىلەن ئاتىغان. ھازىرقى زامان خىمىيەسىدە بولسا ئاتومنىڭ سانسىزلىغان پارچىغا بۆلۈنىدىغانلىقى، ئاتومنىڭ ئېلېكترون دەپ ئاتالغان كىچىك زەررىچىلەردىن مەيدانغا كەلگەنلىكى ۋە بۇ زەررىچىلەرنىڭ زىچلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولغان ئاتوم يادروسىنى چۆرىدەپ تېز ئايلىنىدىغانلىقى ئالغا سۈرۈلىدۇ. جابىرنىڭ ئاتوم قارىشى يۇنان

ئالىملىرىنىڭكىدىن پەرقلەنگەن ھەم ھازىرقى زامان خىمىيە پېنىدىكى ئاتوم چۈشەنچىسى بىلەن بىرخىل بولغان ئىدى . ئۇ ئاتوم ھەققىدە مۇنداق دېگەن: <<ماددىنىڭ ئەڭ كىچىك پارچىسى بولغان ئاتومدا كۈچلۈك بىر ئېنېرگىيە بار. يۇنان ئالىملىرىنىڭ دېگىنىدەك بۇنى پارچىلانمايدۇ دېيىشكە بولمايدۇ. ئاتوممۇ پارچىلىنىدۇ. پارچىلانغاندا شۇنداق بىر كۈچ مەيدانغا كېلىدۇكى، بۇ كۈچ باغداتنى بىردەمدە خارابىگە ئايلاندۇرىۋېتىدۇ>> دېمەك، جابىر ئىبن ھەييان ئاتوم ھەققىدە ناھايىتى چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە جون دالتون (1766ـ1844)، ئوتتۇ ھان(1779ـ1868)، ئېنرىك فېرمى(1901ـ1954) ۋە ئالبېرت ئېينىشتېئىن(1879ـ1955) قاتارلىق مەشھۇر ئالىملاردىن مىڭ يىللار بۇرۇن ئاتومنىڭ پارچىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ۋەيران قىلىش كۈچى ھەققىدە توغرا قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. 20ـ ئەسىرگە كەلگەندە بۇ قاراش ئەمەلگە ئېشىپ، ئاتوم بومبىسى بىرەر شەھەرنى بىردەمدىلا تۈزلىۋېتىدىغان كۈچلۈك بىر قۇرالغا ئايلاندى. شۇڭا، جابىرنىڭ ئاتوم ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىنى پەن تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن بىر تەۋرەنمەس بىر نەزەرىيە ۋە بۈيۈك بىر كەشپىيات دېيىشكە بولىدۇ. جابىر ئىبن ھەييانىدىن كېيىن مۇتەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇپچى شائىر جالالىدىن رۇمى(1207ـ1273) بىلەن شائىر ۋە پەيلاسوپ ياھىيا بىن پىر ئالى نەۋى(?ـ1598)مۇ ئەسەرلىرىدە ئاتومنىڭ پارچىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇلار ئۆز پىكىرلىرىنى سىمۋوللۇق بىر سۆز بىلەن ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلىگەن.

ئوپتىك قانۇنىيەتلىرىنىڭ بايقىلىشى ۋە مەرجەك نەزەرىيەسىنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ جابىر تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇ پېتىنقى ئەينەك ئارقىلىق قۇياش نۇرىنى بىر يەرگە يىغىپ يىراقتىكى ياغاچقا ئوت تۇتاشتۇرغان، يەنە شۇ ئۇسۇل بىلەن بىر قاچا سۇنى قايناتقانىدى. بۇنىڭدىن جابىرنىڭ يەنە پەن تارىخىدا تۇنجى قېتىم قۇياش ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىش ئۇسۇلىنىمۇ تەجرىبە قىلغان ئالىم ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ.

مەشھۇر ئالىم جابىر ئىبن ھەييانىنىڭ پەن تارىخىدا ياراتقان ئەڭ زور كەشپىياتلىرىدىن بىرى پروبىركىدا بوۋاق يېتىشتۈرۈش تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدۇر. جابىر بەزى ئەسەرلىرىدە ئىنسانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جانلىقلار تۆرىنى سۇنئىي ئۇسۇل بىلەن ياراتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. سۇنئىي ئۇسۇل بىلەن يارىتىلىدىغان بۇ جانلىقنى ئۇ ‹‹تەكەئىن›› دەپ ئاتىغان. جابىر ئەسەرلىرىدە يەنە جانلىقلارنىڭ سۇنئىي ئۇسۇلدا قانداق يارىتىلىدىغانلىقىغا دائىر ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلەرنى چۈشەندۈرگەن. مەسىلەن، ئىنسانىنىڭ ئىسپىرمىسىنى باشقا بىر مۇنچە ماددىلارغا ئارىلاشتۇرۇپ بىر ئەينەك پروبىركىغا قاچىلاپ، زۆرۈر ھەرىكەت ۋە شەرتلەرنى ئورۇنداشتىن كېيىن تىرىك بىر بوۋاقنىڭ تۇغۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇنىڭ بۇ قارىشى بىزگە بۈگۈنكى كۈندىكى ‹‹تۇپ بوۋاق››(پروبىركىدا ھامىلە يېتىشتۈرۈش) تەجرىبىسىنى ئەسلىتىدۇ. لېكىن، جابىرنىڭ مۇشۇنداق بىر

تەجرىبىنى ئىشلىگەن ياكى ئىشلىمىگەنلىكى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما، شۇ بىر نۇقتىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، شۇ دەۋردە جابىر ياشىغان جەمئىيەتنىڭ ئىلاھىيەت قارىشى، ئومۇمىي پىكىر سەۋىيەسى ۋە تېئوكراتىك ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللارنىڭ سۈنئىي ئۇسۇلدا جانلىق يارىتىش تەجرىبىسىگە يول قويۇشى ناتايىن ئىدى. پ. كرائۇس جابىرنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسلىقى خىمىيە، تېبابەت، ئاسترونومىيە، تېلېسمولوگىيە(سېھىرگەرلىك)، ماددىنىڭ خاس خۇسۇسىيەتلىرى نەزەرىيەسى ۋە سۈنئىي ئۇسۇلدا جانلىقلارنى يارىتىش تەتقىقاتىغا بېغىشلىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇنىڭدىن جابىرنىڭ سۈنئىي ئۇسۇلدا جانلىقلارنى يارىتىش تەتقىقاتى بىلەن كۆپ مەشغۇل بولغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. لېكىن، جابىر ئىجتىمائىي مۇھىتتىن كېلىدىغان قارشىلىقنى نەزەرگە ئېلىپ بۇ تەتقىقاتنى پەقەت نەزەرىيە جەھەتتىن داۋاملاشتۇرۇپ، تەجرىبە قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇنداق نەزەرىيە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مىڭ يىل داۋامىدا ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى ۋە تەجرىبىمۇ قىلىنمىدى. پەقەت 20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىغا كەلگەندە ئاندىن بۇ نەزەرىيە غەرب مېدىتسىناسىدا تەجرىبە قىلىنىشقا باشلىدى. 1973- يىلى بەدەن سىرتىدا ھامىلە يېتىلدۈرۈش ئوڭۇشلۇق تاماملانغان بولسىمۇ، ھامىلەنى ئانىنىڭ بالىياتقۇسىغا كۆچۈرۈش تەجرىبىسى مەغلۇپ بولغان. 1978- يىلى ئىيۇلدا ئەنگلىيەدە دوكتۇر ستېپتى بىلەن ئېدۋاردس تەرىپىدىن پروبىركىدا يېتىلدۈرۈلگەن تۇنجى بوۋاق «لوئىس بروۋن» دۇنياغا كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇقلاندۇرۇش ۋە ھورمۇن ھەققىدىكى تەتقىقاتلار كۈچەيتىلدى. «توپ بوۋاق» يېتىلدۈرۈش ھەققىدىكى بىلىممۇ چوڭقۇرلىشىپ، تەدبىقلاش جەريانىمۇ كۆپ خىللاشتى. بولۇپمۇ پروبىركىدا يېتىشتۈرۈلگەن ھامىلىنى GIFT، ZIFT ئۇسۇلى بىلەن ئانا تېنىگە كۆچۈرۈش تېخنىكىسى مۇھىم بىر باسقۇچقا كىردى. SUZI ۋە PZD تېخنىكىسى ئارقىلىق ئۇرۇق(سپېرما) بىلەن تۇخۇمنى ئۇچراشتۇرۇش ئوتتۇقلۇق ئورۇندالماقتا. بولۇپمۇ 1996- يىلى مىكروئىنژېكسىيون (İCSİ) ئوكۇلى ئۇرۇش ئارقىلىق ئانا تېنىگە ھامىلە كۆچۈرۈش تېخنىكىسى ھەقىقىي بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەندىن كېيىن، «توپ بوۋاق» يېتىشتۈرۈش نىسبىتى تېخىمۇ ئاشتى. ھازىر دۇنيادا بۇ تېخنىكا بىلەن يېتىلدۈرۈلگەن بوۋاقلار نەچچە مىڭغا يەتتى.

يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك، جابىر ئىبن ھەييانغا بېغىشلانغان كىتاپلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئۆزى يازغان كىتاپلارنى تولۇق ئايرىپ چىقىش قىيىن. مەنبەلەردە جابىر ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا بېغىشلانغان ئەسەر سانىنىڭ 500 دىن كۆپرەك ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ. پ. كرائۇس جابىر ھەققىدە <<ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى>>گە يازغان ماقالىسىدا جابىرغا بېغىشلانغان ئەسەرلەرنىڭ سانى ۋە بۇ ئەسەرلەرنىڭ تېمىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ : <<112 كىتاپ خىمىيەگە ئائىت كۆپلىگەن مەلۇماتلار بىلەن خىمىيەنىڭ تەدبىقلىنىشى ھەققىدە بىر بىرىگە ئوخشمايدىغان مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رىساللاردۇر. 70 كىتاپ خىمىيە نەزەرىيەسىنىڭ

سستېمىلىق تەسنىفدۇر. 114 كىتاپ خىمىيە بىلەن ئۆلۈمى- غايىبىيەت(غايىب ئىلمىلەر)نىڭ نەزەرىيەسى، بولۇپمۇ پەلسەپۋىي ئاساسلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ سانغا خىمىيە ھەققىدە توختالغان باشقا كىچىك كۆللىياتلارنى، ئارىستوتېل ۋە ئەپلاتۇننىڭ ئەسەرلىرىگە يېزىلغان شەرھىيلەرنى، پەلسەپە، ئاسترونومىيە، ئاسترولوگىيە، ماتېماتىكا، مۇزىكا، تېبابەت ۋە سېھرىگەرلىك ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنى، نىھايەت دىنىي ئەسەرلەرنىمۇ قوشۇشقا بولىدۇ.>> جابىرنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەتقىق قىلغان فرانسۇز پەن تارىخچىسى، شەرقشۇناس م. بېرتېلېتمۇ بۇ تېمىدا مۇنداق بىر خۇلاسىنى ئوتتۇرىغا قويغان : <<بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپى بىر ياكى بىر قانچە بۆلۈمدىن ئىبارەت بولغان قىسقا ماقالىلاردۇر. بۇ ئەسەرلەردە پەقەت خىمىيە تېمىلىرىلا بولۇپ قالماي، يەنە ئارىستوتېل لوگىكىسىنىڭ خۇلاسىسى، خىمىيە ۋە فىزىكا تېمىلىرى ھەققىدە توختالغان ماقالىلار، تەن، روھ، ئۆزگۈرۈش، ھەزىم قىلىش، بالاياتقۇ، مىگە ھۆجەيرىسى، ئەستە ساقلاش، خىيال ۋە تەپەككۇر مەركەزلىرىنىڭ مىڭىدىكى ئورنى قاتارلىق مەسىلىلەر، تېبابەت ۋە فىزىئولوگىيە تېمىلىرىمۇ بايان قىلىنغان. يەنە ئاسترولوگىيەمۇ باردۇر... ئىسلام دۇنياسىدا يېزىلغان خىمىيە كىتاپلىرى جابىرنىڭكىدەك كەڭ ۋە تەپسىلى ئەمەس.>> 17- ئەسىردە ياشىغان تۈرك ئالىمى كاتىپ چەلەبىمۇ جابىرنىڭ يەتتە پارچە ئەسىرىنى تىلغا ئالغان. جابىرنىڭ كۆللىياتىغا ئائىت ئەسەرلەر ھازىر بېرلىن، پارىژ، لېيدېن ۋە قاھىرە كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. جابىرغا ئائىت دەپ قارالغان كىتاپلارنىڭ تىزىملىكى ئالدۇ مىئېلىنىڭ ئەسىرىدە بېرىلگەن.

جابىر ئىبن ھەييانىنىڭ نامى مىلادى 8- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىلىم ساھەسىدە تېز يېيىلغان. ئەبۇ بەكرى ئەل – رازى(865-925) ۋە ئىبن سىنا(980-1037) ئۇنى <<ئۇستادلارنىڭ ئۇستادى>> دەپ تەرىپلىگەندى. كېيىن ئەسەرلىرى لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن جابىر ئىبن ھەييان <<گەبىر>> دېگەن نام بىلەن غەرپتە تونۇلۇشقا باشلىغان. 13- ئەسىردىن كېيىن نامى چىقىشقا باشلىغان غەرپلىك نۇرغۇن خىمىيە ئالىملىرى ۋە فارماكولوگلار جابىرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئاساسىي خىمىيە ئىلىملىرىدىن پايدىلانغان. بۇ چاغدا جابىرنىڭ نامىمۇ ياۋروپادا كەڭ تارالغان. جابىر ئۆزىنىڭ ھەم نەزەرىيەگە ھەم تەجرىبىگە تايانغان ئىلمىي نەتىجىلىرى بىلەن زامانىۋىي مەنىدىكى خىمىيە ئىلمىنى ياراتقاچقا ھەمدە ھازىرقى زامان خىمىيە پەنىمۇ ئۇنىڭ ئاچقان يولىنى بويلاپ ئىلگىرلىگەچكە، پەن تارىخىنى تەتقىق قىلغانلار ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىدۇ. 16- ئەسىردە ياشىغان ئىتالىيەلىك ئالىم كاردانو(1501-1576) ئۇنى <<دۇنيادىكى مەۋجۇت 12 داھىنىڭ بىرى>> دەپ كۆرسەتكەن. باشقا بەزى مەنبەلەردە جابىر <<خىمىيەنىڭ ھىپۇكراتى>>، <<بۈيۈك خىمىك>>، <<ئىسلام خىمىيەسىنىڭ ئاتىسى>>، <<ئىسلام دۇنياسىدىكى زامانىۋىي خىمىيەنىڭ تۇنجى يېتەكچىسى>>، <<ئوتتۇرا ئەسىر خىمىيەسىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئادىمى>>، <<ئىسلام خىمىيەسى بىلەن زامانىۋىي خىمىيەنىڭ قۇرغۇچىسى>>، <<ئەسەرلىرى ئاۋۋال ئىسلام خىمىيەسىگە، كېيىن غەرپ

خىمىيەسىنىڭ تەرەققىياتىغا تىز تەسىر كۆرسەتكەن ئالىم>> دېگەن ناملاردا تەرىپلىنىدۇ. سارتون(1884ـ1956) ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ‹‹ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ پەنلەر ئېنسىكلوپېدىيەسى›› دەپ تەرىپلىگىنىدەك، ئۇنىڭ شۆھرىتى ۋە تەسىرى 17ـ ئەسىرگە قەدەر داۋام قىلغان. ھەقىقەتەن، 17ـ ئەسىرگە قەدەر خىمىيە پىنى ساھەسىدە ئۇنىڭ سەۋىيەسىگە يېتەلىگەن ياكى ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتكەن بىرەر خىمىك ئوتتۇرىغا چىققان ئەمەس. خىمىيە تارىخچىسى لېكرېس ‹‹ئەرەب مەدەنىيىتى تارىخى›› دېگەن كىتابىدا جابىر ئىبن ھەييانىنى ‹‹ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئەڭ بۈيۈك ئالىمى، ئىلمىي نوپۇزى ۋە تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىقى بىلەن تەڭدىشى يوق بىر ئۇستاد، مېتود ئارقىلىق يول كۆرسىتىش جەھەتتە بۈيۈك بىر ئىلىم تەرغىباتچىسى، نىھايەت ئۇ زامانىۋىي خىمىيەنىڭ قۇرغۇچىسىدۇر›› دەپ تەرىپلىگىنىدەك، ئەبۇ بەكىر ئەل ـرازى، ئىبن سىنا، ئەل ـمەجرىتى(950ـ1007)، فارابى(870ـ950) ۋە باشقا بىر مۇنچە شەرق ئالىملىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلانغان. غەرپ ئالىملىرىدىن گالىلېي(1564ـ1642)، فرانكىس باكون(1561ـ1626) نيۇتون(1643ـ1727) قاتارلىق كۆپ ئالىملارمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگەنگەن. بولۇپمۇ بۇلاردىن بۇرۇن ياشىغان پەيلاسوف ۋە تەجرىبىگە ئەھمىيەت بەرگەن ئالىم روگېر باكون(1214ـ1291) ئۇنىڭغا تولىمۇ ھەيران قالغانلىقىنى بىلدۈرگەن. 17ـ، 18ـ ئەسىرلەردە غەرپ ئىلىم مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن بىرمۇنچە كەشپىياتلاردا جابىر ئەسەرلىرى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. م. بېرتېلېت ‹‹ئوتتۇرا ئەسىر خىمىيە تارىخى›› دېگەن كىتابىدا جابىرنىڭ خىمىيە تارىخىدا تۇتقان ئورنىغا مۇنداق باھا بەرگەن : ‹‹ئارىستوتېلنىڭ لوگىكا ئىلمىدىكى ئورنى قانداق بولسا جابىر ئىبن ھەييانىنىڭ خىمىيە ئىلمىدىكى ئورنىمۇ شۇنداقتۇر. ئارىستوتېل لوگىكىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ئۇستادى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغىنىدەك، جابىر ئىبن ھەييانمۇ خىمىيەنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ئۇستادىدۇر.››

جابىرغا ئائىت ئەسەرلەرنى كەڭ دائىرىلىك تەتقىق قىلغان شەرقشۇناس پ . كرائۇس ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە توختالغاندا: ‹‹ جابىرنىڭ خىمىيەسى قەدىمكى خىمىيە(سىمىيا)دىن بىزگە قالغان ھەر نەرسىدىن ناھايىتى رۇشەن پەرقلىنىدۇ. جابىرنىڭ خىمىيەسى پەلسەپىۋىي بىر نەزەرىيەنى ئاساس قىلغان بىر ئىلىمدۇر. ئىسلام دۇنياسىغا ئائىت ھېچقانداق بىر خىمىيە كىتابى دەستلەپكى دەۋر ئەسەرلىرى ھەققىدە جابىرنىڭ يازغانلىرىدەك كەڭ دائىرىلىك بىر بىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەمەس ۋە ئۇنىڭدەك ئېنسىكلوپېدىك ئەمەس›› دەپ كۆرسىتىدۇ. جابىرنىڭ ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەلۇماتلار ئاۋۋال ئىسلام خىمىيەسىگە، كېيىن غەرپ خىمىيەسىنىڭ تەرەققىياتىغا تىز تەسىر كۆرسەتكەن. كېيىنكى دەۋرلەردە ياشىغان ئىسلام خىمىيەچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ نامىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان، بىر مۇنچىسى جابىرنىڭ ئەسەرلىرىگە شەرھىي يازغان. لېكىن، غەرپتە جابىرنىڭ ئىلمىي ئوبرازىغا ھەسەت قىلغان ئالىملارمۇ بولغان. ئۇلار ئەسەرلىرىدە جابىر ھەققىدە ‹‹ھىيلىگەر...››، ‹‹گرېك نەسىللىكتۇر...››، ‹‹ئەسەرلىرى

يۇنان مەنبەلىرىگە تايانغان...›› دېگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىلمىي ئوبرازىنى چۈشۈرۈشكە ۋە ئىلمىي نەتىجىلىرىگە كۆز يۇمۇشقا ئۇرۇنغان. لېكىن، ئوبيېكتىپ قاراشقا ئىگە بەزى غەرپلىك شەرقشۇناسلار بۇ خىل خائىشقا قارشى تۇرۇپ : ‹‹جابىر ھەقىقىي مۇسۇلماندۇر. ئىسلامىي ئاساسلار دائىرىسىدە ياشىغان. ئەسەرلىرىدە ئىلگىرىكىلەرگە ئائىت ئىزلارنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس›› دېيىش ئارقىلىق ئۇنىڭ يۇنان تەسىرىدىن خالىي ھالدا مۇستەقىل تەتقىقات ۋە تەجرىبىگە تايىنىپ خىمىيە ئىلمىنى ياراتقان ئالىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئاخىرىدا جابىرنىڭ ھازىرقى زامان خىمىيە ئىلمىنىڭ قۇرغۇچىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدىغان فرانسىيەلىك فىزىك ۋە خىمىك لاۋوزىيېر(1743ـ1794) بىلەن بولغان باغلىنىشمۇ ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك بىر مەسىلىدۇر. بۇ مەسىلىدە ئەلبەتتە جابىرنى يول ئاچقۇچى، لاۋوزىيېرنى ئۇنى داۋاملاشتۇرغۇچى دەپ قاراشقا بولىدۇ. لاۋوزىيېر 1789ـ يىلى <<خىمىيە ئىلمىگە كىرىش>> دېگەن بىر ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەردە يېڭىدىن بايقالغان بىرەر خىمىيەلىك ماددا ياكى خىمىيەگە ئائىت تېخى مەلۇم بولمىغان بىرەر يېڭى مەلۇمات يوق ئىدى. لاۋوزىيېرنىڭ بۇ ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويغىنى پەقەت ئۆزىدىن بۇرۇن ياشىغان خىمىيە ئالىملىرىنىڭ مەلۇماتلىرىنى سىستېمىلىق بىر شەكىلدە كۆرسەتكەنلىكى ۋە شۇ ۋاقىتقا قەدەر مەلۇم بولغان خىمىيەلىك ماددىلارنى ئاتاش ئۈچۈن يېڭى بىر سىستېمىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدۇر. دېمەك، جابىر ئىبن ھەييان لاۋوزىيېر ۋە ئۇنىڭ دەۋرداشلىرى ئۈچۈن بىر بىلىم غەزىنىسىنى مىراس قالدۇرغان. شۇ ۋەجىدىن، ئىلىم ساھەسىدىمۇ جابىرنىڭ ئاچقان يولىنىڭ لاۋوزىيېر ۋە پرىئېستلىي(1733ـ1804)نىڭ ئاچقان يولىدىنمۇ ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق. فرانسىيەلىك ئالىم ماكس مايېرخافنىڭ ‹‹ياۋروپادا خىمىيەنىڭ تەرەققىياتى بىۋاستە جابىرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشتىن باشلانغان›› دېگەن سۆزىمۇ بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ.

# 5ـ قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى بۇددىزم

نۇرمۇھەممەت توختى كۆنەستېكىن



مۇھىم مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، بۇددىزمنىڭ قەدىمكى قوچۇ رايونىغا تارقىلىشى ۋە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بايان قىلىنىدۇ.
ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى؛ بۇددىزم

## 1. بۇددىزمنىڭ قەدىمكى قوچۇ رايونىغا تارقىلىشى

«قوچۇ» (高昌) دېگەن نام غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن. شۇ دەۋردە ئېلىمىزنىڭ ئىچكىرى رايونلىرىدا ياشايدىغان كىشىلەر ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان، سىڭگىم ئېغىزىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاستانە بىلەن قاراغوجا ئارىلىقىغا جايلاشقان قەدىمكى شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىنى «قوچۇ» دەپ ئاتاشقان. چۈنكى، بۇ جايدا ئىلگىرى «قوچۇ» دەپ ئاتىلىدىغان ئېگىز قەلئە بار ئىدى. خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە قوچۇ ««火州، 哈喇霍州» » دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسرىدە: «قوچۇ ـ ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ ئېتى. بەزىدە ئۇ يەرلەردىكى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇنام بىلەن ئاتىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. قوچۇ ـــ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئىدىقۇت» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ «ئىدىقۇت» تۇرىدىغان جاي دېمەكتۇر. گېرمانىيەلىك مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس گابائىن خانىم: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى‹ئىدىقۇت›دېگەن ئىككىنچى نامىنىمۇ قوللانغان. بۇ سۆز‹idug_gut›دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ،‹بەخت›دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. مەھمۇد كاشغەرىي‹ئىدىقۇت›دېگەن نامنىڭ باسمىل قەبىلىسىنىڭ نامى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان» دەپ يازىدۇ. ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىدىن «تارىخنامە» ۋە «خەننامە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىرلەردىلا، تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغان قۇسلار قۇس خانلىقىنى قۇرغان. كېيىن تۇرپان ئويمانلىقىغا ھۇنلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان. كېيىن قۇس خانلىقى ئالدى قۇس ۋە ئارقا قۇستىن ئىبارەت ئىككى قىسمىغا ئايرىلغان بولۇپ، ئالدى قۇس تۇرپان ئويمانلىقىغا، ئارقا قۇس تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى بېشبالىق ئەتراپلىرىغا جايلاشقان. «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «قوچۇ خانلىقى خەن دەۋرىدىكى ئالدى قۇس خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى جاي ئىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت دورغاچى ۋە ۋۇجى چېرىكچى بەگلىرى مۇشۇ جايدا تۇرغان. جىن سۇلالىسى بۇ جايدا قوچۇ ۋىلايىتىنى تەسىس قىلغان. جاڭ گۈي، لۈي گۇاڭ، جۇرچى مەنسۇن قاتارلىقلار خېشى كارىدورىنى ئىگىلىۋالغان مەزگىلدە، ھەممىسلا بۇ جايغا ۋالىي تەسىس قىلىپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن. 444- يىلى قۇملۇق (گوبى)نىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ــ جۇرجانلارنىڭ تەسىر كۈچى غەربكە سۈرۈلۈپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا يېتىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن كەن بوجۇ (阚伯周) قوچۇغا پادىشاھ بولغان،‹قوچۇ خانى›دەپ ئاتاش ئەنە شۇ چاغدىن باشلانغان. كېيىن قوچۇنىڭ ھۆكۈمرانى ئۈچ قېتىم ئالماشقان بولسىمۇ، ئەمما كۇ (جيا) جەمەتى (麹氏) قوچۇدا 140 يىل (500 ~ 640) ھۆكۈم سۈرگەن. بۇ جەرياندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىن تاكى سۈي-تاڭ سۇلالىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، قوچۇ ئۇلار بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن. 640- يىلى كۇ جەمەتىنىڭ ھاكىمىيىتى غەربىي تۈركلەر بىلەن بىرلىشىپ تاڭ ئوردىسىغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن، تاڭ تەيزۇڭ چوڭ سانغۇن خۇ جۈنجىنى قوچۇغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، كۇ ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ،‹غەربىي ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسى›(西州都督府) نى تەسىس قىلغان. ئۇنىڭ قارمىقىدا بەش ناھىيە ـــ ئالدى قۇس، يارغۇل، پىچان، توقسۇن، لۈكچۈن ناھىيەلىرى تەسىس قىلىنغان» دەپ خاتىرىلەنگەن.

قەدىمكى قوچۇ رايونىنى مەركەز قىلغان شەرقىي شىنجاڭ رايونى ــ بۇددىزم مەدەنىيىتى كەڭ ئومۇملاشقان ۋە تەسىرى ئۇزاق ساقلانغان رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ بۇددىزم مەدەنىيىتى باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن بىللە گۈللەنگەن ۋە ئۆزئارا تەسىرى كۈچلۈك بولغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

قوچۇنى مەركەز قىلغان شەرقىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئېتنولوگىيەلىك تەرەققىياتىنى پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلىدۇ:

بىرىنچى باسقۇچ، قۇش (گۇشى)- خۇجىيە قەبىلىلىرىنىڭ ساك، چاڭ، توخرى، هۇن قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، قەدىمكى تۇرپان- قۇمۇل ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىشى؛ ئىككىنچى باسقۇچ، بۇ قەبىلىلەرنىڭ تېلى ـــ توققۇز ئوغۇز، جۇملىدىن قارلۇق، ياغما قەبىلىلىرى، قىسمەن سوغدى (كاڭ) قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، شىمالىي-جەنۇبىي سۇلالىلار دەۋرىدە كۆك تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ شىمالىي شىنجاڭدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى غۇلىتىشقا يېتەرلىك ئۇيغۇر توققۇز ئوغۇز خەلقلىرى بولۇپ شەكىللىنىشى؛ ئۈچىنچى باسقۇچ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئادىز، قارلۇق قاتارلىق ئۇيغۇر-ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ بۇ رايونغا كۆپلەپ يۆتكىلىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ قوچۇ (ئىدىقۇت)، كۇسەن ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى قۇرۇپ، ئىلگىرى كۆچۈپ كەلگەن توققۇز ئوغۇز ۋە باشقا خەلقلەر بىلەن داۋاملىق ئارىلىشىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشگە ئۇل سېلىشى.

بۇددىزمنىڭ قوچۇ رايونغا قاچان تارقىلىپ كىرگەنلىكى توغرىسىدا ھازىرغىچە بىز بىلىدىغان ئەڭ بالدۇرقى تارىخىي مەنبە ـــ «ئۈچ ئاغلىق نوم خاتىرىلىرى» بولۇپ، ئۇنىڭ 8- جىلدىدا، ئالدىنقى چىن سۇلالىسى جەنيۈەننىڭ 18- يىلى (مىلادىيە 382- يىلى) ئالدى قۇس بەگلىكى خانى مىدى (弥 弟) ئالدىنقى چىن سۇلالىسى پادىشاھى فۇجيەن (苻坚) بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭ سانسكرىت تىلىدىكى «مەھاپىرە جنا پارامىتا سۇترە» (Maha prajnapar mita sutra،大般若经) نى سوۋغا قىلغانلىقى، كومرا باھادىر (鸠摩罗跋提注،bahadra Kumra)نىڭ بۇددىزم ئىلمى بويىچە دۆلەت ئۇستازى ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن (ئىزاھ ئېلىنسۇن). ياپونىيەلىك خاتانى لياۋدىي ئەپەندىمۇ مۇشۇ خاتىرىگە ئاساسەن، «ئەينى دەۋردە ئالدى قۇستا ماھايانا مەزھىپى تارقالغان»دەپ خۇلاسە چىقارغان. لېكىن، بۇددىزم قوچۇ رايونغا مىلادىيە 382- يىلدىن بۇرۇن تارقالغاندەك قىلىدۇ. بۇنداق دېيىشىمىزدىكى ئاساس شۇكى، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر تۇيۇقتىكى تاشكېمىرلەرنى كاربون 14 (C14) ئانالىزى ئارقىلىق ئۆلچەپ، ئۇلارنىڭ يىل دەۋرىنى بېكىتتى. 20- نومۇرلۇق تاشكېمىر ئۇستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەجرىبە ئانالىزىدا، ئۇنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيە 240- يىلى (240-80+120) قىلىپ بېكىتىلگەن بولۇپ، سەل بالدۇر بولۇپ قالغان. ئەگەر مىلادىيە 240- يىلغا يەنە 120 يىللىق پەرقنى قوشساق، مىلادىيە 360- يىلى بولۇپ چىقىدۇ. لىۋ خۇڭلياڭ مۇشۇ تەجرىبىگە ئاساسەن، بۇددىزمنىڭ قوچۇ رايونغا تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتى «مىلادىيە 3- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 3- ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ، تاشكېمىرلەرنىڭ قېزىلىشى بەلكىم ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك بولۇشى مۇمكىن» دەپ ھۆكۈم چىقارغان. «ئۈچ ئاغلىق نوم خاتىرىلىرى» 2- جىلدىدا: «شىمالىي لياڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇجۇي جىڭسىڭ (沮渠京声)‹قوچۇدا مايترىنىڭ تۇغۇلمىقى

نومى، (观弥勒菩萨下生经) بىلەن «شەپقەتكار بۇدساتۋا» (观世音观经) نىڭ ھەرىككىلىسىدىن بىر جىلدىدىن تەرجىمە قىلغانىدى» (ئىزاھ ئېلىنىسۇن) دېيىلگەن. خاتانى لياۋدىينىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ مەزگىلدە قوچۇدىن يېتىشىپ چىققان بۇددا ئۆلىمالىرىدىن فا شېڭ (法盛)، فا لاڭ (法朗)، شىڭ زۇن (僧遵)، فا شۈي، جى لىن قاتارلىق ئالىي راھىبلار ئۆتكەن. «مۆتىۋەر راھىبلار تەزكىرىسى» (高僧传)دە: «‹نوملار شەرھىيسى›(一切经音义) ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يازغان خۇي لىن (释慧琳) قوچۇلۇق ئىدى» ((ئىزاھ ئېلىنىسۇن)) دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئۈچ ئاغلىق نوملار خاتىرىسى»نىڭ 9- جىلدىغا كىرگۈزۈلگەن «ئەقىللىق ۋە نادانلىق ھەققىدىكى سۇترا» (贤愚经)دا: «لياڭجۇ (خېشىدا)لۇق سىرامان تەنشۆ (县学) ۋە ۋېي دې قاتارلىق سەككىز راھىب ئۇدۇندا بۇددا دىنىنىڭ ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ يىغىلىشىغا قاتنىشىپ، ھەرقايسى مەزھەپتىكىلەرنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرىنى خاتىرىلىۋېلىپ، مىلادىيە 445- يىلى قوچۇغا كېلىپ ئۇدۇندا ئېرىشكەن ھاسىلاتلىرى ئاساسىدا‹ئاقىللىق ۋە نادانلىق ھەققىدىكى سۇترا›نى يېزىپ چىققان» (ئىزاھ ئېلىنىسۇن) دېيىلگەن.

بۇ دەۋردىكى قوچۇ ھۆكۈمرانلىرى بۇددىزمنىڭ تەرەققىياتىغا زور ئىلھام بەرگەن. ھۇن نەسلىدىن بولغان جۈرجى ئەنجۇ (443 ~ 450) قوچۇغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، بۇددىزم بىناكارلىقى گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويغان. ئۇ دەسلەپتە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان «قوچۇنىڭ جۇغراپىيەلىك نومى» (西州图经)دا «دىڭگۇكۇ» (丁谷窟) دەپ خاتىرىلەنگەن تۇيۇق تاشكېمىرلىرىنى بىنا قىلغان. قوچۇ قەسرىگە بىھارا سالدۇرۇپ، خاتىرە تېشى ئورناتقۇزغان ۋە «بۇددا ئېيتقان بۇدساتۋالىق سۇترىسى» (佛说菩萨经) نى كۆچۈرتكۈزگەن. ئىدىقۇت شەھرى خارابىسىدىن تېپىلغان «承平三年(公元 445 年)沮渠安周造寺功德碑» بىلەن تۇيۇقتىن تېپىلغان «岁在癸丑(公元 449 年)凉王大沮渠安周所供养经» نىڭ قول يازمىسى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ مەزگىلدە قوچۇلۇق ئالىي راھىب فا خۇي (法惠) كۇسەندە بۇددا ئىلمى بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، قوچۇغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى كېڭەيتكەن.

قىسقىسى، كۇ (جيا) جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قوچۇ خانلىقى پادىشاھلىرى بۇددىزمنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرغان. بۇنى 6- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن قوچۇدىكى ھىنايانا ئالىي راھىبى خۇي سۇڭ (慧崇) نىڭ ئىش- ئىزلىرىدىنمۇ بىلىۋالغىلى بولىدۇ. گېرمانىيەلىك A. گرۇنۋېدېل 1902-، 1903- يىللىرى گېرمانىيە 1- قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ كېلىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئىدىقۇت شەھرى ئەتراپىدىن سانسكرىت تىلىدىكى 11 قىسىملىق «ئارىلاش ئاگەمە سۇترا» (杂阿念经) سىنى تاپقان. بۇ، قوچۇدا ھىنايانا مەزھىپىنىڭمۇ تارقالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇددىزم كۇ جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قوچۇ خانلىقى دەۋر سۈرگەن 140 يىلدا ئىزچىل تۈردە قوچۇ خان جەمەتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشكەن. 1911- يىلى تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان «كۇبىنىنىڭ ساڭرام سالغانلىقى توغرىسىدىكى ئابىدە» (麹斌造寺碑)نىڭ ئۆزىلا بۇددىزمنىڭ قوچۇ خان جەمەتىدىكى مۇھىم ئورنىنىڭ ئىنكاسىدۇر. بۇ خاتىرە تېشىنىڭ ئورنىتىلىشى، كۇبىنىنىڭ ساڭرام سالدۇرغانلىق تۆھپىسىنىڭ خاتىرىلىنىشى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ بۇددىزمغا بولغان ئىخلاسىنىڭ ئىنكاسىدۇر. شۇڭا، بۇ خاتىرە تېشى بىزنىڭ بۇددىزمنىڭ قوچۇ پادىشاھلىق قەسرىدىكى ئورنىنى ئىگىلىشىمىزدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، ئىبادەتخانا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، بۇددىزمنىڭ قوچۇ خانلىقى جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئومۇملاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، قوچۇ خانلىقىدا جەمئىي 40 ئورۇندا بۇددا ئىبادەتخانىسى سېلىنغان بۇ، ئەينى دەۋردىكى قوچۇدا بۇددىزمنىڭ ناھايىتى گۈللەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ مەزگىلدە قوچۇدا ھىنايانا مەزھىپى گۈللەنگەن. ھىنايانا ئالىي راھىبى خۇي سىڭدىن باشقا يەنە كۇبايار (چۇبويا)، (麹伯雅) سۈي سۇلالىسى دايېنىڭ 5- يىلى (مىلادىيە 609- يىلى) تەختكە چىققاندىن كېيىن، بۇددا دىنى بويىچە خانلىق ئۇستازى خۇي چىننى تەكلىپ قىلىپ «ئالتۇن يارۇق» (金光明经) نى كۆچۈرگۈزگەن. 618- يىلى چۇر ۋېنتاي (麹文泰) ئاتىسىنىڭ ئورنىغا خان بولغان. قوچۇنىڭ بۇددىزم تارىخىدا، جۇ ۋېنتاينىڭ بۇددىزمغا بولغان پوزىتسىيەسى كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلب قىلىدۇ. مەشھۇر ئاچارى شۈەنزاڭ قوچۇغا كەلگەندە، جۇر ۋېنتاي ئۇيغۇر بېگىنى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇلار شۈەنزاڭنى قوچۇ شەھرىگە ئېلىپ كىرگەندە، خان ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالىدۇ. جۇر ۋېنتاي شۈەنزاڭنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. ئۇنى ئەنجۇ ۋاقتىدا ياسالغان خانلىق قەسر بىھارىسىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. چۇر ۋېنتاي شۈەنزاڭنى دۆلەت ئۇستازى ئورنىدا ھۆرمەتلەپ ماڭغۇزماي تۇتۇپ قالىدۇ. لېكىن، ئۇ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلغاچقا، خان بىلەن قېرىشىپ قالىدۇ، كېيىن ئۇ ئاچلىق ئېلان قىلغانلىقتىن، خان ئۇنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. چۇر ۋېنتاي شۈەنزڭغا ھەمرا بولىدىغان ئادەم ۋە ئات-ئۇلاغلارنى بەرگەندىن سىرت، يەنە نۇرغۇن ئوزۇق-تۈلۈك ۋە پۇل-پىچەك بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شۈەنزاڭنىڭ غەربكە نوم ئەكىلىش سەپىرىدە باشقا ئەللەرگىمۇ بېرىشى ئۈچۈن، تونۇشتۇرۇش خېتى يېزىپ بېرىدۇ. چۈنكى، چۇر ۋېنتاي خان جەمەتىنىڭ غەربىي يۇرتىكى بەزى خان جەمەتلىرى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى، غەربىي تۈرك يابغۇسى بىلەن قۇدا-باجا ئىدى.

كۇ جەمەتى قۇرغان قوچۇ خانلىقى دەۋرىدە، قوچۇ شەھرى تازا گۈللەنگەن بولۇپ، ئۇ شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش تۈگۈنىدىكى مەشھۇر بۇددىستلار شەھرىگە ئايلانغان، شەھەر ئىچىدە ھەيۋەتلىك بۇددىزم ئىمارەتلىرى بار ئىدى. تاڭ سۇلالىسى شىجۇ ئايىمىقىنى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، بۇ شەھەر

شجۇ ئايمىقىنىڭ مەركىزى بولغان. بۇ شەھەرنىڭ دائىرىسى تەخمىنەن بەش كىلومېتىر بولۇپ، ئۇ ئىچكى شەھەر، تاشقى شەھەر ۋە ئوردىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسمغا بۆلۈنگەن. ئوردا شەھەرنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان، ئىچكى شەھەر ئوردىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان. تاشقى شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبى ۋە غەربىي جەنۇبىدا كۆلىمى ناھايىتى چوڭ ئىبادەتخانا ۋە سودا-سانائەت رايونى بار ئىدى. شەھەر ئىستىھكامىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە بىر بۇددا سۇتۇبا (مۇنار)سى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 15 مېتىر كېلەتتى. شەھەر ئىچىدە بۇددا ساڭرامى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 10 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلەتتى. ساڭرامنىڭ دەرۋازىسى، تىلاۋەت مەيدانى بار ئىدى، ساڭرامدىكى سۇتۇبا، بۇتخانىلاردا رەڭدار قىلىپ نەپىس سىزىلغان رەسىملەر، رەڭلىك ھەيكەللەر بار ئىدى. بۇ ساڭرام ئەينى دەۋردە ئالتۇن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان بىر ھەشەمەتلىك ئىبادەتخانا ئىدى.

## 2. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بۇددىزم

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدە ياشىغان زېمىنى بۈگۈنكى سېلىنگا دەرياسى بىلەن ئورخۇن دەرياسى بويلىرى، يەنە بىر تارمىقى ئىتۇبرغول (ھازىرقى قۇمۇل) نىڭ غەرب تەرىپىدە، ئاگىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان 7- ئەسىردىن باشلاپ بىر قىسىم ئۇيغۇر قەبىلىلىرى شىمالىي قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، خېشى كارىدورىدىكى گەنجۇ، لياڭجۇ دېگەن جايلارغا كۆچۈپ كەلگەن. ئالدىنقىسى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەن بولسا، كېيىنكىسى يەنە قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەن.

«شىمالىي چى بەگلىكى تارىخى. قۇغۇرسۇ جياڭجۈننىڭ تەرجىمھالى» (12- جىلد) دىمۇ: «دەي بەگلىكىدىكى ليۇ شىچىڭ ئەينى چاغدا يات قوۋملارنىڭ تىلىنى بىلىدىغان بىردىنبىر ئادەم ئىدى. شۇڭا، پادىشاھ ئۇنىڭغا‹نىرۋانە سۇترا›نى تەرجىمە قىلىپ، تۈركلەرگە ئەۋەتىپ بېرىشنى بۇيرىدى» (ئىزاھ ئېلىنسۇن) دېيىلگەن. دېمەك، بۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بۇددىزمى تۈركلەر ئارىسىغا تارقىلىپلا قالماستىن، يەنە «نىرۋانە سۇترا» مۇ تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. كېيىن يەنە قەندىھار بەگلىكىنىڭ راھىبى جىنەن گۇپتا (527 ~ 604- يىللار) شىمالىي جۇ بەگلىكىدىن يۇرتىغا قايتماقچى بولۇپ، تۈرك خانلىقىغا كەلگەندە، تاسپار قاغانىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن تۈرك خانلىقىدا 10 نەچچە يىل تۇرۇپ قېلىپ، بۇددىزم تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ مەزگىلدە يەنە شىمالىي چى بەگلىكىدىن باۋيۈن،تۈرك خانلىقى (552 ~ 744- يىللار) ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە، ئۇيغۇرلار تۈركلەرگە قارام بولغان. شۇڭا، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزم بىلەن دەسلەپ ئۇچراشقان ۋاقتى توغرىسىدا توختالغاندا، تۈركلەرنىڭ بۇددىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي جەريانغا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. تۈركلەر تاسپار قاغان دەۋرى (مىلادىيە 572 ~581- يىللار) دىلا بۇددىزمنىڭ تەسىرىگە

ئۇچراشقا باشلىغان. بۇ ھەقتە ئېلىمىز تارىخىي ماتېرىياللىرىدا مەلۇمات بار. مەسىلەن، «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە: «شىمالىي چى پادىشاھلىقىدىن خۇي لىن (慧琳) ئىسىملىك بىر راھىب تۈركلەر رايونىغا بۇلاپ كېتىلگەندىن كېيىن، ئۇ تاسپار قاغانغا: ‹شىمالىي چى بەگلىكىنىڭ كۈچلۈك ۋە باياشات بولۇشى بۇددا قانۇنىنىڭ بولغانلىقىدىن› دېگەن. شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭغا بۇددىزمنىڭ سەۋەب-نەتىجە قىسمىتى ھەققىدە ۋەزخانلىق قىلغان. نەتىجىدە تاسپار قاغان بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ھەمدە بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى سالدۇرۇپ، شىمالىي چى بەگلىكىگە ئەلچى ئەۋەتكەن. ئەلچى ‹بۇدساتۋا سۇترا›، ‹نىرۋانە سۇترا›، ‹ۋەتەمسەكە سۇترا› قاتارلىق بۇددا نوملىرى ۋە ‹ئون تۈرلۈك ئەمرىمەرۇپ› (sarvastivadavinaya، 十诵律) نى ئېلىپ قايتقان. تاسپار قاغان شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پەرز تۇتۇپ، بۇددا مۇنارىنى ئايلىنىدىغان بولغان. تاسپار قاغان دىيانەت يولىدا ماڭغاچقا، ئىچكىرى جايلارغا ئاداۋەت قىلمايدىغان بولدى» (ئىزاھ ئېلىنسۇن) دېيىلگەن. شۇ قېتىم تاسپار قاغان خۇي لىن بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، خۇي لىن: «تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئەسلىدە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقاندى» دېگەن. ئاتاقلىق ئۇيغۇرشۇناس لىۋ زشياۋ ئەپەندى خۇي لىن توغرىسىدا توختىلىپ: «خۇي لىن (736 ~803- يىللار) قەشقەرلىك ئالىم بولۇپ، ئۇنىڭ بۇددا دىنى ۋە ئېلىمىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى توغرىسىدىكى ئىلمى ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى، ئۇ يازغان ‹بۇددا ئىبارىلەرنىڭ تەلەپپۇزى ۋە مەنىلىرى› ناملىق ئەسىرى ئېلىمىز بويىچە بۇددا دىنى ۋە قەدىمكى خەنزۇ تىلىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىدىغان مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەتتا چاۋشيەن ۋە ياپونىيەلەرگىمۇ تارقالغان»② دېگەنىدى.

داسۈي، سىڭ تيەن قاتارلىق 11 نەپەر راھىب مىلادىيە 575- يىلى ھىندىستانغا بېرىپ سانسكرىتچە نوم-بىتىكلەردىن 260 قىسمىنى ئېلىپ تۈرك خانلىقىغا يېتىپ كەلگەن. ئۇلار تۈرك خانلىقىغا كەلگەندىن كېيىن، شىمالىي جۇ بەگلىكىنىڭ شىمالىي چى بەگلىكىنى يوقاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۈرك خانلىقىدا ۋاقىتىنچە تۇرۇپ قالغان. شۇڭا، ئۇلار جىنەن گۇپتا بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن نوملارنى ئۆز تەرتىپى بويىچە رەتلەپ چىققان. كېيىن سۈي بەگلىكى (581~ 618- يىللار) نىڭ شىمالىي جۇ بەگلىكىنى مۇنقەرز قىلغانلىقىدىن ھەمدە بۇددىزمنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، مىلادىيە 581- يىلى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتقان. يۇقىرىقى مەلۇماتلارنى تۈرك خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان مەڭگۈ تاشلار ئارقىلىقمۇ ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. 1956- يىلى موڭغۇلىيەنىڭ بۇگۇت (Bugut) دېگەن يېرىدىكى تۈركلەر دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان قەبرىنىڭ يېنىدىن بىر مەڭگۈ تاش تېپىلغانىدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى كلياشتورنىي قاتارلىقلار تەتقىق قىلىپ، بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ ئۈچ تەرىپىگە سوغدى يېزىقىنىڭ يازما شەكلىدە خەت يېزىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ مىلادىيە 580- يىلى تىكلەنگەنلىكىنى، بۇ مەڭگۈ تاشتا تاسپار قاغاننىڭ «ئۆز رازىلىقى بىلەن يېڭىدىن ناھايىتى چوڭ بىر

بۇددا ئىبادەتخانىسى ياساتقان»لىقنى ئېنىقلىدى (قايسى مەنبەدىن ئېلىنغانلىقى ئەسكەرتىلسۇن). دېمەك، بۇ مەڭگۈ تاشقا پۈتۈلگەن ئىشلار يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلغان تاسپار قاغاننىڭ ئىش- ئىزلىرى بىلەن بىردەك. مەڭگۈ تاشنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە براخما يېزىقىدا سانسكرىتچە خەت يېزىلغان، بەزى ئالىملار بۇنى جىنەن گۇپتا (Jnangupta) نىڭ قول يازمىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى ئالىملار: «‹بۇگۈت مەڭگۈ تېشى› نى جىنەن گۇپتا ماھارەت بىلەن ئويۇپ يازغان»① دەيدۇ. غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلاردا ساڭراملارنى تەسىس قىلغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن راھىب خۈي چاۋ يازغان «بەش ئەنەتكەك ئېلىگە سەپەر خاتىرىسى»دە: «ئۇلار (تۈركلەر) «ئۈچ گۆھەر» (三宝) گە ئېتىقاد قىلىدىكەن. خان، خانىش، شاھزادە، ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز نامىدا ئىبادەتخانا ياسىتىپ، راھىبلارنى توپلاپ، بۇددىزم ئەقىدىلىرىنى تەرغىب قىلىدىكەن، بۇ يەرنىڭ خانى ئۆز راھىبلىرىغا ھەر يىلى ئىككى قېتىم خالىس نەزىر بېرىدىكەن. ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىنى ئىبادەتخانىغا سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتىدىكەن» (مەنبە ئېنىق بولسۇن) دەپ يازغان. يۇقىرىقى مەلۇماتلاردىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، 6- ئەسىردىن 8- ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا بۇددىزم تۈركلەر ئارىسىغا تارقالغان.

ھەممىگە ئايانكى، ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىلى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىل گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ، ئۇيغۇر تىلى تۈرك تىلىغا يېقىن كېلىدۇ. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى، قەدىمكى تۈرك يېزىقىنى قوللانغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن پۈتۈلگەن مەڭگۈ تاشلاردىن «مويۇنچۇر قاغان ئابىدىسى»، «توققۇز ئۇيغۇر قاغان ئابىدىسى»، «تېرخىن ئابىدىسى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تۈرك يېزىقىدا ئويۇلغان. ئۇيغۇرلار ئۇزاق مەزگىل تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، مىلادىيە 744- يىلىغا كەلگەندە، ئاندىن ئۇيغۇر سەركەردىسى كۇربالا تۈرك خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىپ ئۆزىنى قۇتلۇق بىلگە قاغان دەپ ئاتاپ مۇستەقىل خانلىق قۇرغان. ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ئوردۇبالىق (قارا بالغاسۇن)نى بايتەخت قىلغان بۇ ھاكىمىيەت، تارىختا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى (744~ 840- يىللار) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئىدېئولوگىيە جەھەتتە تۈركلەر بۇددىزمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇ مەسىلىگە قارىتا ئىلىم ساھەسىدىكى كۆپ سانلىق ئالىملار ئۇيغۇرلار بۇددىزم بىلەن ئاشۇ كۆك تۈركلەر دەۋرىدىلا ئۇچراشقان دەپ قارايدۇ (مەسىلەن، قايسى ئالىم شۇنداق قارايدۇ؟). «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇيغۇرلارنى ئەڭ دەسلەپ بىرلەشتۈرۈپ، بىر ئاقساقالنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىغا ئۇيغۇشتۇرغان كىشى سۇكۇن ئېركىن (سۇكۇن تېكىن) ئىدى. سۇكۇن ئېركىن ۋاپات بولغاندىن، كېيىن ئوغلى بوسات تېكىن (菩萨俟斤) ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە ئاقساقال بولغان. بوساتنىڭ كۆك تۈركلەرگە قارشى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى سەۋەبىدىن، ئۇنىڭغا «ۋەتەنگە خىزمەت قىلغان قەھرىمان» دېگەن مەنىدىكى «ئالىپ ئىلتەبىر»

دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن (قايسى مەنبەدىن ئېلىنغانلىقى ئەسكەرتىلسۇن). ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغىنى بوساتىنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ ئىسىمنىڭ سانسكرىتچە «Budhisattva» دېگەن سۆزدىن كەلگەنلىكى مەلۇم (قايسى مەنبەدىن ئېلىنغانلىقى ئەسكەرتىلسۇن). بۇددىزم ئەقىدىسىدە ماخايانا بۇددىزمى بۇتساتۋا روھىنى تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، ئۇ بارلىق جانلىقلارنى ئازاب دېڭىزىدىن قۇتقۇزۇشنى ئىستەيدىغان تولۇق ئويغانغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى بۇتساتۋا ھېسابلايدۇ. شۇڭا، ئارخاتلىقتىن يۇقىرى بولغان بۇددالىق دەرىجىسىنى تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە بۇ دەرىجىگە ئېرىشىشتىن بۇرۇن بوتساتۋا مۇقامىغا ئېرىشىش لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

شۇ مەزگىلدە يەنە گەنجۇ بىلەن لياڭجۇ ئارىلىقىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر قەبىلىسى بولغان قىبئار (契芯) لارنىڭ بىر ئاقساقالىنىڭ ئىسمىمۇ شەمەن (沙门) بولۇپ، ئۇ خىلەن ئايمىقى (贺兰州) نىڭ تۇتۇق (都督) لۇقىغا تەيىنلەنگەن. «沙门» سانسكرىتچە «Srmana» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، بۇددا ئىستىقامىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان راھىبلارنى كۆرسىتىدۇ. گېرمانىيەلىك ئاتاقلىق تۈركولوگ ئا. ۋ. گاباﺋىن خانىم بىلەن تۈركىيەلىك پىروفېسسور، دوكتور ئۆزقان ئىزگى يۇقىرىقى پاكىتقا ئاساسەن، «630- يىللىرىلا بۇددىزم يايلاقتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئاز-تولا تارقالغان»[3] دەپ ھۆكۈم قىلغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، خان ئوردىسىدىكىلەر مانى دىنىنىڭ ئىخلاسمەنلىرىدىن ئىدى. 762- يىلى مانى دىنى خانلىقنىڭ دۆلەت دىنى قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئاۋام خەلقنىڭ كۆپ قىسمى بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. چۈنكى «8- ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىن 9- ئەسىرنىڭ بېشىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەسىر كۈچى شىنجاڭدىكى بېشبالىق، قوچۇ، كۇسەن ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسسىقكۆل رايونىغىچە يېتىپ بارغانىدى. بېشبالىق بىلەن كۇسەن ئەينى دەۋردە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتىنى ئىدارە قىلىشىدىكى مۇھىم ھەربىي بازىسى بولۇپ، ئۇ يەردە نۇرغۇن ئۇيغۇر قوشۇنى تۇراتتى. تىبەتلەرنىڭ باستۇرۇپ كىرىشىگە قارشى كۈرەش جەريانىدا، قوچۇمۇ تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتىكى دىنىي ھەم سىياسىي مەركىزىگە ئايلانغانىدى».

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا: «مىلادىيە 478- يىلى قاڭقىل (تېلى) قەبىلىسىنىڭ 100 مىڭ تۈتۈن (ئۆيلۈك)دىن ئارتۇق ئادىمى كوللېكتىپ ھالدا چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن غەربكە كۆچۈپ، تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىپ، جۇرجان قۇلدارلىرىنىڭ ئېزىشىدىن قۇتۇلدى»[2] دېيىلگەن. ئۇيغۇرشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئالىملار ۋە ئارخېئولوگلار ئۆز ئەسەرلىرىدە، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار 9- ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە غەربكە قاراپ زور كۆلەمدە كۆچۈشتىن ئىلگىرى، تۇرپان رايونىدا توخرىلار، قۇسلار، تۈركەشلەر، تېلىلار ۋە يەنە كۆپلىگەن خەنزۇلار ھەم سوغدىلارنىڭمۇ ياشىغانلىقىنى قەيت قىلىشىدۇ[3]. دېمەك، تۇرپان، بېشبالىق، كۇسەن بوستانلىقلىرىدا 8- ئەسىردىن ئىلگىرىلا نۇرغۇنلىغان

ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ياشىغان. «بولۇپمۇ غەربىي تۈرك خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركۆملەپ كۆچۈپ كېلىشى، بۇ يەرلەرنىڭ تۈركلىشىشى (ئۇيغۇرلىششى) نى جەريانىنى تېزلەتكەن»④. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، بۇ يەردىن (قەيەردىن؟) «توخرى تىلى A» بىلەن پۈتۈلگەن بىر خىل ۋەسىقە بىلەن بىللە يەنە 8- ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان قەدىمكى تۈرك تىلىدا پۈتۈلگەن ۋەسىقىلەر تېپىلدى. يۈي تيەنخېڭ: «بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن تۈركچە-ئۇيغۇرچە نوملاردۇر»دەپ يەكۈن چىقارغان.

840- يىللار ئەتراپىدا، تەبىئىي ئاپەت، قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى سەۋەبىدىن بىر ئەسىرگە يېقىن سەلتەنەت سۈرگەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ھالەك بولدى. نەتىجىدە، ئۇيغۇرلار بىرنەچچە يۆنىلىش بويىچە غەربكە قاراپ كۆچتى. ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى خېشى رايونىغا كۆچتى، بىر تارمىقى غەربىي يۇرتقا كۆچتى، يەنە بىر تارمىقى قوچۇ، بېشبالىق ۋە كۇسەنگە كۆچۈپ، ئۇ يەرلەردە تۆت ئەسىردىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى (848 ~1283- يىللار)نى قۇردى.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى چېگراسى ناھايىتى كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شەرق تەرىپى خېشى رايونىغا، غەرب تەرىپى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋرائۇننەھر ھەم ئىسسىقكۆلگە، جەنۇب تەرىپى قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي باغرىغا، شىمالى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئىلى-مىڭلاق يايلاقلىرىغا تۇتىشاتتى. بۇ رايونلاردا مىلادىيەنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپ بۇددا دىنى تارقالغان ۋە راۋاجلانغان بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئۇدۇن، سۇلى، كۇسەن، پىشامشان (كروران)، ئاگنى (قاراشەھەر) قاتارلىق بەگلىكلەر غەربىي يۇت بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن ئىدى. بۇ بەگلىكلەردە نۇرغۇنلىغان ھەيۋەتلىك بۇددا ساڭراملىرى ۋە زور مىقداردا راھىبلار بار ئىدى.

قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن دەسلەپتە يەنىلا مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. ھۆكۈمران قاتلىمدىكىلەر ئۇنى دۆلەت دىنى قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىدىكى قوچۇنى مەركەز قىلغان بېشبالىق، كۇسەن، ئاگنى، ئاقسۇ، پىشامشان (كروران، چەرچەن) قاتارلىق رايونلاردىكى كەڭ ئامما ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن بۇددا دىنى بىلەن قىسمەن دائىرىدىكى زوروئاستېر (ئاتەشپەرەسلىك)، نېستورىيان، تەرىقەت قاتارلىق دىنلارنى چەتكە قاقمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مانى دىنىنىڭ بەزى ئەقىدىلىرى ۋە مۇراسىم قائىدىلىرى بۇددا دىنىنىڭكىگە ئوخشاپ كەتكەچكە، قوچۇ ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرى بۇددا دىنىغا كەڭ قورساقلىق بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولدى. شۇڭا، بۇددا دىنى بۇ مەزگىلدىمۇ ئەركىن تەرەققىي قىلدى. ئەينى دەۋردە مانى دىنى ئۇيغۇر يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ دىنى بولغان بولسا، بۇددىزم يەنىلا قوچۇدىكى كەڭ ئاۋام خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقادى بولۇپ تۇرىۋەردى.

غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار تەدرىجىي ھالدا ئۆز ئېتىقادىنى مانى دىنىدىن بۇددىزىم ئېتىقادىغا ئۆزگەرتكەن. بۇنىڭ سەۋەبنى ئەينى دەۋردىكى ئوبيېكتىپ مۇھىتنىڭ تەسىرى ھەم ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ جىددىي سىياسىي ئېھتىياجىدىن تەھلىل قىلساق، ئاندىن مەلۇم چۈشەنچە ھاسىل قىلالايمىز:

1) ئوبيېكتىپ مۇھىتتىن ئالغاندا، بۇددىزىم ئىدىيەسى ئۇزاق مەزگىلدىن بۇيان، قوچۇ، كۇسەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنىڭ ئىدېئولوگىيەسىگە نىسبەتەن يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنىدى، شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئىدىيەنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشى مۇقەررەر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوچۇ، كۇسەنلەردە ئۇزاق تارىخقا ئىگە پارلاق بۇددىزىم مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى.

2) ئورخۇن ئۇيۇر خانلىقى مەزگىلدە، ئۇلار قۇدرەتلىك قوشۇنغا ئىگە ئىدى. تاڭ سۇلالىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا (بىزگە مەلۇمكى، ئۇلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن ناھايىتى ئەپ ئۆتكەنىدى)، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشقۇدەك سىياسىي كۈچ يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك قوراللىق كۈچىگە تايىنىپ، ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ كەلگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانلىرىمۇ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشتە مەنىۋى ۋاستىلەردىن پايدىلىنىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. 762- يىلى دىنىي ئىسلاھات ئېھتىياجىدىن، مانى دىنىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايۋاتقان شامان دىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىپتىدائىي ئېتىقادىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئارقىلىق، ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىدىكى كىشىلەرنىڭ قەلبى ۋە ئىرادىسىنى بىرلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تامىقى تۇرپانغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ رايوندا سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتە ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولۇپ، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا بىر مۇنچە دۈشمەن كۈچلەر مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا، خۇددى «ئەجدادلار مىلودىيەسى — ئەۋلادلار كۈيىدە تەكرارلىنىدۇ» دېگەندەك، بۇ دەۋردىمۇ مەنىۋى ۋاستىلەردىن پايدىلىنىش، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ جىددىي ئېھتىياجىغا ئايلانغان. بۇددىزىم بۇ يەردە كەڭ ھەم چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە بولۇپ، بۇددىزىم كۈچلىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش، ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلەتتى.

ئىلگىرى مانى دىنى ماگارلىرى (روھانىلار) ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا قاتناشقان بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئورنىنى بۇددا راھىبلىرى ئىگىلىدى. مەسىلەن، شىمالىي سۇڭ چيەندې سەلتەنەتىنىڭ 3- يىلى (مىلادىيە 965- يىلى) 11- ئايدا قوچۇ ئۇيغۇر قاغانى سۇڭ

سۇلالىسىغا ئەۋەتكەن راھىب فايان (法渊) باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكى پۈتۈنلەي دىنىي تۈس ئالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۇڭ سۇلالىسىغا تەقدىم قىلغان سوۋغاتلىرى ساكيامۇنىنىڭ چىشى (佛牙)، ئەينەكتىن ياسالغان ئەسۋابلار ۋە كەھرىۋادىن ياسالغان چىراقدان (پانۇس) قاتارلىق ئىبادەتخانىدا ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەر ئىدى سۇڭ تەيزۇڭنىڭ يۇڭشى تۇنجى يىلى (مىلادىيە 984- يىلى)، قوچۇ ئۇيغۇر قاغانى بۇددا، مانى راھىبلىرىنى براخمان راھىب يۇمىش ۋە پېرسىيەلىك زوروئاستېر دىنى راھىبى ئارىيان بىلەن بىللە سۇڭ سۇلالىسىغا سودا قىلىشقا ئەۋەتكەن②. مىلادىيە 101- يىلى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى لياۋ سۇلالىسىغا بىر براخمان (بۇددىست) تېۋىپنى تونۇشتۇرغان③. سۇڭ جېنزۇڭنىڭ جىڭدى 4- يىلى (مىلادىيە 1007- يىلى) قاغان ياغلاقار راھىب دې داچىننى سۇڭ سۇلالىسىغا ئارغىماق تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئاستانىدە ئىبادەتخانا قۇرۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرگەن.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇددا دىنى بۇ خانلىقتا تەدرىجىي ھالدا دۆلەت دىنى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. بۇ زېمىندا ئەسلىي راۋاجلىنىش باسقۇچىدا تۇرغان بۇددا دىنى مەدەنىيىتى بۇ دەرۋرگە كەلگەندە، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تەقۋادارلىقى سەۋەبىدىن، ئۆزىنىڭ گۈللىنىش باسقۇچىغا كىردى. ئىدىقۇتلار بۇددا راھىبلىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، راھىبلارنىڭ دىنىي تەكشىلاتلىرىغا كۆپ مەنپەئەت يەتكۈزگەن، ئىبادەتخانىلارغا خېلى كۆپ ۋەخپە يەر، ئۈزۈمزارلىق ۋە چارۋىلارنى بۆلۈپ بەرگەن، راھىبلارنىڭ بۇ يەرلەردىن خانلىققا باج تاپشۇرۇشنى كەچۈرۈم قىلغان. بۇ روھانىيلار تەبىقىسى تەدرىجىي ھالدا فېئودال يانچىلارغا ياكى قورۇق ئىگىلىرىگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇلار نۇرغۇن تېرىلغۇ يەر، ئۈزۈمزارلىقلارنى ئىگىلىۋالغانىدى. ئۇلار ھەتتا يانچىلارنى ۋە ئۆي قۇللىرىنى ئىشلىتەتتى. ئادەتتە ئالىي ھۆكۈمرانلارنىڭ يېنىدا بۇددا راھىبلىرىنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىدىن چىققان دىنىي ئۇستازلار بولاتتى. ئۇلار ئىدىقۇتلارنى بالا ۋاقتىدىن باشلاپ تەربىيەلەپ، ئىدىقۇت تەخت ۋارىسلىرىنىڭ دۇنيا قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ياردەم بېرەتتى. راھىبلارنىڭ ۋەكىللىرىمۇ ئىدىقۇتنىڭ يېنىدا بىللە يۈرەتتى، ئىدىقۇت چەت ئەل ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلغاندىمۇ، ئۇلار شۇ سورۇندا بولاتتى. قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئەجدادلىرىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بەزى ئەقىدىلەرنىمۇ ساقلاپ قالغان، كېيىن بۇ ئادەتلەر بۇددىزم ئەقىدىسىگە سىڭىشكەن. قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئۈچۈن ھەر يىلى 3- ئاينىڭ 9- كۈنى روزا تۇتۇش كۈنى ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر يىلدا ئىككى قېتىم (ئەتىياز ۋە كۈزدە) يەر ئىلاھىغا ئاتاپ قۇربانلىق بېرەتتى ۋە قىشتا كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەندە، ئۇنى خاتىرىلەيتتى. ئاھالىلەر باھاردا توپلىشىپ خۇشاللىق بىلەن سەيلە- ساياھەت قىلىپ بۇددا ئىبادەتخانىلىرىغا باراتتى. ئاتلىقلار ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈپ ئوقيا ئاتاتتى، بۇنى ئۇلار «بەختسىزلىكنى قوغلىۋېتىش» دەپ ئاتىشاتتى②.981- يىلى سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندېمۇ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەلچىلىككە كەلگەندە: «ئۇ يەردە 50 تىن ئارتۇق بۇتخانا بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن قويۇلغان يازمىلار (نوملار) بار ئىكەن. بۇتخانىلار

ئىچىدە‹دازاڭجىڭ (چوڭ ئاغلىق نوم)›(大藏经)، ‹تاڭيۈن› (唐韵)، ‹يۈپيەن› (玉篇) ۋە ‹جىڭيىن›(经音)غا ئوخشاش كىتابلار تىپىلدۇ. ئۇ يەردە ئولتۇراقلاشقانلار كۆپىنچە باش باھاردا ساياھەتكە چىقىدىكەن»③ دەپ يازغانىدى.سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن خۇڭ خاۋ ئۆزىنىڭ «دەشت چۆل دىيارىدا ئاڭلىغانلىرىم» ناملىق ئەسىرىدە: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ئائىلىلەرگىچە ئومۇملاشقان، ئۇلار ياسىغان بۇت ھەيكەللىرىمۇ ناھايىتى ئوبرازلىق، ھەر قېتىملىق پەرىز بايراملىرىدا ئۇلار قوي سويۇپ ياكى ئېچىتىلغان مەيىزاپلار بىلەن بۇت ھەيكەللىرىنىڭ يۈزىنى قىپقىزىل بويايدۇ. ئۇلار بۇددىغا تاۋاپ قىلغاندا، مەدھىيە ئوقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇددىغا بولغان ئېھتىرامىنى بىلدۈرىدۇ. راھىبلىرى نوم تەپسىر قىلغاندا، ئۇچىسىغا كاسايا ئارتىپ، ئەنەتكەك تىلىدا دۇرۇت ئوقۇيدۇ»② دەپ يازغان.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان كۇچا رايونىدىمۇ بۇ مەزگىلدە بۇددىزىم راسا گۈللەنگەن. تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ مەزگىلدە كۇچادىكى بۇددىزىم تەرەپدارلىرى بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بۇددىزىمى بىلەن قويۇق ئالاقە ئورناتقان بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، شەرق بىلەن غەربنىڭ بۇددا مەدەنىيىتىنى ئالماشتۇرۇش جەھەتتە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. سۇڭ سۇلالىسى تارىخنامىلىرىدە: «مىلادىيە 976- يىلى (تەيپىڭ شىڭگو سەلتەنىتىنىڭ تۇنجى يىلى) شىجۇدىكى كۇسەن بەگلىكى سۇڭ سۇلالىسىغا ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئىچىدە بۇددا ۋە مانى راھىبلىرى بار ئىدى» (قايسى كىتابتا شۇنداق دېيىلگەن؟ ئېنىق بولسۇن) دەپ يېزىلغان. «داجۇڭ شياڭفۇنىڭ 6- يىلى (مىلادىيە 1003- يىلى) كۇسەنلىك راھىب يىشىۇ (义修) چەكمە نوم (نوم چەكمە)، پىپالا دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى (菩提印叶)، تەسۋى (پاساكەمالا)، شارىپۇترا (قۇمرا، يەنى جەسەت كۈلى قۇتىسى)، كەمەر قاتارلىق بويۇملارنى سوغا قىلدى» دېيىلگەن (قايسى كىتابتا شۇنداق دېيىلگەن؟ ئېنىق بولسۇن). «سۇڭنامە»دە: «شاۋشىڭنىڭ 3- يىلى (مىلادىيە 1094- يىلى) كۇسەنلىك باش سەردار ئازغۇن سالى قاتارلىق ئۈچ كىشى قاشتېشىدىن ياسالغان بۇتنى تەقدىم قىلدى[. «چيەنشىڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 1010- يىلى) كۇسەن ئەلچىسى راھىب جىيۇەن بۇددانىڭ جەسەت كۈلى قۇتىسى بىلەن چەكمە نومدىن بىرنى سوۋغا قىلدى»②. «تيەنشىڭنىڭ 5- يىلى (مىلادىيە 1021- يىلى) كوسەن ئەلچىلىرى كېلىپ بۇددا كالامىدىن بىرنى تەقدىم قىلدى»③ دەپ خاتىرىلەنگەن.

بۇ مەلۇماتلاردىن، 10-، 11- ئەسىرلەردە كۇسەندە بۇددىزىمنىڭ يەنىلا راۋاجلىنىش باسقۇچىدا تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. گەرچە بۇ مەزگىلدە كۇسەنىنىڭ غەربىدىكى قاراخانىيلار تەۋەسىدە ئىسلام دىنى ئومۇملىشىپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما خوتەن بىلەن بولغان ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش قاراخانىيلار سۇلالىسىنى خېلىلا ھالسىرىتىپ قويغان. كۇسەنگە نىسبەتەن قاراخانىيلار سۇلالىسى بىر

تەھدىت بولسىمۇ، ئەمما بۇ مەزگىلدىكى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى يەنىلا كۈچلۈك دېيىشكە بولاتتى. شۇڭا، ئۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش ھەرىكەتلىرىگە ئوڭۇشلۇق ھالدا تاقابىل تۇرۇپ، بۇددىزمنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك راۋاجلىنىش ھالىتىنى ساقلاپ قالغان.

بۇددا دىنىنىڭ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا ئاساسلىق دىنىي ئېتىقاد بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر راھىبلىرى ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونى بويىچە بۇددا دىنىنىڭ ئەڭ ئاكتىپ تارقاتقۇچىلىرى ۋە ۋەكىللىرى بولۇپ قالغانىدى. ئۇيغۇر راھىبلىرىنىڭ دىن تارقىتىش پائالىيىتى يالغۇز تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان بولۇپ، ئۇلار يەنە تاڭغۇت خانلىقى تەۋەسىدىمۇ يۈكسەك ئابرويغا ئىگە ئىدى. تاڭغۇت ھۆكۈمرانلىرى گەرچە بۇددا دىنىغا ئىخلاسمەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بۇددىزمغا ئائىت بىلىملەر، شۇنداقلا بۇددا دىنىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قۇرۇلۇشلار، سەنئەت (تاشكېمىر رەسىملىرى،

تاڭغۇت خانلىقىنىڭ خانى يىزۈڭ (مىلادىيە 108~ 1067- يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) ۋە ئۇنىڭ ئانىسى مۇ ساڭشى بۇددا دىنىغا ئىنتايىن ئىخلاسمەن ئىدى. يىزۈڭ خان پايتەخت شىڭچىڭفۇدا چېڭتيەن ئىبادەتخانىسىنى سالدۇرغان بولۇپ، ئانا-بالا ئىككىسى دائىم كېلىپ بۇ ئىبادەتخانىدا ئۇيغۇر راھىبلىرىنىڭ نوم مۇتالىئەلىرىنى ئاڭلايتتى. تارىخنامىلەردە بۇ ھەقتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «لەشكەر ۋە پۇقرالاردىن نەچچە 10 مىڭ كىشىنى يىغىپ، شىڭچىڭفۇنىڭ غەربىدە كاتتا ئىبادەتخانا سالدۇرۇپ، نوملارنى ساقلاپ، ئۇنىڭغا‹چېڭتيەن›دەپ نام بەردى. ئۇيغۇر راھىبلىرى مۇنبەردە ئولتۇرۇپ نوم مۇتالىئە قىلدى، مۇ ساڭشى ۋە لياڭزو ۋاقىت تاپسىلا كېلىپ ئاڭلايتتى». ئۇيغۇر راھىبلىرىنىڭ داڭقى تاڭغۇت خانلىقىدىن ھالقىپ، لياۋ سۇلالىسىغىمۇ تارقالغان. مىلادىيە 1067- يىلى تاڭغۇت خانلىقىنىڭ لياۋ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن، نۇقۇل دىنىي تۈس ئالغان بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى لياۋ سۇلالىسىغا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن بىر بۇت ھەيكىلىنى ۋە بۇددا دىنىي كىتابلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى تەقدىم قىلغاندىن باشقا، يەنە لياۋ سۇلالىسىغا بىر ئۇيغۇر راھىبنى تونۇشتۇرغان. بۇ، ئۇيغۇر راھىبلىرىنىڭ لياۋ سۇلالىسىدىمۇ ناھايىتى يۈكسەك ئابرۇيي قازانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مۇزىكا-ئۇسسۇللىرى) قاتارلىق تەرەپلەردە ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا كۆپ ئاجىز ئىدى. شۇڭا، ئۇلار سىياسىي جەھەتتە ئۆزلىرى دۈشمەنلىشۋاتقان قوچۇ ئۇيغۇرلىرىدىن بۇددىزم مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئۇيغۇر راھىبلىرىنىڭ تاڭغۇت خانلىقىدىكى مۇھىم پائالىيەتلىرى بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋە شەرھلەپ چۈشەندۈرۈش ئىدى. مەسىلەن، يۈەنخاۋ تاڭغۇت خانلىقىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، پايتەخت شىڭچىڭفۇدا تاڭغۇت خانلىقى بويىچە كۆلىمى ئەڭ زور بولغان، ئاساسلىق ئىمارەتنىڭ ئېگىزلىكى بىرقانچە جاڭ كېلىدىغان گاۋتەيسى (ئېگىز بۇتخانا) ناملىق بىر بۇتخانا سالدۇرۇپ، شەخسەن ئۆز نامىدىن نۇرغۇن ئۇيغۇر راھىبلىرىنى بۇ يەرگە كېلىپ دىنى

پائالیيەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا، بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىشقا تەكلىپ قىلغان. تارىخنامىلەردە: «بۇ جايدا كۆپلىگەن ئۇيغۇر راھىبلىرى بار، ئۇلار نوملارنى يېشىپ، تاڭغۇت يېزىقىغا تەرجىمە قىلدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن.

مەنبە: ئاكادېمىيە كونا تور بېتى

# 6- قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات

ئەلى غوپۇر

قىسقىچە مەزمۇنى: مىلادىيە 9- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى دەۋرلىرىدىن 13-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شىمالى، ئىسسىق كۆل ۋە ئىلى دەريا ۋادىلىرىدا قاراخانىلار خانلىقى(مەھمۇت قەشقەرىنىڭ سۆزى بويىچە «خاقانىيە») دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بىر خانلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. بۇ ماقالىدا مەزكۇر خانلىقنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يەنمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئانالىز قىلىش ۋە يېڭى ماتېرىياللار ئاساسىدا شەرھلەش ئارقىلىق قاراخانىلار خانلىقىنى ئۇيغۇرلار قۇرغان دېگەن قاراش گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.




قاراخانىلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات

(1)

قاراخانىيلار خانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بىر خانلىق. قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر بولغان مەيلى تارىخى تەزكىرە ياكى تىلشۇناسلىق ئەسەرلىرى بولسۇن، مەزكۇر خانلىقنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە قۇرۇلغان ۋاقتىغا نىسبەتەن بىر قىسىم پارچە-پۇرات مەلۇماتلاردىن باشقا ئېنىقراق بىرەر ئۇچۇر بەرمىگەن. شۇڭا، مەزكۇر خانلىقنىڭ قۇرغۇچىلىرى ھەققىدىكى تالاش-تارتىشلار 1756-يىلى فرانسىيلىك ئالىم يوسىف.دېگۇيىنىس«ھۇنلار، تۈركلەر، موڭغۇللار ۋە تاتارلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى»دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، تۇنجى بولۇپ قاراخانىيلار خانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن ۋە مەزكۇر خانلىقنى ئۇيغۇرلار قۇرغان(1) دېگەن يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويغاندىن تارتىپ تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنى ۋاقتىنىڭ ئىلگىر-كېيىنلىك تەرتىۋى بويىچە تۆۋەندىكى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ بايان قىلىشنى لايىق تاپتىم.

بىرىنچى، 1756-يىلدىن1953-يىلغىچە. بۇ باسقۇچتىكى تەتقىقاتلارنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە گېرمانىيلىك ئالىم پىرتساك «قاراخانىيلار»دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭدا ئالىملارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى تۆۋەندىكىدەك ئومۇملاشتۇرغان.

1. قاراخانىيلار خانلىقىنى ئۇيغۇرلار قۇرغان دېيىش]يوسىف.دېگۇيىنىس، 1756-يىلى؛ بىرتشنېيدىر (Asiatic Resources, Uigurs Medival Researches from Eastern)؛ ۋاڭ رىۋېي 1935-يىلى؛ يۇتىيەنخېڭ 1947-يىلى[.

2. تۈركمەنلەر قۇرغان دېيىش(ج.ۋ.ھامىر-پۇرگىستال، 1835-يىلى).

3. ياغمىلار قۇرغان دېيىش(بارتولد،1898-يىلى).

4. قارلۇقلار قۇرغان دېيىش(ف.گېرنىارد، 1900-يىلى).

5. قارلۇق-ياغما دېيىش(م.ئع.كوپۇرلۇ، 1927-يىلى).

6. چىگىللار قۇرغان دېيىش(بارتولد، 1927-يىلى).

7. تۈركلەر قۇرغان دېيىش(ئەخمەد زەكى ۋەلىدى توغان، 1939-يىلى).

1953-يىلى پرتساك «قاراخانىيلار سۇلالىسى خان جەمەتى قارلۇق خان جەمەتىدىن -تۈركلەرنىڭ ئاشىنا خان جەمەتىدىن كېلىپ چىققان؛ چىگىل ۋە ياغمىلار قارلۇق قەبىلىسىنى تەشكىل قىلغان ئۈچ تەركىبى قىسىم ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغان ئىككىسى. قارلۇقلار 744-يىلىدىن 840-يىلىغا قەدەر ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى؛ شۇڭا ئۇنىڭ تۈركمەن دېگەن سىياسي نامىمۇ بار...لېكىن ئۇلار 840-يىلىغىچە يەنىلا ئۇيغۇر خانلىقىغا قارام ئىدى. 840-يىلى، سىياسي-مەدەنىي تۈزەلمىسىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. قىرغىزلار(«ھەقىقىي قىرغىزلار»)نىڭ زەربىسىدە، ئۆتكەن تېغى باغرىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى ھالاك بولدى. قىرغىزلار تۈركلەرنىڭ ئەنئەنىسىگە ھۆرمەت قىلمايتتى، شۇڭا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشى يەنە، ئۆتكەن تېغىنى ئىگىلىگەنلىك يايلاق ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكمرانلىق ھوقۇقىغا ئېرىشكەنلىكتۇر دېگەن بۇ ئەنئەنىۋى قاراشنىڭمۇ يوقالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. چۈنكى ئۇيغۇرلار ئەسلىدىلا شەھەر مەدەنىيىتى ۋە يېڭى تەسىرلەرنى قوبۇل قىلغان، ئەمدىلىكتە ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىلىرنى قەدىرلىمەيدىغان بولغانىدى. شۇڭا، شامانىزم ئېتىقادىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان قارلۇقلارنىڭ يابغۇسى—ئاشىنا بۈيۈك خان خان جەمەتىنىڭ ئەۋلادى(ئاشىنا سۆزى ئىپتىدائىي تۈرك-موڭغۇل تىللىرىدا «بۆرە»دېگەن مەنىدە)يايلاقنىڭ ھۆكمرانى بولدى، ھەمدە قاغان(قارا قاغان)دېگەن نامنى قوللاندى. خان ئوردىسى(پاناگاھى)بولسا، چۇ(سوياب)دەرياسى بويىدىكى بالاساغۇن ئەتراپىدا بولۇپ، تارىخىي ماتېرىياللاردا قارا ئوردا ياكى قۇز ئوردا دەپ ئاتالغان.

خانلىق ئالتاي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئىككى خانلىققا ئايرىش ئادىتى بويىچە، ئۆز خانلىرىنىڭ ھۆكمرانلىقىدىكى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن(قوش خانلىق تۈزۈم قوللانغان). شەرقىي تارماقنىڭ ھۆكمرانى، يەنى چوڭ قاغان ئارسلان قارا قاغان دېگەن ھۆرمەت نامى بىلەن قارا ئوردىدا تۇرغان؛ شۇنداقلا ئۇ يەنە نەزىرىيە جەھەتتىن قاراخانىيلار خانلىقى پۈتكۈل خان جەمەتىنىڭ ئالىي ھۆكمرانى ئىدى. غەربىي تارماقنىڭ ھۆكمرانى، يەنى مۇئاۋىن قاغان بۇغرا قارا خان دېگەن ھۆرمەت نامى بىلەن ئاۋال تالاستا تۇرغان، كېيىن قەشقەرگە يۆتكىلىپ، كېيىن يەنە تالاسقا قايتىپ شۇ يەردە تۇرغان. ئارسلان ۋە بۇغرادىن ئىبارەت بۇ ئىككى ھايۋانىنىڭ نامى، قارلۇقلارنىڭ ئىككى ئاساسلىق قەبىلە گوروھىنىڭ توتېمىدىن كەلگەن بولۇپ، ئارسلان چىگىللارنىڭ، بۇغرا ياغمىلارنىڭ ئىدى»(2) دېگەن يېڭى قىياسنى ئوتتۇرغا قويۇش بىلەن بۇ قىياس شەرقشۇناسلارنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك دىققىتىنى قوزغىدى. 60-يىللاردىن باشلاپ بەزى ئەسەرلەر روشەن ھالدا ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى.(بارتولد«موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان»غا قاراڭ).

ئىككىنچى، 60-يىللاردىن 2000-يىلىغىچە: بۇ باسقۇچتىكى تەتقىقاتلارغا تۆۋەندىكىلەرنى ۋەكىل خاراكتېرلىق كۆرستىشكە بولىدۇ.

(1) قاراخانىيلار خانلىقىنى ئۇيغۇرلار قۇرغان دېيىش(لىۇ يىتاڭ«ئۇيغۇر تەتقىقاتى»1975-يىلى؛ ياسوبى تاكېئو«غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»بۇ كىتاب ئەسلى 1953-يىلى ياپونىيىدە نەشر قىلىنغان بولۇپ، 1984-يىلى خەنزۇچە تەرجىمىسى جوڭگو ئالىملىرى بىلەن ھەققىي تۈردە يۈز كۆرۈشكەن بولغاچقا، مەزكۇر ئەسەرنى ئەسەرنى 60-يىللاردىن كېيىنكى تەتقىقاتلار قاتارىدا تونۇشتۇردۇق؛ فېڭ جىيا شېڭ، چېڭ سۇلو، مۇگۇاڭۋېن قاتارلىقلار تۈزگەن«ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»1981-يىلى ئىككىنچى قېتىملىق نەشرى؛ لىۇ جىشياۋ«ئۇيغۇر تارىخى»1984-يىلى؛ باسكاكوف«تۈركىي تىللار»1986-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى؛ ۋېي لياڭتاۋ«قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىلى خەنزۇچە نەشرى).

(2) ئۇيغۇرلارنىڭ ياغما قەبىلىسى قۇرغان دېيىش(ھاجى نۇر ھاجى«قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»1984-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى؛ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق«شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»1991-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى؛ رىشات گەنىج«قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»1990 -يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى).

(3) ئۇيغۇر ۋە قارلۇقلار بىرلىكتە قۇرغان دېيىش(ياڭ شېنىبى«ئۇيغۇر تارىخى»1991-يىلى خەنزۇچە نەشرى نەشرى).

(4) شىنجاڭ رايۇنىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان تۈرك قەبىلىلىرى قۇرغان دېيىش(ۋاڭ جىلەي«ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»1999-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى).

(5) قاراخانىيلار خانلىقىنى 9-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 13-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان دەۋرلەردە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربى ۋە پامىر رايۇنىدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر قۇرغان(«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991-يىلى خەنزۇچە نەشرى).

بۇلارنىڭ ئىچىدە ۋېي لياڭتاۋنىڭ قاراخانىيلارغا بېغىشلانغان مەخسۇس تەتقىقات ئەسىرى ۋە ھاجى نۇر ھاجىنىڭ كىچىك ھەجىمدىكى كىتابچىسىنى چىقىرىۋەتكەندە قالغانلىرىنىڭ مەزكۇر مەزمۇن ئۈستىدىكى تەتقىقاتلىرى، ئەسلى تەتقىقات ئوبېكتى ئاساسىدا مەزكۇر خانلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى بايان قىلىش، ياكى مەلۇم سەھىپە ئاجرىتىپ ئومۇمىي ملودىيىنىڭ بىر قىسمى قىلىش بولغاچقا، بۇ قىسمىدا پەقەت ۋېي لياڭتاۋنىڭ قاراخانىيلارغا بېغىشلانغان مەخسۇس تەتقىقات ئەسىرىدىكى گەۋدىلىك بولغان بىر قىسىم كۆز قاراشلارنىلا كۆرسىتىش بىلەن كۇپايىلەندۇق(مەزكۇر تېمىغا بېغىشلانغان ماقالىلارمۇ ئاز ئەمەس ئەمما گەۋدىلەندۈرۈلگەن مەركىزىي ئىدىيىلەردە ئوخشاشلىق كۆپ بولغاچقا، شۇنىڭدەك ماقالىمىزنىڭ مەركىزى نۇقتىسى پەقەت بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كۆرسىتىشلا بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىرمۇ-بىر كۆرسىتىلمىدى).

ۋېي لياڭتاۋ ئەپەندى«قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»دېگەن ئەسىرىدە، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا قاراخانىيلارغا دائىر ئېلان قىلىنغان ئەسەر، ماقالە، ئەرەب-پارىسچە قەدىمكى يازمىلار ۋە جۇڭگونىڭ كىلاسسىك سالنامىلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلار شۇنداقلا پۇلشۇناسلىق ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن قاراخانىيلار خانلىقىنى ئۇيغۇرلار قۇرغان دېگەن مەركىزىي ئىددىيىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئاخىرىدا خۇلاسە سۈپىتىدە مۇنداق يازغان:«مىلادى 840-يىلى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيا ۋەزىيىتىگە يۈز يىلغا يېقىن تەسىر كۆرسەتكەن ئۇيغۇر خانلىقى، ئىچكىي ماجرا، تەبىي ئاپەتنىڭ كۆپ بولۇشىدەك ئەھۋال ئاستىدا، قىرغىزلارنىڭ ئۈشتۈمتۇت ھوجۇمى سەۋەبىدىن تارمار بولۇپ بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ بىر تارمىقى پان تېكىننىڭ باشچىلىقىدا غەربكە قېچىپ قارلۇقلار(يەتتە سۇ)يېرىگە بارغان. ئۇلار بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇرغان. پان تېكىن ئۆزىنى خان دەپ ئاتاپ، بالاساغۇننىڭ يېنىدىكى قارا ئوردۇ دېگەن جايدا ئوردا قۇرغان ھەمدە زېمىنىنى ناھايىتى تېزلىكتە تاڭ سولالىسىنىڭ ئەنشى ۋە بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق كۆپ قىسىم جايلارغىچە كېڭەيتكەن»(3).

ئۈچىنچى، 2000-يىلىدىن ھازىرغىچە: بۇ باسقۇچتىكى تەتقىقاتلاردىن بۇرۇنقىلارغا ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىغان كۆز قاراشلار خۇا تاۋ ئەپەندىنىڭ «8-10-ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»(2000-يىلى خەنزۇچە نەشرى)دېگەن كىتابى، مياۋ پۇشېڭ، تيەن ۋېيجياڭلارنىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن«شىنجاڭ تارىخىدىن مۇھىم بايانلار»(2004-يىلى خەنزۇچە نەشرى)ۋە لى شۇخۇي ئەپەندىنىڭ «قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە قۇرۇلغان ۋاقتى ئۈستىدە تەتقىقات»(«غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»2004-يىللىق 4-سان)دېگەن ئەمگەكلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، مەزكۇر ئەسەر ۋە ماقالىلاردا تۆۋەندىكىدەك قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

(1) خۇا تاۋ ئەپەندى ئۆز كىتابىدا بۇرۇنقى تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن باشقا ئىسلام ئاپتورلىرىنىڭ «مۇلھەقەتۇل سۇرراھ»، «ھودۇد ئەل ئالەم»، «زەينۇل ئاخبار». «مۇجمەل تاۋارىخ ۋە قىساس»قاتارلىق بىر قىسىم ئەسەرلەردىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مۇنداق يەكۈن چىقارغان:«ياغمىلاردىن چىققان دېگۈچى ئالىملار بۇ جەدۋەلدىكى(خۇا تاۋ ئەپەندى سىزىپ چىققان مۇسۇلمان ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى شەرقتىكى ھۆكمرانلارنىڭ ئاتاق جەدۋىلى)ياغما خانىنىڭ ئاتىقىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ياغما خانى بۇغراخان دەپ ئاتالغان ئىكەن ، ئۇنداقتا بۇ ئاتاقنى قوللانغان قاراخانىيلار خان جەمەتى تەبىئىي ھالدا ياغما قەبىلىسىگە تەۋە بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. لېكىن، بۇنداق تەتۈر دەلىل كىشىنى ھەرگىز قايىل قىلالمايدۇ. بىرىنچىدىن، جەدۋەلدىكى خاتىرىدىن قارىغاندا، ‹بۇغراخان›ياغمىلارنىڭ بىردىنبىر ياكى ئەڭ مۇھىم ئاتىقىدەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەتتە ‹بۇغراخان›قاراخانىلار قوللانغان كۆپ خىل ئاتاقلارنىڭ بىرى.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›دا، ‹بۇغرا›غا مۇناسىۋەتلىك ماددىدا مەزكۇر سۆزنى‹ئەركەك تۆگە›دېگەن مەنىدە دېگەن. پەقەت بىرلا يەردە قاراخانىلار خانلىرىنىڭ ئاتىقى سۈپىتىدە تىلغا ئالغان. ئېنىقكى، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ نەزىرىدە بۇ ئاتاق ئەڭ مۇھىم ئاتاقلار تەركىبىدە ئەمەس ئىكەن. ئىككىنچىدىن، ئەڭ مۇھىمى‹مۇجمىل تاۋارىخ ۋە قىساس›دىكى بۇ ماتېرىيالنىڭ ئىشەنچلىكلىكىگە بىر نىمە دېيەلمەيمىز ھەم مۇئەللىپى نامەلۇم بۇ ئەسەردىكى جەدۋەلدە‹ياغما خانى›بىلەن‹قەشقەر خانى›نى بىرگە كۆرسەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنىمۇ شەرھلەپ بېرەلمەيمىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ ماتېرىيالنىڭ كېلىش مەنبەسى جەھەتتىن‹ھودۇد ئەل ئالەم›، ‹زەينۇل ئەخبار›بىلەن مەلۇم مۇناسىۋىتى بار بولغان جەدۋەلدىكى خاتېرىنى ئىنكار قىلىشقا ئامالسىز قالغان تەقدىردىمۇ، بىزمۇ قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىنىڭ ياغمىلاردىن چىققان دېگەن قىياسنى بېكىتكىلى بولمايدىغان يېگانە ئىسپاتلىقنى جاكارلايمىز....پىرتساكنىڭ ‹قاراخانىلارنىڭ خان جەمەتى قارلۇقلاردىن كېلىپ چىققان›دېگەن قارىشى ئۈچۈن تەمىنلىگەن ماتېرىياللىرىمۇ پۈت دەسسەپ تۇرالمايدۇ...قارىغاندا‹قارلۇقلاردىن چىققان›دېگەن قىياس ئازراقمۇ ھەمدەمچى ئىسپاتقا ئېرىشەلمىگەن يېتىم ماتېرىيال ئىكەن»(4).

«قارلۇقلاردىن چىققان»دېگەن قىياسنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىيال يېتەرلىك بولمىسىمۇ،«تارىخى كاشغەر»دىكى بىلگە كۆلگە دائىر خاتېرىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى بار. بۇ سۇتۇقنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى تەڭرى تېغىنىڭ غەربىي قىسمىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قاراخانىيلارنى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىلا ۋۇجۇتقا كەلگەن، دېگەن قىياسنى پۈت تېرەپ تۇرغۇزماقچى بولساق، تېخىمۇ چوڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا كىشىلەر بەلكىم بۇ قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيدىغان تولۇق تارىخى ماتېرىيالنى مەڭگۈ تاپالماسلىقى مۇمكىن. نۆۋەتتە دۆلىتىمىز ئىچى-سىرتىدىكى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ ئېيتساق، «ئۇيغۇرلاردىن چىققان»دېگۈچىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى بولسا«جىن سۇلالىسى تارىخى.جەن گېخەننۇ تەزكىرىيىسى»دىكى بىر ئابزاس خاتىرىدىن ئىبارەت، يەنى دادىڭ سەلتەنەت دەۋرى(1161ـ1189)دە لياۋ سۇلالىسگە كەلگەن ئۇيغۇر ئىسلام «ئېلىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ 邹括番 قەبىلىسىدىن، تۇرىۋاتقان شەھرىمىز قۇز ئوردۇ»دېگەن. بىراق، بىز بۇ تارىخى ماتېرىيالنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا مۇنداق ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. بىرى، «تارىخى كاشغەر» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى بايانلاردىن قارىغاندا، 11ـئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە قاراخانىيلىقلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى تارىخى ۋە مىللەت مەنبەسىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، «تارىخى كاشغەر»دە سۇتۇقنىڭ كېلىپ چىقىشىنى «ئاپراسىياب بىننى بەشانك ئاست(؟)بىننى راسمان»دېيىلگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تېخىمۇ ئىلگىرلەپ، قاراخانىلارنىڭ خانلىرى، خاتۇن، خېنىم، تېكىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاپراسىيابنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى جاكارلاپلا قالماي، يەنە

ئاپراسىيابنى «تۈركلەرنىڭ ئاقساقىلى» دەپ جاكارلىغان ھەم قاراخانىيلار تەۋەلىكىدىكى بەزى شەھەرلەرنىڭ تارىخىنى ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن باغلاپ قويغان («قەشقەر» ۋە «بارىسخان»ماددىسىغا قاراڭ). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇئەللىپ مەھمۇد كاشغەرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىركى پائالىيەت رايونى بولمىش گوبى ئىگىزلىكىگە نىسبەتەن ناتونۇش بولۇپ، ئۆتكەن تېغىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدىكەن. يەنە بىرى بولسا، موڭغۇل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە شەرىق خەنزۇچە ۋەسىقىلىرىدە بەزى ۋاقىتلاردا، «ئۇيغۇر»دېگەن نام تەڭرى تېغى رايونى ھەتتا تەڭرى تېغىنىڭ غەربىي قىسىم رايونلىرىدىكى تۈركىي تىللىق قوۋملەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرسەتكەن. مەسىلەن،«چيۇ چۇ جى ھەزرەتنىڭ غەربكە ساياھىتى»دىكى «ئۇيغۇر»، ئۇيغۇر ئىدىقۇتنىڭ ھۆكمرانلىقىدىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان رايونلاردىكى ئاممىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، بەلكى يەنە جانبالىق(ھازىرقى سانجى)نىڭ غەربىدىكى مۇسۇلمان تۈركىي تىللىق قوۋملارنى، ھەتتا خارازىم قاتارلىق جايلاردىكى كىشىلەرنىمۇ كۆرسەتكەن. يەنە مەسىلەن، چىڭگىزخان شەخسەن ئۆزى جازا يۈرىشى قىلغان «ئۇيغۇر تاغ ئوغرىلىرى»نىمۇ كۆرسەتكەن. شۇڭا، 12-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا شەرىققە كەلگەن سودىگەرلەر يەنى ئاتالمىش قۇز ئوردۇ(بالاساغۇن) لۇق «ئۇيغۇر»لارمۇ بەلكىم مۇشۇنداق ئومۇمىي نام بولۇشى مۇمكىن. قىسقىسى، سۇتۇق بۇغراخان ۋە قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى بېكىتىشكە ھازىرغىچە يېتەرلىك ماتېرىيال كامچىل. لېكىن، دەل سۇتۇقنىڭ رەھبەرلىكىدە كاشغەردىكى تۈركى قوۋملار تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركى قوۋملارنىڭ ئىسلاملىشىشىدا ماھىيەتلىك ئەھمىيەتكە ئىگە تۇنجى قەدەمنى باسقان(5).

(2). مياۋ پۇشېڭ، تيەن ۋېيجياڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «شىنجاڭ تارىخىدىن مۇھىم بايانلار»دا قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق بايان قىلىدۇ:«ماتېرىياللارنىڭ كامچىل بولۇشى سەۋەبىدىن، نۆۋەتتە مەزكۇر ھاكىمىيەتنىڭ خان جەمەتىنىڭ قايسى مىللەتتىن چىققانلىقىنى بېكىتىشكە بولمايدۇ. ھازىر ساقلىنىۋاتقان ھۆججەتلەرگە ئاساسەن، سۇلالىنىڭ ھۆكمرانلار سىنىپىنىڭ ئېھتىمال ئۇيغۇر، قارلۇق، ياغما، چىگىل، چومۇل، ئوغراق، چارۇق ۋە بىر قىسىم ئاسسىملاتسىيلەشكەن سۇغدىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. خاندانلىق زېمىندا ياشىغۇچى مىللەتلەر كۆپ بولۇپ، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان كۆچمەن چارۋىچى قوۋملار ۋە ئىران تىللىدىكى دېھقانچىلىق قىلىدىغان يەرلىك خەلقلەرنى ئاساس قىلغان، يەنە بىر قىسىم بۇرۇن ئولتۇراقلىشىپ قالغان خەنزۇلار ۋە تىبەت قاتارلىقلار بولغان.(6)

(3). لى شۇخۇي ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، قارخانىيلار خانلىقىنى 9-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدا ئوغۇزلارنىڭ قىنىق قەبىلىسى قۇرغان. قىنىق قەبىلىسى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ يادرو قەبىلىسى بولۇپ، بىلگە كۆل قادىرخان ئۇنىڭ تۇنجى قاغاندۇر، كېيىنكى قاغانلارمۇ مەزكۇر قەبىلىدىن چىققان.(7)

يۇقارقىلار بولسا قاراخانىيلار خانلىقىغا جۇملىدىن مەزكۇر خانلىقنىڭ قۇرغۇچىلىرىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ ئومۇمىي كارتىنىسى بولۇپ، مەزكۇر تېمىمىزدا ئۈچىنچى باسقۇچ يەنى، 2000-يىلدىن كېيىنكى تەتقىقات نەتىجىلىرنى چۆرىدىگەن، بۇرۇنقىلارنىڭ ئەمگەكلىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغان ئاساستا قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ قايسى خەلققە مەنسۇپلىقى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىدۇ.(2)

قاراخانىلار خانلىقىغا دائىر ماتېرىياللاردىن مەزكۇر خانلىقنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان بۈيۈك ئالىم مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن باشقا ئەبۇ فازىل ئىبىن مۇھەممەت(8) نىڭ «سۇرراھ لوغىتىگە تولۇقلىما»دېگەن ئەسىرى ئەڭ نوپۇزلۇق ئەسەرلەردىن بولۇپ، ھەر ئىككى مۇئەللىپ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى مەزكۇر خانلىقنىڭ ئاستانىسى بولغان قەشقەردە ئۆتكۈزگەن. گەرچە جامال قارشى قەشقەرگە كەلگەن ۋاقىت قاراخانىيلار خانلىقى مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقىنىغا يېرىم ئەسىر بولغان بولسىمۇ، ئۇ بۇ يەردە يەنىلا مەزكۇر خانلىقنىڭ تارىخىغا دائىر بولغان قىممەتلىك مىراس-شەيخ مۆتىۋەر، ئىستىداتلىق ئىمام ئەبۇ ئابدۇللا ھسەيىن پەزلىنىڭ ئوغلى، كامىل ئىمام ئەبۇل پۇتۇخ ئابدۇلغاپپار كاشغەرىنىڭ «كاشغەر تارىخى»(ھازىر يوقالغان)دېگەن ئەسىرى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېگە بولغان. ھەمدە ئۆز كىتابىغا مەزكۇر ئەسەردىن ئۆزۈندىلەرنى كىرگۈگەن.

مۇئەللىپ «سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما»نىڭ «ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى ماۋارەئۇننەھىر ۋە باشقا جايلاردىكى مەشھۇر تۈرك خاقانلىرىنىڭ تەزكىرىيسى»دېگەن تېمىسى ئاستىدا مۇنداق يازىدۇ:«سۇتۇق بۇغراخان ‹غازات باتۇرى›ئابدۇلكەرىم بىننى بازىر ئارسلان خان بىننى بىلگە كۆل قادىرخان بولسا ئاپراسىياب بىننى بەشەنەك ئاس بىننى رەسمانىنىڭ نەسلىدىن. ... سۇتۇق بۇغراخان بولسا پەرغانە ۋە كاشغەردە مۆئمىنلەرنىڭ ئەمرى، ئاللاغا ئىتائەت قىلغۇچى، ئەمىر رەشىد ئابدۇلمەلىك بىننى نوھ سامانىينىڭ خەلىپىلىك قىلىۋاتقان دەۋرىدە تۈرك خانلىرىدىن تۇنجى مۇسۇلمان بولغان زات. شەيخ مۆتىۋەر، بۈيۈك ئىمام ئەبۇ ئابدۇللا ھۇسەيىن پەزلىنىڭ ئوغلى، كامىل، ئىستىداتلىق، راستچىل، پاساھەتلىك ئىمام ئەبۇل پۇتۇھ ئەبدۇلغاپپار ئۆزىنىڭ «كاشغەر تارىخى»دېگەن ئەسىرىدە سۇتۇق بۇغراخان بىلەن ئەمىر رەشىد ئابدۇلمەلىك بىننى نوھ سامانىينى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، تۈرك ئەللىرىدە ئەڭ دەسلەپ ئىسلام دىنىغا كىرگىنى شاش ئېلى ئىدى، شاشلىقلار بىلگە كۆل قادىرخان دەۋرىدە ئىسلام دىنىغا كىرگەن. ئەمىر نوھ بىننى مەنسۇر بىلگە كۆل قادىرخانىنىڭ ئېلىگە لەشكەر تارتىپ تالاسقىچە كەلگەن. ئەمىر نوھ بىننى مەنسۇر مال-دۇنيالارنى ئېلىپ چېكىنىپ كەتكەن. ئەينى ۋاقىتتا نوھ بىننى مەنسۇر ۋاپات بولغىچە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا خەت-ئالاقە داۋاملىشىپ تۇرغان. ئىسمايىل بىننى مەنسۇر تەختكە چىققاندىن كېيىن ئاكىسىنىڭ نامىدا قادىرخان بىلەن بولغان ئالاقىنى داۋاملاشتۇرغان. تۈركلەرنىڭ ھۆكمرانلىقى بازىر ئارسلان خاننىڭ قېرىندىشى ئوغۇلچاقنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن،

تۈرك خانلىرى ئىسلام ئەلچىلىرىنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلمايدىغان بولدى. كېيىن ناسىر بىننى مەنسۇر ئاكىسىدىن قېچىپ قەشقەرگە قېچىپ باردى. ئوغۇلچاق ئۇنى ئالاھىدە مېھمان قاتارىدا كۈتۈپ‹ئۆز ئۆيىڭىزدىكىدەك تۇرۇۋېرىڭ، قېرىندىشىڭىز سىزگە جاپا قىلغان بولسا مەن سىزگە ۋاپا قىلىمەن›دېگەن ھەم ئۇنى ئارتۇچنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىگەن»(9).

بىز بۇ مەلۇماتتىن قاراخانىيلارنىڭ تۇنجى خاقانىنىڭ بىلگە كۆل قادىرخان ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز، ھەمدە بىز يۇقارقى ماتېرىياللارنى جوڭگونىڭ كلاسسىك سالنامىلىرىدىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر بايانلارغا ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى مۇناسىۋەتلىك سۆزلەملەرگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مەسىلىنىڭ خۇلاسىۋى ئەپەندى ئېيتاقدەك«11-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە قاراخانىيلىقلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى تارىخى ۋە مىللەت مەنبەسىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇشى... شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇئەللىپ مەھمۇد كاشغەرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىركى پائالىيەت رايونى بولمىش گوبى ئىگىزلىكىگە نىسبەتەن ناتونۇش بولۇپ، ئۆتكەن تېغىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەي»دىغان ھالەتتە ئۇنداق ئاددىي ئەمەسلىكىنى، بىلەلەيمىز. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىيسى(217-جىلد 1-قىسمى)»دە ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىغا دائىر مۇنداق مەلۇماتنى ئۇچرىتىمىز:«تيەنباۋنىڭ تۇنجى يىلى (742) گۇربالا قارلۇقلار بىلەن بىرلىشىپ ئۆزلىرىنى ئوڭ سول ‹يابغۇ›دەپ ئاتاپ، باسمىللارغا ياردەملىشىپ قۇتلۇق قاغاننى يوقاتتى. ئۈچ يىلدىن كېيىن، باسمىللارغا ئۇشتۇمتۇت ھوجۇم قىلىپ، ئېلتىرىش قاغاننى ئۆلتۈرۈپ، ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزىنى كۈچلۈك بىلگە كۆل قاغان دەپ ئاتىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. تەڭرىقۇت ئۇنىڭغا ‹دىيانەتلىك خان›دېگەن ئاتاقنى بەردى»(10) بۇ مەلۇمات بىزگە «كۈچلۈك بىلگە كۆل قاغان»دېگەن نامنىڭ خاننىڭ ئىسمى ئەمەس خانلىق ئاتىقىنىڭ ھۆرمەر نامى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ«ئۇيغۇر خانى كۆل بىلگە خان دەپ ئاتىلاتتى، بۇ ئەقلى سۇ يىغىلغان يەرگە، يەنى كۆلگە ئوخشاش كەڭ دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ئەقىللىق كىشى ‹بۆگۈ بىلگە›دەپ ئاتىلىدۇ»(11)دېگەن بايانلىرىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ ئىككى خانلىقنىڭ تۇنجى قۇرغۇچىلىرىنىڭ نامىدىكى بىردەكلىك بۇ ئىككى خانلىقنى قۇرغان كىشىلەرنىڭ ئەجدادلىرىدا مەلۇم ئورگانىك باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ خىل باغلىنىش 11-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە قاراخانىيلىقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى تارىخى ۋە مىللەت مەنبەسىنى ئۇنتۇپ كەتمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. خۇا تاۋ ئەپەندىنىڭ «مۇئەللىپ مەھمۇد كاشغەرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىركى پائالىيەت رايونى بولمىش گوبى ئىگىزلىكىگە نىسبەتەن ناتونۇش بولۇپ، ئۆتكەن تېغىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدىكەن»دېگەن سۆزى ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئانچە ئەستايىدىل كۆرمىگەنلىكى ۋە ئىنچىكە تەتقىق قىلمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ «ئۆتكەن»ماددىسىدا ئېنىق قىلىپ«ئۆتكەن-تاتار(موڭغۇل)دالاسىدىكى بىر يەرنىڭ نامى. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن»(12) دەپ

مەلۇمات بەرگەن. بۇ بايانلاردىن مۇئەللىپنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى مەزكۇر «ئۇيغۇر ئېلى»نىڭ، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئىكەنلىكى، ئۆتكەن تېغىنىڭ قاراخانىيلارغا قارىغاندا قوچۇ خانلىقىغا جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتىن يېقىنلىقىنى ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسى ناھايىتى ئاسانلا بىلەلەيدۇ. يەنە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەككى مەھمۇد كاشغەرى ئۆتكەن قاتارلىق غەيرى مۇسۇلمان يۇرتلىرى قانداق ئۆلۈق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇلار ئۇستىدە ناھايىتى ئاز توختالغان. مۇئەللىپنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى بۇنىڭغا جانلىق پاكىت بولالايدۇ:«مەن كىتابتا مۇسۇلمان بولغان تۈرك ئەللىرىدىكى تاغلار، چۆللەر، ۋادىلار، دەريا ۋە كۆللەرنىڭ ناملىرىنىلا يازدىم. چۈنكى بۇلار تىللاردا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭمۇ ئاتاقلىقلىرىنىلا يازدىم، ئانچە ئاتاقلىق بولمىغانلىرىنى تاشلىدىم. مۇسۇلمان بولمىغان تۈرك ئەللىرىدىكىلەردىن بەزىلىرىنىڭ ناملىرىنى يازدىم، بەزىلىرىنى تاشلىدىم. چۈنكى ئۇلارنى يېزىشتىن پايدا يوق. تۈركى تىللارغا كېيىن كىرگەن سۆزلەرنىمۇ يازمىدىم. ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئىسىملىرىنىڭمۇ ھەممىسىنى ئەمەس، پەقەت ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ۋە ھەممىگە تونۇش بولغانلىرىنىلا توغرا شەكلىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن كۆرسىتىپ ئۆتتۈم»(13).

ئەمدى بىز «قاراخانىيلار خانلىقىنى ئوغۇزلارنىڭ قىنىق قەبىلىسى قۇرغان»دېگەن قاراشقا كەلسەك، لى شۇخۇي ئەپەندى ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنىڭ پاكىت ئاساسى سۈپىتىدە تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىدۇ:-بىرىنچىدىن، «قاراخانىيلارنىڭ ئاھالىسى ئەزەلدىن ئۆزىنى ‹ئۇيغۇر›دەپ ئاتىمىغان، بۇ سۆز بىلەن مەخسۇس قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسەتكەن»(14). مۇئەللىپ بۇ سۆزىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ «ئۇيغۇر» ماددىسىدىن«ئۇيغۇر، بىر ئەلنىڭ نامى...بۇ ئەلدە بەش شەھەر بار. ئۇنىڭ خەلقلىرى ئەشەددىي كاپىرلار ۋە ئۇستا مەرگەنلەردۇر. بۇ شەھەرلەر بولسا: سۇلمى-بۇ شەھەرنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان، قوچۇ، جانبالىق، بېشبالىق، يېڭىبالىق»دېگەنلەرنى ئۈزۈندە ئېلىپ، ئۆز پىكرى سۈپىتىدە«تېكىستتىكى ‹كاپىر›نىڭ ئالدىغا ‹ئەڭ ئەشەددىي›دېگەن سۈپەت سۆزنى قوشۇشى، ئۇيغۇرلارغا بولغان دۈشمەنلىك كەيپىياتىنى تولۇق ئىپادىلىگەن. ‹دىۋان›نىڭ ئاپتورى قەشقەر ئاھالىسىنىڭ تىلنى ‹خاقانىيە تۈركچىسى›دەپ ئاتىغان. مەھمۇد كاشغەرى بىلەن زاماندىش بولغان بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپ‹قۇتادغۇ بىلىگ›دىمۇ ئۆز ئەسىرىنىڭ تىلىنى ‹ئۇيغۇر تىلى›دېمىگەن. بۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولۇدۇكى، قاراخانىيلىقلار ئۆزلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق يېقىنچىلىق مۇناسىۋەت بار دەپ قارىمىغان». ئىككىنچىدىن، «مەزكۇر خانلىق ئەنشى ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن باشتىن-ئاياق ئېنىق چېگرا-پاسىلنى ساقلاپ كەلگەن. ئەگەر قاراخانىيلار خانلىقىنى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار قۇرغان بولسا، سەۋەپسىزلا ئۆز ئارا قارىمۇ-قارشى، بىر تۇتاش بولمىغان ھاكىمىيەت بولۇپ شەكىللىنىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىغان بولاتتى(مەسىلەن، كۇسەن ئۇيغۇرلىرى، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە گەنجو

ئۇيغۇرلىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى مۇناسىۋەتلىرىگە ئوخشاش). بۇ ئەھۋالمۇ قاراخانىيلار خانلىقىنى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرمىقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ»(15).

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قوچۇ ئۇيغۇرلىرنى«ئەڭ ئەشەددىي كاپىرلار»دېگەن سۆزىگە قاراپلا بۇ ئىككى ئەلنىڭ مۇناسىۋىتى يوق دەپ قاراش ئىنتايىن يېنىكلىك بىلەن چىقىرىلغان ھۆكۈم بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ سادىق مۇخلىسى، ئىسلامنىڭ مەركىزى شەھەرلىرىدىن بولغان باغدادتا ئۆز ئەسىرىنى روياپقا چىقارغان مەھمۇد كاشغەرىنىڭ دىنىي چەكلىمىلىك تۈپەيلىدىن قوچۇ ئۇيغۇرلىرنى «ئەڭ ئەشەددىي كاپىرلار»دەپ ئاتىشى ھەرگىزمۇ ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ« قەشقەر ئاھالىسىنىڭ تىلىنى ‹خاقانىيە تۈركچىسى›دەپ ئاتىغان، مەھمۇد كاشغەرى بىلەن زاماندىش بولغان بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپ‹قۇتادغۇ بىلىگ›دىمۇ ئۆز ئەسىرىنىڭ تىلىنى ‹ئۇيغۇر تىلى›دېمىگەن»لىكىگە كەلسەك، بۇنىڭدىكى پاكىتلار ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، مەلۇم بىر ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئۆز ئەسىرىدە ھەرگىزمۇ «مەن بۇ ئەسىرىمنى پالانى تىلدا يازدىم، مەن پالانى مىللەتتىن»دېمەيدىغانلىقى، مەزكۇر ئەسەرنى كۆرگەن كىشىنىڭ «بۇ ئەسەر پالانى تىلدا ياكى پالانى يېزىقتا يېزىلىپتۇ»دېيىشى ئاندىن ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. ئەمما شۇنىمۇ تەكىتلەپ قويۇش كېرەككى، «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغانلىقىنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ ھەممىسى بىردەك ئېتىراپ قىلغان.

تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر زېمىن جەھەتتىن بىر قەدەر تۇراقلاشقان دەۋردىن، يەنى 5-ئەسىردىن تارتىپ، ئۇلارنىڭ تىللىرى شەرقىي تۈركچە ۋە غەربىي تۈركچە دەپ ئىككى چوڭ قاناتقا بۆلۈندى. ئىسسىق كۆلنى مەركەز قىلغان «تېلي»لەرنىڭ ئوڭ قانىتى غەربىي تۈركىي تىلدا، سول قانىتى شەرقىي تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەر توپلىرى ئىدى. غەربىي قاناتتىكى قەبىلىلەرنىڭ ئاساسىنى ئوغۇز تۈركمەنلىرى، قىپچاقلار تەشكىل قىلاتتى؛ شەرقىي قاناتتىكى قەبىلىلەر توپىنىڭ ئاساسىنى توققۇز ئوغۇزلار يەنى توققۇز ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلاتتى. بۇلارنىڭ تىلى «قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى»ئىدى.

10-ئەسىردىن كېيىن ۋە مەھمۇد قەشقەرى دەۋرىدە، بۇ ئىككى گۇرۇپپا تىلدىن غەربىي قىسىمدىكى خەلقلەر تىلى«ئوغۇز تىلى»دەپ، شەرقىي قىسىمدىكى خەلقلەر تىلى«تۈرك تىلى» دەپ ئاتالدى. بۇ «تۈرك تىلى»قەدىمكى تۈرك(كۆك تۈرك)ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولۇپ، ئۇ قاراخانىيلارنىڭ مەركىزى ئۆلكىسىدىكى شۇنىڭ ئاساس قىلغان ئورتاق ئەدەبىي تىل ئىدى. شۇڭا ئاتاقلىق تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى قاراخانىيلارنىڭ مەركىزى ئۆلكىسىدە ياشىغۇچى خەلقنىڭ تىلىنى ئومۇمىي ئەدەبىي تىلنىڭ ئاساسى دەپ ھېسابلىغان ۋە ئۇنىڭغا «خاقانىيە تىلى»دەپ نام بەرگەن(16).

مەھمۇد كاشغەرى تۈركىي تىللار توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ:«ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە، لېكىن ئۆزئارا سۆزلىشىدىغان يەنە بىر خىل شىۋىسىمۇ بار. ئۇيغۇرلار كىتابنىڭ باش قىسمىدا كۆرسىتىلگەن 24 ھەرىپتىن ئىبارەت تۈركى يېزىقنى قوللىنىدۇ. كىتاب ۋە خەت-چەكلىرىنى شۇ يېزىق بىلەن يازىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقىمۇ بار. رەسمىي خەت-چەك ۋە ھۆججەتلەرنى شۇ يېزىقتا يازىدۇ. بۇ يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ...تىللارنىڭ يېنىكى ئوغۇز تىلى، توغرىسى توخسى ۋە ياغما تىللىرى، شۇنىڭدەك ئىلى، ئېرتىش، يامار، ئېدىل ۋادىلىرىدىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى خەلقنىڭ تىللىرىدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ پاساھەتلىك تىل خاقانىيىنىڭ مەركىزى ئۆلكىسىدىكى خەلقنىڭ تىلى ھېسابلىنىدۇ»(17). دېمەك، مەھمۇد كاشغەرى پۈتكۈل ئەدەبىي تىلنىڭ ئاساسى دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن خاقانىيە تىلىنى «ئەڭ پاساھەتلىك تىل»دەپ ئاتىغان. شۇنداقلا يەنە «تىل»سۆزىگە تەبىر بەرگەندە يەنە شۇنچە كۆپ تىللارنى قايرىپ قويۇپ ئۇيغۇر تىلىنى مىسال كەلتۈرۈپ«تىل-سۆز. ‹ئۇيغۇر تىلى›، ‹ختاي تىلى›دېگەن سۆز شۇنىڭدىن ئېلىنغان»(18) دەپ مەزكۇر تىلغا نىسبەتەن يېقىنچىلىقنى ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇئەللىپنىڭ «مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار»دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشى تەبىئىي ھالدا بىزنى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى خاقانىيە تۈركلىرى دەل مۇسۇلمان ئۇيغۇرلاردۇر دېگەن قاراشقا كەلتۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ كىتابنىڭ باش قىسمىدىلا«...شۇڭا مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاسىلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن-ئاياق كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى. مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم...»(19) دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بارلىق تۈركى قوۋملارنىڭ تىللىرىنى ئىگىلەش جەريانىنى ئۇقتۇرۇش بىلەن بىرگە ئۆزى ئىگىلەش زۆررۈ بولمىغان «مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار»بىلەن خاقانىيە تۈركلىرىنى بۇ دائىرىگە كىرگۈزمەيدۇ. چۈنكى مۇئەللىپتە بۇلارنىڭ تىلىنى ئىگىلەش زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى.

ئەمدى قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تۇتاش ھاكىمىيەت قۇرمىغانلىق مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەينى ۋاقىتتىكى غەربىي يۇرت ۋەزىيىتى بۇنىڭغا ماس كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «بىر قوۋم چوقۇم بىر خانلىق بولۇپ ئويۇشىشى كېرەك»دېگەن تەلەپنى بىر خانلىقنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ مىللەت مەنبەسىگە سەۋەپ قىلىشمۇ ئانچە ئىلمىيلىك ئەمەس دەپ قارايمىز.

لى شۇخۇي ئەپەندى«قاراخانىيلار خانلىقىنى ئوغۇزلارنىڭ قىنىق قەبىلىسى قۇرغان»دېگەن قارىشىنى يەنىمۇ كەڭ پاكىت ئاساسىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن «تۈركى تىللار دىۋانى»دىن تۆۋەندىكى

ئۆزۆندىلەرنى مىسال كەلتۈرىدۇ:«...مۇشۇ كىتابنى يازغان مەھمۇد ئېيتىدۇكى، بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز بولغان ئەمىرلەرنىڭ ‹خەمىر›دىيىلىشى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن. چۈنكى ئوغۇزلار ‹ئەمىر›دېيەلمەي،‹ا ـ ئېلىف›نى‹خ›غا ئالماشتۇرۇپ‹خەمىر›دەيدۇ. شۇڭا تۈرك ئەللىرىنى ساماني ئوغۇللىرىدىن ئالغان بوۋىمىزنى‹خەمىر تەگىن›دەپ ئاتايدۇ. خۇددى ‹ئۇيغۇر›سۆزىدە كۆرسەتكىنىمدەك، بۇ يەردە ‹ا ـ ئېلىف›ھەرىپى ‹خ›غا ئالماشقان»(«دىۋان»1 ـ توم، 152 ـ بەت). «بۇ بىر ئابزاس ماتېرىيال شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى: قاراخانىيلار خانلىقىنى ئۇنىڭ(مەھمۇت كاشغەرىنى دېمەكچى ـ ئا)ئەجدادلىرى قۇرغان بولۇپ، ئوغۇزلار ساماني ھۆكمرانلىرىنىڭ قولىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئوغۇز قەبىلىسىدىن چىققانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ‹ساماني ئوغۇللىرى›بولسا، نوھ ئىبىن ئەسەد قاتارلىق سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكمرانلىرىنى كۆرسىتىدۇ».(20) لى شۇخۇي ئەپەندى بۇ يەردە جۈملىنىڭ ئىگىسىنى توغرا چۈشىنەلمەي ئوغۇزلار بىلەن مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى خاقانىيە تۈركلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويغان. چۈنكى «ئەمىر»نى «خەمىر»دەيدىغانلار خاقانىيە تۈركلىرى ئەمەس ئوغۇزلاردۇر. «تۈرك ئەللىرىنى ساماني ئوغۇللىرىدىن ئالغان بوۋىمىز»دېگەن سۆزگە كەلسەك، مىلادىيە 999 ـ يىلى قاراخانىلارنىڭ قاغانى ئىلىك ناسىر قوشۇن باشلاپ ماۋارەئۇننەھىر رايۇنى جۈملىدىن سامانىيلارنىڭ ئاستانىسى بۇخارانى ئىشغال قىلىپ سامانىيلار خانلىقىغا خاتىمە بەرگەنلىكى(21) تارىخىي مەلۇماتلاردا ناھايىتى ئېنىق خاتىرلەنگەن. شۇ سەۋەپتىن«تۈرك ئەللىرىنى ساماني ئوغۇللىرىدىن ئالغان»مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بوۋىسىمۇ، خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ قاغانى بولغان بولىدۇ. لى شۇخۇي ئەپەندىنىڭ ئەڭ مۇھىم دەپ قارىغان يەنە بىر دەسمايىسىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئېلىنغان بولۇپ، «ئوغۇز ـ تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى. ئوغۇزلار تۈركمەنلەردۇر. ئۇلار يىگىرمە ئىككى ئۇرۇق بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بار. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ مېلىنى شۇ تامغىلارغا قاراپ تونۇيدۇ. بىرىنچىسى ۋە يېتەكچىسى: قىنىق. زامانىمىزنىڭ سۇلتانلىرى شۇلاردىندۇر»(«دىۋان»1 ـ توم 77 ـ بەت)دېگەن ئۆزىندىنى كۆرسىتىش بىلەن«بۇ خاتىرە ئاپ ـ ئاشكارا خاتاسىز ھالدا شۇنى كۆرسىتىدۇكى: قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ سۇلتانلىرى ئوغۇزلارنىڭ قىنىق قەبىلىسىدىن چىققان»(لى شۇخۇينىڭ ماقالىسى، 57 ـ بەت)دەپ قارىغان.

لى شۇخۇي ئەپەندى بۇ يەردە مۇنداق بىرنەچچە خاتالىقتا يول قويغان. بىرىنچى، «تۈركى تىللار دىۋانى»نىڭ يېزىلغان ئورنى ۋە ئەسەر يېزىلغان تارىخىي شارائىتنى نەزىرىدىن ساقىت قىلىپ قويغان. مەھمۇد كاشغەرى ئۆز ئەسىرىنى«تۈركى تىلنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىش»(«دىۋان»1 ـ توم 5 ـ 6 ـ بەتلەر)ۋە «كىشىلەردە ئوغۇز تۈركمەنلىرىنى بىلىشكە ئېھتىياج بولغانلىقى ئۈچۈن»(«دىۋان»1 ـ توم 38 ـ بەت)ئەينى ۋاقىتتا ئاللىقاچان ئوغۇز تۈركلىرىدىن بولغان سالجۇقلارنىڭ ھامىيلىقىدىكى ئەلگە

ئايلىنىپ قالغان(22) ئەرەب ئاباسسيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى باغدادتا يازغان. ئىككىنچى، «زامانىمىزنىڭ سۇلتانلىرى»دېگەندە مەھمۇد قاشغەرى قاراخانىيلارنىڭ قاغانلىرىنى ئەمەس بەلكى، سالجۇقىيلارنىڭ سۇلتانلىرىنى كۆزدە تۇتقان. چۈنكى «دىۋان»باغداتتا يېزىلىۋاتقان زاماندا، غەربىي قاراخانىيلار خانلىقمۇ سالجۇقىيلارنىڭ ھامىيلىقىدىكى ئەلگە ئايلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراخانىيلارنىڭ قاغانلىرى «سۇلتان»ئاتىقىنى ئىشلەتمىگەن. مەھمۇد كاشغەرىمۇ ئۆز ئەسىرىدە قاراخانىيلارنىڭ قاغانلىرىنى تىلغا ئالغاندا«خان»، «بەگ»دېگەندەك تېرمىنلارنى ئىشلەتكەن. مەسىلەن، «قادىر»سۆزىنى ئىزاھلىغاندا«قادىر-خاقانىيە خانلىرىنى ‹قادىرخان›دېيىش شۇنىڭدىن كەلگەن»(«دىۋان»1-توم، 472-بەت)دەپ ئىزاھات بەرگەن. «ئارسلان-شىر. خانلارغا ئىسىم بولۇپمۇ كېلىدۇ»(«دىۋان»3-توم، 563-بەت)؛ «قارا- خاقانىيە خانلىرى ‹قارا›دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ‹بۇغرا قارا خان›دېگەندەك. بۇ ھەقتە بىر ھېكايە بار. قارا قۇش، بۈركۈت. قارا قۇش-مۇشتەرى يۇلتۇز»(«دىۋان»3-توم 305-306-بەتلەر)؛ «قىلىچ خان-خاقانىيە بەگلىرىگىمۇ مۇشۇ سۆز بىلەن ئات قويۇلىدۇ»(«دىۋان»1-توم، 465-بەت). يۈسۈپ خاس ھاجىپ«قۇتادغۇ بىلىگ»دىمۇ «خاقانىيە بەگلىرى»دېگەن سۆزنى كۆپ ئىشلەتكەن. مەھمۇد كاشغەرى پەقەت ئوغۇزلارنىڭ قەبىلىلىرىنى ساناپ كېلىپ ئەشۇ بىر يەردىلا «زامانىمىزنىڭ سۇلتانلىرى»دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن. بۇ شۈبھىسىزكى ئوغۇز تۈركلىرىدىن چىققان خانلارنىڭ ئالىي نامى ئىدى. ئۈچىنچى، مەيلى لى شۇخۇي ئەپەندى بولسۇن ياكى مەزكۇر ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان باشقا ئالىملار بولسۇن زور كۆپچىلىكى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ تىلى ۋە ۋارىسلىق قىلغۇچىسىنىڭ مىللەت تەۋەلىكىگە قارىتا تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا، مەزكۇر ئەسەردە خاتىرلەنگەن ماقال-تەمسىللەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تېخىچە ئىستىمال قىلىنىپ كېلىۋاتقان ماقال-تەمسىللەر بىلەن سېلىشتۇرۇشقا، «دىۋان»دىكى يىمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، تىبابەتچىلىك ۋە دۇنيا قاراشقا دائىر بايانلارنى كۆپ خىل پەنلەرنىڭ كېسىشتۈرمە نۇقتىسدا تۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا سەل قارىغان. بىز بۇ يەردە گەپنى ئۇزارتماسلىق ئۈچۈن باسكاكوفنىڭ «تۈركىي تىللار ساھەسىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتنىڭ پېشۋاسى تۈركى تىللار دىۋانىنىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقىرى ئىدى. مەھمۇد قەشقىرى سېلىشتۇرما ئاساستا ئۇيغۇر تىلىدىن مىساللارنى كەلتۈرىدۇ. بۇ تىل دىۋاندا تۈركى تىل ياكى خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ تىلى دېگەن ئاتالغۇ بىلەن تەرىپلەنگەن. شۇنداقلا قىپچاق، ئوغۇز تىللىرىدىن ماتېرىياللار كەلتۈرۈلگەن بولۇپ بۇ تىللار ئۆزئارا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىغا قارشى قويۇلۇپ، ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇلىدۇ»(23) ، «ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەدەبىي تىللارنىڭ يەنى ئەڭ ئالدى بىلەن، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تىلىنىڭ (10-12-ئەسىرلەر) تىلىنىڭ، ئاندىن ئوغۇز-قىپچاق ئەدەبىي تىلىنىڭ (12-13-ئەسىرلەر)، چاغاتاي تىلىنىڭ (13-14-ئەسىرلەر)، ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلىنىڭ (13-14-ئەسىرلەر)، كېيىنكى ۋاقىتلاردا كونا ئۆزبەك تىلىنىڭ (15-19-ئەسىرلەر)، كونا تۈركمەن

تىلىنىڭ(17-19-ئەسىرلەر)ۋە باشقا تىللارنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. (24) دېگەن ئىككى ئابزاس سۆزنىگە يىغىنچاقلاشنى لايىق تاپتۇق.

ھەقىقەتەنمۇ«خاقانىيە تىلى»قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئاسىي ئەدەبىي تىلى ئىدى. 14-ئەسىردىن كېيىن «كاشغەر تۈركچىسى» دەپمۇ ئاتالغان. ئۇنىڭدىن باشقا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىمۇ خانلىقنىڭ دۆلەت يېزىقى ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىمۇ بۇنى كىتابىنىڭ بېشىدا تۈركىي ھەرىپلەرنىڭ تۈزۈلىشىنى چۈشەندۈرگەندە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئۆرنەك كۆرسىتىش بىلەن بىرگە«قەدىمدىن بېرى قەشقەردىن يۇقۇرى چىنىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ يارلىق ۋە خەت-ئالاقىلىرى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلىپ كەلگەن» («دىۋان»1-توم، 11-بەت). دەپ شەرھىيلىگەن. مەيلى لېكسىكا، گراماتىكا، مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس جەھەتتىن بولسۇن ئۇيغۇر تىلى «خاقانىيە تۈركچىسى» گە ئەڭ يېقىن ۋە « خاقانىيە تۈركچىسى »نىڭ ئەڭ بىۋاستە ۋارىسلىرى بولۇپ(25) ، بۇمۇ قاراخانىيلار خانلىقىنى ئۇيغۇرلار قۇرغانلىقىنىڭ يەنە بىر پاكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ يەكۈنىمىز ھەرگىزمۇ مەزكۇر ساھەدىكى تەتقىقاتنىڭ خاتىمىسى ئەمەس، مەزكۇر ساھەدە ئىزدىنىۋاتقانلارنىڭ يەنە يېڭى كۆزقاراشلىرى بىلەن بۇ تەتقىقاتنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.ئىزاھلار:

(1)يوسىف.دېگۇينىس«ھۇنلار، تۈركلەر، موڭغۇللار ۋە تاتارلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى» 1756-1758-يىلى پارىژ، 1-توم253-بەت، 2-توم 29-بەت.

(2) (3)ۋېي لياڭتاۋ«قاراخانىلار تارىخىدىن بايان»شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىلى خەنزۇچە نەشرى،28-29-، 50-بەتلەر.

(4)(5) خۇا تاۋ «8-10-ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، 2000-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 198-209-، 210-بەتكىچە.

(6) مياۋ پۇشېڭ، تيەن ۋېيجياڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «شىنجاڭ تارىخىدىن مۇھىم بايانلار»شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004-يىلى خەنزۇچە نەشرى 220-بەت.

(7) لى شۇخۇي «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»2004-يىللىق 4-سان، 57-بەت.

(8) ئەبۇ فازىل ئىبنى مۇھەممەت- 1230-1231-يىلى ئالمالىقتا تۇغۇلغان، ھازىر ئۇنىڭ «جامال قارشى»دېگەن لەقىمى ئومۇملاشقان. «قارشى»سۆزى تۈرك تىلىدا«ئوردا، قەلئە»دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ لەقەم بولسا «ئوردىدىكى جامال»دېگەن مەنىدە. ئۇنىڭ ئاتىسى بالاساغۇنىنىڭ

هافىزى بولۇپ، ئانىسى مەرۋلىك ئىكەن. بۇ چاغدا موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇپ بولغان بولۇپ، ئالمالىق چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ تەۋەلىكىگە كىرگەن ئىدى. ھىجرىيىنىڭ 662-يىلى(مىلادىيە 1263-، 1264-يىللىرى)جامال قارشى ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن ئالمالىقتىن قەشقەرگە كەلگەن. كېيىن ئاساسەن قەشقەردە ھايات كەچۈرگەن. ئۇ قەشقەردە يەرلىك سەدىر(يۇقۇرى دەرىجىلىك دىنىي ئەمەلدار)بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولغان.

(9) «سۇرراھ لوغىتىگە تولۇقلىما» قاراڭ، خۇا تاۋ «8-10-ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»(2000-يىلى خەنزۇچە نەشرى 219-بەت.

(10) «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىيسى(217-جىلد 1-قىسمى)».

(11) مەھمۇد كاشغەرى«تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 558-بەت.

(12) مەھمۇد كاشغەرى«تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 186-بەت.

(13) مەھمۇد كاشغەرى«تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 37-بەت.

(14)(15) لى شۇخۇي«قاراخانىلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە خانلىقنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»2004-يىللىق 4-سان، 49-50-بەتلەر.

(16) مەھمۇد كاشغەرى«تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم، كىرىش سۆز قىسمى، ئۇيغۇرچە نەشرى28-29-بەتلەر.

(17) مەھمۇد كاشغەرى«تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 40-41-بەتلە.

(18) مەھمۇد كاشغەرى«تۈركىي تىللار دىۋانى» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 183-184-بەتلەر.

(19) مەھمۇد كاشغەرى«تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 2-3-بەتلەر.

(20) لى شۇخۇي«قاراخانىلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە خانلىقنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»2004-يىللىق 4-سان، 52-53-بەتلەر.

(21) مياۋ پۇشېڭ، تيەن ۋېيجياڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «شىنجاڭ تارىخىدىن مۇھىم بايانلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004-يىلى خەنزۇچە نەشرى223-224-بەتلەر؛ قاراڭ، ۋېي لياڭتاۋ«قاراخانىلار تارىخىدىن بايان»شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 82-بەت: بارتولد«يەتتە سۇ تارىخى»،ئۇيغۇرچە 25-بەت.

(22) بارتولد«ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»جوڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 2005-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 29-بەت.

(23)(24) باسكاكوف«تۈركى تىللار» مىللەتلەر نەشرىياتى1986-يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى2-بەت، 71-بەت.

(25) مەھمۇد كاشغەرى«تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 17-، 40-، 43-، 44-، 82-، 88-، 116-، 125-، 146-، 147-، 400-، 443-، 483-، 491-، 495-، 536-، 603-، 615-بەتلەر، 3-توم 14-، 63-، 96-، 185-، 190-بەتلەر ۋە ۋە شۇ قاتاردىكى سۆزلۈكلەر سىلىشتۇرۇلغان مۇناسىۋەتلىك بەتلەرگە قاراڭ.

مەنبە: ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى

# 7- مودېرنىزم ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

## تاھىر ھامۇت

مودېرنىزم ئەدەبىياتى 19 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن تارتىپ تا بۈگۈنگە قەدەر ئاساسلىق غەرپ دۆلەتلىرىدە بارلىققا كەلگەن زور بىر تۈركۈم ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ ئومۇمى نامى بولۇپ ، ئۇ رومانتىزىم ، رېئالىزىم قاتارلىق ئاساسلىق ئەنئەنىۋى ئېقىملارغا قارشى ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان .

1 . غەرپ مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ياۋروپانىڭ ئىجتىمائى تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭغا ماس ھالدىكى ئەدەبىيات تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك .

18 – ئەسىردىكى ئەنگىلىيە سانائەت ئىنقىلابى پۈتكۈل غەرپ دۇنياسىغا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەن . پار ماشىنىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشى ۋە بارا – بارا ئومۇملاشقان ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتكەن بولسا ، كۆمۈر قاتارلىق تەبىئىي ئېنىرگىيە مەنبەلىرىنىڭ كۆپلەپ ئېچىلىشى كۆمۈر سانائىتىنى ئىنتايىن ناچار شارائىتتا مەسلىسىز كېڭەيتكەن . شۇ ئەسىردە يۇقىرى پەللىگە يەتكەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەر بۆلۈۋېلىش ھەركىتى ئىشسىز قالغان يېزا ئاھالىلىرىنى شەھەرلەرگە ھەيدەپ ، ئۇلارغا زور قىيىنچىلىق تۇغدۇرغان . ئۇلار شەھەرلەردە قۇرۇلغان يېڭى زاۋۇتلارغا كىرىپ ئىشلەپ ، ناھايىتى ئاز مائاش ۋە رەھىمسىز ئېكسپىلاتاتسىيە تۈپەيلىدىن شەھەر ئەتراپىدىكى نامراتلار ئۆۋىلىرىنى شەكىللەندۈرگەن . ماشىنىنىڭ ئىشلىتىلىشىدىكى ھەربىر قېتىملىق يېڭىلىنىش قىيىن شارائىتتىكى ئەمگەكچىلەرگە ۋەھىمە ئېلىپ كەلگەن ( ھەتتا بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئېلېكترونلۇق تېزگىنلەش ئەسلىھەلىرىنىڭ تېز سۈرئەتلىك تەرەققىياتى ھازىرقى زامان ئادەملىرىنى خاتىرجەمسىزلەندۈرمەكتە ) . سانائەتلىشىشى بىر قەدەر ئارقىدا ماڭغان چوڭ قۇرۇقلۇق دۆلەتلىرىدە سانائەتلىشىش ئېلىپ كەلگەن ئاۋارىچىلىق بىرقەدەر ئاز بولغان . چۈنكى ئۇلار مەسىلىنىڭ قەيەردىلىكىنى كۆرۈپ يەتكەن . لېكىن ، مەسىلە بۇنىڭ بىلەن ھەل بولمىغان . 18 – ئەسىرنىڭ ئەسىر ئالمىشىش مەزگىلىدە كەشىپ قىلىنغان ۋاكسىنا ئۆلۈم نىسپىتىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىپ ، نوپۇسنىڭ غايەت زور دەرىجىدە كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان .

19 – ئەسىرگە كەلگەندە ، پەن – تېخنىكا بىلەن سانائەت ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىپ ماڭغان . شۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا پار ماشىنىسىنىڭ تېخىمۇ ياخشىلىنىشى بىلەن ياۋروپا ۋە شىمالى ئامېرىكىدا كەڭ تۆمۈر يول تورى شەكىللەنگەن . پاراخوت يەلكەنلىك كېمىنىڭ ئورنىنى ئالغان . بۇ يېڭى ئەھۋال

ۋە يېڭى شەيئىلەر ئۇلارنىڭ تەسرىگە ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ۋە كۆز قارىشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغان . ئادەم خۇددى بىر كونسېرۋاتىپ ھايۋانغا ئايلىنىپ قالغان . ئادەمنىڭ تېخنىكا ئىقتىدارى ئۇنىڭ سىياسى ئەقىل – پاراستىدىن ھالقىپ كېتىپ ، تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتقان . دارۋىننىڭ تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيەسى ياۋرۇپادا زور زىلزىلە پەيدا قىلىپ ، داۋىن بىلەن خرىستىئان دىنى ئوتتۇرسىدىكى كەسكىن بەس – مۇنازىرىنى قوزغاپ ، كىشىلەرنىڭ تونۇشىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن . ماركىزىمنىڭ مەيدانغا كېلىشى ياۋرۇپادا سوتسىيالىزىم ئىنقىلابىنى ۋە كومۇنىزىم غايىسىنى يېتىلدۈرگەن . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، ياۋرۇپادا بۇرژۇئا مىللى ئىنقىلابى ۋە ئۇرۇشلار ئارقا – ئارقىدىن يۈز بېرىپ تۇرغان . سىياسى ۋەزىيەت داۋالغۇپ ، كۆچلۈك سانائەت دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەملىكە تالىشىش كۆرىشى ئەۋجىگە چىققان .

مانا شۇنداق ماددى ۋە روھى مۇھىت كەسكىن ئۆزگىرىپ تۇرغان دۇنيادا ، گەرچە ئىنسانىيەت ھەر قېتىملىق قىينچىلىقلارنى بىر ئامالللارنى قىلىپ يېڭىپ كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ دۇنياغا ۋە ئۆزىگە بولغان تونۇشىدا زور بۇرۇلۇش بولغان . راتسىئونالىزىم ( ئەقىلچىلىك ) ئەنئەنىسگە ئىگە غەرىپلىكلەر ئادەم ۋە خۇدانىڭ قىممىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىدىن گۇمانلىنىپ ، راتسىئونالىزىملىق بىلىشنىڭ ئادەمنىڭ بارلىقى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان . ئەلۋەتتە ، بۇ ئۇلار ئۇچۇن ئانچە يېڭى ئىش بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇلار ئۆز ئەھۋالىغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ھەرقانداق چاغدىكىدىن بەكرەك دىققەت قىلغان ، شۇنداقلا ئۇلارنى ئىپادىلەشكە ۋە ئېچىشقا تىرىشقان . بۇ ھال ئادەمنىڭ مەلۇم شارائىتتىكى مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلىدىغان ئەدەبىياتتا ئەكس ئەتكەن . بۇنىڭ بىلەن ئىدىئالىزىملىق پەلسەپىلەر ۋە مۇدېرنىزىم ئەدەبىياتى بارلىققا كېلىپ تەرەققى قىلىشقا باشلىغان .

بىز ئەنئەنىۋى ياۋرۇپا ئەدەبىياتى بىلەن مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھارقايسى ئېقىملار ئۈستىدە توختالغاندا ئۇدۇللۇق سۆزلەپ ماڭىمىز .

شۇنى كۆرستىپ ئۆتۈش كېرەككى ، مودېرنىزىم ئەدەبىيات – سەنئىتى ( كەڭ مەنىدىكى مودېرنىزىم ) يالغۇز ئەدەبىياتنىلا ئەمەس ، بەلكى يەنە گۈزەل سەنئەت ، مۇزىكا ، ئۇسسۇل ، كىنو ، بىناكارلىق قاتارلىق ساھەلەردىكى بىرمۇنچە ئېقىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . لېكىن بىزنىڭ بۇ يەردە بايان قىلىدىغىنىمىز پەقەت مودېرنىزىم ئەدەبىياتىدىنلا ئىبارەت .

## 2 . مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى

مودېرنىزىم ئەدەبىياتى ھازىرقى زامان غەپ ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتقا قارشى بىر ھەرىكەت بولۇپ ، ئۇ ئىدىيە ۋە بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە يېپيېڭى خائىشقا ۋەكىللىك قىلغۇچى نۇرغۇن ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ ئورتاق نامى .
بۇ مودېرنىزىم ئەدەبىياتىغا بېرىلگەن ئەڭ ئاددى ئىزاھ . بۇنداق بۇنداق چۈشەندۈرۈش ھەرگىزمۇ ئەتراپلىق ، ئۇمۇمىيۈزلۈك ۋە دەل ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس . چۈنكە مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى مۇرەككەپ . گەرچە ئۇنىڭدا بىرلىككە كەلگەن بەزى تۈپ ئورتاقلىقلار بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۇ مەكەممەل بىردەكلىككە ئىگە بولمىغان ، ئۆز – ئارا زىددىيەتلىك ، ھەتتا بىر – بىرگە قارىمۇ – قارشى بولغان خىلمۇخىل ئېقىملارنى ئۆزئىچىگە ئالغان . شۇڭا ، مودېرنىزىم ئەدەبىياتىغا قارىتا ھەممە رازى بولىدىغان ، ئۇمۇمىيۈزلۈك ، ئەتراپلىق ۋە دەل ئېنىقلىما بېرىش ناھايىتى تەس . بىز تەتقىقات يۈنىلىشى بەلگىلەش ئۇچۇن ئۇنى ئاددى ھالدا ئاشۇنداق ئىزاھلاپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭدىكى مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ھەرقايسى ئېقىملارنى سۆزلىگەندە بىر – بىرلەپ چۈشەندۈرىمىز .

مودېرنىزىم دېگەن بۇ سۆز دۇنياۋى نوپۇزلۇق لوغەت ‹‹ ئوكسفورد چوڭ لوغىتى ›› دە خاتىرلىنىشچە ، ئەڭ بۇرۇن 1737 – يىلى پەيدا بولغان . ئەنگلىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى جوناتان سىۋايفت ( 1667 – 1745 ) 1737 – يىلى 7 – ئاينىڭ 23 – كۈنى يازغۇچى ئالېكساندىر بوپ ( 1688 – 1744 ) قا يازغان بىر پارچە خېتىدە : ‹‹ سولتەك شائىرچاقلار بىزگە قالايمىقان شېئىرلارنى ئېلىپ كېلىدۇ ، ئۇ نەرسىلەر ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان قىسقارتىلما سۆزلەر ۋە ئاجايىپ – غارايىپ مودېرنىزىم بىلەن توشۇپ كەتكەن . ئىنگلىزتىلىنى دەل ئاشۇ سولتەكلەر بۇزىۋاتىدۇ ›› . مودېرنىزىم دېگەن سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى تېخىمۇ بۇرۇن بولۇپ ، 1588 – يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان . بىراق بۇ ئىككى ئىسىم بىز بۇ كىتاپتا توختالماقچى بولغان مودېرنىزىم ئەدەبىياتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز . بۇ خۇددى ئوتتىرا ئەسىر ياۋرۇپا پەلسەپىسىدىكى رېئالىزىم بىلەن بىز بىلىدىغان ئەدەبىياتتىكى رېئالىزىمنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغانلىغا ئوخشايدۇ .

‹‹ مودېرنىزىم ›› دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئەدەبىيات – سەنئەتتىكى بىر مەخسۇس ئاتالغۇغا ئايلىنىشى ۋە ھازىرقى مەنىسىدە قوللىنىلىشى خېلى كېيىنكى ئىش . 20 – ئەسىرنىڭ 20 – 30 – يىللىرىدا غەرپ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىدىغان بەزى تەتقىقاتچىلار ئاشۇ ئەسەرلەردىكى ‹‹ زامانىۋى ئالاھىدىلىك ›› ئۈستىدە توختالغاندا ، بۇ يېڭى ئەدەبىياتنىڭ ئېنىق بىر نامى يوقلۇقىغا دىققەت قىلغان . بەزىلەر ئۇنى قويۇن ئىقمى ياكى ئىماگىزىم دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلغان . بىراق

خىلمۇخىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن . دەل مۇشۇ مەزگىلدە مودېرنىزىم ئاتالغۇسى ئوبىكتىپ ئېھتىياجغا ماسلىشىپ ، بارا – بارا قوبۇل قىلىنغان . چۈنكى ، بۇ ئاتالغۇنىڭ سۆز مەنىسى ( ھازىرقى زامانچىلىق ) بۇ ئەدەبىيات ھەرىكىتىنىڭ يېڭى ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ ، بىرەر دەل ۋە ئېنىق مەنىنى كۆرسەتمەيدۇ . شۇڭا بۇ ئاتالغۇنىڭ سىغىمچانلىقى ناھايىتى زور .

بىراق مۇدىرنىزىم ئەدەبىياتى ئۇنىڭدىن كۆپ ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن . چۈنكى ، ئادەتتە مەلۇم ئەمىلىيەت ياكى ھادىسە ئاۋال بولىدۇ . كېيىن ئۇنىڭغا ئىسىم قويىلىدۇ . ئۇنداقتا مودېرنىزىم ئەدەبىياتى زادى قاچان باشلانغان ؟

مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىش چېكى توغرىسىدا تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس . ئامېرىكىلىق شائىر ئىزرا پوند قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىنكى بەش ، ئالتە يۈز يىللىق ئەدەبىياتىنىڭ ھەممىسىنى مودېرنىزىم دەپ ئاتاشقا بولىدۇ دەپ قارايدۇ . ئامىركىلىق ئەدەبىي تەنقىدچى ئېدموند ۋېلىس ( 1895 – 1972 ) 1870 – يىلنى مودېرنىزىمنىڭ باشلىنىش نوقتىسى دەپ قارايدۇ . ئەنگىلىيەلىك ئەدەبىي تەنقىدچى سىرىل كاننولى ( 1903 – 1974 ) 1880 – يىلنى مودېرنىزىم باشلانغان چاغ دەپ بېكىتىدۇ . جۇڭگو ۋە غەرىپتىكى مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىدىغان تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپى دانىيىلىك مەشھۇر ئەدەبىي تەنقىدچى برانكىسنىڭ قارىشىنى ياقلاپ ، 1890 – يىلنى مودېرنىزىم ھەقىقى باشلانغان چاغ دەپ قارايدۇ .

بىراق مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىدىغان بولساق ، يەنىلا فىرانسىيەلىك سىمۋولىزىمچى شائىر چارلېس بودېلېرنىڭ « رەزىل گۈللەر » دېگەب كىتابى ئېلان قىلىنغان 1857 – يىلنى مودېرنىزىمنىڭ باشلىنىش نوقتىسى دەپ قاراش بىرقەدەر مۇئاپىق . چۈنكى « رەزىل گۈللەر » تۇنجى قېتىم مەيدانغا چىققان تىپىك سىمۋولىزىملىق شېئىرلار توپلىمى بولۇپ ، ئۇنىڭدا تۇنجى قېتىم ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت ئەندىزىسى ئۇمۇميۈزلۈك بۇزۇپ تاشلىنىپ ، شۇنىڭدىن كېيىن يۈزنەچچە يىللىق شېئىرىيەتكە تەسىر كۆرسەتكەن بارلىق سىمۋولىزىملىق ئىپادىلەش شەكىللىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . بۇ كىتابنىڭ دۇنياغا كېلىشى سىمۋولىزىمنىڭ گۈللىنىشىدىن ۋە مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ رەسمىي مەيدانغا كېلىشىدىن دېرەك بەرگەن . بۇ كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ،1890 – يىلدىن بۇرۇن پائۇل ۋېرلىنىنىڭ « شېئىر سەنئىتى » ( 1884 ) ،ئارتور رىمبۇنىڭ « مەست كېمە » (1871 ) ، ستىفان ماللارمىنىڭ « چارۋا ئىلاھىنىڭ چۈشتىن كېيىنى » ( 1876 ) قاتارلىق مەشھۇر سىمۋولىزىملىق ئەسەرلەر بارلىققا كېلىپ ، بۇلار يادرولۇقىدىكى ئالدىنقى سىمۋولىزىم ئېقىمرەسمى شەكىللەندى .

دېمەك ، مودېرنىزىم ئەدەبىياتى سىمۋولىزىم بىلەن باشلانغان . سىمۋولىزىمنىڭ نەزەرىيىۋى تەشەببۇسلىرى سەنئەت ئەمەلىيىتى پۈتكۈل مودېرنىزىم ئەدەبىياتى ھەرىكىتىگە ئاساس سالغان . مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ .

بىرىنچى باسقۇچ 19 – ئەسىرنىڭ 60 – يىللىرىدىن 90 – يىللىرىغىچە بولۇپ ، بۇ مەزگىلدە سىياسى ، ئىقتىسادى ، ۋە ئىجتىمائى ئۆزگىرىشلەر فىرانسىيەدە سىمۋولىزىم ئەدەبىياتىنىڭ يىڭى قىياپەت بىلەن ئوتتۇرغا چىقىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان . بۇ مەزگىلدىكى ئاۋانگارت يازغۇچىلار ئۇمۇم ئېتراپ قىلىپ كەلگەن بەلگىلىمە ۋۇ يۇسۇنلارغا خىلاپلىق قىلىپ ، يىپيىڭى بەدىئىي شەكىل ۋە ئۇسلۇپ بىلەن ئىجاد قىلىپ ، تا شۇ چاغقا قەدەر سەل قارالغان ۋە چەكلىنىپ كەلگەن تېمىلاردا ئەسەر يازغان . بۇ رىئالىزىم ناتۇرالىزىمغا ئورۇن بوشاتقان ، رومانتىزىم ئېستېتىكىزىمغا ئۆزگىرىۋاتقان مەزگىل ئىدى . سىمۋولىزىم تاتۇرالىزىمغا قارشى ئوتتۇرغا چىقىپ 19 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىغا كەلگەندە ئاڭلىق هالدىكى ئەدەبىيات هەركىتىگە ئايلانغان . ئۇزۇن ئۆتمەي بېلگىيە قاتارلىق خوشنا دۆلەتلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن . ئۇ يەنە ئەنگلىيەدە بارلىققا كەلگەن يىڭى رومانتىزىم ۋە ئېتېتىكىزىم بىلەن دوست تارتقان . بۇ مەزگىلدە مودېرنىزىم ئەدەبىياتى بىرقەدەر يەككە بولۇپ ، ئاساسەن ، ئاساسەن ئالدىنقى سىمۋولىزىم بىلەن چەكلەنگەن .

ئۇنىڭ دائىرىسمۇ نىسبەتەن تار بولۇپ ، فىرانسىيەنى مەركەز قىلغان . هەرقايسى تەرەپلەردىن پىشىپ يېتىلىشمۇ يېتەرسىز بولۇپ ، مىستىكىزىملىق ۋە ئېستېتىكىزىملىق خائىش بىر قەدەر ئېغىر بولغان ، ئاساسەن شېئىر بىلەنلا چەكلەنگەن .

ئىككىنچى باسقۇچ 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ 20 – يىللارغا قەدەر بولۇپ ، بۇ مودېرنىزىم ئەدەبىياتى زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن مەزگىل بولغان . 1- دۇنيا ئۇرۇشنىڭ بالائىي – ئاپىتى كىشلەرنىڭ غەرپ مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى ۋە ئىزچىللىقىغا بولغان ئۈمۈدىنى يوققا چىقارغان . مودېرنىزىم ئەدەبىياتى ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات شەكلى ۋە تېمىسىغا كۈچلۈك قارشى هالدا ئۆزىنى تەرەققى قىلدۇرغان . مۇ مەزگىلدە مودېرنىزىم ئەدەبىياتىغا تەۋە هەرخىل ئېقىملار ئارقا – ئارقىدىن مەيدانغا كېلىپ ، كەڭ تەسىر كۆرستىپ مودېرنىزىم ئەدەبىيات هەركىتىنىڭ بىر قېتىملىق يوقىرى پەللىسىنى ياراتقان . ئاساسلىقى كېيىنكى سىمۋولىزىم ، كەلگۈسىزىم ، ئاڭ ئېقىنى پىروزىچىلىقى ، ئېپادىزىم ، هالقىما رىئالىزىم قاتارلىق ئېقىملار بارلىققا كەلگەن . بۇنىڭدىن باشقا خىلمۇخىل كىچىك ئېقىملار بارلىققا كەلگەن . بۇ ئېقىملار يىڭى ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىپ ، ئەنئەنىۋى سەنئەت قانۇنىيەتلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ ، يىڭى ساهەلەرنى ئېچىپ ، قەدەممۇ – قەدەم پىشىپ يېتىلگەن . زور بىرتۈركۈم دۇنياۋى شۆهرەتكە ئىگە مۇنەۋۋەر ئەدىپلەر ۋە كىلاسسىك ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن .

20 – ئەسىرنىڭ 30 – يىللىرىدىن 40 – يىللىرىنىڭ باشلىرىغىچە ياۋرۇپادا ناتسىستىزىم ۋە فاشىزىم كۈچلىرى ئەۋج ئالغان . بۇ مەزگىلدە فاشىزىمغا قارشى دىموكىراتىك يازغۇچىلار رىئالىزىملىق ئەدەبىياتنى راۋاجلاندۇرغان . ياۋرۇپا ۋە ئامېرىكىدىكى بەزى يازغۇچىلار سولغا بۇرۇلۇپ ، ئۇلارنىڭ سېپىغا قوشۇلغان . مودېرنىزىم ئەدەبىياتى بىرقەدەر تۆۋەن باسقۇچقا چۈشۈپ قالغان .

ئۈچىنچى باسقۇچ 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇگۈنگە قەدەر بولۇپ ، بۇ مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ بىر قېتىم

مۇقىم ۋە ئۇمۇمىيۈزلۈك گۈللەنگەن مەزگىلى ھېساپلىنىدۇ . 2 – دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاپەت خارەكتېرلىك ئاقىۋىتى يادرو قورالللىرىنىڭ تەھتىدى ، ئېكلوگىيىلىك مۇھىدنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىنىشى ، نوپۇسنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى ۋە ئاچارچىلىق ۋەھىمىسى كىشلەرنىڭ گۇمانلىنىش ، تېڭىرقاش ، ئۈمىدسىزلىنىش ۋە بىمەنىلىك خاھىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن . ئىنسانىيەت تەجرىبىسىنىڭ كۆپ خىللىقى ، ئېنىقسىزلىقى ۋە چۈشىنىكسىزلىكى ئۇمۇمىيۈزلۈك مۇئەييەنلەشكەن . ئادەمنىڭ تارىخى ۋە تارىخنىڭ تاساددىبىلىقى مىسلىسىز ئېتىبارغا ئېرىشكەن . بۇ مەزگىلدە مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسى پۈتكۈل غەرپ دۇنياسىغا ئىنتايىن تېز تارقالغان . فرانسىيەلىك ژان – پائۇل سارتىر ۋە ئالبېرت كامۇ ۋەكىللىكىدىكى مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتى ، فرانسىيەلىك ئېۋگېنى ئىئونېسكو ۋە ئېرلاندىيەلىك ساموئېل بېككېت ۋەكىللىكىدىكى بىمەنە دىرامىچىلىق ، فرانسىيەلىك روببې – گىرىللېت ۋەكىللىكىدىكى يېڭى پىروزىچىلىق ، ئامېرىكىلىق يوسېف ھېللېر ۋە كۇرت ۋوننېگۇت ۋەكىللىكىدىكى قارا يۇمۇر ئېقىمى ، كولۇمبىيەلىك گارسىيا ماركوز ۋە گۋاتېمالالىق ئاستۇرىئاس ۋەكىللىكىدىكى سېھرى رىئالىزىم قاتارلىق ئەدەبىي ئېقىملار ۋە باشقا كۆپلىگەن ئېقىملار مەيدانغا كەلگەن . بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت « پوستمودېرنىزىم » دەپ ئاتالغان . ئاددى قىلىپ ئېيتقاندا پوسمودېرنىزىم ئەدەبىياتى يالغۇز مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىگە قارشى سىناقلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، ھەتتا ئۇلارنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپلا قالماي ، بەلكى يەنە مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ خىلمۇخىل شەكىللىرى بىلەن چەك – چېگرا ئاجرىتىپ ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ۋە شەكىللەرنى ياراتقان . چۈنكى بۇ مەزگىلگە كەلگەندە ئاتالمىش مودېرنىزىم ئەدەبىياتمۇ ئەنئەنىۋى شەكىلگە ئايلىنىپ قېلىشتىن قۇتۇلالمىغان . ۋاھالەنكى بۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر مەسىلە ، بۇ ھەم مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى چېكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك .

ئۇنداقتا ، مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى چېكى زادى قاچان ؟ بۇ مەسىلىگە جاۋاپ بېرىشتىكى ئاچقۇچ پوسمودېرنىزىمنى قانداق چۈشىنىشكە باغلىق . « موستمودېرنىزىم » دېگەن بۇ سۆزنىڭ « مودېرنىزىمدىن ھالقىغان ، مودېرنىزىمدىن كېيىن » دېگەن مەنىسى بار . بۇ ھەرگىزمۇ « كېيىنكى مودېرنىزىم » دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ . ئىنگلىزتىلىدا « پوست » سۆزى مىقدارنى ( ۋاقىتنى ) ئەمەس ، سۈپەتنى بىلدۈرىدۇ . دېمەك پوست مودېرنىزىم دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئوتتۇرغا قويغۇچى مۇشۇ ئۇقۇم ئېپادىلىگەن ئەدەبىيات ھەركىتىنى مودېرنىزىم ئەدەبىياتىدىن كېيىنكى يېڭى بىر ئەدەبىيات ھەركىتى دەپ قارىغان . مۇشۇ چۈشىنىش بويىچە بولغاندا موسمودېرنىزىم دېگەن بۇ ئۇقۇم مودېرنىزىمنىڭ ئاياقلىششىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان . بىراق ، مەسىلىگە بۇ ئاتالغۇنىڭ سۆز مەنىسىدىن جاۋاپ ئىزدەش كۇپايە قىلمايدۇ .

پوسمودېرنىزىم گەرچە ئاللىقاچان غەرپ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ناھايىتى مۇھىم بىر ئۇقۇمغا ئايلىنىپ بولغان بولسىمۇ ، بىراق ئۇنىڭ ئەمەلىي مەنىسى يەنىلا ئىنتايىن مۈجمەل . پوسمودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ ئۇمۇم ئېتراپ قىلغان ۋەكىللىرىدىن بىرى ، ئامېرىكىلىق يازغۇچى جون باس مۇنداق

دېگەن : ‹‹ پوسمودېرنىزىم دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئۆزىلا مۇجمەل ، ئازراق تەقلىد تۈسنى ئالغان ... ئۇ بويىسۇنۇش ناھايىتى قىيىن بولغان بىر قائىدىگە ئىنتايىن تەستە بويسۇنماقتا ›› . ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتەن شۇنداق . پوسمودېرنىزىم بەزى تۈپ زىددىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، ئۇلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ناھايىتى تەس . پوسمودېرنىزىم ئەسلىدە مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ نازۇكلىقى ۋە تۈتۇقلىقىنى تۈزىتىپ ، ئادەتتىكى ئادەملەر قوبۇل قىلالايدىغان يېڭى شەكىلنى يارىتىشنى مەقسەت قىلغان . بىراق ئەمەلىيەت بەزىدە ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان . ئەنگىلىيەلىك ئوبزورچى داۋىد لوج مۇنداق دېگەن : ‹‹ مودېرنىزىم ئەدەبىيات – سەنئىتى ئېپادىلەش جەھەتتە يېڭىلىق ئىزدەپ ناھايىتى مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن كىتابخانلار ھېچ بولمىغاندا بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەھمىيىتى ۋە مۇددىئاسىنى چۈشىنىشى مۇمكىن ، ھەتتا ئۇلاردىن بىرنەچچە خىل مەنا چىقىشىدىن قەتئىنەزەر›› . ‹‹ پوسمودېرنىزىملىق ئەسەرلەرنى ئوقىغاندا ، كىتاپخانلارنىڭ قىيىنچىلىقى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ چۈشىنىكسىزلىكىدە ئەمەس ، ئۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ . بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقىدا . بۇ دەل پوسمودېرنىزىملىق ئەسەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ›› .مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپلىك تۈپەيلىدىن غەرپ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ مودېرنىزىم بىلەن پوسمودېرنىزىمنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى قاراشلىرىدا نۇرغۇن ئىختىلاپلار بار . بىرخىل كۆز قاراشتىكىلەر پوسمودېرنىزىمنىڭ خاس ئىجادچانلىقىنى تەكىتلەپ ، ئۇنى مودېرنىزىمدىن پەرقلىنىدىغان يېڭى بىر ھادىسە دەپ قارايدۇ . پوسمودېرنىزىم ھەقىقەتەن ئۆزگىچە يېڭىلىقچىلىق پىرىنسىپىنى ياراتقان . داۋىد لوج بۇ پىرىنسىپنى زىددىيەت ، ئالماشتۇرۇش ، ئۈزۈش ، ئىختىيارىلىق ، چەكتىن ئاشۇرۇش ، قىسقا مۇساپە قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە يىغىنچاقلىغان . يەنە بىرخىل كۆزقاراشتىكىلەر پوستمودېرنىزىم بىلەن مودېرنىزىمنىڭ ئورتاقلىقىنى تەكىتلەپ ، ئۇنى مودېرنىزىمنىڭ داۋامى دەپ قارايدۇ . بۇ پوسمودېرنىزىمنىڭ دائىرىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولۇپ ، بۇمۇ تېخى ئايدىڭلاشمىغان . بەزى غەرپ تەنقىدچىلىرىنىڭ شەرھىسى بويىچە ، پوسمودېرنىزىم جون باس ، سائۇل بېللوۋغا ئوخشاشبەزى يازغۇچىلارنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ . ئۇ يەنە 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى غەرپ ئەدەبىياتىدىكى پىروزا ، دراما ، شېئىرىيەت قاتارلىق ساھالەردە مەيدا كەلگەن بەزى يېڭى ئېقىملارنى ، مەسىلەن ، بىمەنە دراماچىلىق ئېقىمى ، يېڭى پىرەزىچىلىق ، قارا يۇمۇر ... قاتارلىق ئېقىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ سېھرى رېئالىزىممۇ دائىملا پوستمودېرنىزىمغا تەۋە قىلىنىدۇ . مەسىلەن جون باس كولۇمبىيە يازغۇچىسى گارسىيا ماركوزنى ‹‹ مۇنەۋۋەر پوستمودېرنىزىمچى يازغۇچى ، پىروزا سەنئىتىنىڭ ئۇستازى ›› دېگەن . بىراق ، ئادەتتە بۇ ئېقىملارنىڭ ھەممىسى مودېرنىزىم دائىرىسىگە كىرگۈزىلىدۇ . مانا مۇشۇنداق ئېنىقسىزلىق ئىچىدە بىز مەسىلىنى مۇنداق بىر تەرەپ قىلىمىز. مودېرنىزىم بىلەن پوسمودېرنىزىم ھېچ بولمىغاندا ئۆزئارا كىرىشىپ كەتكەن . يېڭى پىروزىچىلىق دەل ئۇلارنىڭ كىسىشىش نوقتىسىدا تۇرىدۇ . مودېرنىزىمغا ئوخشاش بۇنداق مۇرەككەپ ئەدەبىيات ھادىسىسى ئۈستىدە توختالغاندا ، چوقۇم ئۇنىڭ ئۆزىدىكى مۇجمەللىكنى ھۆرمەت قىلىش ۋە نەزەرگە ئېلىش كېرەك . مەسىلىنى

ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۇچۇن زىيادا ئاددىيلاشتۇرىۋېتىش ياخشى ئەمەس ، گەرچە بەزىدە بۇنداق قىلىشتىن ساقلانغىلى بولمىسىمۇ .

مانا مۇشۇ كۆزقاراشلار ئاساسىدا ، شۇنداق دېيىشكە بولىدىكى ، مودېرنىزىم ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتكەن نەرسە ئەمەس . بەلكى ئۇ بۈگۈنكى كۈندىمۇ تېخى تاماملانمىغان ئەدەبىيات – سەنئەت ھەركىتى ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق تەرەققى قىلىشى بىزگە نامەلۇم .

بىز بۇ كۆزقاراشنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە مۇنداق پاكىتلارنى كەلتۈرىمىز : فىرانسىيەلىك مەۋجۇدىيەتچى پەيلاسوپ ۋە يازغۇچى سارترې 1980-يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مەۋجۇدىيەتچىلىك گەرچە ئېقىم سۈپىتىدە ئاياغلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەسىرى ياۋروپا، ئامېرىكا، لاتىن ئامېرىكىسى قاتارلىق جايلادا مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇن ئەدەبىي ئېقىملارغا چۇڭقۇر سىڭىپ كەتتى. يېڭى پىروزىچىلىقنىڭ رەھبىرى ئالان روببى-گرىللېت تا بۈگۈنگە قەدەر ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئۆز نوقتى نەزىرىنى تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى پىروزىچىلىقنىڭ يەنە بىر مۇھىم يازغۇچىسى كىلوت سىمۇن 1985 – يىلى نوبىل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ ، فىرانسىيەدە « يېڭى پىروزىچىلىق قىزغىنلىقى » نىڭ قايتا كۆتۈرۈلىشىگە سەۋەپ بولدى . سېھرى رىئالىزىمنىڭ ۋەكىللىك يازغۇچىسى گارسىيا ماركۇز 1982 – يىلى نوبىل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ داۋاملىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانماقتا . دېمەك ، مودېرنىزىم ئەدەبىياتى گەرچە 50 – 60 – يىللاردىكىدەك گۈللەنگەن دەۋرىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ يەنىلا غەرپ ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم ۋە ئاساسلىق ئەدەبىي ئېقىم سۈپىتىدە پۈتكۈل دۇنياغا چۇڭقۇر ۋە كەڭ تەسىر كۆرسەتمەكتە . شۇڭا ، مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى چېكىگە قارىتا ھازىر خۇلاسە چىقىرىش تېخى بالدۇر .

ئامېرىكىلىق ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تەنقىدچىسى ئىرۋىڭ خاۋ ئۆزىنىڭ « مودېرنىزىم ئۇقۇمى » دېگەن ماقالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا مۇنداق يازىدۇ :

« يەنە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋشقا ھېچقانداق ئاساسى قالمىغان ، شۇنداقلا ئۆزىنى بەربات قىلالمايدىغان ئاشۇ نەرسىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا ، ئۆلۈم ئادەمنى نەقەدەر ھەسەت قىلدۇرىدۇ – ھە ! مودېرنىزىم بولدى قىلمايدۇ ، كىشىلەر ئەۋلاتتىن – ئەۋلاتقىچە ئۇنىڭ جەڭ مارشىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ . چۈنكى ، بۇرۇنقى ھەرقېتىملىق مەدەنىيەت ھەركەتلىرىگە سېلىشتۇرغاندا ، ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئاقىۋەت تېخىمۇ ئازاپلىق ، شۇنداقلا مۇقەررەر ھالدا ئانچە تەنتەنىلىك ئەمەس . ئۇنى كۈتۈپ تۇرغىنى نام ئاتاق ۋە زىلزىلە – بىرخىل ياۋايى ئەندىزە ، بۇ ھەقىقەتەن ئۆلۈمدىنمۇ ئېچىنىشلىق بىردىن – بىر قىسمەت بولۇشى مۇمكىن » .

## 3 . مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرى

مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكىنى قىسقىچە مۇنداق ئۈچ نوقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن :

بىرىنچى : ئىرراتسىئونالىزىم : بۇ مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋە ئەدەبىياتقا ئوخشىمايدىغان ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى .ياۋۇرپادا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش مەزگىلىدىكى هيومانىزىم ئەدەبىياتىدىن تارتىپ تاكى 19 ، 20 – ئەسىردىكى رېئالىزىم ئەدەبىياتىغىچە بولغان بارلىق ئەدەبىيات سەنئەت ئەقىلنى يېتەكچى قىلغان ۋە ئۇنى تەكىتلەپ كەلگەن . كىشىلەر ئەقىلنىڭ تارىخ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىدىغان ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ، شۇنداقلا ئەقىلنىڭ ھەممىنى بىلىش رولىدىن گۇمانلانمىغان . لېكىن مودېرنىزىم ئەدەبىياتى مەزگىلىگە كەلگەندە ، غەرپ مەدەنىيىتىدىكى ئەنئەنىنىڭ بىردەكلىكى ۋە ئۇزلۇكسىزلىكى بۇزۇپ تاشلانغان . نەچچە ئەسىرىن بويان مەدەنىيەت بىلەن جەمىيەت قۇرۇلمىسىنى باغلاپ تۇرغان ئارغامچا يېشىلگەن . مەدەبىيەت ئۆز خام – خىيالىدىن ۋازكېچىپ ، ئۇزاق داۋاملاشقان « شاكىلىنى تاشلاپ مېغىزىنى ئايرىۋېلىش » تىن زېرىككەن . ئەقىل جۇشقۇن ھاياتى كۈچكە ئىگە ئادىمىيەتنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالغان . كىشىلەر ئىجتىمائى قائىدە يۇسۇن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى قانائەتچانلىقنى بۇزۇپ ، باشقىچە بىر خۇسۇسى تىل شەكلى ئارقىلىق ئەركىن ، ئەمەلىيەتنىڭ ھەقىقى قىياپىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان ئەدەبىياتقا مۇھتاج بولغان . رومانتىزىم ئەدەبىياتىدىكى قاتماللاشقان ، ئاقسۆڭەكلەشكەن ، ئادەمدىن ئايرىلغان ، كۆرگەزمە بويىمى سۆپىتىدىكى ئەسەرلەر ۋە رېئالىزىم ئەدەبىياتىدىكى ئىجتىمائىلاشقان ، مەقسەتلەشكەن ، ئىجابى ۋە سەلبىلىك ئېنىق ئايرىلغان ، ئەقلى يەكۈن خارەكتىرىنى ئالغان ئەسەرلەر ئەمدى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن . مودېرنىزىم ئەدەبىياتىدىكى نۇرغۇن ئەسەرلەردىن ئەقىلنىڭ ھەممىنى بىلىش رولى بىلەن ، ئەقىل كونتروللىقىدىكى بارلىق پەرەزلەرگە بولغان كۈچلۈك يىرگىنىشنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ . مودېرنىزىمچى يازغۇچىلار شەخس بىلەن شەخس ئېڭىنىڭ ئومۇمى گەۋدىدىكى ۋە كائىنات تۇرمۇشىدىكى ئورنى قاتارلىق مەسىلىلەرنى راتسونالىزىملىق ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ، رېئاللىقنى ئەستايىدىل چۈشەندۈرىدىغان ۋە ئۇنى كۆزىتىدىغان باشقا يوللار ئۈستىدە ئىزدىنىپ ئالەم گارمونىيىلىكىنىڭ يېڭىچە ئەندىزىسىنى تېپىشقا تىرىشقان . ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن پەن بىلىملىرىگە ۋە راتسونالىزىملىق پەلسەپىلەرگە مۇراجەت قىلمىغان ، بەلكى سەنئەتتىكى ئەپسانىۋى ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ سېھرى كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان ، شۇنداقلا شەخسنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىرراتسىئانىلىزىملىق مەزمۇنلارغا زور ئېتىبار بىلەن قارىغان .

2 . ئىپادىلەش : مودېرنىزىم ئەدەبىياتى ئارىستوتىلدىن بويان غەرپ ئەدەبىيات – سەنئىتى

ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئەنئەنىۋى « تەقلىد قىلىش نەزىرىيىسى » گە قارشى تۇرۇپ ، ئەدەبىيات سەنئەت ئوبىكتىپ ئەمەلىيەتنىڭ ئىپادىلىنىشى ۋە تەسۋىرلىنىشى دېگەن ئەندىزىنى ئىنكار قىلغان ، شۇنداقلا رېئالىزىم ئەدەبىياتىدىكى « ئەدەبىيات ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ يازغۇچى مېڭىسىدىكى ئىنكاسى » دەيدىغان پىرىنسىپىنى چۆرۈپ تاشلاپ ، يازغۇچىنىڭ رېئاللىقتا ھېس قىلغان تۇيغۇ ۋە تەجرىبىلىرىنى ئىپادىلىگەن . ئوبىكتىپ دۇنيا ئىپادىلەشنىڭ ماتېرىيالى ۋە ۋاستىسى بولۇپ قالغان . ئورگانىك مۇھىم سۈپىتىدىكى تەبىئەت ئويغىتىلغان ياكى قايتا ئەسلەنگەن « ئىدىيە » گە ئايلانغان . ئىتالىيىلىك ئەدەبىيات نەزەرىيەچىسى كروكې ( 1952 – 1866 ) مۇنداق دېگەن : سەنئەتكار « ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر دەقىقىدىكى بىلىنەر-بىلىنمەس تۇيغۇسىنى ياكى كەيپىياتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ».مودېرنىزىمچىلارنىڭ قارىشىچە ،ئوبىكتىپ نەرسىلەر ۋەھادىسىلەر ئەھمىيەتسىز،ئىشەنچسىز،پەقەت ئادەملەرنىڭ ئۇلاردىن ئالغان تۇيغۇ ۋە تەجرىبىلىرىلا ھەقىقى چىن بولىدۇ .چۈنكى، رېئال دۇنيانى تەسۋىرلەش ۋە ئۆزگەرتىش ئەدەبىياتنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس .ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشقى دۇنيانى ئەينەن تەسۋىرلەش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش . شۇڭا مودېرنىزىمچىلار تەسۋىرلەش ۋە بايان قىلىشقا ئەمەس بەلكى ، ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار تەسرات،ھېس-تۇيغۇ، بىۋاستە سېزىم، خىيال، ئۇلانما ئوي، چۈش قاتارلىق پسخىك پائالىيەتلەرنى ،ھەيرانلىق چۆچۈش، روھلىنىش، ۋەھىمە قاتارلىق ئالاھىدە پسخىك ھەركەتلەرنى، جىنايەت ،بۇزغۇنچىلىق،ئۆلۈم، قاتارلىق ھادىسىلەرنى ھەرخىل ۋاستىلار ئارقىلىق ئەينەن ۋە ئىنچىكە ئىپادىلىگەن.

3.بېغىچە پېرسوناژ : مودېرنىزىم ئەدەبىياتىدىن بۇرۇنقى ئەسەرلەردىكى پېرسوناژ ئېنىق ، موقىم ۋە تىپىك ئىدى . ئەڭ مۇھىمى ئۇلار مەقسەتكە تولغان دۇنيادا ياشايتتى . ئۇلارنىڭ پسخىك پائالىيەتلىرى ئىنچىكە تەسۋىرلەنمەيتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئىنتايىن ئوبىكتىپ بولغان بىر يۈرۈش نەرسىلەرنىڭ قاتتىق چەكلىمىسىگە ئۇچرايتتى . بىراق مودېرنىزىم ئەدەبىياتى مەزگىلىگە كەلگەندە كوللىكتىپ تەقدىرگە بولغان ئىشەنچ يوقالغان . پېرسوناژ ئۆزىنىڭ ئوبىكتىپ دۇنيانى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان . جامىس جويىس ، ۋىرگىنىيە ۋۇلق ، ۋېليام فولكنېر قاتارلىق مودېرنىزىمچى يازغۇچىلار ئۈچۈن ، پېرسوناژ ئەمدى ھەرگىزمۇ ئېرچىل ، بەلگىلىك ۋە ئىنچىكە تەشكىللەنگەن سوبىستانسىيىگە ئەمەس ، بەلكى تېركىشۋاتقان روھقا ۋە ھەل قىلغىلى بولمايدىغان سوئالغا ياكى ھېس – تۇيغۇنىڭ ئېقىنىغا ئايلانغان . ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتتىكى قەھرىمان پېرسوناژلار مودېرنىزىم ئەدەبىياتىدا يوقالغان . مودېرنىزىم ئەدەبىياتىدىكى پېرسوناژلار ئىجتىمائى قەھرىمانلاردىن روھى قەھرىمانلارغا ، يەنى مەغلۇبىيەت ئىچىدە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان قەھرىمانلارغا ئايلانغان . بۇ پېرسوناژلار ئۆز مەجۇتلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن جەسۇر بولۇشى كېرەك ئىدى ، لېكىن ئۇلار ئۈچۈن جەسۇر بولۇشنىڭ بىردىنبىر يولى جەسۇرلۇقتىن ئىبارەت بۇ يۈكنى تاشلىۋېتىش ئىدى . ئومۇمەن ، مودېرنىزىم

ئەدەبىياتىدىكى پېرسوناژلار ئۆزىگە تېخمۇ يېقىنلاشقان ، ئەمەلىيەتنى ئېتراپ قىلغان ، شۇڭا ئۇلارنىڭ خارەكتېرى مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان بولغان . گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ نىتزشې مۇنداق دېگەن : «« سۇئال ، قېچىش ، خوشاللىقتا بولغان ئىشەنمەسلىك ۋە تاپىتەنگە بولغان ئىشتىياقنىڭ ھەممىسى ساغلاملىقنىڭ سىمۋولى ؛ بارلىق مۇتلەق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كېسەل »» . مودېرنىزمچى يازغۇچىلار ئاددى تىپىك بولغان پېرسوناژلارنى يېزىپ ئادەمنىڭ يېگانىلىقىنى ئىنتايىن سەممىيلىك بىلەن ئىپادىلەپ ، بۇ ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرگە پۈكۈلگەن تىراگېدىيىنى ئېچىپ بېرىشكە تىرىشقان .

مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىكى پېرسوناژلار توغرىسىدا ئىرۋىڭ خاۋ مۇنداق دېگەن : «« ئەگەر مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىكى پېرسوناژ ئۆزىنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرسە ، ئۇنداقتا ئۇ خۇددى ھېمىڭۋاينىڭ ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەندەك ، ئۆزىگە تەۋە بولغان ، خالى بىر دۇنيانى ئىجاد قىلىشقا تىرىشسا بولىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆرەش قىلىپ ، قايتا تۇغۇلۇپ ، شەرەپلىك مەغلۇبىيەتكە ئېرىشىشى مۇمكىن . ( ئۇ ھەم بۇنىڭغا ئىشىنىدۇ ) »» .

## 4 . مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئي ئالاھىدىلىكلىرى

مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئى ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە :

سىمۋول : بۇ سۆزنىڭ گىرىك تىلىدىكى ئەسلى مەنىسى «« بىر پارچە تاختاينى ( ياكى ساپالنى ) ئىككى پارچە قىلىپ ، ساھىپخان بىلەن مېھمان بىر پارچىدىن ئېلىپ ، كېيىن قايتا كۆرۈشكەندە ئۇنى جۈپلەش ئارقىلىق دوستلۇقنى ئىپادىلەيدىغان يالداما »» دىن ئىبارەت . ئۇنىڭ يەنە «« بەلگە »» دېگەن مەنىسىمۇ بار . بۇيەردە ئېيتىلىۋاتقان سىمۋول ئادەتتە بىر بىلدىدىغان سىمۋۇلغا ئوخشمايدۇ . بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكى سىمۋول تۆراقلاشقان ، چەكلىك سىمۋول بولۇپ ، مەنىسى ئېنىق ، چۈشىنىشلىك . مەسىلەن : گۈل – مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى ، يالقۇن – ئىنقىلابنىڭ سىمۋولى دېگەندەك . ئەمەلىيەتتە بۇ ھەرگىزمۇ سىمۋول ئەمەس ، پەقەت ئوخشىتىشتىنلا ئىبارەت . سىمۋول – مەلۇم بىر كونكرېت نەرسە ياكى ھادىسە ئارقىلىق ئابستراكىت ئۇقۇملارنى ، يەنى ماددى تۇسكى ئىگە ئوبرازلار ئارقىلىق يوشۇرۇن ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنى كۆرسىتىدۇ . بۇنىڭدا سىمۋول قىلىنغۇچى بىلەن سىمۋول قىلغۇچىنىڭ بىرىكىش ئېھتىماللىقى چەكسىز بولىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سىمۋۇللار مەلۇم ئىشارە قىلىش رولىنى ئوينايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىكى سىمۋول ناھايىتى زور سوبىكتىپ ئىختىيارىلىققا ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭ دائىم مەلۇم بىر شەخسىنىڭ بىۋاستە سېزىمى ۋە ئالاھىدە تۇيغۇلىرى ، ھېسسىياتلىرى ئىپادىلىنىدۇ . بەزىدە ھەتتا تىل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان نەرسىلەر سىمۋول ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مودېرنىزمچى يازغۇچىلار رومانتىزمنىڭ ھېسسىياتنى بىۋاستە تەسۋىرلىشىگىمۇ ، رېئالىز تەرغىپ قىلىدىغان تىپىك مۇھىتتىكى تىپىك پېرسوناژنى تارتىش پرىنسىپىغىمۇ قارشى تۇرۇپ ،

كونكرت ئوبرازلار ئارقىلىق مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان روھى پائالىيەتلىرىنى ئىپادىلىگەن .سىمۋول قىلىش يالغۇز سىمۋولىزىم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولۇپلا قالماي ،ئۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق مودېرنىزىم ئېقىملىرىنىڭمۇ مۇھىم ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى .

ئالتە ئېقىنى : بۇ مودېرنىزىمچى يازغۇچىلار ئۇمۇمىيۈزلۈك قوللىنىدىغان بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى . مودېرنىزىم ئەدەبىياتىدا كىشىلەرنىڭ روھى دۇنياسى مەركەزلىك ئىپادىلىنىدىغان بولغاچقا ، مودېرنىزىمچى يازغۇچىلار پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى مونولوگى ، ئەركىن ئۇلانما ئويلىرى ، خىيالى ، چۈشى ، قاتارلىقلارنى يېزىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىنچىكە ۋە مۇرەككەپ ، ئۆزگىرىشچان ،شۇنداقلا بى دەقىقمۇ توختاپ قالمايدىغان قەلب پائالىيىتىنى ئىپادىلىگەن . ئۇلار پېسوناژلارنىڭ يۈشۈرۈن ئالتە پائالىيىتىنى قېزىپ ، ئالتە بىلەن يۈشۈرۈن ئالتە ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە گىرەلىشىنى ئىپادىلىگەن . ئادەمنىڭ روھى پائالىيەتلىرى تەرتىپسىز ، ئىدراكسىز ۋە ۋاقىتسىز بولغاچقا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تەسۋىرلەردە لوگىكىلىق ، ھەتتا گىراماتىكىلىق تەرتىپ بۇزۇلغان ، رېئاللىق بىلەن خام – خىيال ، رېئاللىق بىلەن چۈش ، ھازىر بىلەن ئۆتمۈش ، ماكان بىلەن ماكان بىر – بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن . بۇخىل ئۇسۇل ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ روھدىكى چۇڭقۇر ، مۇرەككەپ ، مەخپى ، كۆپ قاتلاملىق ۋە ئىزچىل پىسخىك ھالەتلىرىنى تەسۋىرلەپ ، پىسخىك تەسۋىرنىڭ دائىرىسىنى چەكسىز كېڭەيتكەن بولغاچقا مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالغان . بىز ئالتە ئېقىنى پىروزىچىلىقنى سۆزلىگەندە بۇ ھەقتە تەپسىلى توختىلىمىز .

يېڭىچە بايان شەكلى : مودېرنىزىم ئەدەبىياتى بايان قىلىش جەھەتتە پۈتۈنلەي يېڭى ، ئەنئەنىگە قارشى بولغان شەكىلنى قوللىنىپ ، خاتىرلەش ۋە تەرتىپ بويىنچە بايان قىلىش شەكلىدىكى پىرىنسىپنى چۆرۈپ تاشلىغان . مودېرنىزىمچىلار تاشقى بايان قىلىش بىلەن ئىچكى بايانىنىڭ سۈرئىتىنى بىر – بىرىدىن ئايرىپ ، تەسۋىرى ۋاقىت بىلەن ئەمەلى ۋاقىتنىڭ ئاجرىلىشىنى كۈچەيتىپ ، ئۇلارنى قارمۇ قارشى ھالەتتە ئىپادىلىگەن . ئەمەلىي ۋاقىت ( تارىخى ۋاقىت ) پېرسوناژلار ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز ، مەۋجۇتلۇقنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرەلمەيدىغان بولغاچقا مودېرنىزىم ئەدەبىياتىدىكى پېرسوناژلار تارىخى ۋاقىتتا ئەمەس ، بەلكى ئەپسانىۋى ۋاقىت ئىچىدە ياشىغان .ھازىر ، ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسى بىر – بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن . بۇنىڭ بىلەن مودېرنىزىم ئەدەبىياتىدا مۇنداق بىر ئەھۋال شەكىللەنگەن ؛ يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەم ھەرقانداق ۋاقىتتا ئەمەس . ھەرقاندا ئورۇندا ھەم ھەرقانداق ئورۇندا ئەمەس . ئادەم ۋاقىتنىڭ سىرتىدىكى رېئال تۇرمۇشتا ياشىغان . بۇنىڭدىن باشقا مودېرنىزىمچى يازغۇچىلار كىنوچىلىقتىكى مونتاژ ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، رېئاللىقتا بىر- بىرىدىن ناھايىتى يىراق تۇرىدىغان كۆرۈنۈشلەرنى بىر – بىرىگە چېتىپ ، بايان ئىچىدىكى ۋاقىتنى ئۈزۈرتقان ياكى قىسقارتقان . بەزى مودېرنىزىمچىلار ، بولۇپمۇ ھالقىما رېئالىزىمچىلار ۋە ئىپادىزىمچىلار ئەسەرلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك بەلگىلى قۇرۇلما ۋە مۇكەممەللىك پىرىنسىپىنى ئۆزگەرتكەن . ئۇلار ئەسلىدىكى گارمونىيىلىككە ئىگە بولمىغان دۇنيادا مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىدىيىسى

كشلەر ئۆز – ئۆزگە تەسەللى بېرىدىغان يالغانچىلىق دەپ قارىغان . شۇنداق قىلىپ ئەدەبىياتتىكى چەكلىمىلىكلەر بۇزۇپ تاشلىنىپ ، قاتمال بايان ئۇسۇلى ۋە ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتنىڭ ئاساسى بىكار قىلىنغان . ئۇلار شېئىرىيەتتىكى مەنتىقىلىق تەسۋىرلەش پىرىنسىپىنى ئىنكار قىلىپ ، لوگىكىلىق ھۆكۈمىنىڭ رولىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ ، سۆزلەرنىڭ ئىچكى ئىپادىلەش شەكلىنى ئاساس قىلغان . يۇشۇرۇن لوگىكىلىق باغلىنىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان . ئۇلار بەزىدە تىنىش بەلگىلىرىنى ئىشلىتىشنى رەت قىلغان . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، مىسرالارنىڭ ئۇدارى بىلەن سۆزلەرنىڭ تاۋۇشى ۋە ئۇلانما تەسەۋۋۇر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز – ئارا ئالمىشىش تەبىي تىنىش بەلگىلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ .

بىمەنىلەشتۈرۈش : بۇ ھادىسىلەرنى يوقىرى دەرىجىدە كۆپتۈرۈش ۋە ئاجايىپ غارايىپلاشتۇرۇش ئارقىلىق ، كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسىدىكى ئەقىلگە سىغمايدىغان ، لېكىن چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان خام – خىيال ۋە تەسەۋۋۇرلارنى ئىپادىلەشنى كۆزلىستىدۇ . بۇنداق ئۇسۇل بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەر كىتابخانلارنىڭ يۇشۇرۇن ئېڭىغا تەسىر كۆرستىپ ، ئەسەر بىلەن كىتابخان ئوتتۇرىسىدا ئورتاقلىق شەكىللەندۈرۈپ ، كىتابخانلارنىڭ قەلبىدە زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ . بۇ ئۇسۇل بىمەنە درامىچىلىق ۋە سېھرى رېئالىزىم قاتارلىق ئېقىملاردا كۆپ ئۇچرايدۇ .

## 5 . يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ جۇڭگو ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى :

يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ 20 – يىللىرىدا فرانسىيەدە ئوقىغان شائىر لىجىڭفا سىمۋولىزىم ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ ، بودلېر ، ۋېرلىن «« پەخرى ئۇستازىم »» دېگەن . 1925 – يىلى 2 – ئايدا ئۇ تۇنجى سىمۋولىزىملىق شېئىرى «« تاشلاندۇق ئايال »» نى ئېلان قىلغان . شۇ يىلى 11- ئايدا شېئىرلار توپلىمى «« سىم – سىم يامغۇر »» نى نەشر قىلدۇرغان . شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى- ئۈچ يىلدا ئۇ يەنە ئىككى شېئىرلار توپلىمى چىقارغان . ئۇنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە شېئىرلىرى ئەينى چاغدا زور بەس – مۇنازىرە قوزغىغان . ئۇنىڭدىن باشقا فېڭ نەيچاۋ ، ۋاڭ دۇچىڭ ، مومۇتيەن ، خۇيىپىن قاتارلىق شائىرلارمۇ سىمۋولىزىملىق شېئىرلارنى ئىجاد قىلىشقا باشلىغان ۋە ئارقا – ئارقىدىن سىمۋولىزىملىق شېئىرلار توپلاملىرىنى چىقارغان . بۇ ياش شائىرلار مەملىكىتىمىزدىكى تۇنجى سىمۋولىزىملىق شېئىرىيەت ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن . 3- يىللاردا خەنزۇ شېئىرىيىتىدىكى سىمۋولىزىم ھەركىتى خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن . 1932 –يىلى شىدېسۈن ، دۇخېڭ ، دەيۋاڭشۇ قاتارلىقلار

تەھرىرلىكىدىكى « ھازىرقى زامان ئايلىق ژورنىلى » ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن دەيۋاڭشۇ چىقارغان « يېڭى شېئىرلار » ئايلىق ژورنىلى مودېرنىزىم شېئىرىيىتىنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن . دەيۋاڭشۇنىڭ « ناماز شامدا » ، « سونېتلار » قاتارلىق شېئىرلىرى سىمۋولىزىمچى شائىرلارنىڭ خېلى روشەن تەسىرىگە ئۇچرىغان . شۈيجىرمۇ 20 – يىللاردا بودلېرنىڭ « رەزىل گۈللەر » توپلىمىدىكى « جەھەت » دېگەن شېئىرنى تەرجىمە قىلغان ھەمدە بۇ شېئىرنى « ( رەزىل گۈللەر ) توپلىمىدىكى ئەڭ رەزىل ھەم ئەڭ ئاجايىپ بىر دەستە تۈزىماس گۈل » دېگەن . شائىر فېڭجىرژ سىمۋولىزىمچى شائىر رىلكىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان . ئۇ 30 – يىللاردا رىلكىنىڭ « بىر ياش شائىرغا يېزىلغان ئون پارچە خەت » دېگەن ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان . فېڭجىرژ ئۆز شېئىرلىرىدا گۈل – گىياھ ، چىغىر يول ، دەل – دەرەخ قاتارلىق ئابستىراكت ئوبرازلار ئارقىلىق پەلسەپە ئىدىيىسىنى ۋە ھېس – تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلىگەن . شائىر خېچىفاڭ 1931 – يىلى ئۆزىنىڭ سىمۋولىزىملىق شېئىرى « بىشارەت » تە فىرانسىيە شائىرى ۋاللېرنىڭ روشەن تەسىرىگە ئۇچرىغان ، ئۇ ئۆزىمۇ « ئەينى چاغدا مەن فىرانسىيەنىڭ بەزى سىمۋولىزىمچى شائىرلىرىغا ، ھەتتا بەزى چوڭ شائىرلارغا ھەۋەس قىلاتتىم » ، « فىرانسىيەنىڭ سىمۋولىزىملىق ئەسەرلىرىگە مەپتۇن بولغان ئىدىم » دېگەن . ئۇ فىرانسىيەنىڭ سىمۋولىزىملىق ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ ئوقۇشتىن سىرت ، يەنە ئېلىئوتنىڭ باياۋان قاتارلىق شېئىرلىرىنى تەتقىق قىلغان ھەم ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان . 1934 – 1935 – يىللاردا ، ئۇ ئېلىئوتنىڭ ئۇسلۇبىغا ئوخشاپ كېتىدىغان خېلى كۆپ شېئىرلارنى يازغان . ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئۇدارى ئېغىر بولۇپ ، جەزىرىدە تېگىرقاپ قالغان ئادەمنىڭ ئۈمىدسىز نالىسىنى ئىپادىلىگەن . مودېرنىزىم ئەدەبىياتى 20 – ئەسىرنىڭ 20 – 30 – يىللىرىدا خەنزۇ پىروزىچىلىقىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن . شى جېسۇن بۇ مەزگىلدە ئاڭ ئېقىمى ئۇسلۇبىدىكى خېلى كۆپ ھېكايىلەرنى يازغان . ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرىدە نورمال ۋاقىت تەرتىپى بۇزۇپ تاشلىنىپ ئۆتمۈش ، ھازىر ، كەلگۈسى ئارلاشتۇرۇۋېتىلگەن . بۇ مەزگىلدە لۇشۇنمۇ غەرب مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ دورا ، ئاچ نىك رەسىمى تەرجىمھالى ، سەۋدايى خاتىرىسى قاتارلىق نادىر ئەسەرلەرنى يازغان .

## 6. مودېرنىزىم ئەدەبىياتىغا تەۋە ئېقىملار توغرىسىدا

بىز ئۈچىنچى بابتىن باشلاپ مودېرنىزىم ئەدەبىياتىدىكى ئون چوڭ ئېقىمنى بىرقەدەر تەپسىلى تونۇشتۇرىمىز . بۇ يەردە مودېرنىزىم ئەدەبىياتىغا تەۋە ئېقىملار ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز .
بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان كۆز قاراشلار بويىنچە مودېرنىزىم ئەدەبىياتى 150 يىللىق تارىخقا ئىگە . بۇ جەرياندا بارلىققا كەلگەن خىلمۇخىل مودېرنىزىملىق ئېقىملار ۋە ھەرىكەتلەر گويا مودېرنىزىمدىن

ئىبارەت بۇ دەرەخنىڭ شاخلىرىغا ئوخشايدۇ . بۇ ئېقىملار غەرپ ئەدەبىيات ساھەسىدە ، شۇنداقلا ھازىرقى زامان دۇنيا ئەدەبىياتىدا ئۆزىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىنى قالدۇرغان . بەزىلىرى بىرمەزگىل داغدۇغا قوزغىغاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا يوقالغان . بەزىلىرى دۆلەت چېگرىسىدىن ، مەلۇم تىل دائىرىسىن ھالقىپ خېلى ئۇزاق داۋاملاشقان ياكى داۋاملاشماقتا .

بۇيەردە مۇنداق ئۈچ نوقتىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش زۆرۈر :

بىرىنچىسى : نۇرغۇنلىغان مودېرنىزىمچى يازغۇچىلارنىڭ سالاھىتى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى مەلۇم بىر ئېقىم دائىرىسىگە پۈتۈنلەي يىغىنچاقلىغىلى بولمايدۇ . شۇڭا ئۇ ئادەتتە مەلۇم بىر يازغۇچى مودېرنىزىم ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى ئوخشاش بولمىغان ئەسەرلەردە ئوخشاش بولمىغان ئېقىملارغا تەۋە قىلىنىدۇ . مەسىلەن ، ئاڭ ئېقىنى پىروزىچىلىقىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ئېرلاندىيەلىك يازغۇچى جامىس جويىس بەزىدە ئېپادىزىمغا ياكى سىمۋولىزىمغا تەۋە قىلىنىدۇ ؛ فىرانىز كافكامۇ دائىم ھالقىما رېئالىزىملىق يازغۇچى ، خام خىيال ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى ياكى بىمەنىچىلىك يازغۇچىسى دەپ قارىلىدۇ ، ھەتتا مودېرنىزىم ئەدەبىياتىغا تەۋە ئېقىملارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ پېشۋاسى دەپ ھېساپلايدۇ . يەنە بەزى يازغۇچىلار مودېرنىزىم ئەدەبىياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنى مەلۇم بىر ئېقىمغا تەۋە قىلىش ناھايىتى تەس . شۇڭا بىز ئۇلار توغرۇلۇق مەخسۇس توختالمىدۇق . مەسىلەن : گېرمانىيىلىك مەشھۇر دىراماتروگ بېرتولد بېرخت ( 1956 – 1898 ) ، ئامېرىكىلىق مەشھۇر يازغۇچى ھېمىڭۋاي ( 1899 – 1916 ) ، ئارگىنتىنالىق مەشھۇر يازغۇچى بوخىس ( 1899 – 1986 ) قاتارلىقلار . شۇڭا ، بىزنىڭ ئېقىملارغا بۆلىشىمىز نىسپى .

ئىككىنچى : بۇ كىتابتا نوقتىلىق ھالدا ئون ئېقىم ئۈستىدىلا توختالدۇق . بەزى ئېقىملارنى ( مەسىلەن ، ئىماگىزىم ) مۇناسىۋەتلىك جايلاردا قىسقىچە تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق . بەزى بىرقەدەر مۇھىم ئېقىملار ئۈستىدە توختالمىدۇق . مەسىلەن : ئامېرىكا ئەدەبىياتىدا 2ـ دۇنيا ئۇرىشىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن غۇلغان بىر ئەۋلاد ئېقىمى ، ئىقرارچىلىق شېئىرىيىتى ئېقىمى ۋە 20 – ئەسىرنىڭ 20 – يىللىرىدا ياپۇنىيەدە بارلىققا كەلگەن يېڭى تۇيغۇچىلىق ئېقىمى قاتارلىقلار . نۇرغۇنلىغان كىچىك ئېقىملارنى تىلغا ئالمىدۇق .

ئۈچىنچى ، « غەرپ » بىر مەدەنىيەت ئاتالغۇسى سۈپىتىدە ، ئادەتتە ياۋرۇپا ، ئامېرىكا دۆلەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ ؛ ھازىرقى زامان سىياسى مەدەنىيەت تۇرمىشىدا پەقەت غەربى ياۋرۇپا بىلەن شىمالى ئامېرىكىنىلا كۆرسىتىدۇ . بىراق ، بىز سىمۋولىزىمنى سۆزلىگەندە روسىيە سىمۋولىزىمنى تىلغا ئالمىز .كەلگۈسىزىمنى سۆزلىگەندە روسىيە كەلگۈسىزىمى ئۈستىدە توختىلىمىز . مەۋجۇدىيەتچىلى ئېقىمنى سۆزلىگەندە بەزى ياپونىيەلىك ۋە ھىندىستانلىق يازغۇچىلارنىمۇ سۆزلەيمىز . بۇ ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك . سېھرى رېئالىزىم لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئەدەبىي ئېقىم ، ئۇ ئادەتتە « غەرپ » دائىرىسىگە كىرمەيدۇ . بىراق بىز ئۇنى مەخسۇس بايان

قىلدۇق . مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى مۇرەككەپ بولغاچقا ئۇنى ئۇمۇمى گەۋدە نوقتىسىدىن ئېگەللەشكە توغرا كېلىدۇ ، بەزىدە ئۇششاق تەپسىلاتلار بىلەن زىيادە ھېساپلىشىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز ، بولمىسا قەدەمدە بىر قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ . ئۇمۇمەن مودېرنىزىم ئەدەبىياتى ئۈستىدە توختالغاندا ، بەلگىلىك دەرىجىدىكى مۇجمەللىكتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ . شۇنداقلا بۇنداق مۇجمەللىكنىڭ بولىشى ھەم زۆرۈر .

【 تاھىر ھامۇت تۈزگەن "غەرب مودېرنىزىم ئەدەبىياتى" ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.】

# 8. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىزافەتلەر

## ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانى




**مۇھىم مەزمۇنى:** مەزكۇر ماقالىدە، ئۇيغۇر تىلىدىكى  ئىزافەتلەرنىڭ ئوقۇش ۋە يېزىش قائىدە ئاساسىنى ھەمدە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىزافەتلەرنىڭ تۈرلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىزافەتلەرنى تەتقىق قىلىش، توپلاش ۋە رەتلەپ لۇغەتلىرىمىزگە ئېلىشنىڭ مۇھىملىقى ئەكس  ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي دەۋرلىرى  ئوزايىدىن، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى»، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» ۋە «ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى  «دېگەن ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. چاغاتايخانلار زامانىسىنى ئۆزىگە دەۋر بېشى قىلغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئەمەلىيەتتە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، خۇسۇسەن ئۇيغۇر قارخانىيلار دەۋرىدىكى خاقانىيە تىلىنىڭ بىۋاستە راۋاجى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇل-ئاساسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش  ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قوللىنىشچانلىقىنى ئۆستۈرۈش ئەھمىيتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەقىقەتەنمۇ زۆرۈردۇر. ھالبۇكى، ماۋزۇيىمىزدىكى ئىزافەتلەر مەسىلىسى مۇشۇ تەتقىقات ساھەسىگە كىرىدىغان مۇھىم بىر نۇقتا ھېسابلىنىدۇ.

## (1)ئىزافەتلەر ۋە ئۇلارنى ئوقۇش-يېزىشنىڭ قائىدە  ئاساسى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن تارتىپ ئىشلىتىلىپ كەلگەن، ئېنىقلانغۇچى سۆزى ئالدىدا، ئېنىقلىغۇچى سۆزى كەينىدە كەلگەن، ئېنىقلاش-ئېنىقلىنىش مۇناسىۋىتىدىكى تەركىب بىرىكمە

«ئىزافەت» دەپ ئاتىلىدۇ .مەسىلەن، خەلقى ئالەم: ئالەم خەلقى؛ روھىي زەمىن: يەر يۈزى؛ سىرا تۇلمۇستەقىم :توغرا يول، دېگەنلەرگە ئوخشاش. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، «ئىزافەت» بىلەن ھازىرقى تىلىمىزدىكى «تەڭسىز بىرىكمە» قۇرۇلما شەكلى جەھەتتىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا مەزكۇر «ئىزافەت» دېگەن ئاتالغۇنى يەكلەپ تاشلىۋەتمەي، ئۇنى ئۆزىنىڭ سىنتاكسىسلىق ئۇقۇم دائىرىسىنى كۆرسىتىدىغان خاس تېرمىن قىلىپ ئىشلەتسەك بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ سوستاۋىدا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالتە ئەسىرلىك ئىستېمال ئەمەلىيتى ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرۈلگەن ۋە بۈگۈنكى ئىستېمالىمىزدىمۇ ئۇپرىماس ھاياتىي كۈچى بىلەن ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ئىزافەتلەر ئاز ئەمەس. ئەمدى، بۇ خىل ئىزافەتلەرنى لېكسىكولوگىيە ئىلمىنىڭ قائىدىلىرى بويىچە ئوچۇقلاپ چۈشەندۈرۈش مەزكۇر سۆزلەرنىڭ تىل ئەمەلىيىتىدىكى قوللىنىشچانلىقىنى، يەنى بىلىپ ئىشلىتىش ۋە توغرا ئىشلىتىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىزافەتلەر ئېتىمولوگىيە جەھەتتىن ئەرەب-پارس تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن، تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتىن بولسا، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەنئەنىۋى تەڭسىز بىرىكمىلەردىن تۈپلۈك پەرقلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇلارغا دائىر ئاساسىي قائىدىلەر ھەققىدە مۇۋاپىق بايان بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار، ئەلۋەتتە. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، ئىزافەتلەر ئۆزلىرىدىكى خاس ئالاھىدىلىكلەرگە قاراپ، «ئەرەبچە ئىزافەت» ۋە «پارسچە ئىزافەت «دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئادەتتە، تەركىبىدە ئەلفلام (ال-)بولغان، يەنى ئېنىقلانغۇچى سۆز بىلەن ئېنىقلىغۇچى كەلىمە ئەلفلام ئارقىلىق بىرىكىپ كەلگەن ئىزافەت» ئەرەبچە ئىزافەت» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «يول» مەنىسىدىكى « «پرائ»كەلىمىسى بىلەن» تۈز، توغرا، داغدام، ئۇقۇمىدىكى مستقيم» سۆزىدىن تەركىب تاپقان ئەرەبچە ئىزافەت» پراۋ المستقيم» شەكلىدە بولىدۇ ۋە ئىزافەت ئالدىدا ھېچقانداق بىر ئالدى قوشۇلغۇچى بولمىغان ئەھۋالدا«سىراتۇلمۇستەقىم» دەپ ئوقۇلىدۇ.

ئەرەبچە ئىزافەتلەرنى ئوقۇش ۋە ترانسكرىپسىيە قىلىشتا، ئىزافەتنىڭ ئالدىدا «بى، فى، ئان، ئىلە، ئەلە،» قاتارلىق ئالدى قوشۇلغۇچى كەلگەن ياكى كەلمىگەنلىكىگە، شۇنداقلا ئەلفلام بىلەن قوشۇلۇپ يېزىلىدىغان ئېنىقلىغۇچى سۆز باش ھەرپىنىڭ قەمەرىيە ھەرپى ياكى شەمسىيە ھەرپى ئىكەنلىكىگە قارايمىز.

ئەگەر ئىزافەت ئالدى قوشۇلغۇچىسىز بولسا، بۇ ھالدا ئالدى بىلەن، ئېنىقلانغۇچى سۆزنىڭ ئاخىرىغا بىر «-ئۇ» تاۋۇشى قوشۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئېنىقلىغۇچى سۆز قوشۇلۇپ ئوقۇلىدۇ ۋە شۇ بويىچە ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ. مەسىلەن،» امر» سۆزى بىلەن «الله» سۆزىدىن تۈزۈلگەن ئالدى قوشۇلغۇچىسىز ئەرەبچە ئىزافەت ئادەتتە، امرالله شەكلىدە يېزىلىدۇ ۋە «ئەمرۇللاھ «دەپ ئوقۇلىدۇكى، بۇنىڭ مەنىسى» ئاللاھنىڭ ئەمرى » دېگەن بولىدۇ. («ئاللاھ» سۆزىدىكى «ھ» تاۋۇشنى يېزىقتا چۈشۈرۈپ قويۇش مۇتلەق توغرا ئەمەس!) ئەمدى ، ئەگەر بۇ ئىزافەت «ب» «بى» دېگەن ئالدى قوشۇلغۇچى بىلەن كەلسە، بۇ ھالدا، بامرالله شەكلىدە يېزىلىدۇ ۋە مەزكۇر ئالدى قوشۇلغۇچى «بى»

نلٔ تەسرى بلەن، ئەسلدىكى «ئۇ» تاۋۇشى «ئى» گە ئۆزگىرىپ» بىئەمرىللاھ» دەپ ئوقۇلىدۇكى ،بۇنىڭ مەنىسى «ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن» دېگەن بولىدۇ .ئوخشاشلا، اسم بىلەن الله سۆزىدىن تۈزۈلگەن ئەرەبچە ئىزافەت ئالدى قوشۇلغۇچىسىز ئەھۋالدا، اسم الله يېزىلىپ، «ئىسمۇللاھ » دەپ ئوقۇلىدۇ ۋە مەنىسى «ئاللاھنىڭ ئىسمى» دېگەن بولىدۇ. ئەمما، ئۇ ئالدى قوشۇلغۇچى «ب-» بىلەن كېلىپ، بسم الله يېزىلغاندا بولسا، «بىسمىللاھ» دەپ ئوقۇلىدۇ. ۋە مەنىسى «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن «دېگەن بولىدۇ.

ئەگەر ئەلفلام بىلەن كەلگەن ئېنىقلىغۇچى سۆزنىڭ باش ھەرپى شەمسىيە ھەرپى بولسا ۋە ئىزافەت ئالدىدا ھېچقانداق بىر ئالدى قوشۇلغۇچى بولمىسا، بۇ ھالدا، ئېنىقلىغۇچى سۆزنىڭ ئاخىرىغا بىر «-ئۇ»تاۋۇشى قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئېنىقلىغۇچى سۆزنىڭ بېشىدىكى شەمسىيە ھەرپى قاتلاپ (تەكرار) ئوقۇلغان ھالدا قوشۇلىدۇ ۋە شۇنداق يېزىلىدۇ. مەسلەن، «دېڭىز» مەنىسىدىكى «بحر»سۆزى بىلەن» نجاتلىق» ئۇقۇمىدىكى «نجات»كەلىمىسى ئەلفلام ئارقىلىق بىرىكىپ« بحرالنجات « شەكلىدىكى ئىزافەت ھاسىل قىلسا، ئۇ «بەھرۇننەجات» دەپ ئوقۇلۇپ ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ.
ئەگەر ئەلفلام كەلگەن ئېنىقلىغۇچى سۆزنىڭ باش ھەرپى ھەر قانداق قەمەرىيە ھەرپى بولسا، ئۇ ھالدا، ئېنىقلانغۇچى سۆزنىڭ ئاخىرىغا بىر «-ئۇ» تاۋۇشى قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا دەسلەپ «ال-»(ئەلفلام) دىكى «ل-»(لام) ھەرپى قوشۇلىدۇ .ئاندىن ئېنىقلىغۇچى سۆز ئەينەن قوشۇپ ئوقۇلىدۇ ۋە شۇنداق يېزىلىدۇ. مەسلەن، »قىسسەلەر، ھېكايىلەر» مەنىسىدىكى «قىپ»سۆزى بىلەن «ئەۋلىيالار» ئۇقۇمىدىكى «انبيا «سۆزى ئەلفلام بىلەن بىرىكىپ ئەرەبچە ئىزافەت ھاسىل قىلسا، قىپ الانبيا شەكلىدىكى بۇ ئىزافەت «قىسەس-ۇل-ئەنبىيا» دەپ ئوقۇلىدۇ. ئەگەر مەزكۇر ئەرەبچە ئىزافەتتىكى» انبيا» (ئەنبىيا) سۆزىنىڭ ئورنىدا، باش ھەرپى شەمسىيە ھەرپى بولغان «رابغوزى « كەلىمىسى كەلگەن بولسا، بۇ ھالدا «قىپ الرابغۇزى»شەكلىدىكى بۇ ئەرەبچە ئىزافەت ئەمدىلىكتە «قىسەس-ۇر-رابغۇزى»(رابغۇزى توپلىغان قىسسىلەر) دەپ ئوقۇلىدۇ ۋە مۇشۇنداق ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ.
ئەگەر بۇ خىل ئىزافەت ئىككى كەلىمىلىك ئەمەس، بەلكى ئۈچ كەلىمىلىك بولسا، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىزافەت تەركىبىدىكى ئېنىقلانغۇچى سۆز بىردىن ئارتۇق بولسا، بۇ ھالدا، ئەڭ ئالدىدا كەلگەن بىرىنچى ئېنىقلانغۇچى سۆزنىڭ ئاخىرىغا بىر «-ئۇ» تاۋۇشى، ئىككىنچى ئېنىقلانغۇچى سۆزنىڭ ئاخىرىغا بولسا، بىر «-ئى» تاۋۇشى قوشۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئەلفلام بىلەن كەلگەن ئېنىقلىغۇچى سۆز يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قائىدە بويىچە، شەمسىيە ھەرپلىك بولسا تەكرارلىنىپ، قەمەرىيە ھەرپلىك بولسا، ئۆزىگە «ل-» ھەرپى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. ۋە شۇنداق تراسكرىپسىيە قىلىنىدۇ. مەسلەن، «تىللار» مەنىسىدىكى « لغات» سۆزى بىلەن « تۈركىي تىللىق مىللەت » مەنىسىدىكى

«ترك» كەلىمىسىدىن تۈزۈلگەن ئىككى كەلىمىلىك ئەرەبچە ئىزافەت «لغات الترك»يېزىلىپ، «لۇغات ـ ۇت ـ تۈرك» ئوقۇلىدۇ. «تۈركىي تىللار» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. ئەمدى، مەزكۇر ئىككى كەلىمىلىك ئەرەبچە ئىزافەتنىڭ ئالدىغا» قامۇس، چوڭ لۇغەت» مەنىسىدىكى يەنە بىر ئېنىقلانغۇچى سۆز بولغان «يوان»سۆزى قوشۇلسا، بۇ ھالدا، مەزكۇر ئۈچ كەلىمىلىك ئەرەبچە ئىزافەت ئەمدىلىكتە «ديوان لغات الترك» شەكلىدە يېزىلىپ، «دىۋان ـ ۇ لۇغات ـ ىت ـ تۈرك» دەپ ئوقۇلىدۇ ۋە مەنىسى «تۈركىي تىللارنىڭ قامۇسى» دېگەنلىك بولىدۇ. دېمەك، جاھانغا مەشھۇر قامۇسىمىز «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئەرەبچە ئىزافەتلىك ئەسلى شەكلىنى نېمە ئۈچۈن «دىۋانى لۇغاتىل تۈرك» ئەمەس، بەلكى «دىۋانۇلۇغاتىتتۈرك» دەپ ئوقۇيدىغانلىقىمىزنىڭ قائىدە ئاساسى مانا شۇ.

روشەنكى، بۇ خىل ئەرەبچە ئىزافەتلەرنى توغرا ئوقۇش ۋە دۇرۇس ترانسكرىپسىيە قىلىش ئۈچۈن، ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى 28ھەرپىنىڭ ئىچىدە، «ا، ب، ج، چ، خ ، غ ، غ، ف، ق، ك، م، ھ، و، ھ، ى»دىن ئىبارەت 14 دانىسىنىڭ «قەمەرىيە ھەرپلىرى « ت، ڭ، د، ۇ، ر، ز، س، ش، پ، گ، ۇ، ۇ، ل، ن»، »دىن ئىبارەت 14دانىسىنىڭ «شەمسىيە ھەرپلىرى» ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىمىز بەكلا مۇھىم.

ئەمدى، پارسچە ئىزافەت دېگىنىمىز بولسا، پارس تىلىنىڭ قائىدىسى بويىچە تۈزۈلگەن، تەركىبىدە ئەلفلام(ال (بولمىغان ئىزافەتلارنى كۆرستىدۇ. پارسچە ئىزافەتلەردىمۇ ئوخشاشلا ئېنىقلانغۇچى سۆز ئالدىدا ،ئېنىقلىغۇچى سۆز بولسا كەينىدە كېلىدۇ. پارسچە ئىزافەتلەرنى ئوقۇش ۋە ترانسكرىپسىيە قىلىشتا، ئىزافەت تەركىبىدىكى ئېنىقلانغۇچى سۆزنىڭ قانداق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقانلىقىغا قارايمىز. ئەگەر ئىزافەت تەركىبىدىكى ئېنىقلانغۇچى سۆز «ـ ئا «سوزۇق تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشقان بولسا، مەزكۇر ئېنىقلانغۇچى سۆز بىلەن ئېنىقلىغۇچى سۆز ئارىسىغا بىر «يى» بوغۇمنى قوشۇپ ئوقۇيمىز ۋە شۇ بويىچە ترانسكرىپسىيە قىلىمىز .مەسىلەن، دريا چيرت (دەرياي ھەيرەت): ھەيرانلىق دەرياسى؛ دنيا باقى (دۇنيايى باقى :مەڭگۈلۈك ئالەم؛ خدا تىالى(خۇدايتەئالا)؛ تەڭداشسىز ئاللاھ، دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئەگەر ئىزافەت تەركىبىدىكى ئېنىقلانغۇچى سۆز «ئە، ئى، ئو، ئۇ،» قاتارلىق سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان بولسا، ئېنىقلانغۇچى بىلەن ئېنىقلىغۇچى سۆز ئارىسىغا بىر «ئى» بوغۇمى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ ۋە شۇ بويىچە ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ.

مەسىلەن: پردە ئلمت(پەردەئي زۇلمەت: زۇلمەت پەردىسى؛ غنچە خندان(غۇنچەئى خەندان): پورەك ئېچىلغان غۇنچە؛ سو ئن (سوئى زەن) گۇمان، يامان كۆز بىلەن قاراش؛ سوقيد” (سۇيىقەسد) سۇيىقەست؛ ئوئى دل (تۇتئى دىل): يۈرەكنىڭ تۇتىسى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئەگەر ئىزافەت تەركىبىدىكى ئېنىقلانغۇچى سۆز ھەر قانداق بىر ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا، بۇ ھالدا، ئېنىقلانغۇچى بىلەن ئېنىقلىغۇچى سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر «ـ ئى»تاۋۇشى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ۋە شۇ بويىچە ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ. مەسىلەن، گل نار (گۈلى نار): ئانارگۈلى؛ دل نار(دىلى نار :(ئوت يۈرەك؛ ماەنور(ماھى نۇر) نۇرلۇق ئاي، دېگەنلەرگە ئوخشاش.

قەدىمي تېكستلەردە، ئىككىدىن ئارتۇق سۆزدىن تۈزۈلگەن پارسچە ئىزافەتلەرمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ . مەسىلەن، مست غرق بادە (مەستى غەرقى بادە): رومكىغا چۆكۈپ كەتكەن مەست؛ مزرى لئف الهی(مەزرەئى لۇتفى ئىلاهى): ئاللاھنىڭ مەرھەمتى تېرىلغان جاي، دېگەنلەرگە ئوخشاش.
ئىزافەتلەر ھەققىدىكى قائىدە ئاساسلىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئوبدان ئىگىلەش بىزنى بۇ تۈردىكى سۆزلەرنى بىلىپ ئىشلىتىش، جايىدا ئىشلىتىش ۋە جانلىق ئىشلىتىش ئىمكانىيتىگە ئىگە قىلىدۇ.

## (2)ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىزافەتلەرنىڭ تۈرلىرى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن كېلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىغا ئۆزلىشىپ كەتكەن، ئىملا تەلەپپۇز ۋە ئىزاھلىق لۇغەتلىرىمىزدىن ئورۇن ئالغان، شۇنداقلا جانلىق ۋە يېزىق تىلى ئەمەلىيتىدە قوللىنىلىۋاتقان ئىزافەتلەرنى ئىستېمالىمىزدىكى نەق ھالىتى بويىچە تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى تەلەپپۇزى بويىچە ئەينەن ئۆزلەشكەن ئىزافەتلەر:
خەلقئالەم (خلق عالم): ئالەم خەلقى، پۈتكۈل خەلق؛
پادشاھئالەم(پادشاه عالم): ئالەمنىڭ پادىشاھى؛
تەركىدۇنيا(ترك دنيا (دۇنيا ئىشلىرىدىن ۋازكېچىش؛
ئەكسىلھەرىكەت(عكس الحركت )قارشى ھەرىكەت، تەتۈرلۈك؛
ئەكسىلئىنقىلاب ( عكس الانقلاب): تەتۈر ئىنقىلاب؛
بەيتۇللاھ (بيت الله) ئاللاھنىڭ ئۆيى، مۇقەددەس ئۆي، كەبە؛
ئەبەدىلئەبەد (ابدالابد)؛ مەڭگۈگە؛
بەيتۇلمۇقەددەس (بيت المقدس): مۇقەددەس ئۆي، كەبە؛
مەردىمەيدان) مردميدان): جەڭگاھ ئىنسانى، جەڭ مەيدانىدىكى ئەركەك.
ئەھلىمەھەللە(اهل مَحله :(مەھەللە ئەھلى، مەھەللە ئىنسانى؛
جانىجان (جان جان) جاننىڭ جېنى، ئەڭ ئەزىز؛
مىراب (ميرآب ): سۇ ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار
مىراخور(ميرآخور) جەڭ ئەتلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار؛
ئابىچەشمە (آب چشمه )؛ بولاق سۈيى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدىن بىرسىنىڭ نامى، ئابچەشمە مۇقامى؛
ئابىزەمزەم ( آب زمزم): زەمزەم بولىقىنىڭ سۈيى؛
ئابىكەۋسەر(آب كوثر):جەننەتتىكى كەۋسەر بۇلىقىنىڭ سۈيى؛
خەتمىقۇرئان (ختم قرآن) قۇرئاننى ئوقۇپ تۈگىتىش؛ قۇرئان ئوقۇش

شەيخۇلسلام (شيخ الاسلام) ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ يۇقرى ئۇنۋان ۋە مۇشۇ ئۇنۋانغا مۇشەررەپ بولغان زات؛

دارلىئاجىزىن (دارالَاجزين): قېرى-چۈرىلەر يۇرتى، ئاجىزلار يۇرتى؛

دارلمۇئەللىمىن(دارالملمن لمين): مۇئەللىم تەربىيلەش يۇرتى؛

دارىلفۇنۇن (دارالفنۇن) ئىلىم-پەن يۇرتى؛

دەردىسەر(دردسر)باش ئاغرىقى؛

دىۋانىلۇغاتىتتۈرك(ديوان لغات الترك) تۈركىي تىللار دىۋانى؛

تارىخى رەۋزەتىسسەفا (تاريخ روگه الپفا): ساپالىق باغ تارىخى ؛

تارىخىرەشدى (تاريخ رشيدى) ئابدۇرەشىدخان تارىخى؛

تارىخىھەمدى (تاريخ چميدى) ئابدۇلھەمىدىخان تارىخى

تارىخىئەمنىيە (تاريخ امنيه) ئەمىنىيەتلىك تارىخ؛

ماھنۇر(ماه نور) نۇرلۇق ئاي؛

سەددىچىن (سد چين): جۇڭگو سېپىلى؛

ئىمانىكامىل(ايمان كامل): تولۇق ئىشەنچ ئىمامئەخپەش (امام اخپش) ئەخپەش ئىمام ؛

ئىلمىنۇجۇم (ىلم نجوم): ئاسمانشۇناسلىق ئىلمى

ھەججىئەكبەر ( چج اكبر): چوڭ ھەج، بۈيۈك ھەج؛ قەتلىئام (قتل ىلم ) ئومۇمىي قىرغىن، قىرغىن

غەيرىرەسمى (غير رسمى): رەسمىي بولمىغان؛ ۋەلىيۇللاھ (ولى الله :(ئاللانىڭ دوستى

ۋەلىئەھد (وليهد): تەخت ۋارىسى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئىككىنچى، ئىزافەت قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمىغان، ئەمما تەركىبىدىكى سۆزلەردە فونېتىك ئۆزگىرىش بولغان ھالدا ئۆزلەشكەن ئىزافەتلەر:

روىيزېمىن: يەر يۈزى، دۇنيا، ئەسلى: رەيىزەمىن (روى زمين.(

تەختىراۋان: ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىدىغان چاغدا چىقىدىغان تەخت، جەسەت يۆيۈلىدىغان خاس تاختا؛ كونا جەمئىيەتتە مەرتىۋىلىك كىشىلەرنى يەلكىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ ئېلىپ

ماڭىدىغان جاھاز؛ ئەسلى: تەختىرەۋان (تخت روان.(

ئابىھايات :تىرىكلىك سۈيى، ھاياتلىق بېغىشلىغۇچى سۇ؛ ئەسلى: ئابىھەيات (ژب چيات.(

ئابىناۋات: ناۋات سۈيى، بىر خىل قوغۇن ئىسمى؛ ئەسلى: ئابىنەبات (ژب نبات.(

ئابىراۋان: ئاقار سۇ؛ ئەسلى: ئابىرەۋان (ژب روان(

ئاشىقىبىقارار :تاقەتسىز ئاشىق. ئەسلى: ئاشىقىبىقەرار ( ىاشق بيقرار(

ئالىمادىس: ھادىسىلەر دۇنياسى؛ ئېھتىمال. ئەسلى: ئالەمىھادىسە ( ىالم چاد شه(

تەركىجاھان: جاھاندىن كېچىش. ئەسلى: تەركىجەھان (ترك جهان(

دارىلئېتام: يېتىملەر يۇرتى. ئەسلى :دارىلئەيتام (دارالايتام(

بالايىبەتتەر: ئەڭ زور بالا-قازا. ئەسلى: بەلايى بەتتەر (بلا بتر(

زامانىئاخىر: ئاخىرەت، ئاخىر زامان. ئەسلى: زەمانى ئاخىر (زمان ژخر(

زامانىئەۋۋەل: ئۇزاق ئۆتمۈش، بۇرۇنقى زامان. ئەسلى: زەمانىئەۋۋەل (زمان اۋل(

ئەھلىمۆمىن: مۇسۇلمان. ئەسلى: ئەھلى مۇئمىن (اهل مؤمن(

دۇئايىبەت :قارغىش. ئەسلى: دۇئايىبەد (دىا بد(؛

دۇئايىسالام: تىنچلىق تىلىكى. ئەسلى: دۇئايى سەلام (دىا سلام(

روزىرامىزان: رامىزان كۈنى. ئەسلى: روزى رەمەزان (روز رمگان(

رەڭگىرۇخسار: چىراي، چېھرە رەڭگى. ئەسلى: رەنگى رۇخسار (رنگ رخسار(

پەيلىشەيتان: شەيتانىنىڭ پەيلى. ئەسلى: فئلى شەيتان (فىل شيئان(

بەدەرىبۇزرۇك: بۈيۈك ئاتا. ئەسلى: پەدەرى بۇزورك (پدر بزورك(

پەۋقۇلئاددە: ئادەتتىن تاشقىرى. ئەسلى: فەۋقۇلئاددە (فوق  السادە(

پۇشتىپاناھ: ئارقا تىرەك. ئەسلى: پۇشتى پەناھ (پشت  پناه(

خۇدايىتائالا: تەڭداشسىز خۇدا. ئەسلى: خۇدايى تەئالا (خدا  تىالى(

سۈيىقەست: يامان غەرەزلىك ھەرىكەت. ئەسلى: سۈيى قەسد (سو  قپد(

سۈيىئىستېمال: يامان غەرەزلىك پايدىلىنىش، ۋاستە. ئەسلى: سۈيى ئىستئمال) سواستمال(

ئەمرىمەرۇپ: مەشھۇر ئىش. ئەسلى: ئەمرى مەئرۇف (امر مروف(

ئەھلىسەلىپ: كرېست بەلگىلىك قوشۇن. ئەسلى: ئەھلى سەلىب (اهل پليب(

ئەھلىئىلىم: ئىلىم ئەھلى. ئەسلى: ئەھلىئىلم (اهل ىالم(

تەھتىسارا :يەر-زېمىنىنىڭ ئاستى. ئەسلى: تەھتىسەرا (تىت سرا(

ئەرشىئەلا: ئاسماننىڭ ئەڭ ئۈستى. ئەسلى: ئەرشىئەئلا (ىرش اىلا(

جامادىيەلئاخىر: ھىجرىيە 6-ئاي. ئەسلى :جەمادىيەلئاخىر (جمادى الاخر(

جامادىيەلئەۋۋەل: ھىجرىيە 5-ئاي. ئەسلى :جەمادىيەلئەۋۋەل (جمادى الاول(

رەببىيەلئاخىر: ھىجرىيە 4-ئاي. ئەسلى :رەبىئۇلئاخىر (ربيى الاول(

رەببىيەلئەۋۋەل: ھىجرىيە 3-ئاي. ئەسلى: رەبىئۇلئەۋۋەل) ربيى الاچز(

مىرشاپ: يىگىت بېشى، يىگىتلەر ئەمرى. ئەسلى: مىرشاب) ميرشاب(

مىرشەب: كېچىلىك جېسەكچىلەر باشلىقى، ئەسلى: مىرشەب ( ميرشب(

لەۋزى ھالال: راست گەپ. ئەسلى: لەفزى ھەلال (لفئ چلال(

لەۋزى ھارام: يالغان سۆز .ئەسلى: لەفزى ھەرام ( لفئ چرام(

قازىكالان: باش قازى. ئەسلى: قازىكەلان (قاپ  كلان(

ۋەلەدىزىنا: نىكاھسىز تۇغۇلغان بالا. ئەسلى: ۋەلەدىزىنا) ولدزنا(

قازایقەدەر: پێشانگە پۆتۆلگەن ئش. ئەسلی: قەزایی قەدەر (قپا قدر(
ئسمئەزەم: ئەڭ بۆیۆك ئسم. ئەسلی: ئسمی ئەئزەم (اسم ائم(
ئسمشێرێپ: ئۆلۆغ ئسم. ئەسلی: ئسمی شەرێف (اسم شريف(
ۋەلئەزەم :باش ئش بێجرگۆچی. ئەسلی: ۋەلئی ئەئزەم (ولی ائم(
ۋەلنێمەت: نێمەت ئگسی .ئەسلی: ۋەلنئمەت (ولینمت(
مەدێكار: ئشلەمچی. ئەسلی: مەردێكار) مردكار(
مرغەزەپ: غەزەپ ئگسی. ئەسلی: مغەزەب (ميرغگب(
كالامشێرێپ: ئۆلۆغ گەپ، قۆرئان. ئەسلی: كەلامی شەرف (كلام شريف(
توقلەنەت: لەنەت چەمبرێكی .ئەسلی: تەۋقی لەئنەت ( ئوق لنت(
شاهئەزەم: ئۆلۆ شاه. ئەسلی: شاهی ئەئزەم (شاه ائم(
پادێشاهئەزەم: ئۆلۆغ پادێشاه. ئەسلی: پادێشاهی ئەئزەم (پادشاه ائم(
كەبتۆللاه: ئاللهانێك كەبسی. ئەسلی: كەئبەتۆللاه (كبه الله) ۋ.ب

ئۆچنچی، ئوتتۆرێدێكی ئزافەت قوشۆمچسی چۆشۆپ قالغان هالدا زێچ یەملشێپ كەتكەن ئزافەتلەر:
ئاداپ: سۆیۆق ئوماچ. ئەسلی :ئاردئاب (ژرد ژب(
ئابروي: یۆز ئناۋێتی. ئەسلی: ئابروي (ژب روی). بۆ سۆزنی تۆركلەر « » (یۆز سۆیی) دەپ ئشلەتمەكتە.
ئارامخۆدا: خۆدا بەرگەن ئارامێق .ئەسلی: ئارامی خۆدا (ارام خدا(
ئارامخۆش: یاخشی ئارام. ئەسلی: ئارامی خۆش (ارام خوش(
ئاسار ئەتێقە: قەدێمكی ئزلار. ئەسلی: ئاساری ئەتێقە (اﺛار نتيقه(
بایۋەچچە: بالا باي، باینێك ئوغلی. ئەسلی: بایی بەچچە (بای بچه(
بەچچخەر: ئێشەكنێك بالسی. ئەسلی: بەچچەئی خەر (بچەخر(
پایناپ: ئێرێق ئۆستەڭنێك ئەڭ ئاخری. ئەسلی: پاینی ئاب (پاين ژب(
پەردێشەپ: قاراڭغۆلۆق پەردێسی؛ توسۆق. ئەسلی: پەردەئی شەب (پرده شب(
پایتەخت: پادێشاه تەختی بارجاي .ئەسلی: پایی تەخت (پای تخت(
پێشایۋان: ئایۋاننێك ئالدی. ئەسلی: پێشی ئایۋان (پيش ايوان(
تەرجمهال: ئەهۋال تەپسلاتی. ئەسلی: تەرجمەئی هال (ترجمه چال(
تەندۆرۆس: ساغلام بەدەن. ئەسلی: تەنی دۆرۆست (تن درست.(
ئەۋلیا ئەزەم: ئەڭ بۆیۆك ئەۋلیا. ئەسلی: ئەۋلیایی ئەئزەم (اوليا ائم(
چۆلئراق: ئراق چۆلی؛ مۆقام ئسمی. ئەسلی: چۆلی ئراق ( چول نراق(

خەزنەدەپنە: كۆمۈپ قويۇلغان خەزنە. ئەسلى: خەزنەئى دەفنە (خزينه دفينه(

دۇردانە: دانە مەرۋايىت. ئەسلى :دۇررى دانە (در دانە(

شاكراپ: سۇيۇق شېكەر، ئۆتە تاتلىق سۇ. ئەسلى: شەكەرى ب) شكر ژب). بۇ ئىزافەت كېيىنچە مەنە كۆچۈش قىلىپ،

»ئۆتە تۇزلۇق» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدىغان بولۇپ قالغان.

رويخەت: خەت يۈزى، تىزىملىك. ئەسلى: رويى خەت (روى خێ(

سەللىمازا: پۈتۈنلەي ساغلام: ئەسلى: سەلىمۇلئەئزا (سليم الاىگا(

روياپ :سۇ يۈزى. ئەسلى: رويى ئاب (روى ژب(

ساھىبخانا: ئۆي ئىگىسى. ئەسلى: ساھىبى خانا) پاچب خانه(

ساھىبخان: داستىخان ئىگىسى، مېھمان ئىگىسى. ئەسلى: ساھىبى خان) پاچب خان(

ساھىبقىران: يېتىكلىك ئىگىسى. ئەسلى: ساھىبى قىران (پاچب قران(

ساھىبتەدبىر: تەدبىر ئىگىسى. ئەسلى: ساھىبى تەدبىر (پاچب تدبير(

سانايىنەپسە: گۈزەل سەنئەت. ئەسلى: سەنايىئى نەفسە (پنايچ نفيسە(

ساھىپپەرمان: پەرمان چۈشۈرگۈچى. ئەسلى: ساھىبى پەرمان (پاچب پرمان(

ساھىبجامال: جامال ئىگىسى، چىرايلىق. ئەسلى: ساھىبى جەمال (پاچب جمال(

ساھىبكامال: كامالەت ئىگىسى. ئەسلى: ساھىبى كەمال ( پاچب كمال(

سىماب :سۇيۇق كۈمۈش، سىماپ. ئەسلى: سىمى ئاب (سيم ژب(

سىمكار: ئىش ھەققى .(工钱) ئەسلى :سىمى كار (سيم كار(

سەپراس: تۈز سەپ. ئەسلى: سەفى راست ( پف راست(

سەركار :ئىش بېشى، ئىش باشقۇرغۇچى. ئەسلى: سەرى كار (سركار(

قەدەمتەشرىپ: مۇبارەك قەدەم(光临) .ئەسلى: قەدەمى تەشرىف (قدم تشريف(

گۈلنار: ئانار گۈلى. ئەسلى: گۈلى نار (گل نار)؛ دىلنار: ئوت يۈرەك. ئەسلى: دىلى نار (دل نار(

گۈلسۇرۇخ: قىزىلگۈل. ئەسلى :گۈلى سۇرۇخ (گل سرخ(

گۈلقەقە: پورەكلەپ ئېچىلغان گۈل. ئەسلى: گۈلى قەھقەھ (گل قهقه(

گىرداب: سۇ قايىنمى، قاينام. ئەسلى: گىردى ئاب (گرد ژب(

لەپشىرىن :تاتلىق لەۋ. ئەسلى: لەبى شىرىن (لب شيرين(

مويلاۋ: بۇرۇت. ئەسلى: مويى لەب (موى لب)؛ مويسېپىت: ئاق چاچ. ئەسلى: مويى سەفىد (موى سفيد(

ۋەزىر ئەزەم: باش ۋەزىر، بۈيۈك ۋەزىر. ئەسلى: ۋەزىرى ئەئزەم (وزيرا ىئم(

مەككە مۇكەررەمە: ئۇلۇغ مەككە .ئەسلى: مەككەئى مۇكەررەمە (مكەمكرمە(

مەدىنە مۇنەۋۋەرە: نۇرلۇق مەدىنە. ئەسلى :مەدىنەئى مۇنەۋۋەرە (مدينە منورە)

ساھىبماقام: ئەمەلدار، مەنسەپدار. ئەسلى :ساھىبى مەقام ( پاچب مقام) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

تۆتنچى، ئالدى قوشۇلغۇچلىق ئىزافەتلەر:

بىسمىللاھ (بسمالله): ئەرەبچە ئىزافەت ئىسمۇللاھ (اسم الله) بىلەن ئالدى قوشۇلغۇچى «بى» نىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. مەنىسى: ئالللاھنىڭ ئىسمى بىلەن، ئالللاھنىڭ نامى بىلەن.

ئەزبىرايىخۇدا (ازبراى خدا): پارسچە ئىزافەت» رەيئى خۇدا» بىلەن ئالدى قوشۇلغۇچى «بى» ۋە «دىن \اتىن» رولىدىكى ئالدى قوشۇلغۇچى» ئەز» (از) نىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان.

مەنىسى: ئالللاھنىڭ رايى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى؛ خۇدا ھەققى، جەزمەن.

پىسەبىللاھ (فى سبيل الله): ئەرەبچە ئىزافەت» سەبىلىللاھ» (سبيل الله) بىلەن «دا\ دە،\ تا \ تە» رولىدىكى ئالدى قوشۇلغۇچى «فى «نىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. مەنىسى: ئالللاھنىڭ يولىدا، خالىس، خالىسانە.

پىسۇللا: بۇ يۇقىرىدىكى دىني كەلىمە «پىسە بىللاھ» نىڭ جانلىق تىلدىكى ئۆزلەشمە شەكلى بولۇپ، قەشقەر شۇ ىسىدە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئەستايىدىل: بۇ سۆز ئەسلىدە، پارسچە ئىزافەت «تەھى دىل» (تەدل) بىلەن «دىن \ تىن» رولىدىكى ئالدى قوشۇلغۇچلىق ئىزافەت بولۇپ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تىلىمىزغا ئۆزلىشىپ، بۈگۈنكى ئىستېمالىمىزدىكى «ئەستايىدىل» كەلىمىسى بولۇپ قالغان. سۆز مەنىسى «يۈرەكتىن چىقىرىپ، چىن يۈرەكتىن» ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان .مەزكۇر» ئەستايىدىل» كەلىمىسىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىكى شەكلى ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامىنىڭ ژىرىك ئەسىرى « تارىخي ھەمىدى» دە مۇنداق كۆرۈلىدۇ:

بەگ بەچچە باشلىغ ھەممە ئەمىر، لەشكەر، يىگىت، ئەسكەرلەر ئەزتەھەدىل مۇھارەبە ۋە مۇقاتەلەگە تۇردىلەر. (بەگقۇلى بەگ باشلىق بارلىق ئەمىر، لەشكەر، يىگىت ۋە ئەسكەرلەر ئەستايىدىل جەڭ قىلىشقا باشلىدى). ئۇل ھەيبۇ قەييۇم لانىيام دەرگاھى تەقەددۇستىن ئىلتىجا ۋە ئىستىد ئايى تەمامالار بىرلە ئەزتەھەدىل يىغلادىلەر. (ئۇ ئەبەدىيلىك ئىگىسى پەرۋەردىگارنىڭ مۇقەددەس دەرگاھىدىن كەمكۈتىسىز ئىلتىجا تىلەپ ئەستايىدىل يىغلاشتى.)

## (4)ئىزافەتلەر تەتقىقاتىنىڭ بۈگۈنكى تىل ئەمەلىيىتىدىكى رولى

بۈگۈنكى تىل ئىستېمالىمىزدىكى ئىزافەتلەر ئەسلىدە، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى سىنتاكسىسلىق بىرلىكلەر بولغاچقا، تەتقىقات ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تەركىبىنى ئوچۇقلاپ كۆرسىتىش ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا جەھەتتىكى تەرەققىيات جەريانىنى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشتە مۇھىم

ئەھمىيەتكە ئىگە. ئالايلۇق، بۇگۈنكى تىلىمىزدا «چۈپرەندە»دېگەن بىر سۆز بار. بۇ سۆز «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە مۇنداق ئىزاھلىنىدۇ: «شاكال، شۆپۈك قاتارلىق كېرەكسىز، تاشلاندۇق نەرسىلەر؛ ئەخلەت؛ چۈپرەندە ئازگىلى» ئەمدى ئىزدىنىپ قارايدىغان بولساق، مەزكۇر «چۈپرەندە» سۆزىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە، «ياغاچ» مەنىسىدىكى «چوب) «مەسىلەن، چوبگەز)سۆزى بىلەن «رەندە» كەلىمىسىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان» چۆبرەندە»شەكلىدىكى پارىچە ئىزافەت ئىكەنلىكى كۆرۈلىدۇ. دېمەك، ئۇز زامانىسىدا،» رەندىلەشتىن چىققان ياغاچ قىرىندىسى، پۈزەك» ئۇقۇمىنى ئاڭلىتىپ ئىشلىتىلگەن مەزكۇر» چوبرەندە» بىرىكمىسى ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، بۇگۈنكى تىلىمىزدىكى «چۈپرەندە» تەلەپپۇز قىلىنىپ، «شاكال-شۆپۈك؛ ئەخلەت» مەنىسىنى ئاڭلىتىدىغان بىر سۆزگە ئايلىنىپ قالغان. دەرۋەقە، بۇ سۆز بۇگۈنكى تىل ئىستېمالىمىزدا، «چۈپرەندە ئادەم» دەپمۇ ئىشلىتىلىۋاتقانلىقى مەلۇم. بۇ ھال مەزكۇر ئىزافەتنىڭ بۇگۈنكى كۈندە، «يارىماس، چاكىنا، ئېتىبارسىز» قاتارلىق مەنىلەرنى ئۆزگە يېڭىدىن يۈكلىگەن بىر كۆپ مەنىلىك سۆز بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .يەنە مىسال ئالساق، ھازىرقى تىلىمىزدا «ئەۋرەز» دەيدىغان بىر سۆز بار. بۇ سۆز ئىزاھلىق لۇغەتلىرىمىزدە: «ئۆينىڭ ئىچىگە يۈيۈنۈش ئۈچۈن ياسالغان ئۈستى يېپىق ئورا «دەپ ئىزاھلىنىدۇ. بۇ سۆزمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، «سۇ» مەنىسىدىكى «ئاب» سۆزى بىلەن «تۆكۈۋېتىلگەن، تاشلىۋېتىلگەن» ئۇقۇمىدىكى «رىز» كەلىمىسىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان «ئابرىز» شەكلىدىكى پارىچە ئىزافەت ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىدا، «يۈيۈندى سۇ، يۈيۈندى سۇ ئازگىلى، يۈيۈندى سۇ يولى» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلغانلىقى مەلۇم. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، ئەگەر بىز بۇ «ئابرىز ئەۋرەز «سۆزنىڭ ئۆز زامانىسىدا «يۈيۈندى سۇ يولى، تۆكۈندى سۇ يولى» ئۇقۇمىدىمۇ قوللىنىلغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنىڭ بۇگۈنكى تىل ئىستېمالىمىزدىكى «مۇنچا ئۆينىڭ ئىچىگە يۈيۈنغان سۇنى ئېقتىۋېتىش ئۈچۈن ياسالغان ئورا» دېگەن مەنىسىنى كېڭەيتىپ، ئۇنى «下水道» دېگەن بىرىكمە سۆزگە بەدەل قىلىپ ئىشلىتەلىسەك، بۇمۇ بىر نەتىجە بولىدۇ ئەلۋەتتە.

قىسقىسى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىزافەتلەر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن كېلىپ ئۆزلەشكەن تەڭسىز بىرىكمىلەر بولۇپ، ئۇلارنى داۋاملىق قېزىپ، توپلاپ ۋە رەتلەپ لۇغەتلىرىمىزگە ئېلىشىمىز ۋە توغرا، تولۇق ئىزاھلاپ كۆرسىتىشىمىز لازىم. چۈنكى، بۇ خىل سۆزلەر يالغۇز «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ۋە» كاڭشى خانداىلىقى» غا ئوخشاش تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە ئىشلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى بۇگۈنكى دەۋر تىل ئىستېمالىمىزنىڭ باشقا ساھەلىرىدىمۇ ئۆزىگە خاس بولغان رول ۋە ئەھمىيەت بىلەن ئەسقاتىدۇ.

---

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

» (1)ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىل نەشرى.
» (2)ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997-يىل نەشرى.
» (3)ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985-يىل نەشرى.
(4)موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمدى» قوليازما، 269-بەت،-9-8 قۇرلار. 323-بەت، 5-6-قۇرلار.

مەنبە: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى «ژورنىلىنىڭ 2005 -يىل 1 –سانى

# 9- «ئۇيغۇر» نامنى قوللىنىشنىڭ باش - ئاخىرى

## غالىب بارات ئەرك

« ئۇيغۇر » دېگەن بۇ نام دۇنيادا نوپۇسى سەككىز مىليوندىن ئارتۇق تۈركىي تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان، قەدىمكى مەدەنىيەتلىك شەرق خەلقىنىڭ نامى. ھازىر دۇنيادا 30 نەچچە دۆلەت ئالىملىرى ئۇيغۇر مىللىتىنى تەتقىق قىلماقتا. مانا ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقىنى « ئۇيغۇر » نامى قانداق مەنىگە ئىگە؟ قاچاندىن بېرى قوللىنىلغان؟ دېگەندەك نۇرغۇن مەسىلىلەر تېخى جاۋابسىز، بىز تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

« ئۇيغۇر » نامىنىڭ قاچاندىن باشلاپ قوللىنىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان نەق يازما خاتىرە يوق، شۇنداقتىمۇ بىز بەزى مەنبەلەرگە ئاساسەن مەسىلىنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىمىز. 11 - ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى ماھمۇد كاشغەرىنىڭ « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا بىزنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: « ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ نامى، ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار، بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان، زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن، ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە ئىنان خۇدخۇراند - بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي ئۆز ئوزۇقىنى ئوزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن. بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ » دەپتۇ.

ئاتاقلىق ئالىم ماھمۇد كاشغەرى خاتىرىلىگەن بۇ رىۋايەت بىزگە « ئۇيغۇر » نامىنىڭ مىلادىيەدىن تۆت ئەسىر بۇرۇن بارلىقىنى، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن مەۋجۇدلۇقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. مەشھۇر ئىستىلاچى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن مىلادىيەدىن تۆت ئەسىر بۇرۇن دۇنياغا كېلىپ دۇنيانى تىترەتكەن تارىخى شەخس. « ئۇيغۇر » نامىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىسكەندەرگە باغلاپ رىۋايەت قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ خاتىرىلەش ئەنئەنىسىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ بۇ نامنىڭ پەيدابولغان يىلىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىندىن ئىبارەت مەشھۇر ئىستىلاچى ياشىغان دەۋرنى خاتىرىلەپ يىل دەۋرىدىن مەلۇمات قالدۇرغان. ئۇيغۇر نامنى ئىسكەندەرگە باغلاشتىكى مەقسەت بۇ دۇنياۋى ئىستىلاچىغا ئائىت ۋەقەلەرنىڭ يىراق جايلارغىچە تارقىلىدىغانلىقى ، ئۇزاق زامانلارغىچە

تىلغا ئېلىنىدىغانلىقىدىن بولغان. بۇ رىۋايەت يەنە بىزگە خاقانىيە ئاھالىسىنىڭ موڭغۇلىيە ۋادىسىدىن كۆرە ئوتتۇرا ئاسىيادا مىلادىيەدىن خېلى زامانلار بالدۇرلا مەۋجۇتلىقى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كىشلەر ئېسىدە رىۋايەت سۈپىتىدە مەڭگۈ ساقلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت. رىۋايەتنىڭ مەقسەتلىرىنى داۋام قىلساق « ئۇيغۇر » نامىنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن قويغان بولۇشى ناتايىن. لېكىن دۇنيا مەشھۇر ئىستىلاچى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تىلىدىن « بۇلار باشقىلارغا موهتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تەپىپ يەيدىغانلار » ئىكەنلىكىنى قايىللىق بىلەن دىگۈزۈش، ئەمەلىيەتتە ئۆز نامىدىن پەخىرلىنىش ھەم خاسىيىتىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەت، رىۋايەتتە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركلەر بىلەن ئوخشاشلىقى بەلكى ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار بىر قىسمىنىڭ نامى بولغانلىقى، بۇ تەڭداشلىقنى ماھمۇد كاشغەرىنىڭ ئۆزى ھەم ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى باشقا بايانلىرى تەرىپىدىنمۇ ئىسپاتلانغان. بۇ رىۋايەت يەنە بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىردە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن بىر قىسمىنىڭ شەھەر مەدەنىيىتىگە ئۆتكەنلىكىنى كورستىپ بەردى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي داستانى « ئوغۇزنامە » مۇ بىزگە 106 ـ قۇرىدا مۇنداق مەلۇمات بەرىدۇ: « مەن ئۇيغۇرلارنىڭ قاغا نىمەن ». « ئوغۇزنامە » رىۋايەت خاراكتىرىنى ئالغان تارىخىي بولۇپ ئەپسانىمۇ ئارلىشىپ كەلگەن. ئەسەر تەخمىنەن 13 ـ ئەسىرلەردە قەلەمگە ئېلىنغانبولسىمۇ ۋاقىئەلىك ناھايىتى قەدىمكى دەۋرگە بېرىپ تاقىلىدۇ، بۇ تارىخى داستاندا ئۇيغۇر نامىنىڭ بېرىلىشى مەسلىسى ئوغۇزخان تىلىدىن بايان قىلىنىدۇ. كوپلىگەن تەتقىقاتچىلار ئوغۇزخاننى هون تەڭرىقۇتى باتۇر دەپ قارايدۇ. بىز بۇ قاراشنى قۇۋۋەتلىسەك ئوغۇزخان مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردىكى تارىخىي شەخس بولۇپ « ئۇيغۇر » سوزى شۇنىڭدىن بۇرۇنلا مەۋجۇت بولغان بولىدۇ، سەۋەبى ئوغۇزخان قىپچاق، قارلۇق، قاڭقا، قالئاچ نامىلىرىنى بەرگەن بولسىمۇ « ئۇيغۇر » نامىنى ئوغۇزخاننىڭ قويغانلىقىنى دىمىگەن، لېكىن « ئۇيغۇر » نامى ئۇلار قۇدرەتلىنىپ كۈچلۈك دولەت قۇرغاندا ھەممە قەبىلە ئورۇقلارغا بايرىقى ئاستىغا جەملەنگەندە ئاندىن زاھىر بولغان. ئوغۇزخانمۇ ئۇيۇغانلارنىڭ، كۈچ ـ قۇدرەت تاپقانلارنىڭ قاغانى بولغان. بىز بۇ تارىخىي داستاندىن « ئۇيغۇر » نامىنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردىن بۇرۇنلا مەۋجۇتلۇقىنى مەنە جەھەتتىن « ئۇتقۇچى ،كۈچلۈك، قۇدرەتلىك، » مەنىسىدە ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ ھەمدە بىرەر مىللەتنىڭ ئەمەس سىياسىي گەۋدىنىڭ دولەتنىڭ نامى بولغانلىقىنى كورستىپ بەرگەن.

موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نەمەتۇللا موجىزى ‹‹ تەۋارىخى مۇسقىييۇن›› ناملىق ئەسىرىدە (1854 ـ يىلى يېزىلغان) ‹‹ياركەند، خوتەن ئەھلى بۇ زامانغىچە بەش مىڭ سەككىز يۈز ئەللىگ يىل ›› ياشىغانلىقىنى يېزىش ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ يەكەن، خوتەنلەردە ياشىغلى 5850 يىل

بولغانلىقنى يازىدۇ. ئۇنداق بولغاندا ئەجدادىمىز هازىرغىچە تەخمىنەن ئالتە مىڭ يىل بولغان بولىدۇ.

بەزىبىر تارىخچىلار مىلادىيىنىڭ هارپىسىدىكى ۋەقەلەردە ئۇچرايدىغان呼结 نامىنىمۇ ئۇيغۇر نامىنىڭ باشقىچە تەلەپپۇز تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ، چەت ئەل مەنبەلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ كورسەك مىلادىيە ئىككىنچى ئەسىردە ياشىغان گىرىك ئالىمى تولمىي ‹‹جۇغراپىيە›› ناملىق كىتابىنىڭ ‹‹ سىرىس ئېلى » بابىدا « ئوكخورداش، ئوكخورداي » ناملىرىنى خاتىرىلىگەن، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئومۇمىي پىكرىگە قارىغاندا سىرىسى ئېلى خوتەن، قەشقەرلەرنى مەركەز قىلغان هالدا تارىم ئويمانلىقىنى كورسىتىدىكەن. يەنە بىر قىسىم ئالىملارنىڭ پىكرىگە قارىغاندا يۇقىرىقى ئىككى نام « ئۇيغۇر دەرياسى، ئۇيغۇرلار » دىگەننى كورسىتىدىكەن.

تەيۋەندە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇر ئالىمى پروفېسسور ئابدۇللا تىمەن ئوغلى ئەپەندى دىيارىمىز قوشنا ئەل بولغان هىندىستاننىڭ مەنبەلىرىگە ئاساسلىنىپ مۇنداق دىگەن: « هىندىستان تارىخى ماتىرىياللىرىدا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى تۇركلەرنىڭ تەڭرىتېغىنى مەركەز قىلىپ دولەت قۇرغان خانلىق تېررىتورىيىسىدىكى ئاهالىسى هازىرقى شىمالىي شىنجاڭدا تارقاق ئولتۇراقلىشىپ شەهەر تۇرمۇشى كەچۈرگەن. لېكىن تۇرك نامىدا ئۇيغۇرلار بىلەن تۇركلەرنى ئايرىلاشتۇرۇپ ئاتىغان ».

تەيۋەنلىك ئۇيغۇرشۇناس ئالىم لىيوتاڭ « ئۇيغۇرلار هەققىدە تەتقىقات » ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: « تۇرك ۋە غەرب ئالىملىرىنىڭ خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى يېغلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار بۇگۇنكى شىنجاڭ رايونىنى يادرو قىلغان هالدا غايەت چوڭ خانلىق قۇرغان». مەيلى قانداق بولمىسۇن يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا « ئۇيغۇر » نامىنى مىلادىيەدىن خېلىلا ئىلگىرى پەيدا بولغان هەمدە هازىرقى شىنجاڭنى مەركەز قىلغان هالدا ياشىغان « ئۇيۇشقان » بىر ئىنسانلار توپىنىڭ ۋە سىياسىي نامى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان.

بىر ئومۇر ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلغان گېرمانىيىلىك ئاتاقلىق ئالىم گۇبائىن خانىم مەرھۇم زوردۇن سابىر ئەپەندىگە مۇنداق دەيدۇ: « ئۇيغۇرلار ئۇلۇغ قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرسى، ئارىيانلار هىندىستاندىن ياۋروپاغا كوچۈپ كېلىشتىن 500 يىل بۇرۇن ئۇيغۇر دولىتى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ تىل - يېزىق مەدەنىيىتى بار ئىدى »

دىمەك، تارىخىي پاكىتلار بىزگە ئەنىق كورسىتىپ تۇرۇپتۇكى، ئۇيغۇرلار ناهايىتى قەدىمىي مىللەت بولۇپ تارىختا شىنجاڭنى مەركەز قىلغاندا كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ناهايىتى جەڭگىۋارلىق بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا سەمەرىلىك روللارنى ئوينىغان. « ئۇيغۇر » نامىغا كەلسەك بۇ نامنىڭ قاچان بارلىققا كەلگەنلىكى هەققىدە بىۋاستە ئەنىق تارىخىي پاكىت بولمىسىمۇ بۇ

نامنى ئەڭ كەيىن دەگەندىمۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىردىن بۇرۇن بارلىققا كېلىپ قوللىنىشقا باشلىغان دىگەن ئىلمي پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن.

ئۇيغۇر نامى ئەنە شۇنداق مىلادىيەدىن ئىلگىرىلا پەيدا بولۇپ دۇنيادىكى مۇھىم ئەل نامى بولۇپ قالدى، لېكىن مىلادىيىنىڭ ھارپىسىدا بەلكىم مىلادىيىنىڭ بېشىدا بۇ نام ئەسلىدىكى شان ـ شوھرىتىنى يوقاتقان، ئىلگىرىكى شوھرىتىنىڭ ئەكسىچە تارىخنامىلەر كورۇلۇشى يوقنىڭ ھسابىدا بولۇپ قالدى، بەلكىم ئىنتايىن كىچىك سىياسي گۇرۇھ ياكى بىرەر قەبىلىنىڭ نامى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان بولسا كەرەك.

« ئۇيغۇر » نامى مىلادىيىنىڭ بېشىدىن تاكى 6 ـ ئەسىرگىچە يەنى تۇرك ھاكىمىيەتلىرى ئوتتۇرىغا چىققۇچە ناھايىتى ئاز كورۇلدى، شۇنداقلا جۇڭگو مەنبەلىرىدە 袁纥دىگەندەكناملاردا خاتىرىلىنىپ ناھايىتى ئازكورۇلگەن.

مىلادىيە 7 ـ ئەسىرگە كەلگەندىلا ئاندىن ئۇيغۇر نامى قايتىدىن تارىخي، سىياسي سەھنىدە ئۆزىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار دەسلەپ تۇرك ھاكىمىيتىدىن مۇستەقىل تۇرۇش ئۈچۈن قارلۇق، باسمىل، سىرتاردۇش قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ تۇركلەرگە قارشى كۇرەش ئېلىپ باردى. گەرچە ئوز ھاكىمىيتىنى تۇرغۇزۇشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ كوپ چاغلاردا تۇركلەرنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇرلار مىلادىيىنىڭ 740 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئوز ھاكىمىيتىنى قۇرۇپ چىقىشقا، تۇركلەرنى ئوز ھاكىمىيتىگە ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. بۇ ھاكىمىيەت شەرقتىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئاتلىنىدۇ، شۇڭىمۇ فرانسىيىلىك شەرقشۇناس رېنى گوسسوت « يايلاق ئىمپىرىيىسى » ناملىق كىتابىدا، ئاۋىستىرىيىلىك ماككرىس « ئۇيغۇر ئىمپىرىيىسى » ناملىق كىتابىدا بۇ ھاكىمىيەتنى « ئۇيغۇر ئىمپىرىيىسى » دەپ ئاتىغان. بۇنداق دىيىش ئاساسسىز ئەمەس ئىدى، چۈنكى جۇڭگودا ئەڭ ئۇزاق ھوكۇم سۇرگەن تاڭ سۇلالىسى ئوڭلۇك ـ سويگۇن توپىلىڭىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا باج ـ سېلىق تۆلەشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. بۇ يەردىكى دىققەتكە سازاۋەر يەنە بىر نۇقتا ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى 回纥نامى بولسا 回鹘غا ئوزگەرتىلدى. سەۋەبى مىلادىيە 789 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى تاڭ سۇلالىسگە ئەلچى ئەۋەتىپ شۇنداق يېزىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ ئىككى خىل ئاتالمىنىڭ تەلەپپۇزى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ مەنە جەھەتتىن ئوز نامىنىڭ شوھرىتىنىڭ مۇۋاپىق ئەكس ئەتتۇرۇلۇشىنى كوزلىگەن، تارىخچىلار « ئۇيغۇرلارنىڭ شۇڭقارغا ئوخشاش جەسۇر ۋە چىۋەر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن » ئۇيغۇر « دىگەن نامىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى 回纥 دەگەن سوزنى回鹘 دىگەن سوزگە ئوزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى » دەپ قارايدۇ. بىز بۇلاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوز نامىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز ۋە ئۇ ئوزگەرتىش

بىلەن يۇقىرىدا كورگەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەين بىلەن باغلانغان رىۋايەتنىڭ مەلۇم مەنبەداشلىقى بار دەپ ئويلايمىز.

مىلادىيە 840 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ « ئۇيغۇر ئىمپىرىيىسى » تۈرلۈك ئىچكى نىزاھلار، تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ئاجىزلاشقاندا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ياردىمى ۋە ئۇزگەرتىشى بىلەن قىرغىزلار ھۇجۇم قىلىپ بۇ ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋەتتى. تېرىتورىيە دائىرىسىدىكى خەلق ئۈچكە بولۇنۇپ بىر بۆلىكى شۇ زىمىندا قالدى ( قىرغىزلارنىڭ ھاكىمىيتىگە ئۆتتى). بىر بۆلىكى جەنۇبقا ـ سەددىچىن ئىچىگە كوچۇپ تاڭ سۇلالىسىغا بېقىندى. ئۇلارنىڭ نوپۇسى 300 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ ئۇزاققا قالماي ئوگە تېگىن ۋە ئارمۇزد تېگىن باشچىلىقىدىكى بۇ بولەك پۈتۈنلەي تۈگىدى. يەنە بىر بولەك ـ تەخمىنەن 200 نوپۇس ـ « غەربكە » قاراپ كوچتى، ئۇلار گەنسۇ ئولكىسىگە كەلگەندە يەنە ئىككىگە بولۇنۇپ، بىر بولىكى گەنسۇ ئولكىسى دائىرىسىدە قېلىپ كېيىنچە مۇشۇ زىمىننى مەركەز قىلىپ « گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى » دىگەن ھاكىمىيەتنى قۇردى، يەنە بىر بولىكى تۇرپان ـ قارا شەھەر دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ باردى. بۇ ئەسلى ئۇيغۇرلار بۇ جاينىڭ تارىخىدا رول ئوينىيالمىدى (مالىيەۋكىن)، بەشبالىقنى مەركەز قىلغان « ئۇيغۇر ئېلى » (بەزىبىر مەنبەلەردە ئون ئۇيغۇر ئېلى دىيىلگەن) قۇرۇلغاندا ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قايتىدىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ يىپەك بولىدىن ئىبارەت بۇ خەلقئارا سودا ـ مەدەنىيەت ئالاقە يولىنى كونترول قىلغانلىقى شەرق بىلەن غەربنىڭ تۈرلۈك ئالاقىلىرىدە ۋاستىلىك رول ئوينىغانلىقى تۈپەيلى بۇ نام قايتىدىن مەشھۇر بولدى، دۇنيا بۇ نامنى قايتىدىن تونىدى. « ئۇيغۇر ئېلى » دە مەدەنىيەت ـ ئىقتىساد گۈللىنىپ ئەينى ۋاقىتتا شەرقتە ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ بىرى بولغان. شۇڭا ئەلچى ۋاڭ يەندى بۇ ئەلنىڭ باياشات ـ پاراۋانلىقىنى، بىرمۇ كەمبەغەلنىڭ يوقلۇقىنى يازدى، شائىر مازۇچاڭ ياشانغانلىرىدا ساۋاتسىزلار يوقلۇقىنى يازىدۇ. مىلادىيە 13 ـ ئەسىردە موڭغۇللار شەرقتىن غايەت زور قۇدرەت بىلەن كېڭەيمىچىلىك باشلىدى. 1209 ـ يىلى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىدىقۇتى پارچۇق ئارات تېگىن ئوز ئېلىنى يېرىم مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان قىتانلارنىڭ نازارەتچىسىنى ئولتۇرۇپ موڭغۇللارغا بېقىندى. موڭغۇللار باش كوتۇرۇپ چىققان بۇ چاغلاردا مەدەنىيەت جەھەتتىن ناھايىتى قالاق ئورۇندا ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئۇلارغا مەدەنىيەت ئوقۇتقۇچىسى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە يېتەكچى بولدى. گەرچە ھاكىمىيەتنى موڭغۇللار ئىگىلىگەن بولسىمۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلەر ئۇيغۇرلار بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ نام ـ شوھرىتى موڭغۇللارنىڭ قەدىمى يەتكەن ـ يەتمىگەن يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە مەشھۇر بولدى. دۇنيادا بۇ نامنىڭ شوھرىتى پەلەككە يەتتى.

ئەمدى بىز مۇشۇ تارىخىي دەۋردە ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ نىمە دىگەنلىكىنى كورۇپ باقايلى: ئۇيغۇر ئېلى ھاكىمىيتى بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىككى خانلىقتىن بىرى خاقانىيە (قاراخانىلار)

سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان ماھمۇد كاشغەرىنىڭ « تۈركىي تىللار دىۋانى » دىكى بايانلىرىنى كورەلەيلى:

« مەن تۈركلەرنىڭ ئەڭ سوزمەنلىرىدىن، پىكرىنى روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سوزلىرىنى، قاپىيىلىرىنى ئىنقلاپ چىقىپ ئۆلاردىن پايدىلاندىم ، ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە ». ئاتاقلىق ئالىممىز ماھمۇد كاشغەرىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى، قەبرىسىنىڭ قەشقەر ئوپالدا ئىكەنلىكىنى ھازىر دۇنيا ئېتراپ قىلىدۇ، ئۇنداقتا ماھمۇد كاشغەرى نىمە ئۈچۈن ئوزىنى « تۈرك » دەيدۇ ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى ساپ تۈركچە دەيدۇ؟ بۇ ئەمەلىيەتتە مەھمۇد كاشغەرى ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركلەرنى بىر خەلق دەپ قارىغانلىقىنىڭ مۇھىم ئىسپاتى ئەمەسمۇ؟ مەيلى تۈرك خانلىقى دەۋرىدە بولسۇن كېيىنكى چاغلاردا بولسۇن، ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركلەر ئوزلىرىنىڭ بىر خەلق دەپ ئاتىغان ئۇيغۇر تىلى ساپ تۈركچە بولىدۇ. ئۆلارنىڭ تىل، ئۆرپ ـ ئادەت، تېرىتورىيە، ئىقتىسادىي بىرلىك بارئىدى. ئالىم ئەسرىدە خاقانىيە دائىرىسىدە ياشىغۇچى ئەجدادلىرىمىزنى « خاقانىيە تۈركلىرى » دەپ ئاتايدۇ، ئەكسىچە ئۇيغۇر ئەلىدىكىلەرنى «ئۇيغۇرلار »، «تات ئۇيغۇر » دەپ ئاتايدۇ. «تات ئۇيغۇر» ئاتاش ئارقىلىق ئۆلارنى مۇسۇلمان تۈركلەردىن پەرقلەندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ‹‹تات›› ئاتالمىسنى قوللىنىش بىر مىللەتنى ئېتىقاد جەھەتتىن پەرقلەندۇرۇشنى مەقسەت قىلامدۇ قانداق؟

ماھمۇد كاشغەرىنىڭ زاماندىشى خاقانىيىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت، جامائەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ‹‹قۇتادغۇ بىلىك›› ناملىق ئەسرىگە نامەلۇم ئاپتورلار تەرىپىدىن يېزىلغان مۇقەددىمىدە مۇنداق دېيىلىدۇ. (20 ـ 19) ‹‹تۈركىستان ئەللىرىدە بۇغراخان تىلىنچە تۈرك لۇغەتىنچە بۇ كىتابتىن ياخشىراق ھەرگىز كىم ئەرسە تەسنىف قىلمادى›› ـ ‹‹پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان يەرلەردە بۇغراخان تىلىدا تۈركىي سوز بىلەن (ھېچكىم) بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى يازغىنى يوق››

33. قۇر ئاي ئول بۇكتابقا قەبۇل بولدۇقى

بۇ تۈركلەر تىلىندە ئەجەپ كۆردۇكى

(يا، بۇ كىتاپنى قوبۇل قىلغۇچى،

بۇ تۈركچە ئەسەرگە ئەجەپلەنگۈچى)

73. ئەرەبچە، تەجىكچە كىتابلار ئوكۇش

بىزىڭ تىلىمىزچە بۇ يۇمغى ئۇقۇش

(بىزنىڭ تىلىمىزدە بۇ يالغۇز شۇلا.)

75. بۇ تۈركچە قوشۇغلار تۈزەتتىم ساڭا

ئوقدا ئۈنۈما دۇئا قىل ساڭا

(بۇ تۈركچە قوشاقلارنى تۈزدۈم ساڭا،

ئوقۇردا ئۈنتۈما دۇئا قىل ماڭا)

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىغا يېزىلغان مۇقەددىمە قانداقلا بولمىسۇن مىلادىيە 13 ـ ئەسىردىن بۇرۇن يېزىلغان. مۇقەددىمىنىڭ خاقانىيە خاقانلىرىغا مەدھىيە ئوقۇشى ھەمدە ئۇلارنى « شەرقنىڭ مەلىكى، ماچىنلار بەگى» دەپ مەدھىيىلىشى ھەمدە ئۇلارنى بىلىم سويۇشتە « دۇنيادا بىرلا ـ ئاجۇندا يەگ» دېيىشلىرى سۆزىمىزگە دەلىل بولىدۇ. ئەسەردە تۈرك ئىبارىسى ئېتنىك نام سۈپىتىدە قوللىنىلغان.

ئەمدى بىز «ئۇيغۇر ئېلى» تېررىتورىيىسىدە ياشىغان ئاتاقلىق ئالىم سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ نىمە دەپ يازغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى: «بەش بالىغلىغ سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تاۋغاچ تىلىنتىن تۈرك ئۇيغۇر تىلىنچە ئىكىلەيۇ ئەۋىرمىش ـ بەشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ خەنزۇ تىلىدىن تۈرك ـ ئۇيغۇر تىلىغا ئىككىنچىلەپ تەرجىمە قىلغان». ئالىم «ئالتۇن يارۇق»نى تەرجىمە قىلغاندا مۇنداق يازىدۇ: «بىش بالىغلىغ سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ياڭىردى تۈرك تىلىنچە ئەۋىرمىش ـ بەشبالىقلىق ساڭقۇ سەلى تۇتۇڭ قايتىدىن تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان». ئالىمنىڭ پارچىسى تېپىلغان يەنە بىر تەرجىمە ئەسىرىدە: «ئون ئۇيغۇر ئەلىنتە كىنكى بوشوغۇتلۇق بىس بالىقلىغ سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تاۋغاچ تىلىنتىن ئىكىلەيۇ تۈرك تىلىنچە ئاقتارمىش ـ مەدھىيىلەنگەن ئون ئۇيغۇر ئېلىدە كېيىن ئوقۇمۇشلۇق بولغان بەشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ خەنزۇ تىلىدىن ئىككىنچىلەپ تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان».

سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ 10 ـ ئەسىردە ياشىغان ئالىم، ئۇنىڭغا ئوخشاشلا 8 ـ ، 9 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان دەپ پەرەز قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر ئالىمى پىرتانىراكشىتمۇ ئۆز تىلىنى « تۈرك تىلى » دەپ ئاتىغان.

ئوتتۇرا ئەسىردە ھۆكۈم سۈرگەن « خاقانىيە » ۋە « ئۇيغۇر ئېلى » تېررىتورىيىلىرىدە ياشىغان خەلق ئۆز تىلىنى ئورتاق ھالدا « تۈرك تىلى »، ئۆزلىرىنى بولسا « تۈرك » دەپ ئاتىغان. ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ھاكىمىيەتلىرىنى « خاقانىيە » ۋە « ئۇيغۇر ئېلى » (ئون ئۇيغۇر ئېلى دەپمۇ ئاتىغان) دەپ ئاتاشقان. ماھمۇد كاشغەرى خاقانىيىلىكلەرنى « خاقانىيە تۈركلىرى » دەپ ئاتىغاندەك، سىڭقو سەلى تۇتۇڭ « تۈرك ـ ئۇيغۇر » دەپ ئاتىغان. خۇددى ماھمۇد كاشغەرى « ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ نامى » دىگىنىدەك « ئۇيغۇر » سىياسىي نام ئىدى، يەنە بىر جەھەتتىن جۇغراپىيىلىك نام ئىدى. لېكىن خەلقنى ئۇيغۇر دەپ

ئاتمىغان، ئۇلارنىڭ تىلى بولسا « ئۇيغۇر تىلى بولسا »ئۇيغۇر ئېلىدىكى تۈركلەرنىڭ تىلى ئىدى، ئۇلار موڭغۇللارغا خىزمەت قىلغان چاغلاردا مۇسۇلمانلاردىن ئۆزلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن دولەت نامى بويىچە ئۆزلىرىنى ‹‹ئۇيغۇر›› دەپ ئاتاشقان. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بۇ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمغا ئىگە سىياسي نامدۇر. شۇڭمۇ مىرزا ھەيدەر كورگانى ‹‹تارىخي رەشىدى›› ناملىق كىتابىدا ئاقسۇنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى ‹‹ئۇيغۇرىستان›› دەپ يازغان.

بۇ ئىككى خانلىق تېرىتورىيىسىدىكى ئاھالە بىردەم تۈرك، بىردەم ئۇيغۇر بولۇپ قالدۇ؟ ئۇنداقتا ماھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ، پىرتانىراكشىمۇ ئۇيغۇر تۈرك يەنى باشقا مىللەت بولۇپ قالامدۇ؟ بۇ مەسىلىگە يۇنەن ئۇنئۇېرستېتىنىڭ تارىخشۇناسلىرى ‹‹جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى›› ناملىق ئۈچ توملۇق كىتابىدا ئورخۇن - يەنسەي ۋادىسىدا تاشقا ئويۇپ قالدۇرۇلغان تارىخي ئابىدىلىرىمىزگە ئاساسلىنىپ ‹‹ مەڭگۇ تاشتا مۇنداق دىيىلگەن: توققۇز ئۇيغۇر، بىز بىلەن بىر مىللەت، تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ئوخشاش بىر مەنبەدىن كېلىپ چىققان تارماقتۇر، شۇڭا مەڭگۇ تاشنىڭ بايقىلىشى بىزگە شۈبھىسىز جاۋاب بەردى›› دىگەن يەكۇننى چىقارغان. ۋ. سامۇرىن تاڭ دەۋرىدىكى تارىخ كىتابلىرىغا ئاساسلىنىپ ‹‹ئۇيغۇر›› دىگەن بۇ نام كۆپ ھاللاردا سىياسي ئاتالغۇ سۈپىتىدە قوللىنىلغان، ئىنتايىن ئاز چاغلاردا مەلۇم قەبىلە ياكى مەلۇم پارچە تۇپراقنى كورسەتكەن، كېيىنچە بىر خەلق تىلىنىڭ نامىغا ئايلانغان، ئۇنى ئىشلىتىپ قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ بىر خىلىنى پەرقلەندۈرگەن » دەپ يازىدۇ.

خەنزۇلارنىڭ ئاتاقلىق تارىخچىسى « ھون تارىخى »، « تۈرك تارىخى » ۋە « ئۇيغۇر تارىخى » دەك كىتابلارنىڭ ھەمدە كوپلىگەن ئىلمي ماقالىلەرنىڭ ئاپتورى بولغان پروفىسسور لىن گەن « تۈرك تارىخى » ناملىق كىتابىدا « ئۇيغۇر = تۈرك » دىگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بىز بۇ نۇقتىلارنى چۈشىنىشىمىزدە ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ بىردە ئۆزلىرىنى تۈرك دىسە بىردە ئۇيغۇر دەپ ئاتاشتىكى مۇددىئاسىنى چۈشىنەلەيمىز.

مىلادىيە 10 - ئەسىردە ئىسلام دىنى خاقانىيە سۇلتانى سۇتۇق بۇغراخان تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ كەڭ كولەملىك غازاتلار ئارقىسدا تەردىجى ئىسلامىيەت خاقانىيىدە ئومۇملىشىدۇ. لېكىن خاقانىيە ئۇيغۇر ئېلىنى ئىسلاملاشتۇرۇشقا ئۇلگۇرمەيلا يىمىرىلىدۇ. ئالدى بىلەن قىتانلارنىڭ ئاندىن موڭغۇللارنىڭ ئىستىلاسى بۇ ئىككى ئەلنى مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرىدۇ. ئەمما شۇ ئىستىلاچىلار يەنە مەدەنىيەتلىك ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ئاسسىملاتسىيە قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرئېلىنىڭ كوپچىلىك ئاھالىنى ھېسابقا ئالمىغاندا موڭغۇللار بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئارىسدا دىن ئەڭ چوڭ توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ. ئەنە شۇنداق تارىخى دەۋردە چىڭگىزخان ئەۋلادى بولمىش توغلۇق تومۇرخان مىلادىيە 1348 - يىلى تەختكە چىققاندىن كېيىن موڭغۇللارنىلا ئەمەس بارلىق مۇسۇلمان بولمىغان

تۈركلەرنى ھەم مەجبۇرىي ھالدا ئىسلام دىنىغا كىرگۈزدى. شۇندىن باشلاپ ئانا تۇپراق ئالتۇن دىيارىمىزدا ياشايدىغان ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدىكى ئىدىئولوگىيە پەرقىمۇ تۈگىدى. ئەلۋەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەر ئارىسىدىكى تىل شىۋىسى پەرقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بىرلىككە كەلدى. شۇندىن باشلاپ ئەلىشىر نەۋائى « مۇھاكىمە تىل لۇغەتتىن » ئەسىرىدە ۋە زوھۇرىددىن مۇھەممەد بابىرنىڭ « بابۇرنامە » سىدە بىر نەچچە جايدا « ئۇيغۇر » ئىبارىسىنى تىلغا ئالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا « تۈرك » نامى ئومۇمىي نامغا ئايلىنىدۇ. خەلق ئوزىنى « تۈرك » ياكى مۇسۇلمان دەپ ئاتاش بىلەن بىرگە يۇرتنىڭ نامى بىلەن خوتەنلىك، قەشقەرلىك، لوپلۇق، تارانچى، دولانلىق دىگەندەك ناملاردا ئاتايدۇ. بۇ خىل ھالەت ياكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋاملىشىدۇ، مۇشۇ ئەسىردىكى ئالىملاردىن ئابدۇقادىر داموللا، ھوسەيىنخان تەجەللىلەرمۇ ئوزلىرىنى « تۈرك » دەپ ئاتىغان. خەنزۇچە مەنبەلەردىمۇ 1884 ـ يىلدىن ئىلگىرى يۇرتىمىزمۇ مۇسۇلمانلار يۇرتى (回疆) دەپ يازغان ھەمدە ئەجدادلىرىمىزنى تۇڭگانلاردىن پەرقلەندۇرۇش ئۇچۇن 缠头 دەپ ئاتىغان.

« ئۇيغۇر » دىگەن بۇ نام مىلادىيە 1350 ـ يىللاردىن 1935 ـ يىللارغىچە ئۇنتۇلۇپ ئۇنىڭ ئىزىغا « تۈرك » دىگەن ئەسلى نام قوللىنىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوزلىرىنى يۇرت نامى بىلەن پەرقلىق ئاتىغان، مۇسۇلمان دەپ ئاتاشمۇ بىر خىل مىللەت نامى تۈسىنى ئالغان. ئۇنداقتا « ئۇيغۇر » دىگەن بۇ مىللەت نامى قانداقچە قايتىدىن پەيدا بولۇپ قالدى؟

بۇمەسلىنى ئالدى بىلەن خەلقئارا ۋەزىيەتكە باغلاپ چۈشىنىش مۇمكىن. مىلادىيە 20 ـ ئەسىردە دۇنيا ۋەزىيىتىدە ئاجايىپ ئوزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. مەنچىڭ ئىمپىرىيىسى ئاغدۇرۇلۇپ جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلدى. چاروسىيە ئاغدۇرۇلۇپ تۇنجى سوتسىيالىستىك ئىمپىرىيە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قۇرۇلدى. سوۋېت ئىمپىرىيىسى بارلىققا كېلىشى بىلەنلا ئوزىنى پۈتكۈل دۇنيادىكى ئېزىلگۈچىلەرنىڭ باشلامچىسى دەپ ئېلان قىلدى ھەمدە تۈرلۈك ئامىللار بىلەن غەربىي تۈركىستاننى ھاكىمىيتى ئاستىغا ئالدى. پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانى مەڭگۈ ئىشغالىيەت ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۇچۇن گۇرۇھلارغا بولۇپ ئىدارە قىلىش زورۇر بولۇپ قالدى. بۇ خۇددى ‹‹ئۇيغۇرلار يەڭىدىن بارلىققا كەلگەن مىللەت گەۋدىسى بولۇپ، ئۇ تەسەۋۋۇر ئىچىدىكى تارىخىي ئەنئەنە ۋە يېقىنقى سىياسىي ئەھتىياج تۈپەيلىدىن يەرداشلىقنى بىرىكتۇرۇپ باشقىلار تەرىپىدىن كەشپ قىلىپ چىقىلغان›› دىيىلگەنگە ئوخشاش مەلۇم پەرقلەرنى ئاساس قىلىپ يېڭى مىللەتلەر ياساپ چىقىلدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر ۋە ئوزبەك بارلىققا كېلىپ تۈرك نامى ئوتتۇرا ئاسىيادىن سىقىپ چىقىرىلدى.

ئۇنداقتا ‹‹ئۇيغۇر›› ئاتالمىسى قانداقچە بۇ يېڭى مىللەتكە نام قىلىپ قوبۇل قىلىندى؟ قازاق ئاكادىمىك ئا. ت قايدارۇۋ ‹‹1921 ـ يىلى س. ئە. مالوۋنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تاشكەنتتە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. يىغىن قاتناشچىلىرى ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر

دىگەن مىللەت نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ھەمدە شىنجاڭدىكى بارلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئورتاق نامى قىلىشنى بىردەك قوللىدى›› دەيدۇ. بۇ يىغىن 1921 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئېچىلغان بولۇپ شۇ نۇقتىنى ئىلمىي ھالدا پەرەز قىلىش مۇمكىنكى يىغىندا رۇس ئۇيغۇرشۇناسى مالوۋ ئوزىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىقتىكى شۆھرىتىدىن پايدىلىنىپ ‹‹ئۇيغۇر›› نامىنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىپ شەرھلەپ، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنى قايىل قىلغان. چۈنكى مالۇۋ ئاكادىمىك رادلوۋنىڭ شاگىرتى بولۇپ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چېغىدىن باشلاپ تۈرك تىلى تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا قاتناشقان. 1909 ـ يىلىدىن 1911 ـ يىلىغىچە، 1913 ـ يىلىدىن 1915 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ۋە گەنسۇدا ئۇيغۇرلارنىڭ (سەرىق ئۇيغۇرلارنىمۇ ئوز ئىچىگە ئالىدۇ) تىل ۋە فولكلورىنى تەكشۈرگەن. 1916 ـ يىلى تۈرك فىلولوگىيىسى بويىچە ماگىستىر بولغان. 1917 ـ يىلىدىن كېيىن قازان، پېتىربورگ، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردىكى ئالىي مەكتەپلەردە تۈرك تىل ـ ئەدەبىياتىدىن دەرس ئوتكەن. 1939 ـ يىلى روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئاكادىمىكى بولغان. ئۇ ھاياتىدا ئۇيغۇرلارغا ئائىت نۇرغۇن كىتاب، ماقالىلەر ئېلان قىلغان.

ئۇيغۇر نامى ئەنە شۇنداق ئوتتۇرىغا چۈشۈپ قانۇنلاشقان. 1924 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا نوپۇس تەكشۈرۈشتىن باشلاپ بۇ نام كورۇلۇشكە باشلىغان. ئۇنداقتا بۇ نام قانداقچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا كوچۈپ كەلدى؟ بۇ نام بېكىتىلىپ قانۇنلاشقاندىن كېيىن مەتبۇئات، تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە ئېلان قىلىنىش بىلەن بىرگە ئالى ئىلمگاھلاردا قوللىنىلدى، مۇشۇ ئەسرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ نۇرغۇنلىغان زىيالىلىرىمىز ئىلىم ئېلىش ئۇچۇن سوۋېتقا چىقىپ تەدرىجىي بۇ نامنى قوبۇل قىلدى. مىللەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر شائىرلىرىمىز مەمتىلى توختىھاجى ئوغلى تەۋپىقى ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر نامىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قوبۇل قىلغان. بۇ مەسىلىگە قارىتا شۋېتسارىيىلىك داڭلىق دىپلومات، ئۇيغۇرشۇناس دوكتۇر گۇننار ياررىڭ مۇنداق دەيدۇ: ‹‹20 ـ ئەسرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا ‹ تۈرك › نامىنىڭ ئورنىغا ‹ ئۇيغۇر › نامى دەسسىدى بۇ ئاتالغۇنىڭ تەشەببۇسچىسى س. ئە مالوۋ›› (‹‹قەشقەرگە قايتا بېرىش›› قا قاراڭ)، ئۇ ئەسرىدە ئۇيغۇر نامىغا مۇشۇ ئەسرنىڭ ئاتالمىسى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ.

‹‹ئۇيغۇر›› ئاتالغۇسى شىنجاڭدا زادى قاچاندىن باشلاپ قانۇنلىشىپ قوللىنىلدى؟ بۇ ھەقتە خارۋورت ئۇنىۋېرستېتىنى پۈتتۈرگەن تۇرپان ئەكسپېدىتسىيىگە قاتناشقان جاسيان لودېس (1933 ـ يىلى شىنجاڭغا كەلگەن سوۋېت دىپلوماتى ئاپرېسوۋ شىنجاڭ مىلتارىسى شىنجاڭ شەرىپىگە بەرگەن تەكلىپ ئىچىدە تارىم ۋادىسىدىكى 20 ـ يىللاردىكى لېنىن ئاساس قىلغان سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى تىل ـ تارىخ قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن ئۇيغۇر دەپ ئاتاش تەكلىپىنى بەرگەن بولۇشى مۇمكىن » دەيدۇ. شۇ چاغلاردا قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان «

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » بەلكىم سوۋېت ئىمپېرىيىسىنى چوچۇتۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى شۇ زامانىنىڭ ھىيلە ـ مىكىر شاھى، ئەشەددىي فاشىست شېڭ شىسەي ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قىزىل فاشىست ستالىندىن ئىبارەت دۇنياۋى شەخسكە ئۆزىنى سادىق ئىت قىلىپ كورسىتىپ، بولشۇېك بولغان ئىدى. سوۋېت ئىمپېرىيىسى نۇرغۇنلىغان بولشۇېكلارنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە غايەت زور توھپىلەرنى قوشتى، 1934 ـ يىلى جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما قۇرۇپ بىر مەزگىل ئوتكەندىن كېيىن « چەنتۇ » دىگەن نامنى « ئۇيغۇر » دەپ ئوزگەرتىش 2 ـ نۆۋەتلىك ئاۋام خەلق قۇرۇلتىيىدا قانۇنلاشتۇرۇلغان. قۇرۇلتايدا ئۇيغۇر دىگەن نامنى خەنزۇچە تەلەپپۇز تەرجىمىسى مەسىلىسىمۇ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ 威武儿 دىگەندەك لايىھەلەرمۇ بار بولغان، بۇنىڭ مەنىسى بولسا « ئالىيجاناب، جاسارەتلىك تەڭرىنىڭ ئامراق پەرزەنتى » دىگەن مەننى بەرگەن. بورھان شەھىدى « شىنجاڭنىڭ 50 يىلى » ناملىق ئەسرىدە « مەن يۇۋىنبىن بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ 维吾尔دەپ يازايلى دىيىشكەن ئىدۇق، ئولكىلىك ھوكۇمەتنىڭ يىغىنىغا سۇنۇپ ماقۇللانغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ نامىنىڭ رەسمى يازما شەكلى قىلىنغانىدى. شۇنىڭدىن ئەتىبارەن ئۇ بارا ـ بارا كەڭ قوللىنىلدى » دەپ يازىدۇ. 维吾 بولسا مېنى ھىمايە قىل دىگەن مەننى بىلدۇرىدۇ. بۇ نام ئەنە شۇنداق ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ. قۇرۇلتاي مەزگىلىدە مىللەتلەرنىڭ نامىنى ئوزگەرتىش بولغان. بۇرھان شەھىدىنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا « بۇلۇت » ئورنىغا « قىرغىز » « نۇغاي » ئورنىغا « تاتار » بېكىتىلگەن. « جۇڭگو » ئاتالمىسىنى « خىتاي » دەپ تەرجىمە قىلماي ئاھاڭ بويىچە ئاتاشمۇ بەكىتىلگەن، تاكى 1949 ـ يىلىغىچە خەنزۇ نامى ئورنىغا « خىتاي » دىگەن نام قوللىنىلغان.

خۇلاسە قىلغاندا ئۇيغۇر نامى كېيىن دىگەندىمۇ مىلادىيىدىن توت ئەسىر ئىلگىرىكى دەۋردىنمۇ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن بولۇپ كوپ ھاللاردا سىياسىي ئاتالغۇ، دولەت نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان، ئىنتايىن ئاز ساندىكى چاغلاردا قەبىلە نامى بولۇپمۇ قوبۇل قىلىنغان. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئورخون ـ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەمدە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ نامى بولغان. تەخمىنەن مىلادىيە 1350 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئىشلىتىلىشتىن قالغان. مىلادىيە 1921 ـ يىلى 6 ـ مايدا تاشكەنتتە زىيالىيلار قۇرۇلتىيىدا ئۇيغۇرشۇناس مالوۋنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قارار قوبۇل قىلىنىپ شىنجاڭدىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قىسمەن ئاھالىنىڭ نامى سۈپىتىدە بېكىتىلگەن، 1924 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتىن باشلاپ قوبۇل قىلىنغان، قوللىنىشقا باشلىغان. شىنجاڭدا بولسا شېڭ شىسەي مۇستەبىت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرىنىڭ كورسەتمىسى بويىچە قوبۇل قىلىنىپ 2 ـ قېتىملىق ئاۋام خەلق قۇرۇلتىيىدا (1934 ـ يىلى) قانۇنلاشتۇرۇپ قوبۇل قىلىنغان ھەمدە كەڭ تەشۋىق قىلىنغان. بۇ نام نىمىشقا شۇنچە تېزلا ئومۇملىشىپ كېتىدۇ؟ سەۋەبى ئېنىقكى نۇرغۇنلىغان سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى شىنجاڭدا خىزمەت قىلغاندىن باشقا نۇرغۇنلىغان ياشلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىلىم ئالغان. ئۇلارنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان، يەنە كېلىپ « ئۇيغۇر » نامى قەدىمكى يازما

يادىكارلىقلاردا كورۇلگىنى ئۆچۈن ناھايىتى تېزلا قوبۇل قىلىنىپ ئومۇملاشقان، ئەينى چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھوكۇمەتنىڭ قانۇنى ۋاستە بىلەن قارارلاشتۇرۇشمۇ رول ئوينىغان.

ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ناھايىتى كوپ مەسىلىلەر ھەل بولدى، ئەمما ئاساسلىقى ئىككى خىل ئاجىزلىقتا يول قويۇلدى، ئۇلاردىن بىرى ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن ئۇيغۇر نامىنى تەڭلەشتۇرۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل تارىخىنى ئۇيغۇر نامىلانغان ئاشۇ گەۋدىسىنىلا ئىزدەش. يەنە بىر ئاجىزلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخي يازما يادىكارلىقلارنى ئاساسى سۈپىتىدە پايدىلانماسلىقتا كورۇلىدۇ. بۇ خىل ئاجىزلىقلار ئۇيغۇر ئالىملارنىڭ ئۇزلۇكسىز يېتىشىپ چىقىشىغا ئەگىشىپ ئوزگەرگۈسى.

ئىزاھلار:

مەھمۇت قەشقەرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ توم 151 ـ ، 2 ـ بەتلەر

« ئوغۇزنامە » مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى 1980 ـ يىل 30 ـ بەت

موللا ئىسمەتۇللا موجىزى « تەۋارىخى مۇسىقىيۇن » ئۇيغۇرچە مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 ـ يىل 26 ـ بەت.

لىۇ يىتاڭ « ئۇيغۇر تەتقىقاتى » 1977 ـ يىل تەيۋەن خەنزۇچە نەشرى 11 ـ ، 27 ـ بەت

زوردۇن سابىر « ياۋروپاغا سەپەر »، « تارىم » 1988 ـ يىل 5 ـ سان 106 ـ بەت.

« ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 92 ـ بەت

يۈسۈپ خاس ھاجىپ « قۇتادغۇبىلىك » مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 92 ـ بەت

« تارىم » ژۇرنىلى 1986 ـ يىلى2 ـ سان تۇركلوگ ئىسرايىل يۈسۈپ تەييارلىغان ماقالىگە قاراڭ

« جۇڭگودىكى مىللەتلەر تارىخى » مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 2 ـ قىسىم 63 ـ بەت

گراتىن « ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى » ناملىق ماقالىسىدە كەلتۈرگەن نەقىل « ‹‹شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاخباراتى » 1992 ـ يىل 5 ـ سان 14 ـ بەت، 11 ـ بەت.

71 « قەشقەر پەداگوگىكا ئىنستىتوتى ئىلمىي ژۇرنىلى » ئۇيغۇرچە 1993 ـ يىل 4 ـ سان 75 ـ بەت

بۇرھان شەھىدى « شىنجاڭنىڭ 50 ـ يىلى » ۋە « شىنجاڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى » ئۇيغۇرچە 28 ـ توپلامغا قاراڭ.

# 10-هازىرقى مەتبۇئاتلىرىمىزدىن ئانا تىلىمىزدىكى بىرقانچە مەسىلىگە نەزەر

## كونا» تىلىمىزدىن هازىرقى تىلىمىزغا نەزەر

## ئابدۇخالىق ئابلىمىت قۇتلان

مەن يېقىندىن بېرى لۇغىتىمىزدىكى «تەنتەربىيە«،» تەختىراۋان»، «ساتما» دېگەندەك سۆزلەرگە دىققەت قىلىدىغان بولۇپ قالدىم، بۇ سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى ۋە مەنىسىدىن قارىغاندا خېلى بۇرۇنلا لۇغىتىمىزدە بولسا كېرەك، ئەگەر بۇ سۆزلىرىمىز لۇغىتىمىزدە بولمىغان بولسا، هازىر نېمە دەپ ئىسىم قويۇشىمىز بىر مەسىلە ئوخشايدۇ، ئالايلى، «تەنتەربىيە» دېگەن بۇ سۆز ئېيتماقتا شۇنداق ئاددىيلا تۇرىدۇ، بۇ سۆزنى ئوبدانراق تەهلىل قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، ئادەم بەدىنىنىڭ ئىچكى ئاتىلىشى بولغان، هازىر لۇغېتىمىزدىن يوقلاي دەپ قالغان «تەن» سۆزى بىلەن، چوڭلارنىڭ كىچىكلەرنى، بىلىم ئەهلىلىرىنىڭ نادانلارنى يامان يولدىن توسۇش ئۈچۈن قىلغان هەرىكەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان، ئىلىم مەنىسىدىكى، هازىرقى سۆزىمىز بىلەن ئېيتقاندا «پېداگوگىكا» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز «تەربىيە»دىن تۈزىلىپ، هەرقانداق بىر ئادەم چۈشىنەلەيدىغان، ئىخچام بىر لۇغەت بولۇپ تۇرماقتا، بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىزدىكى هازىرقى دەرسلىمىزنىڭ ئىچىدە بۇنىڭدىن باشقا بىرەر پەننىڭ مۇشۇنداق ئەپلىك قويۇلغان بىرمۇ ئۇيغۇرچە ئاتالغۇسىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، ئەگەر ماتېماتىكىغا «ساقىش» دەپ ئىسىم قويغان ياكى» تەنتەربىيە» سۆزى بارلىققا كەلگەن دەۋرلەردە هازىرقى زامان ئېلىملىرى بارلىققا كەلگەن بولسا، ئېهتىمال ئۆز لۇغىتىمىزدە بۇ ئىلىملەرگىمۇ سۆز مەنىسىدىنلا نېمىلىكىنى بىلگىلى بولىدىغان «ساقىش تەربىيە» پسىخولوگىيەگە «خۇيتەربىيە « دېگەنلەردەك مۇۋاپىق ئىسىم قويۇلغان بولغىيمدى دەپ ئويلايمەن.

»تەختىراۋان» سۆزىنى ئاپىراتسىيە قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، «ئوردا» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «تەخت» سۆزى بىلەن، ئىش- هەرىكەتنىڭ توسالغۇسىز داۋاملىشىش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «راۋان» سۆزىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ سۆزمۇ ئەينى دەۋردىكى قاتناش قوراللىنى روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن، شۇنداق ئويلايمەنكى، ئەينى چاغدىكى ئاتا- بوۋىلىرىمىز ئۇ چاغدا هازىرقىدەك مەخسۇس

تىل يېزىق ئىدارىلىرى  بولمىغان بولسىمۇ، ھازىرقى دەۋردىكى قاتناش قورالللىرى بىلەن ئۇچرىشالىغان بولسا، بىزگە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ مىراس بولغىدەك «كۆكتە راۋان»، «سۇدا راۋان»، دېگەندەك  ياخشى ئىسىملارنى قويۇپ بىرەر بولغىيمىدى، مېنىڭ ئىمكانىيىتى بولمىغان نەرسىگە تېز سۈپىتىنى قوشۇپ خاتا ھالدا «تېز سۈرەتلىك يول(تېز ماڭىدىغان يول)» دېگەندەك ھەم  ئۇزۇن ھەم لوگىكىغا ئۇيغۇن بولمىغان خاتا ئىسىملارنى قويۇپ يۈرمەي، ماڭغۇچىلار  توسالغۇسىز يۈرەلەيدىغان يول دېگەن مەنىنى تولۇق ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلەيدىغان، كىشلەر ئاڭلاپلا چۈشىنەلەيدىغان «راۋان يول» دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇپ  بېرەرمىتكىن دەپ ئويلاپ قالىمەن.

ئاتا- بوۋىلىرىمىز ئانا تىلىمىزغا شۇنداق مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغانكى، قوغۇنلۇقنى خەۋەر ئالىدىغان كەپىگىمۇ ئاددىيلا «كەپە» دېمەي، كەپىدىن پەرقلىق ھالدا «ساتما» دەپ ئىسىم قويغان، ئۆزى شۇغۇللانغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئەنە شۇنداق ئىخچام، مەنىسىنى ئىزاھسىزلا  بىلگىلى بولىدىغان ئىسىم- ناملارنى قويۇپ، مىراس قالدۇرالىغان.

ھايۋانلارنىڭ چوڭ –كىچىكلىك، جىنسى، تۇرارجايى ۋە گەندىسى قاتارلىقلارغا دىققەت قىلىدىغان بولساق، بۇلاردىكى شۇنچە ئىنچىكە  پەرقلىرىدىن سۆيۈنۈپ كېتىمىز، مەسىلەن ھايۋانلاردىكى جىنسى پەرقنى مىسالغا ئالساق،  چىشى جىنسىدىن ساغلىق، ئىنەك، مېكىيان، .... ئەركەك جىنسىدىن قوچقار،  بۇقا، خوراز،  ....قاتارلىقلار. چوڭ – كىچىكلىك پەرقىدىن قوزا، موزاي، باچكا، .... قاتارلىقلار. تۇرار  جايىدىن مىسالغا ئالساق ئېغىل، قوتان، قۇما، كاتەك، ....... قاتارلىقلار. گەندىسىدىن مىسال ئالساق، تېزەك، ماياق، موندىلەك، قىغ، مەرەز، .... دېگەندەك ئىنچىكە پەرقلەرنى  كۆرىمىز، بۇنداق ئىنچىكە پەرق ھازىرقى تەرەققى قىلدى دەپ قارىغان خەلقئارالىق تىللاردىمۇ بولماسلىقى مۇمكىن. ئەپسۇس ھازىرقى پەن- تېخنىكا شۇنداق تەرەققى قىلغان، تەشۋىقات قوراللىرى  مۇكەممەل، ھەرخىل ئورگان، ئەپىراتلار تولۇق بولغان بىر دەۋردە  بولسا، لۇغىتىمىزدىن يېڭىنى دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغان «تىزگىنەك»، «كىملىك» ۋە  ئۆ»ئالغۇ، «بۆ»ئالغۇلاردىن باشقا كىشىنى سۆيۈندۈرگىدەك ئاتالغۇلارنى  ئۇچراتقىلى  بولمايدۇ. ھەتتا خىزمەت ياكى كەسىپ نامىنى بىلدۈرىدىغان مەشقاۋۇل، باقاۋۇل دېگەن  سۆزلىرىمىزدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە «ئاۋۇل»دىن پايدىلىنىشنىمۇ ئويلىشالمىدۇق.

## كومپيۇتېر مەتبۇئاتچىلىقىدىكى تىنىش بەلگۈلىرىنىڭ  ئورنى

مەن تىل-يېزىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس خادىم بولمىغىنىم ئۈچۈن، تىنىش بەلگىلىرىگە دائىر ئىنچىكە تەپسىلاتلارنى ئانچە  بىلىپ كەتمەيمەن، ئەمما شۇ نەرسە ئېنىقكى، بىزنىڭ «پەش»، «چېكىت»لىرىمىز، جۈملىلەرنى توغرا ئوقۇش، مەنىسىنى توغرا ئىپادىلەش ئۈچۈن،

يېزىقلىرىمىزدا كۆپ قوللىنىدىغان بەلگە بولۇپ، بۇ بەلگىلەرنىڭ قويۇلۇش ئورنى توغرىسىدا بىرەر بەلگىلىمە بولسا كېرەك دەپ قارايمەن. ئىلگىرى قوغۇشۇن مەتبەچىلىكىدە ئۇلارنىڭ ئورنى كېيىنكى سۆزنىڭ ئالدىدىكى بوش ئورۇننىڭ ئالدىدا قويۇلاتتى، ئۇلارنىڭ يېزىقىمىزدىكى رولى ۋە ئىپادىلىمەكچى بولغان مەنىسى جەھەتتىنمۇ شۇنداق قويۇلغىنى توغرا ئىدى. ئەمما، ھازىرقى گېزىت-ژورناللاردا بولمىسۇن ياكى خېلى چوڭ شەھەرلەردىكى تەشۋىقات، ئېلان تەختىلىرىدە بولمىسۇن كېيىكى سۆزنىڭ ئالدىدىكى بوش ئورۇن بىلەن بۇ بەلگىلەرنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قىلىۋاتىدۇ، يەنى كېيىنكى سۆزگە بۇ بەلگىلەر چاپلىشىپ يېزىلىپ، بوش ئورۇن بولسا، بۇ بەلگۈلەرنىڭ ئالدىغا كىلىپ قىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن: « ئۇيغۇر تىلىغا چەت تىللاردىن ئەرەپچە، پارىسچە، رۇسچە ۋە خەنزۇچە نۇرغۇن سۆزلەر قوبۇل قىلىنغان «.دېگەن جۈملە «ئۇيغۇر تىلىغا چەت تىللاردىن ئەرەپچە ،پارىسچە ،رۇسچە ۋە خەنزۇچە نۇرغۇن سۆزلەر قوبۇل قىلىنغان .»غا ئوخشاش پەش، چېكىتلىرىمىز كېيىنكى سۆزنىڭ بېشىغا چاپلىشىپ، بوش ئورۇندىن كېيىن يېزىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا بىرەر بەلگىلىمە يوقمۇ ياكى بەلگىلىمە بولسىمۇ بەلگىلىمىنىڭ توغرا ئىجراقىلىنىشىنى تەكشۈرىدىغان، نازارەت قىلىدىغان ئورۇن، شەخس يوقمۇ بىلمىدىم.

## بىرقىسىم يېڭى ئاتالغۇلار ھەققىدە تەۋسىيە

دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ماتېرىياللىرىنى قويۇپ قويىدىغان ياكى يېغىن سەھنىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان شىرەلەرنى بىرقىسىم ماتېرىياللاردا «مۇنبەر» دەپ ئېلىنىۋاتقان بۇ سۆز مېنىڭچە نوقۇل ھالدا شىرەنىلا كۆرسەتمەستىن، شۇ شىرە تۇرغان ئورۇننىمۇ كۆرسەتسە كېرەك، بۇنداق بولغاندا ئۇقۇم جەھەتتىن قالايمىقانچىلىق كۆرۈلۈپ، نۇتۇقنىڭ ئېنىقلىقىغا تەسىر يېتىشى مۇمكىن. شۇڭا نۇتۇق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بۇ سايمانغا تولۇق ماس كېلىدىغان، ئاتا بوۋىلىرىمىزدىن مىراس قالغان سۆز ياسىغۇچى «دۇق»نى قوشۇپ، «نۇتۇقدۇق» دەپ ئېلىنىشىنى ئويلىشىپ كۆرسەك.

باللار باغچىسىدا پەرزەنتلىرىمىز ئوينايدىغان ئىككى ئويۇنغا مەن ھېچقانداق ئىزاھات بەرمەيلا ئىككى ئىسمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن، بۇ ئىسمنىڭ نېمىگە قارىتىلغانلىقىنى سەزگۈر كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. ئۇ ئىسىم: «لۆم – لۆم پالاس»، «دوق – دوق ماشىنا.«

موتوسىكىلىت مىنگەنلەر يېڭى سېتىۋالغان موتوسىكىلىتىغا «بۇ موتو تېخى مولا قىلىنىپ بولۇنمىغان» دېگەن جۈملىنى ئىشلىتىدۇ، بۇ يەردىكى مولىنىڭ مەنىسىنى بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز بولۇشى مۇمكىن، ئۇيغۇر تىلىدا پىچاق چاقىلىغاندا، چاقلاپ بولۇپلا بۆلەيدىغان ئادەت بار، بۇنى پىچاقنىڭ قىلاتىنى

ئېلش دەپ ئاتايدۇ، مېنىڭچە قىلاتتىنى ئېلش دېگەن سۆز سىلىقلاش دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك، موتۇسكىلىتتىنى مولا قىلىش دېگەن سۆزمۇ تىلىمىزدىكى قىلاتىلاش ياكى ئېغىز تىلىدىكى قىتلاش دېگەن سۆز بىلەن بىر مەنىدە بولسا كېرەك، شۇڭا «مولا «قىلىش دېگەن سۆزنى «قىتلاش» ياكى «قىلاتىلاش» دەپ ئالساق دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

كومپيۇتېر ئاتالغۇسنى «تىل ۋە تەرجىمە(ھازىرقى كۆۋرۈك)» ژورنىلىنىڭ قايسىبىر سانىدا «كەمپۇتەر» دەپ ئېلش تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتىكەن، بۇ ئاتالغۇ خەلقئارا ئاتالغۇ «كومپيۇتېر» بىلەن ئاھاڭداش بولۇپلا قالماي، شۇ ئۈسكىنىنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن كەمتەرەپلىرىمىزنى پۈتتۈرۈپ بېرىدىغانلىقى ئېچىپ بېرىلىپتىكەن، بىراق بۇنداق ئوبرازلىق ياخشى نام ئومۇملاشتۇرۇشقا ئېرىشەلمىدى.

كەمپۇتەر بارلىققا كەلگەندىن كېيىن كەمپۇتەر بىلەن ياندىش ئىشلىتىدىغان نۇرغۇن ئۈسكىنىلەر بارلىققا كەلدى. ئەمما ئۇلارنىڭ زور كۆپ قىسمىغا دېگىدەك يېڭى ئىسىم قويماي ئېنگلىزچە ياكى خەنزۇچە نامىلار بىلەنلا ئاتاپ كەلدۇق. ئەسلىدە بۇلارغا تىلىمىزدىكى سۆز ياسىغۇچى ئەبزەللىكلەردىن پايدىلىنىپ ئىسىم ياسىغان بولساق تامامەن ياسىيالايتۇق، بىراق ئىسىم ياسىمىدۇق ياكى پىكىر ئادىتىمىزگە ئۇيغۇنلىشىش ياكى ئۇيغۇنلىشالماسلىقى بىلەن ئويلاشماي، قارىغۇلارچە خەنزۇچىدىن خەت مەنىسى بويىچىلا تەرجىمە قىلدۇق، نەتىجىدە بۇ ئۇزۇن ئىسىملارنى خەلق قوبۇل قىلىپ كېتەلمىدى. مېنىڭچە پەن – تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىغا ئىسىم ياساشتا تەرجىمىنى مەقسەت قىلماي ۋاستە قىلىپ، شۇ ئۈسكىنىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى، ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى چىقىش قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ تىل ئادىتىگە ماسلاشتۇرۇپ ئىسىم ياسىساق ئاقىلانىلىق بولارمىكىن دەيمەن. مەسىلەن: قەغەز يۈزىدىكى رەسىم ياكى خەتچەكلەرنى نۇسخىلاپ سايىسىنى كومپيۇتېرغا يوللاپ بېرىدىغان ئۈسكىنە(سكانىر)گە ئىش قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە نەرسىلەرگە ئىسىم ياسىغۇچى «لىغۇچ» بىلەن سايىنى قوشۇپ »سايىلىغۇچ»، ئۇنىڭ خىزمىتىنى «سايىلاش»، مەھسۇلاتىنى «سايىلانغان»، ..... دەپ ئىسىم قويساق تامامەن مۇمكىن ئىدى.

بىر قىسىم ئۇزۇن ئىسىملارنى ياساش ۋە ئىخچاملاشتا بۇرۇنقى تىلىمىزدا مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما كەڭ ئومۇملىشالمىغان، يېقىنقى ۋاقىتلاردا بىرقىسىم ئالاھىدە سۆزلەردىلا قوللىنىلىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئانچە ئەھمىيەت بەرمىگەن بىرخىل ئۇسۇل: «سۆزلەرنى قىسقارتىپ بىرىكتۈرۈش» ئۇسۇلىنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرسەك، بىرقىسىم ئۇزۇن سۆزلەرنى چەتتىن ئۆلۈك ھالدا قوبۇل قىلىشنىڭ ياكى ئاۋامنىڭ قوبۇل قىلىپ ھەزىم قىلىشىغا ئېرىشەلمەيدىغان پايىزدەك ئۇزۇن ئىسىملارغا ھاجەت قالمايتتى دەپ قارايمەن.

ئاتا بوۋىلىرىمىز ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق سۆزنى بىرىكتۈرۈپ سۆز ياسىغاندا ئۈنى ئاددىيلاشتۇرۇپ ئىخچاملاپ، بىرىكتۈرگەن ئىكەن، مەسىلەن: ئوت + ئالغۇچ = ئوتىغۇچ، شىرىك + ئەت = شىركەت، ساق + ئىش = ساقىش، دىرەپ + تىشە = دىرەپشە، دېگەندەك، بۇ ئۇسۇلنىڭ ئىلھامى بىلەن يېقىنى دەۋىرلىرىمىزدىمۇ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنى ئىخچام ھالدا «ئوبكوم»، «ۋىلكوم»، «ناكوم» دەپ ئاتىغانلىقنى ئاڭلىغان ئىدىم. چەتنىڭ بىزگە ماس ـ كەلگەن ياكى كەلمىگەنلىكى بىلەن كارىمىز بولماي نۇرغۇن نەرسىلەرنى قوبۇل قىلغان بولساقمۇ، بىزدىمۇ ئەزەلدىن بار بولغان ھەم چەت تىللاردا خېلى تەرەققى قىلغان بۇ ئۇسۇلنى ھازىر بىزگە قوللىنىش شۇنچە مۇھىم بولسىمۇ ئېرەن قىلمايۋاتىمىز. مەكتىپىمىزدە تاللانما، پائالىيەت دەرسى دەيدىغان دەرسنىڭ ئۆزۈن نامىنى مەن ئىخچاملاشتۇرۇپ دەرس سەتكىسگە «تاللىيەت» دەرسى دەپ ئالسام، تىزلا ئومۇملاشتى. توردۇنياسىدىمۇ يۇمتال، ئېلخەت، ئېلكتاپ، ئېلئەسەر، .. دېگەندەك سۆزلەرمۇ خېلى ئومۇملىشىپ قالدى، شۇڭا تىلشۇناسلىرىمىزنىڭ بۇ مەسىلىنى ئوبدانراق ئويلىنىپ كۆرۈشنى تەشەببۇس قىلىمەن.

مەن بۇ ماقالامنى توردا ئېلان قىلغاندىن كېيىن ماقالىنىڭ ئىلھامىي بىلەن بىرقىسىم توردا شلار «جۇۋاۋا»غا ئۆگرە، چۆچۈرە دېگەن تاماقلىرىمىزغا ماسلاشتۇرۇپ، تاماقنىڭ ئېتىلىش ئالاھىدىلىكى بويىچە «تۆگرە» دەپ،» سومەن»گە «قورىماچۆپ»، پىنتوزىغا «ماشئۆگرە(بۇ ئەسلىدىمۇ بار ئىدى)»، لەڭپۇڭغا» لىغىرداق» دېگەندەك شۇنداق قاملاشقان ئىسىملارنى قويۇپتۇ. بۇنى تىلشۇناسلىرىمىزنىڭ ئويلۇشۇپ كۆرۈشنى ئۈمىت قىلىمەن.(ھازىر تۆگرە دېگەن سۆزكىنولاردىمۇ خېلى دېيىلىدىغان بولدى.(

## تەرجىمانلىرىمىزدىكى بىرقىسىم سەھۋەنلىكلەر

ئاتا بوۋىلىرىمىز باغۋەنچىلىك ساھەسىدە ئەينى دەۋرلەردە دۇنياۋى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بىر خەلق بولۇش سۈپىتى بىلەن، باغۋەنچىلىك ساھەسىدىمۇ نۇرغۇن تىل بايلىقلىرىمىز تەتقىق قىلىنىشنى، ھازىرقى دەۋر ئۆچۈنمۇ خىزمەت قىلىشنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، شىنجاڭ قەدىمىي مېۋە – چېۋە ماكانى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەرخىل مېۋە كۆچەتلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ مېۋىللىرىگە پەرقلىق ئىسىم قويۇپلا قالماي، ھەربىر مېۋىنىڭ تۈرلۈك خىللىرىغىمۇ پەرقلىق نامالارنى قويۇپ كەلگەن .مېۋىلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئىشلىرىغىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن خەلق بولۇش سۈپىتى بىلەن، قۇرۇتۇلغان مېۋىلەرگىمۇ ئۆزگىچە نامالارنى قويغان. ئەپسۇس بىرقىسىم تەرجىمانلىرىمىز تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرىدە ئەسلى مەنبەدىكى تىل ئادىتى بويىچە ئۇلۇك ھالدا تەرجىمە قىلىپ قويۇپ، تىل بايلىقىمىزدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانماي، ياشلىرىمىزنىڭ تىل ساپاسىنى تۆۋەنلىتىشكە سەۋەبكار بولۇپ قالدى.

مەسلەن، ھازىر مەتبەلىرىمىزدە بولمىسۇن، ياشلىرىمىزنىڭ ئېغىز تىلدا بولمىسۇن قۇرۇتۇلغان مېۋە بولسىلا «قاق» دەيدىغان خاتا ئۇقۇم ئومۇملاشماقتا. ئۇيغۇر تىلدا ئەسلىدە «قاق» سۆزى پەقەت شاپتۇلنىڭ قۇرۇتىلغىنىغىلا قارىتىلاتتى، ئۆرۈكنىڭ قۇرۇتىلغىنىنى «ئۆرۈك قېقى» دەپ ئاتىماستىن «گۈلە»، ئۈژمىنىڭكىنى «ۋاسالغۇ»، ئۈزۈمنىڭكىنى «يىمىش» دەپ ئاتايتتى.

يۇقارقى مەسىلە ھازىر ئاددىيدەك بىر مەسىلىدەك كۆرۈنسىمۇ، بۇنىڭغا سەل قارالغاندا خەنزۇ تىلى ۋە باشقا تىللارنىڭ مىللىتىمىز ئارىسىدا ئومۇملىششىغا ئەگىشىپ كەلگۈسىدە مەتبەلىرىمىزدە بايتال، بوتىلاق، تەخەي، چۈجە، دەمدا، ئېرىكلارنى ئاتنىڭ چىشىسى، تۆگىنىڭ بالىسى، ئېشەكنىڭ بالىسى، توخۇنىڭ بالىسى، كەپتەرنىڭ چىشىسى، ئەركەك قوينىڭ پىچۇۋېتىلگىنى دېگەندەك ئاتالغۇلارنى ئۇچرىتىپ قالارمىزمۇ دېگەندەك ئەندىشىلىك خىياللارغا چۆشمەي تۇرالمايمىز.

## ئۇيغۇرلاردا سانلارغا نام بېرىش ئۇسۇلى

ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق تارىخىي مۇساپىسى جەريانىدا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدە باشقا ساھەلەرگە ئوخشاش ماتېماتىكا ساھەسىدىمۇ بەلگىلىك كۆزگە كۆرۈنگەن قەدەمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇر خەلقى ماتېماتىكا ئىلمىنى ماتېماتىكىنىڭ ئۆزىدىلا ئەمەس، ئاسترونومىيە، كالىندارچىلىق ۋە تەقۋىمچىلىق ساھەلىرىدىمۇ كەڭ قوللانغان ۋە بۇ ساھەلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان بىر مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ماتېماتىكىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي، ئەڭ ئاساسىي ۋە ئەڭ كىچىك بىر ساھەسى بولغان سانلارغىمۇ نام بېرىشتە ئۆزگىچە ئۇسلۇپ ۋە ئەنئەنە ياراتقان. ئەمما بۈگۈنكى دەۋىردە خەنزۇچە مەنبەلەردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان بىر قىسىم مۇھىم بانكا ۋە پوچتا – تېلېگىرافنىڭ ئاپتوماتىك ئۈسكىنىلىرىدە، پەن – تېخنىكا كىتاپلىرىدا، ھەتتا ئوقۇتۇش دەرسلىكلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ سانلارغا نام بېرىش ئادىتىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ، ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىنماستىن، ئۆلۈك ھالدا خەنزۇ خەلقىنىڭ سانلارغا نام بېرىش ئادىتى بويىچىلا ئۆلۈك تەرجىمە قىلىندىغان، قوللىنىدىغان بىنورمال ئادەت شەكىللىنىۋاتىدۇ.

مەن تۆۋەندە ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرى ئۈچۈن تۈزۈلگەن «باشلانغۇچ مەكتەپ ماتېماتىكا ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئوقۇتۇش مېتودى(1- قىسىم)»دىكى سانلارغا نام بېرىش ئۇسۇلىدا مۇۋاپىق بولمىغان بىر قىسىم ساقلانغان مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

ئومومەن قىلىپ ئېيتقاندا، دەرسلىك كىتاپتا سانلارغا نام بېرىشنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

– 1تەبىئىي سانلار ئارقىمۇئارقىلىقىدىكى ئالدىنقى توققۇز ساننىڭ ھەرقايسىسىغا مۇستەقىل نام بېرىلگەن. يەنى بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش، ئالتە، يەتتە، سەككىز، توققۇز؛

– 2ئونغا توشسا ئالدىنقى خانىغا بىرنى قوشۇش»قا ئاساسەن ساناش بىرلىكلىرىنى بەلگىلەش. ئون يەردە بىر ئون دېيىلىدۇ، ئون يەردە ئون يۈز دېيىلىدۇ، ئون يەردە يۈز مىڭ دېيىلىدۇ، مىڭدىن يۇقۇرى ساناش بىرلىكلىرىدە ئونغا تولغاندا بىرمۇبىر يېڭى نام بېرىلمەستىن، بەلكى ئون يەردە مىڭ ئون مىڭ دېيىلىدۇ؛ ئون يەردە ئون مىڭ يۈزمىڭ دېيىلىدۇ. يۈزمىڭدىن يۇقۇرى ساناش بىرلىكلىرىگە يېڭى نام بېرىلگەن، ئۇ، ئون يەردە يۈزمىڭ مىليون دېيىلىدۇ؛ ئون يەردە يۈز مىليون بىر مىليارد دېيىلىدۇ؛ مىلياردتىن كېيىنكىلىرى ئون مىليارد، يۈز مىليارد، ترىليون دېيىلىدۇ ۋە باشقىلار.

– 3باشقا تەبىئىي سانلارغا نام بېرىشلارنىڭ ھەممىسى ئالدىنقى توققۇز سان بىلەن ساناش بىرلىكلىرىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدۇ.

بۇنداق نام بېرىش ئۇسۇلى دۇنيادىكى كۆپ قىسىم مىللەت خەلقلىرىگە ماس كەلسىمۇ، يەنە بىر قىسىم مىللەتلەر(ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش)گە مۇكەممەل نام بېرىش ئۇسۇلى بولالمايدۇ. يەنى يۇقارقى ئۇسۇل بىلەنلا سانلارنى تولۇق ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلاردا يۈز ئىچىدىكى پۈتۈن ئونلۇق سانلارغا باشقا مىللەت خەلقلىرىدىن پەرقلىق ھالدا مۇستەقىل نام بېرىلگەن بولۇپ، بىر يەردە ئون ئون دېيىلىدۇ، ئىككى يەردە ئون ئىككى ئون دېيىلمەستىن يىگىرمە دېيىلىدۇ؛ ئۈچ يەردە ئون ئۈچ ئون دېيىلمەستىن ئوتتۇز دېيىلىدۇ؛ تۆت يەردە ئون تۆت ئون دېيىلمەستىن قىرىق دېيىلىدۇ؛ ......... توققۇز يەردە ئون توققۇز ئون دېيىلمەستىن توقسان دېيىلىدۇ. شۇڭا بۇ ناملارمۇ يۇقارقى قائىدىنىڭ ئىككىنجىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى لازىم ئىدى. بۇ مۇستەقىل بىر قائىدە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان ياكى ئىتراپ قىلىنمىغاندا يۇقارقىلار ئارقىلىقلا سانلارنى مۇكەممەل ئوقۇغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، 85697450328 يەنى «سەكسەن بەش مىليارت ئالتە يۈز توقسان يەتتە مىليون تۆت يۈز ئەللىك مىڭ ئۈچ يۈز يىگىرمە سەككىز» دىكى «سەكسەن»، «توقسان»، «ئەللىك»، «يىگىرمە» دېگەن ئاتالغۇلارنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. بانكا ۋە پوچتا – تېلېگراپ ئىدارىلىرىدىكى ئاپتوماتىك ئۈسكىنىلەرنىڭ سىستېمىسى ئۇيغۇر تىلىنى بۇزۇپ قىرىق بەش يۈەن دېيىشنىڭ ئورنىغا «تۆت ئون بەش يۈەن»، توقسان سەككىز پۇڭ دېيىشنىڭ ئورنىغا «توققۇز ئون سەككىز پۇڭ» دېگەندەك بىمەنە «ئۇيغۇرچە» سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالىمىز.

شۇڭا، ئاپتورلىرىمىزنىڭ، تەرجىمانلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق مەسىلىدىلا ئەمەس، بەلكى باشقا تەبئىي پەن كىتاپلىرىنى ئىشلىگەندىمۇ مىللەتنىڭ ئۆز خاسلىقىغا ئېتىبار بىلەن قاراپ، خەلقنىڭ تەپەككۇر ئادىتىگە ئۇيغۇن بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

بىزنىڭ تىلىمىزدا سانلارنىڭ ئون مىڭلىقنى بىلدۈرىدىغان، ئاتا بوۋىلىرىمىز نەچچە مىڭ يىللاردىن بىرى ئىشلىتىپ كەلگەن مۇستەقىل مەنىگە ئىگە «تۈمەن» دەيدىغان بىر ئاتالغۇ بولۇپ، خەنزۇ تىلىدىكى «万»بىلەن ئوخشاش مەنىگە ئىدى، لېكىن ھازىر بۇ تەۋەرۈك سۆزىمىز تەرجىمە قىلىملىرىدە «تۈمەن مىڭ يىللار ياشىغايلا» دېگەندەك ئىبارىلەردە قوللانغاننى ھېساپقا ئالمىغاندا، مەتبۇئاتلىرىمىزدا كۆزگە چېلىقماي ئىستىمالدىن قېلىپ، ياش ئەۋلاتلار ئاڭلىسىمۇ بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغاندەك قىلىدۇ، شۇڭا، بۇ سۆزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يوقۇلۇپ كەتمەي، داۋاملىق ئىشلىتىپ تۇرىشىمىز ئۈچۈن دەرسلىك ياكى پايدىلىنىش كىتاپلىرىغا كىرگۈزۈلىشىنى ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىدە ئاز ـ تولا قوللۇنىلىشىنى تەشەببۇس قىلىمەن. مەسىلەن:

__七十四亿六千八百九十五万零零零零 7468950000نى يەتتە مىليارت تۆتيۈز ئاتمىش سەككىز مىليۇن توقسان بەش تۈمەن دەپ؛七十四亿六千八百九十五万三千 7468953201 __两百零一نى يەتتە مىليارت تۆتيۈز ئاتمىش سەككىز مىليۇن توقسان بەش تۈمەن ئۈچ مىڭ ئىككى يۈز بىر دەپ ئوقۇشنىمۇ بىرگە قوللۇنۇشنى تەۋسىيە قىلماقچىمەن.

يۇقارقىلار مېنىڭ پەقەت شەخسى كۆز قارىشىم، مۇتەخەسسلەرنىڭ ئويلۇنۇپ كۆرۈشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

## رەقەملىرىمىزنى ئۆز تىلىمىزدا ئاتاش ھەققىدىكى ئويلۇرۇم

ھازىر قانداق بىر ئادەمدىن تېلېفون ياكى باشقا ئۇسكىنىلەرنىڭ نۇمۇرىنى سورىسىڭىز، كۆپ ھاللاردا ئۇ ئادەم كىچىك بالىدىن تارتىپ ھەتتا بىر مەسچىتنىڭ ئىمامى، ئالىي مەكتەپنىڭ پروففېسسورى بولغان تەقدىردىمۇ، خەنزۇچە نامىلار بىلەن دەپ بېرىدىغان بولۇپ كەتتى. بۇ ھالنى باشقا بىر مىللەت كۆرسە، بۇ مىللەتنىڭ لۇغىتىدە رەقەمنى ئىپادىلەيدىغانغا سۆز يوقمىدۇ؟ دەپ ئويلاپ قىلىشى تەبئىي. بۇ ھال ھازىرقىدەك تېلېفون بىلەنلا چەكلەنسىمۇ مەيلىتى، ئاخىرى بېرىپ نۇرغۇن نەرسىلەرگە باشتا ئاددى قاراپ، ھازىر سۆزلىرىمىزدىن قايىسىنىڭ ئەرەپچە، قايىسىنىڭ پارىسچە ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولمىغاندەك (ھەتتا بىرقىسىم كىشىلىرىمىزنىڭ بەسەي”نى خەنزۇچە نىمە دەيدۇ؟ دەپ سورىغىنىدەك) ئاقىۋەت كېلىپ چىقىپ، ئەجدادلىرىمىز بىزگىچە ساق ـ سالامەت يەتكۈزۈپ بېرەلىگەن رەقەملىرىمىزمۇ

خۇددى بىزنىڭ دەۋرىمىزدە شۇنچە ئېسىل ھەر ساھەدىكى باشقا مەدەنىيەتلىرىمىزگە ئوخشاش بارا – بارا يوقۇلۇپ كېتەرمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىمەن.

مېنىڭچە تېلېفۇن نۇمېرىنىڭ نامىلىرىنى ئاتىغاندا نۇمېرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، بىرقانچە بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ئاتىساق، قوللۇنۇش، ئەستە ساقلاش ئەپلىك بولارمىكىن دەيمەن. ھازىر رايۇنىمىزدا تېلېفون ئۈچۈن يەتتە خانىلىق سان قوللىنىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىنقى ئۈچ خانىسى شۇ جاينىڭ تەۋەلىك نۇمېرىنى بىلدۈرسە، كېيىنكى تۆت خانىسى شۇ تېلېفونغا خاس نۇمۇر بولغانلىقتىن، مۇشۇنداق ئىككى بۆلەككە بۆلۈپ ئاتالغاندا يېزىش، ئەستە ساقلاش ئاسانلىشىدۇ .مەسىلەن، 8515454نى «سەككىز يۈز ئەللىك بىر، بەشمىڭ تۆت يۈز ئەللىك تۆت (ياكى ئەللىك تۆت – ئەللىك تۆت)»، 2520302نى «ئىككى يۈز ئەللىك ئىككى، نۆل، ئۈچ يۈز ئىككى(ياكى نۆل ئۈچ – نۆل ئىككى)، 6780009نى «ئالتە يۈز يەتمىش سەككىز، نۆل- نۆل -نۆل(ياكى ئۈچ نۆل) توققۇز» دەپ ئاتىساق.

ھازىر ئاپتونوم رايۇنىمىزدا>» تەڭرىتاغ كىزەر «<يانفۇنى كۆپ قوللىنىلىۋاتىدۇ، مېنىڭچە بۇنىڭ ئالدىنقى ئۈچ خانىسى 138 كۆچمە تېلېفون خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ تۈر نۇمېرى، كېيىنكى ئىككى خانىسى 99> تەڭرىتاغ كىزەر<نىڭ ئۆزىگە خاس نۇمۇر، كېيىنكى ئىككى خانىسى رايۇن خەرەكتىرلىك نۇمۇر، ئاخىرقى تۆت خانىسى كارتا ئىگىسىگە خاس نۇمۇر بولغانلىقتىن، مانا مۇشۇ تۆت بۆلەكنى ئاساس قىلىپ ئاتىساق. مەسىلەن: 13899115487نى «بىر يۈز ئوتۇز سەككىز، توقسان توققۇز، ئون بىر، بەشمىڭ تۆت يۈز سەكسەن يەتتە» دەپ، 13899865495نى» بىر يۈز ئوتۇز سەككىز، توقسان توققۇز، سەكسەن ئالتە، بەش مىڭ تۆت يۈز توقسان بەش «دەپ ئاتىساق، باشقا يانپۇن، چاقىرغۇلارنىڭ نۇمۇرلىرىمۇ مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە ئاتالسا، مۇۋاپىق بولار دەپ قارايمەن.

## چەتئەل تىللىرىدىن سۆز قوبۇل قىلىش توغرىسىدا قىرتاق خىياللىرىم

تارىخىمىزدا گەۋدىلىك ھالدا ئەرەب تىلىدىكى، پارس تىلىدىكى، روس تىلىدىكى، خەنزۇ تىلىدىكى ۋە ئاخىرىدا ئىنگلىز تىلىدىكى نۇرغۇن سۆزلەر ھەرقايسى دەۋرلەردە زىيالىلىرىمىز ئارقىلىق لۇغىتىمىزنى "بېيىتىپ"، " سەمىرتىپ" كېلىۋېتىپتۇ. نەتىجىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقانداق بىر ئاددى جۈملىسىدىمۇ يۇقارقى تىللاردىن خالىي بولغان بىرەر جۈملىنى تاپقىلى بولمىغىدەك ھالغا يېتىپتۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەپلىرىنى ئويلىغان ۋاقتىمىزدا ئۇزاقئۆتمۈشلەردە زىيالىلىرىمىزدىكى مەن – مەنلىك،

بىلەرمەنلىك، كۆز - كۆز قىلىش سەۋەپ بولغان بولۇشى مۇمكىن، يېقىنقى دەۋرلەردە بولسا يۇقارقى ئۇدۇمدىن باشقا ئانا تىلغا بولغان ھۆرمەتنىڭ تۆۋەنلىكى، ئۇنى بېرىلىپ تەتقىق قىلماسلىق، چەتتىن كىرگەن يېڭى شەيئىلەرگە تەدبىقلىيالماسلىق، تەييارغا ھەييار بولۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇش خائىشى ھۆكۈم سۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. يېقىنقى دەۋرلەردە بولسا بىر قىسىم تونۇلغان زىيالىيلىرىمىزمۇ ئۆزىنىڭ چەتئەل تىللىرىغا بولغان ھېرىسلىقى، ئۇنىڭ مەنا قاتلاملىرىغا بولغان تونۇشىنىڭ يۇقۇرىلىقى، ئانا تىلىنى ئوبدانراق تەتقىق قىلىپ ئۇنىڭغا بىزەللىكىنى كۆرمىگەنلىكى، چەتئەل تىللىرىنىڭمۇ يەنە نۇرغۇن كەم تەرەپلىرىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلالمىغانلىقى سەۋەپلىك ھە دېسىلا بىزنىڭ تىلىمىز پەن - تېخنىكىغا ماس كەلمەيدىكەن، بىزنىڭ تىلىمىز يېڭى ئەسىرلەرگە ماسلىشالمايدىكەن، پوكونى سۆزنىڭ مانچە خىل مەنىسىنى تولۇق ئىپچىپ بېرەلمەيدىكەن دېگەندەك نەزەرىيەلەرنى تور ۋە مەتبۇئات قاتارلىق تاراتقۇلاردە ئوچۇقتىن ئوچۇق تارقاتماقتا ھەم لۇغەت تەركىبىمىزدە چەتئەل تىللىرىنى تېخىمۇ ئاۋۇتماقتا. بىر قىسىم ULE دىكى تور بەتلىرىگە قارايدىغان بولساق يېڭى تىما، جاۋاپ يېزىش، پوتۇك قاتارلىقلارغىچە ئېنگىلىزچە ئاتالغۇدا ئېلىنغان. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئېلىشىدىكى سەۋەپ، ئېنگىلىزچىدىكى شۇ سۆزنىڭ بارلىق ئىپادىلىگەن مەنىسىنى تولۇق ئەينەن ئىپادىلەپ بېرەلمەسمىش.

ئەگەر بىر تىلدىكى بىر سۆز يەنە بىر تىلدىكى بىر سۆزنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇ چەتئەل سۆزىنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كەلسە، نېمە ئۈچۈن ئېنگىلىزلاردا ئاكا بىلەن ئىنىنى پەرقلەندۈردىغان شۇنداق مۇھىم بىر سۆز يوق تۇرۇپ، ئۇلار چەت تىللاردىن ئاكا، ئىنى دېگەن سۆزنى قوبۇل قىلماي قېرىنداش دېگەن بىر سۆز بىلەنلا ئىپادىلەيدۇ؟ بىزنىڭ تىلىمىزدا دەل - دەرەخنىڭ جەمەتلىرى بولغان جىرىم، كۆچەت، غول، شاخ، بادرا، شۇۋېق، شوپۇڭ، خە، جەگە، ۋاسا، ئوتان، تارشا، شېشىق، تەمەچ دېگەندەك نۇرغۇن سۆزلىرىمىزگە باشقا تىللاردا سۆز تېپىلمىسا، ئۇلار ئۇيغۇر تىلىدىن بۇ سۆزنى قوبۇل قىلارمۇ ياكى مەنىسى دەل كەلمىسىمۇ ئۆزىدە بار بولغان بىرەر سۆز بىلەن ئىپادە قىلارمۇ؟

كومپيۇتېر مەيدانىغا كېلىشتىن بۇرۇن ئامېرىكىدا كومپيۇتېر دېگەن بۇ سۆز بار بولغىيمىتى ياكى بۇ ئۈسكىنە بارلىققا كەلگەندىن كېيىن بۇ سۆز ياسالغانمۇ؟ مەلۇم شەيئي بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئۇلار شۇ شەيئىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىشلىتىلىشىگە ئاساسەن ئىسىم قويىغان بولۇشى مۇمكىن، بىزمۇ ئىزدەنسەك، تەييارغا ھەييار بولۇشنى ئىستىمىسەكلا ھەرقانداق بىر سۆزنى ياسىيالىشىمىز تامامەن مۇمكىن .ياسىيالمىساق تىلىمىزغا ماس كېلىدىغان قېرىنداش مىللەتلەر ياسىغان سۆزدىن پايدىلانساق ياكى قوبۇل قىلساق، ئاتايىتەن ئۆگىنىپمۇ ئەستە ساقلىغىلى بولمايدىغان سۆزلەرنى قوبۇل قىلغاندىن كۆپ ياخشى بولۇر ئىدى. مەسىلەن، سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى يېڭى چىققان مەزگىللەردە سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى دېگەن بۇ پويىزدەك ئۇزۇن نامغا كىشىلىرىمىز تازا كۆنەلمەي، ھەرخىل تەلەپپۇز بىلەن

خەنزۇلارمۇ ئۇقالمايدىغان ئاتالمش خەنزۇچە ئاتاپ كەلگەن ئىدى، تۇرۇكچىدىن كىملىك دېگەن ئاتالغۇنىك قوبۇل قىلىنىشى بىلەن ئېغىزدىن چىقىۋاتقان گەپنىك نېملىكىنى ئاڭقىرالايدىغان، ئاغزىنىك يۇگىنى ئۆزئىلكىدىكى كىشلىرىمىزگە ئىسمي – جىسمىغا لايىقلاشقان بۇ نام شۇنداق يېقىپلا كەتتى.

ئالدىنقى بىر يىلدا ئابدۇقادىر جالالدىن ئەپەندىم ئېلېكترۇنلۇق پوچتا يوللانما بولغانE–mail نى ئېلخەت دەپ ئاتىۋىدى، ھازىر كۆپ قىسىم توربەتلىرىدە، مەتبۇئاتلاردا بۇ ئېسىم ۋە بۇ ئىسىمۆزئىچگە ئالغان مەنىلەر ئاساسي جەھەتتىن ئومۇملاشتى.

يازمامنىك ئاخىرىدا تەرجىمانلىرىمىزدىكى سەۋەنلىك تۈپەيلى خاتا قوبۇل قىلغان «پاراشوك» سۆزى بىلەن كىشلەر ئاللا قاچان ئەستىن كۆتۈرىۋەتكەن تالقان سۆزىنى تىرىلدۈرگەن مىللىي كارخانىلىرىمىزدىن «ئارمان «شىركىتىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمەن.

بۇ ماقالە، قەشقەر پېداگوگىكا ئېنىستىتۇتى ژورنىلىنىك 2007- يىللىق 3- سانىغا قىسقارتىپ بېسىلغان.

# 11ـجاسارەت ئابدىسى-زەينەپ غەززالى

**ت. شەھدى**



زەينەپ غەززالى ئەلجۇبەيلىنىڭ ئەسلى نەسەبى ھەقىقى ئەرەب ئىرقىدىن بولۇپ،ئۇ مىلادىيە 1917 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مىسىرنىڭ شىمالى غەربىگەجايلاشقان بەھرە ۋىلايىتىدە، ئېسىل نەسەب ۋە ھاللىق بىر ئائىلىدە دۇنياغاكەلگەن. ئۇنىڭ دادا تەرەپ نەسەب شەجەرىسى ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا ئۇلاشسا، ئانا تەرەپ نەسەبى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغلى ھەزرىتى ئىمامغا باغلىنىدۇ. زەينەپ غەززالىنىڭ بوۋىسى چوڭ سودىگەر بولۇپ، ئاساسلىق ئىشى پاختا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىدى. دادىسى مۇھەممەد غەززالى بولسا،ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتىتىنىڭ بۈيۈك شەيخلىرىدىن بىرى بولۇپ، ۋەز نەسىھەت ۋە نوتۇق سۆزلەش جەھەتتە ھەممىگە تونۇلغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر، مۆتىۋەرئەللامە ئىدى.

مۇھەممەد غەززالى قىزى زەينەپنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى ۋە ئەركىلىتىپ نۇسەيبە دەپ ئاتايتتى. دادىسىنىڭ ئۇنداق دەپ ئاتىشىدا ئەركە قىزىنىڭ كەلگۈسىدە بۈيۈك ساھابە نۇسەيبە بىنتى ئەلكەبىل مازەنىغا ئوخشاش خىسلەت ۋەئىپپەت ئابىدىسى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ تېخى تۆت ـ بەش يېشىغا توشمىغان قىزىغا ياغاچتىن قىلىچ ياساپ بېرىپ، يۇمىلاق بىر دائىرە سىزىپ، قىزنى سىزىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغۇزۇپ، قىلىچنى تۇتقۇزاتتى، ئاندىن: «پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۈشمىنىنى چاپ قىزىم» دەپ چېقىشتۇراتتى. زەينەپ بولساقولىدىكى قىلىچنى ئوڭ، سول، ئالدى، ئارقىسىغا توختىماي شىلتىپ دادىسىغائارىدا بىر قاراپ، تاتلىق كۈلۈپ قوياتتى. دادىسى،

«پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۈشمىنىدىن قانچىنى ئۆلتۈردۈڭ قىزىم» دەپ سورىسا، ئۇ: «بىرنى ئۆلتۈردۈم»دەيتتى. دادىسى يەنە ئۆلتۈر قىزىم دەيتتى، ئۇ قىلىچنى ھاۋاغا شىلتىپ يەنەدادىسىغا قارايتتى، دادىسى، «قانچىنى ئۆلتۈردۈڭ» دەپ سورىسا ئىككىنى،ئۈچنى، تۆتنى ئۆلتۈردۈم ... دەپ جاۋاب بېرەتتى. دېمەك مۇھەممەد غەززالى بۇئەركە قىزنى كىچىكىدىنلا ساھابىلەردەك تەربىيلەپ چىقىشقا قاتتىق كۆڭۈل بۆلگەن.

زەينەپ باشلانغۇچ مەكتەپنى مەھەللىسىدىكى ھۆكۈمەت مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ. 11يېشىدا دادىسى كېسەل مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇششۇمتۇت ئالەمدىن ئۆتىدۇ. زەينەپنىڭ ئانىسى قاھىرەدە ئىشلەۋاتقان چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ۋە ئوقۇۋاتقان ئوتتۇرانچى ئوغلى ئەلىلار بىلەن بىرگە تۇرۇش ئۈچۈن، قىزى زەينەپنى ئېلىپ قاھىرىگە كۆچۈپ كېلىدۇ. ئۇلار قاھىرە سەييىدە زەينەپ رايونىغا كېلىپ يەرلىشىدۇ. زەينەپ قاھىرىگە كەلگەندىن كېيىن يەنە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ھەققىدە ئانىسىدىن رۇخسەت سورايدۇ. ئانىسى چوڭ ئوغلى مۇھەممەد بىلەن مەسلەھەتلىشىپ ئاندىن جاۋاپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. چۈنكى زەينەپنىڭ دادىسى مۇھەممەد غەززالى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆينىڭ ئاساسلىق چوڭى مۇھەممەد بولۇپ قالغان ئىدى. ھەر قانداق ئىش ئۇنىڭ سۆزى بىلەن يۈرەتتى.زەينەپنىڭ ئوقۇش مەسىلىسگە كەلگەندە مۇھەممەد سىڭلىسىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئالغان بىلمى، شۇنىڭدەك دادىسىدىن قوشۇمچە ئالغان ئىلمى يېتىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ سىڭلىسىنىڭ ئوقۇشىغا قوشۇلمايدۇ. ئەمامۇھەممەدنىڭ كىچىكى بولغان ئەلى بولسا سىڭلىسىنىڭ ئوقۇشۇنى قوللايتتى ۋە سىڭلىسى خالىغان كىتابلىرنى ئېلىپ بېرەتتى. ئانىسى ئۆينىڭ چوڭى بولغان مۇھەممەدنىڭ سۆزى بويىچە قىزى زەينەپكە نەسىھەت قىلىپ تۇراتتى. بۇ شەكىلدە بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن زەينەپ بىر كۈنى قىزلار ئوقۇيدىغان مەكتەپ ئۆزۈمۇشۇپ بېقىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىدۇ. بىر يەرگە كەلگەندە كۆزى «قىزلارمەكتىپى» دەپ يېزىلغان ۋىۋىسكىغا چۈشىدۇ. دەرھال مەكتەپ ئالدىغا بېرىپ دەرۋازىۋەندىن ئۆزىنىڭ مۇدىر بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. دەرۋازىۋەن«بۇ كىچىك قىزنىڭ مۇدىر بىلەن نېمە ئىشى» دەپ ئۇنى ئىچىگە ئالمايدۇ. زەينەپ تاقەتسىزلىكتىن مۇدىر بىلەن بۇ سائەتتە كۆرۈشۈش ئۈچۈن كېلىشىپ بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. دەرۋازىۋەن ئاخىرى بۇ كىچىك قىز بىلەن تالىشىپ ئولتۇرۇشنى مۇناسىپ كۆرمەي كىرگۈزىۋېتىدۇ. زەينەپ ئۇدۇل مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ ئىككىلەنمەي ئىشكنى قاقىدۇ. مۇدىر كىرىشكە رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن، زەينەپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن سالام قىلىپ كىرىدۇ. مۇدىر ئىشخانىسىدىكى كىچىك قىزغا قاراپ ھەيرانلىق ئىچىدە تۇرۇپ قالىدۇ. ئوتتۇردا بىر پەس تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. بۇتىمتاسلىقنى يەنە زەينەپ ئۆزىنىڭ روھلۇق قىياپىتى ۋە جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن بۇزۇپ، ئۆزىنى بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى، ئەمما ئائىلىسىدە چوڭ ئاكىسىنىڭ بۇنىڭغا قارشى ئىكەنلىكىنى،ئوتتۇرانچى ئاكىسىنىڭ ئوقۇشنى قوللايدىغانلىقىنى تەپسىلى سۆزلەپ بېرىدۇ.مۇدىر زەينەپنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلايدۇ. ئاندىن زەينەپكە قاراپ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ دادىسى ۋە

چوڭ دادىسىنى تونۇيدىغانلىقىمنى ئېيتىدۇ ۋەئوتتۇرانچى ئاكىسىنى باشلاپ كېلىپ مەكتەپكە تىزىمغا ئالدۇرۇشقا ماقۇل بولىدۇ. زەينەپ مەكتەپكە ئېلىنغاندىن كېيىن مۇدىر ئۇنى ئۆزى ئىمتىھان قىلىدۇ. زەينەپ مۇدىرنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا بىر ـ بىرلەپ توغرا جاۋاپ بېرىدۇ. مۇدىر ئۇنىڭ زېرەكلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇيدۇ.

زەينەپ ئاخىرى تولۇق ئوتتۇرا بىرىنچى سىنىپقا قوبۇل بولىدۇ. مەكتەپكەقوبۇل بولۇپ، بىر ئايدىن كېيىن مۇدىر ئۇنى يەنە ئىمتىھان قىلىدۇ. زەينەپ ئىمتىھاندىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتىدۇ. مۇدىر ئۇنى ئىككىنچى سىنىپقا قوبۇل قىلىدۇ.

زەينەپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى 17 يېشىدا ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرىدۇ. ئۇ بىر كۈنى گېزىت كۆرۈۋېتىپ هۇدا شەراۋىنىڭ فرانسىيىگە ئۇچ قىزدىن تەشكىللەنگەن بىر ئۆمەك ئەۋەتىدىغانلىق خەۋىرىنى كۆرۈپ قالىدۇ. زەينەپ دەرهال هۇدا شەراۋى بىلەن كۆرۈشۈش ئۇچۇن ئۇنىڭ ئىش ئورنىغا بارىدۇ ۋەئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆزىنى بۇ قىزلارنىڭ قاتارىدا بىرگە فرانسىيىگەئېۋەتىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. هۇدا شەراۋى ئۇنىڭ ئائىلە ئەهۋالىنى بىر قۇرئىگەللىگەندىن كېيىن باشتا بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ. چۈنكى، فرانسىيىگەبارىدىغان قىزلارنىڭ كەمبەغەل ئائىلىدىن بولۇشى شەرت ئىدى. زەينەپ هۇداشەراۋى بىلەن بۇ هەقتە بىر قانچە قېتىم پاراڭلىشىدۇ. بۇ جەرياندا هۇداشەراۋى زەينەپنىڭ ئىرادىلىك، گەپ سۆزى جايىدا، ئىلمى سەۋىيىسى ۋە نەزەردائىرىسىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى جەمئىيەتكە ئەزالىققا قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنى جەمئىيەتنىڭ شۇرا ـ كېڭەش ئەزالىقىغا ئېلىش بىلەن بىرگە زەينەپنىڭ فرانسىيىگە بېرىشتىن ئىبارەت تەلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ جەمئىيەتكە ئەزا بولغۇچىلار قاتارىدادۆلەتنىڭ يوقىرى تەبىقىلىرىدىن بولغان خانىم ئاياللارمۇ بار ئىدى. زەينەپ هۇداشەراۋىنىڭ جەمئىيىتىگە ئەزا بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلاتى تولىمۇ كۆپىيىپ كېتىدۇ. ئۇ بەزىدە تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. ئۆيگە كەچ قايتاتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە غەيرىتى بىلەن قاتتىق تەر تۆكۈش بەدىلىگە هۇداشەراۋىنىڭ ئەتىۋارلىق ۋە سادىق ئوڭ قولى بولۇپ قالغان ئىدى. زەينەپنىڭ يېشى كىچىك بولغان بىلەن قابىلىيەتلىك،ئۇستا ناتىق ئىدى، بۇنىڭ ئۇستىگە هۇدا شەراۋى ئۇنى هەر جەهەتتە قوللاپ يېقىندىن ياردەملىشىپ تەربىيىلەۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى خېلى كۈچلىنىپ قالغان ئىدى. هۇدا شەراۋىنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى كېيىنچە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا باسارى قىلىش ئىدى.

هۇدا شەراۋى مىسىر مۇستەقىللىق مىللى كۈرەش هەرىكىتىگە قاراشلىق «ئاياللارئۇيۇشمىسى» جەمئىيىتىنى قۇرغۇچى مەشهۇر شەخس ئىدى. ئۇ ئاياللارئازاتلىقىنى، ئاياللار هوقۇقىنى قوغداش نامىدا هەرخىل پائالىيەت ئېلىپ باراتتى.

هۇدا شەراۋىنىڭ ئەسلى ئىسمى كەرىمە مۇهەممەد سۇلتان بولۇپ، دادىسىمۇهەممەد سۇلتان بولسا، مىسىر پارلامېنت مەجلىسىنىڭ تۇنجى رەئىسى ئىدى.هۇدا شەراۋى 1879 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ

كۈنى مىسىرنىڭ مىنيا ۋىلايىتىدە دۇنياغا كەلگەن. ھۇدا شەراۋىنىڭ دادىسى قىزى ھۇدا ئۈچۈن ئۆيىگە ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ دىنى دەرستىن تەلىم بەرگەن. ئۇ قۇرئان كەرىمنى يادلاش بىلەن بىرگە خەت يېزىش ۋە ئوقۇشنى راۋان ئۆگەنگەن. شۇنىڭدەك فرانسۇزچە ۋە تۈركچە تىللارنى مۇكەممەل ئۆگەنگەن.

ئۇ 13 ياشقا كىرگەندە 1919 ـ يىلقى قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان تاغىسىنىڭ ئوغلى مەشھۇر ئەلى شەراۋىغا ياتلىق بولىدۇ. ئۇ تۇي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. 1907 ـ يىلى«باللارغا كۆڭۈل بۆلۈش» جەمئىيىتىنى قۇرغان. 1908 ـ يىلى مىسىرئۇنىۋېرستېتلىرىدا ئاياللارغا خاس يېغىن زالى ئېچىشنى تەلەپ قىلغان ۋە ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە پۈتۈن ئالى مەكتەپلەردە ئىجتىمائىي ئىشلار ۋە قىز ـخانىملار ئۈچۈن ئالاھىدە يېغىن زاللىرى قۇرۇلغان. ئۇ 1919 ـ يىلى مىسىرتارىخىدا تۇنجى قېتىم ئېلىپ بېرىلغان ئاياللار قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلغان. 1923 ـ يىلى «مىسىر ئاياللار ئۇيۇشمىسى» نى قۇرغان. ئۇ خەلقئارادا ئېچىلغان نۇرغۇن ئاياللار يىغىنىغا قاتناشقان. ئۇ بۇ جەريانداغەربچە پىكىرلەرنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغان.

ئەينى چاغدا مىسىرنى ئىشغال قىلىۋالغان ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن سىرتقا پالانغان سەئىد زەغلۇل 1921 ـ يىلى مىسىرغا قايتقاندا، ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن خەلق ئايدۇرۇمغا چىققان. ھۇدا شەراۋىيمۇ جەمئىيەت رەھبەرلىرىگە باش بولۇپ بۇ قارشى ئېلىش مۇراسىمىغا قاتناشقان. (ئۇ سەئىدزەغلۇلنى قارشى ئالغىلى چىققاندا ئاياللار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۇنجى قىلىپ بېشىدىكى روملىنى ئېلىپ تاشلىغان). ئۇقىزلارنىڭ بۇرۇن توي قىلىشىغا قارشى چىقىپ، قىزلار ئەڭ كىچىك بولغاندا 16يېشىدا، ئوغۇللار 18 يېشىدا توي قىلىشى كېرەكلىكىنى تەشۋىق قىلغان. شۇنىڭدەك، ئەر ـ ئاياللار ھوقۇقتا باراۋەر دەپ كۆرسىتىپ، ئەرلەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشىغا شىددەت بىلەن قارشى چىققان ۋە بۇنى ئاياللارغا نىسبەتەن ھاقارەت ۋە خورلۇق دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ ئۆز شۇئارىدا ئاياللارنىڭ مائارىپ ئىشىغا كۆڭۈل بېرىش، سىياسەتكە ئارىلىشىش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ 1947 ـ 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ۋاپات بولغان.

فرانسىيىگە ماڭىدىغان ۋاقىت جەدۋېلى تۈزۈلدى. بۇنىڭدىن قاتتىق خۇشال بولغان زەينەپ سەپەر تەييارلىقى ھەلەكچىلىكىدە ئىدى. ئۇ بىر كۈنى ئاخشىمى چارچاپ ئارام ئېلىش ئۈچۈن ياتاق ئۆيىگە كىرىپ شىرىن خىياللار بىلەن كۆزى ئۇيقىغا كېتىدۇ. ئۇخلاۋېتىپ چۈش كۆرىدۇ، چۈشىدە دادىسى ئۇنىڭ فرانسىيىگەبارماسلىقىنى، جانابى ئاللاھ ئۇنى مىسىردا تېخىمۇ ياخشى ئىشلارغا مۇيەسسەرقىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، ئۇ «نېمىشقا» دەپ سورايدۇ، دادىسى، «يېقىندا بىلىپ قالىسەن قىزىم، ئەگەر بارىدىغان بولساڭ مەن سەندىن رازى بولمايمەن»دەيدۇ. زەينەپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىدۇ ۋە كۆرگەن چۈشى ھەققىدە قاتتىق ئويلىنىدۇ. ئاخىرى دادىسىنىڭ قىلغان نەسىھىتىنى قوبۇل قىلىپ، فرانسىيەگە بېرىش قارارىدىن ۋاز كېچىدۇ. ھۇدا شەراۋى ئۇنىڭ بۇ قارارىدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق ئېچى پۇشۇپ سەۋە بىنى سورايدۇ. زەينەپ كۆرگەن چۈشنى ھۇدا شەراۋىغاسۆزلەپ بەرگەندىن

كېيىن، ھۆدا شەراۋى زەينەپنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ سىقىپتۇرۇپ: «زەينەپ سەن مېنىڭ ئۆمىدىم ئىدىڭ، مەن پۈتۈن ئارزۇ تىلەكلىرىمنى ساڭا باغلىغان ئىدىم، بۇلارنىڭ ھەممىسنى يوققا چىقاردىڭ، بۇ نېمە ئۈچۈن زەينەپ!.. چۈش دېگەننىڭ ھەممىسى رېئاللىق ئەمەسقۇ؟!..» دەپ ـ كۆزىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ يىغلاپ كېتىدۇ. زەينەپ: «مېنى كەچۈرۈڭ، مەن دادامنىڭ سۆزىگە خىلاپ ئىش قىلالمايمەن» دەپ ئۆزرە قويىدۇ. زەينەپ فرانسىيىگە بېرىشتىن ۋاز كەچكەن بولسىمۇ يەنە بۇ جەمئىيەتتە ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا ئىشلەۋېرىدۇ.

زەينەپ غەززالى ئەزھەرگە قارشى نۇرغۇن قېتىم نۇتۇق سۆزلەش، يىغىن ئورۇنلاشتۇرۇشتەك پائالىيەتلەردە بولغان. چۈنكى ئەزھەر بۇ جەمئىيەتنىڭ مۇسۇلمان قىز خانىملار ئارىسدا ئىسلام شەرىئىتىگە كۆرسەتكەن سەلبىي تەسىرىگە قارشى ئىدى. زەينەپ غەززالىدەك ئوقۇمۇشلۇق نۇرغۇن زىيالى قىز ـخانىملار ھۆدا شەراۋى كۆتۈرۈپ چىققان دىنىدىن خالىي دۆلەتچىلىك قارىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى. شۇ سەۋەپلىك ئەزھەر شەرىپ بۇ جەمئىيەتكە قارشى تۇرىۋاتقان بىردىن بىر ئاساسلىق ئورۇن ئىدى. ئەزھەر شەرىپتىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ھۆدا شەراۋىنىڭ بۇ جەمئىيىتى بىلەن بىر قانچە قېتىم ئىلمى مۇنازىرە ئۆتكۈزگەن. ھۆدا شەراۋى بۇ مۇنازىرىگە زەينەپغەززالىنى، سىزا نەبراۋىنى ۋە ھامىسسىنىڭ قىزى ھاۋا ئىدرىسنى ۋەكىل قىلىپ قاتناشتۇرغان ئىدى. بۇ مۇنازىرىنىڭ بىرىدە ئەزھەر تەرەپتىن قاتناشقان شەيخلار ھۆدا شەراۋىنى مۇسۇلمان خانىملار ۋەكىلى سۈپىتىدە ئىسلام پرىنسىپى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ چاقىرىقىغا زەينەپغەززالى قاتتىق رەددىيە قايتۇرۇپ، ھۆدا شەراۋىنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيىتى، مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، سەۋىيىسنى كۆتۈرۈش بىلەن ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت، دېگەندەك مۇھىم شۇئارلارنى توۋلاپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى ۋە ئۇنىڭ جەمئىيىتىنى قوغداپ كەلگەن ئىدى.

ئۇ بىر كۈنى 10 دەك ئەزھەرنىڭ شەيخلىرى بىلەن مۇنازىرىگەچۈشۈپ قالىدۇ. مۇنازىرىدە زەينەپ ھۆدا شەراۋىنىڭ پىكرىنى قوغداش بىلەن ئەزھەر شەيخلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىدە يېڭىلىپ قالغان شەيخلار ئېرشاد ۋە ۋەز ـ نەسىھەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى شەيخ مۇھەممەدئابدۇھ تىن زەينەپ غەززالىنىڭ ھەرقانداق جەمئىيەت سورۇنلىرىدا سۆز قىلىشىنى ۋە نۇتۇق سۆزلىشىنى چەكلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن شەيخ مۇھەممەد ئابدۇھ زېرەك ۋە بىلىملىك ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەزھەرنىڭ مۆتىۋەر شەيخلىرىدىن10 ئەللامە بىر قىزنى قايىل قىلالماي، ئۇنى ئاممىۋى سورۇنلاردا سۆزقىلىشتىن توسساق، خەلق «بىزنىڭ پىكرىمىزنىڭ خاتا ئۇلارنىڭكىنى توغرىكەن» دەپ چۈشىنىپ قالامدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى قايىل قىلمىساق بولمايدۇ. شۇڭا بۇ ئىشقا سىلەردىن بىرىڭلار مەسئۇل بولۇشى كېرەك دېگەندە، سورۇندىكىلەرنىڭ ئىچىدىن شەيخ مۇھەممەد نەججار ئىسىملىك كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ زەينەپ بىلەن ئۆزىنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ بېقىش تەكلىپىدە بولىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى زەينەپ خىزمەتداشلىرى سىزا ۋە ھاۋا بىلەن بىرگە يىغىن زالىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ.

ئارقىدىن شەيخ مۇھەممەد نەججارمۇ يېتىپ كېلىدۇ. زال ھەر تەبىقىدىكى قىز ـ خانىملار بىلەن تولۇپ تاشقان ئىدى. يىغىن رىياسەتچىسى مىكروفۇننى قولىغا ئېلىپ زەينەپ غەززالىنى سۆزگە تەكلىپ قىلىدۇ. زەينەپ غەززالى مىكروفۇندا ئۆزىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ھۇداشەراۋنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيەتلىرى، ئىش ـ ئىزلىرى ۋە كۆزقاراشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ ئۆتۈپ يىغىندىكىلەرنىڭ قاتتىق ئالقىش ـسادالىرىغا ئېرىشىدۇ. زەينەپ غەززالى سۆزىنى تۈگىتىپ ھەمراھلىرى بىلەن قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغاندا، شەيخ مۇھەممەد نەججار: «قىزىم مەن ئىسلام دەۋىتى توغرۇلۇق بىر نەچچە منۇت سۆز قىلماقچى سىلەرمۇ قاتنىشىپ بەرگەن بولساڭلار» دەيدۇ. زەينەپ: «بولىدۇ، قېنى مەرھەمەت قىلسىلا» دەپ شەيخنى سەھنىگە تەكلىپ قىلىدۇ.

شەيخ مۇھەممەد نەججار مىكروفوننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىككى قولنى ئېگىزكۆتۈرۈپ، زەينەپ غەززالىغا قاراپ تۇرۇپ ئاللاھقا مۇنداق دۇئا قىلىشقاباشلايدۇ: «ئى ئاللاھ سېنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىڭنىڭ ھەققى ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنى ئىسلامغا خىزمەت قىلغۇچىلاردىن قىلغىن، سەن ھەممىگە قادىر، مۇبارەك كىتابىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئۇنى ئىسلامغا خىزمەت قىلغۇچىلاردىن قىلغىن، ئالەملەرگە رەھمەت بولۇپ كەلگەن پەيغەمبىرىڭگەسالام ۋە رەھمىتىڭ بولسۇن دەيدۇ.» زەينەپ شەيخنىڭ ئۆزىگە قىلغان دۇئاسىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ ئىختىيارسىز كۆز يېشى تاراملاپ ئېقىشقا باشلايدۇ. زەينەپ يىغىسىنى شەيخقا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن يۈزىنى قاچۇرۇپ بولالماي قالىدۇ. ئاخىرى يىغىسىنى توختىتالماي، ئورنىدىن تۇرۇپ سىلە نېمشقا ماڭا ئاتاپ دۇئا قىلىلا، سىلە مېنى ئاللاھ بىلەن ئەمەس دەپ قاراملا؟! ھالبۇكى،مەن ناماز ئوقۇيمەن، قۇرئان ئوقۇيمەن، ئاللاھ خالىسا يېقىندا ھەجگە بارىمەن، ئاللاھنىڭ يولىدا شېھىت بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. شەيخ نەججار مەن سىزنى شۇنداق دەپ ئويلايمەن، دەپ يەنە دۇئانى داۋاملاشتۇرىدۇ، ئاخىرىدازەينەپكە قاراپ تۇرۇپ، «سىز بۇ يەردىن چىققاندىن كېيىن يەنە ھۇداشەراۋنىڭ يېنىغا بارامسىز ياكى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن بىرگە قالامسىز» دەپ سورايدۇ. زەينەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھۇدا شەراۋى بىلەن بولسامۇ يەنە ئۆزەمنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەنبىرى بىلەن دەپ بىلىمەن». شەيخ نەججار يەنە: «سىز ماڭا ھەقىقەت تەرەپدارى بولۇپ ھەقىقەتنى قوغداشقا ۋەدە بېرەمسىز» دەيدۇ. زەينەپ: «ۋەدە بېرىمەن» دەيدۇ.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن زەينەپ شەيخ نەججارنى ھەر زامان زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ.ئۇنىڭدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىدۇ. ئىسلام دىنىغا ئالاقىدار چۈشەنمىگەن نۇرغۇن مەسىلىلەرنى بىلىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ نۇرغۇن مەسىلىدە كۆزى ئېچىلىپ نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ قالىدۇ.

ئۇ بىر كۈنى ئۆيىدە كەچلىك تاماق ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، توساتتىن گاز تۇڭى پاتلاپ ئاشخانىنى ئوت يالقۇنى قاپلاپ كېتىدۇ. زەينەپ قورققىنىدىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ ئىشكنى تاپالماي قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوت ئۇنىڭ بەدىنىگە تۇتىشىپ كۆيۈپ چالا ئۆلۈك بولۇپ قالىدۇ.ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپارماقچى بولىدۇ، ئاممازەينەپ قەتئىي

ئۆزىمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ بەدىنىنى يات ھەرقانداق كىشىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمايتتى. ئائىلىدىكىلەر ئىلاجسىز ئۆيىگە خاس دوختۇرتەكلىپ قىلىپ داۋالايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ سالامەتلىكى كۈندىن كۈنگە يامانلىشىپ كېتىدۇ. دوختۇر پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئەڭ قىممەتلىك دورا ۋە ئوكۇللارنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دوختۇرنىڭ بۇ بىچارە بىمارنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىدى قالمايدۇ. بىر كۈنى دوختۇر ئاكىسى مۇھەممەدنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىد قالمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاكىسى قاتتىق قايغۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېزىدىكى ئورۇق ـتۇغقانلىرىنى چاقىرتىپ زەينەپ بىلەن كۆرۈشۈپلىشنى ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇلارغا تېلېفون بېرىدۇ. مۇھەممەد تېلېفوندا زەينەپنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىدقالمىغانلىقىنى ئۇلارغا ئېيتقاندا زەينەپ ئاڭلاپ قالىدۇ. ئۇ ياتقان يېرىدەتەيەممۇم قىلىپ جانابى ئاللاھقا ئىبادەتكە يۈزلىنىدۇ، ئۇنىڭغا يېلىنىپ يالۋۇرۇپ نامىزىدا دۇئا قىلىدۇ: «ئى پەرۋەرگەرىم مېنىڭ ھۇدا شەراۋىنىڭ جامائەتكە قېتىلغانلىقىمنىڭ جازاسى بولىدىغان بولسا، مەن بۇگۈندىن باشلاپ سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن بۇ جەمئىيەتتىن ئايرىلىمەن. ئەگەر مېنىڭ شلەپەكيگەنلىكىمنىڭ جازاسى بولىدىغان بولسا مەن ھازىردىن باشلاپ ھىجاپ تاقايمەن. ئى پەرۋەردىگارىم مەن ساڭا ۋەدە بېرىمەنكى، ئەگەر مېنىڭ تېنىم بۇرۇنقىدەك بولۇپ ساقايسا ئاياللار ئۇيۇشمىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، ئىسلام دەۋىتىنى تارقىتىدىغان جەمئىيەت قۇرىمەن. مۇسۇلمان ئاياللارنى ئەينى چاغدىكى ئايال ساھابىلاردەك بولۇشقا دەۋەت قىلىمەن. دەۋەت يولىدا داۋاملىق ئىشلەپ، ھاياتىمنىڭ قالغان قىسمىنى سېنىڭ يولۇڭدا نەزرى قىلىمەن...»

جانابى ئاللاھ بۇ سەمىمى قەلبتىن چىققان نالە پەرياد ۋە يالۋۇرۇشلارنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا ئۆز رەھمىتىدىن شىپالىق ئاتا قىلىدۇ، پۈتۈن بەدىنى تامامەن ئەسلىگە كېلىدۇ. ئۇنى داۋالاۋاتقان دوختۇر ئادىتى بويىچە ئەتىگەن كېلىپ ئۇنىڭ ئۇستىدىكى يېپىنچىنى ئاچىدۇ ـ دە قاراپ ھەيران بولۇپ، توۋلاپ سالغىلى تاس قالىدۇ. «بۇ نېمە ئىش» دەپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي «سىزكىمۇ؟!!..» دەپ سوراپ تاشلايدۇ. چۈنكى زەينەپ غەززالىنىڭ بەدىنىدەكۆيۈكنىڭ قىلچە ئىزناسى قالمىغان ئىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى كۆيۈپ ئادەم قورقىدەك دەرىجىدە جاراھەتكە تولۇپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن زەينەپنى بۇ ھالەتتە كۆرگەن دوختۇر ھەيران بولۇپ كەتكەن، زەينەپنىڭ ئەتراپىدىكىلەرمۇ بۇ كارامەتلىك ھادىسىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن كۆز يېشىنى توختىتالماي ھۆركۆرەپ يىغلاپ كېتىدۇ. زەينەپنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ھەممىسى خۇشاللىقىدا «سۇبھانالللا .. سۇبھانالللا ..» دەپ ئاللاھقا رەھمەت ۋەشۈكرى ئېيتىدۇ. دوختۇرمۇ «سۇبھانالللا .. سۇبھانالللا.. ئاللاھ ھەممە ئىشقا قادىر» دەپ زەينەپ ۋە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ ھەيرانلىق ئىچىدە زەينەپنىڭ يېنىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

زەينەپ غەززالى ساقىيىپ قوپۇپلا، پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە،بىرىنچى قىلىپ ھۇدا شەراۋىغا «ئاياللار ئۇيۇشمىسى» جەمئىيتىنىڭ ئەزالىقىدىن ئىستىپا سوراپ خەت يازىدۇ، شلەپىنى تاشلايدۇ. ئاكىسىغا بازاردىن ئابايەۋە نىقاپ ئەكەلدۈرۈپ ھىجاپلىنىدۇ.

بەزىدە، بالا ـ مۇسبەت ئىنسانغا ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئوت ھادىسىسى زەينەپ غەززالىنىڭ ھاياتىدا قاتتىق سىلكىنىش پەيدا قىلىدۇ. ئۇ ھاياتىنى تامامەن ئۆزگەرتىپ ئىسلام دىنىنىڭ خادىمى بولۇش ئۈچۈن قالغان ئۆمرىنى ئاللاھ يولىدا نەزرى قىلىدۇ. ئۇ ئەزھەرنىڭ بۈيۈك ئالىملىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ، بولۇپمۇ شەيخ مۇھەممەد نەججارغا بولغان ئىخلاسى ۋە ھۆرمىتى كۈنسېرى ئاشىدۇ. ئۇلاردىن تەپسىر، پىقھى ئۆگىنىدۇ.

زەينەپ 1936 ـ يىلى «مۇسۇلمان خانىملار» جەمئىيىتىنى قۇرۇپ چىقىدۇ ۋەئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە 15 مەسچىت سېلىش ئۈچۈن ۋەخپە مىنىستىرلىكىدىن رۇخسەت ئالىدۇ.

زەينەپ جەمئىيەتنى قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن ئىسلامى دەۋەت ئىشىنى باشلايدۇ. زەينەپنىڭ ھاياتىدا يۈزبەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى كۆرگەن سەپداشلىرى،خىزمەتداشلىرى ۋە شۇنىڭدەك ئۇنى تونۇيدىغان خانىم ـ قىزلار ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشىدۇ ۋە ئۇنى قوللاپ قۇۋۋەتلەشكە باشلايدۇ. زەينەپ قۇرغان بۇ جەمئىيەت ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە كېڭىيىپ مىسىرنىڭ ھەممەتەرەپلىرىدە كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. ئۇ كۆپىنچە ۋاقتىنى مەسچىتتە ئۆتكۈزەتتى.ئۇ ئورۇنلاشتۇرغان يىغىلىش ۋە نۇتۇق سۆزلەش قاتارلىق يىغىلىشلارنىڭ يىللىق سانى 119 قېتىمغا يەتكەن.

زەينەپ غەززالى نۇرغۇن ئەرەب ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنى زىيارەت قىلغان، ئىسلام دەۋىتى ۋە ئىسلام ھوقۇقى قاتارلىق تېمىلاردا لېكسىيە سۆزلىگەن ۋەبىر قانچە قېتىم چوڭ مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. بۈيۈك ئىسلامى شەخسلەر بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇ كۆرۈشكەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ھاياتىغا ئەڭ چوڭ تەسىركۆرسەتكەن كىشى مۇسۇلمان قېرىنداشلار جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇغۇچىسى شېھىدھەسەنۇلبەننا بولغان.

زەينەپ غەززالى «مۇسۇلمان خانىملار» جەمئىيىتىنى قۇرۇپ تۆت يىلدىن كېيىن شېھىت ھەسەنۇلبەننا ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئىسلامغا خىزمەت قىلىشتا ھەمكارلىشىش ئۈچۈن، «مۇسۇلمان خانىملار» جەمئىيىتىنى مۇسۇلمان قېرىنداشلار جەمئىيىتىنىڭ تارمىقىدىكى«مۇسۇلمان قېرىنداش خانىملار» دېگەن جەمئىيەت بىلەن، ئۇ جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىكىنى قولىغا ئېلىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. چۈنكى ھەر ئىككى جەمئىيەتنىڭ نىشانى ۋە خىزمەت پائالىيىتى ئاساسەن بىر سېزىقتا ئىدى.

لېكىن زەينەپغەززالى ئۆز جەمئىيىتىنىڭ ھازىر خېلى ياخشى مېڭىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى، كېيىنچە چوقۇم كېلىپ بىرگەخىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەكلىپنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئارىدىن 3 ، 4يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەسەنۇلبەننا شېھىت بولۇشنىڭ ئالدىدا (1948 ـ يىلى)زەينەپ ھەسەنۇلبەننانىڭ ئىدارىسىگە كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھازىر سىزبىلەن بىرگە ئىشلەش ئۈچۈن كەلدىم، « مۇسۇلمان خانىم ئاياللار» جەمئىيىتىنىشەرتسىز سىزنىڭ ئەمرىڭىزگە تاپشۇرىمەن، مېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق تەلىپىم يوق» دەيدۇ. لېكىن ھەسەنۇلبەننا بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئۆز جەمئىيىتىدە قېلىۋېرىشنى ئېيتىدۇ. چۈنكى بۇ كۈنلەردە مۇسۇلمان قېرىنداشلار جەمئىيىتى ئۇزامانكى ھاكىم ھۆكۈمەت بىلەن سىياسى كرىزىسقا دۇچ كەلمەكتە ئىدى. زەينەپغەززالى ھەسەنۇلبەننا بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي (1949 ـ يىلى)ھەسەنۇلبەننا سۈيقەسكە ئۇچراپ شېھىت

بولىدۇ. لېكىن زەينەپ غەززالىمۇسۇلمان قېرىنداشلار جەمئىيىتىگە ئۆزىنىڭ بەيئەت قىلغانلىقىنى ۋە بۇجەمئىيەتنىڭ سادىق ئەسكەرلىرىدىن بىر ئەسكەر بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كېلىدۇ. ھەسەنۇلبەننا شېھىت بولۇپ، مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى ھاكىم ھۆكۈمەت ۋە تاشقى كۈچلەر تەرىپىدىن قاتتىق بېسىمغا ئۇچرايدۇ. بۇتەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋە ئاۋانگارت ئەزالىرى بىر - بىرلەپ قولغا ئېلىنىدۇ. شۇ سەۋەپتىن بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىك يادرو كۈچى ئاجىزلاپ قاتتىق داۋالغۇشقا دۇچ كېلىدۇ. زەينەپ غەززالى دەل بۇ شارائىتتا بۇ تەشكىلاتنىڭ ئېغىر يۈكى ئاستىغا كىرىپ، ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ. قولغا ئېلىنغان تەشكىلات رەھبەرلىرى ۋە ئەزالىرىنىڭ ئائىلىسىنى يوقلاپ ئۇلارغا ماددى ، مەنىۋىي ياردەمدە بولىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىگە چىقىدۇ. ئۇشېھىد ھەسەنۇلبەننادىن كېيىن مۇسۇلمان قېرىنداشلار جامائىتىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ھەسەن ھۇدەيبىنىڭ رۇخستى بىلەن، بۇ جامائەت كادىرلىرى بىلەن بىر ئارىغا كېلىپ، يېڭىدىن يېڭىچە خىزمەت ئېلىپ بېرىش ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ خەلقنىڭ ھال - ئەھۋالىغا يېتىش ھەققىدەمۇزاكىرە يىغىنى ئاچىدۇ. ئۇنىڭ بارغانچە مۇسۇلمان قېرىنداشلار بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە ئۇلار بىلەن ئىش بىرلىكى قۇرغانلىقى ھاكىم ھۆكۈمەتنىڭ ئىستىخبارت ئورۇنلىرى تەرىپىدىن بىلىنىپ قالىدۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن قاتتىق ئەندىشىگە چۈشىدۇ ۋە ئۇنى دەرھال كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن 1964 - يىلى زەينەپنى ماشىنا بىلەن كېتىۋاتقاندا ھادىسە چىقىرىپ يوقاتماقچى بولىدۇ. زەينەپ ھادىسىدە ئېغىر يارىدار بولىدۇ. لېكىن جانابى ئاللاھ ئۇنى يەنەقوغداپ قالىدۇ. زەينەپ غەززالى دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقاندا، ئابدۇناسىر تەرەپتىن زەينەپ غەززالىنىڭ جەمئىيىتىنى تارقىتىۋېتىش توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇش كېلىپ، زەينەپ غەززالىنىڭ قول قويىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغاكونۋېرت ئەۋەتىدۇ. «زەينەپ غەززالى، ئابدۇنناسىرنىڭ بۇ جەمئىيەتنى تارقىتىۋېتىشكە ھوقۇقى يوق، بۇ جەمئىيەت ئىسلامى بىر جەمئىيەت، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى نۇمۇسسىزلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس» دەپ ئۇقتۇرۇشقا قول قويمايدۇ.

زەينەپ غەززالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كاتىپى كېرىپ، ئابدۇناسىر چىقارغان مۇسۇلمان خانىملار جەمئىيىتىنى تارقىتىۋېتىش ئۇقتۇرۇشىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى يەتكۈزىدۇ. زەينەپ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ كاتىبىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورايدۇ. كاتىپى ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن تېخى خەۋىرى يوقلىقىنى ئېيتىدۇ. زەينەپ تېخى تولۇق ئەسلىگە كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆيىدە دەم ئېلىۋاتاتتى. بۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭغا بىر كونۋېرت كېلىدۇ. كونۋېرتقا زەينەپ غەززالىنىڭ «ئەرەب سوتسيالىستىك بىرلىكى» گەئەزالىق كېنىشكىسى ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۇنى بۇ جەمئىيەتنىڭ يىللىق يىغىنىغاچاقىرىلغان دەۋەت بار ئىدى. زەينەپ كىنىشكىنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈۋاتقاندائېلىپفۇن كېلىدۇ، تېلېفوندا زەينەپ غەززالى باشچىلىقىدا مۇسۇلمان خانىملارجەمئىيىتى رەھبەرلىرى ئابدۇنناسىرنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئايدۇرۇمغاچىقىشىنىڭ زۆرۈرلكى يەتكۈزىلىدۇ. زەينەپ غەززالى ئاللاھ خالىسا دەپ جاۋاپ بېرىپ تېلېفوننى قويىۋېتىدۇ ۋە قارشى ئېلىش مۇراسىمغا قاتناشمايدۇ. بۇۋەقەدىن كېيىن زەينەپ ساقىيىپ ئىشقا چۈشىدۇ. بىر كۈنى زەينەپ

ئىشخانىسداخىزمەت ئۆتەۋاتقاندا ئىدارە ئالدىغا بىر ساقچى ماشىنىسى كېلىپ توختايدۇ. ماشىنىدىن بىر قانچە ساقچى ئۇدۇل زەينەپنىڭ ئىشخانىسغا كىرىپ، قولدىكى ئۇقتۇرۇشنى زەينەپكە سۇندۇ زەينەپ ئۇقتۇرۇشنى ئوقۇپ غەزەپتىن كۆزلىرى قىزىرىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇقتۇرۇشتا بۇ جەمئىيەتنىڭ مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ پۈتۈن ئەزالىرىنىڭ تارقىتىۋېتىشى بەلگىلەنگەن ئىدى.

زەينەپ غەززالى قۇرغان بۇ جەمئىيەت تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن بۇجەمئىيەتنىڭ غوللۇق رەھبەرلىرى شەخسلەرنىڭ ئۆيىگە توپلىنىپ خىزمەت ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىزمىتى ئۇزۇنغا بارماي يەنە ئىستىخبارات ئورۇنلىرى تەرەپتىن سېزىلىپ قالىدۇ. ئۇلار ئاخىرى توپلانماي يالغۇز خىزمەت ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

زەينەپ غەززالى جەمئىيەت تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن مۇسۇلمان قېرىنداشلارجەمئىيتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بارغانچە قويۇقلاشتۇرىدۇ. بولۇپمۇسەييىد قۇتۇپ تۈرمىگە تاشلانغاندا ئۇنىڭ پىكىر ۋە كۆز قاراشلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن زور كۈچ چىقارغان ھەتتا سەيىد قۇتۇپ تۈرمىدە يازغان«يولدىكى ئىشارەت» ناملىق ئەسىرىنى ياشلار ئارىسىدا كەڭرى تارقىتىپ ئاخشاملىرى دەرس قىلىپ ئوقۇغان. بۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە زەينەپ غەززالىنى جامال ئابدۇناسىر چاقىرتىدۇ. زەينەپ ئابدۇنناسىرنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلارجامائىتىنىڭ غوللۇق رەھبەرلىرىنى ۋە ئاكتىپ ئاۋانگاتلىرىنى يوقىتىپ تازىلاۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئابدۇناسىر تەرەپتىن كەلگەن ئەلچىگە: « مەن شېھىت ئابدۇقادىر ئەۋدىنىڭ قېنى بىلەن قولى بويالغان ئادەم بىلەن كۆرۈشمەيمەن» دەپ ئابدۇنناسىرنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىدۇ. ئابدۇناسىر بۇ باھانە بىلەن زەينەپ غەززالىنى (1965 ـ يىلى 20ـ ئاۋغۇست) دەرھال تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلايدۇ. ئۇ تۈرمىدە قاتتىق ئازاب ۋە قىيىن ـقىستاققا دۇچ كېلىدۇ. لېكىن بۇ ئازاب ۋە ئوقۇبەتلەر ئۇنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسىنى سۇندۇرالمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقەتتە ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ھاكىم ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپىگە ئەسلا كۆنمەيدۇ. ھۆكۈمەت تەرەپ ئۇنى ئۆزتەلىپىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ھەر خىل ئۇسۇل ۋە ۋاستىلارنى قوللانغان بولسىمۇ زەينەپ ئۆز ئىرادىسىدىن قەتئىي تەۋرەنمەي قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇلار زەينەپكە تېخىمۇ زەربە بېرىپ روھى جەھەتتە ئېزىش ئۈچۈن، يولدىشى مۇھەممەد سالىم ھاجىمغا قاتتىق بېسىم ئىشلىتىپ زەينەپنىڭ سۆزىنى بېرىشكەمەجبۇرلايدۇ. مۇھەممەد سالىم ھاجىم مىسىردا كۆزگە كۆرۈنگەن چوڭ تىجارەتچى شەخس بولۇپ، 10 دىن ئارتۇق شىركەت ئىگىسى ئىدى. مۇھەممەد سالىم ھاجىمزەينەپ غەززالىغا توي تەلىپى قويۇپ ئەلچى ئەۋەتكەندە، زەينەپ غەززالى ئۆزىنىڭ تويلۇق مېھرى ئۈچۈن مۇھەممەد سالىمنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلارجەمئىيىتىگە ئەزا بولۇشنى شەرت قىلغان ئىكەن. مۇھەممەد سالىم زەينەپنىڭ بۇ شەرتىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد سالىمھاجىم مۇسۇلمان قېرىنداشلار جەمئىيىتىگە قولىدىن كېلىشىدە ياردەمدە بولۇپ كەلگەن. مۇسۇلمان قېرىنداشلار جەمئىيتى بىلەن ھاكىم ھۆكۈمەت ئارىسىداسىياسى كرىزىس كېلىپ چىققاندا، بۇ جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىرقاتاردا مۇھەممەد سالىم ھاجىممۇ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، پۈتۈن مال ـ مۈلكى تۇڭلىتىۋېتىلگەن ۋە

**بىر نەچچە قېتىم تۈرمىگە تاشلانغان. زەينەپ غەززالى قولغا ئېلىنىپ ئۆزۈن ئۆتمەي ھاكىم ھۆكۈمەت مۇھەممەد سالىم ھاجىمدىن زەينەپغەززالىنىڭ سۆزىنى بېرىپ ئاجرىششقا مەجبۇرلايدۇ. ئاخىرىدا ئۇنى قايىل قىلالمىغاندىن كېيىن، ئەگەر زەينەپنىڭ سۆزىنى بەرسە توغلىتىۋېتىلگان پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى، ئەگەر بۇنىڭغىمۇ كۆنمىسە تېخىمۇيامان ئاقىۋەتكە قالدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت قىلىدۇ. مۇھەممەد سالىمھاجىم ئاخىرى ئامالسىز ھۆكۈمەتنىڭ شەرتىگە كۆنىدۇ. لېكىن ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىدە زەينەپ غەززالى ئۆزىنىڭ دۇنيا ئاخىرەتلىك ھالال جۈپتى ۋە سۆيۈملۈك ئايالى ئىكەنلىكىنى قاتتىق تەكىتلەپ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ.**

**زەينەپ غەززالى ئاجرىشىش خېتىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. باشتا بۇنىڭغا قەتئىي ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ يولدىشى مۇھەممەد سالىم ھاجىمنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. لېكىن قولىدىكى خەتتەيولدىشى مۇھەممەد سالىم ھاجىمنىڭ ئىمزاسى ئېنىق تۇراتتى. ئۇ ئەمدى رېئاللىققا بوي ئەگمىسە بولمايتتى. زەينەپ غەززالى بۇنىڭ بىلەنمۇ يىقىلمايدۇ تېخىمۇ قەددىنى كۆتۈرۈپ ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە رازى بولىدۇ. ئۇيەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا ئۆزىنى روھلۇق تۇتۇشقا تىرىشىدۇ. زەينەپغەززالىنىڭ ئىپادىسىدە قىلچە ئۆزگىرىش بولمىغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت تەرەپ قاتتىق تىرىكىپ، ئاخىرىدا شەرەپسىزلەرچە ئۇنىڭغا باسقۇنچىلىق پىلانى تۈرغۈزىدۇ. جانابى ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ رەزىل پەسكەش قىلمىشلىرىدىن بۇيۈك ئالىجاناپ ئايالنى ساقلاپ قالىدۇ.**

**زەينەپ غەززالى 1970 ـ يىلى ئابدۇناسىر ئۆلۈپ، ئەنۋەر سادات تەختكە چىققاندىن كېيىن (1971 ـ يىلى)، سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھى پەيسەل ئابدۇلئەزىزنىڭ ۋاستىسى بىلەن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىدۇ. بۇ بۈيۈك مۇجاھىدەئايال تۈرمىدىن چىقىپ، يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئىسلام يولىدا دەۋەت خىزمىتىنىداۋاملاشتۇرىدۇ ۋە بۇ يولدا ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى تىنىقىغىچە ئىشلەپ 88يېشىدا ( 2005 ـ يىلى 3 ـ ئاۋغۇست) بۇ دۇنيا بىلەن خەيرلىك خوشلىشىدۇ. جىنازا نامىزى 2005 ـ 4 ـ ئاۋغۇست پېشىن نامىزىدىن كيىن مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرە ناسىر شەھىرىدىكى رابىئەتىل ئەدەۋىيە دېگەن مەشھۇر مەسچىتتە چۈشۈرۈلىدۇ.**

**زەينەپ غەززالى ئۆزىنىڭ تۈرمە ھاياتىنى «ھايات كۈنلىرىمدىن» دېگەن ئەسىرىدە تەپسىلى يازىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئادەم ئەسەرنى ئاخىرلاشتۇرغانغا قەدەر كۆز يېشى قىلىپ چىقىدۇ. چۈنكى بۇ بۈيۈك ئايال ئۆز ھاياتىدا قاتتىق سىناققا دۇچ كەلگەن، بولۇپمۇ تۈرمىدە ئۇنىڭ كۆرمىگەن كۈنى، چەكمىگەن ئازاب ۋە جاپاسى قالمىغان. شۇڭىمۇ بۇ جاسارەت ئابىدىسى مۇجاھىدە بۈيۈك ئايالنىڭ ھەر بىر سۆزى ۋە ئۇ دۇچ كەلگەن تېراگىدىيىلەر ھەر قانداق ئادەمگە تەسىر قىلماي قالمايدۇ. ھەتتا كۆزيېشىنى توختىتالماي ھۆركۈرەپ يىغلاپ تاشلايدۇ. ئۇ 1980 ـ يىلقى پاكىستان زىيارىتىدە، ئۇ چاغدىكى پاكىستان زۇڭتۇڭى زىياۋۇلھەق بىلەن ئۇچراشقان. ئەسلى ئۇچرىشىش ۋاقتى 25 مىنۇت دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئۇلارئۇچراشقاندىن كېيىن سۆھبەت ۋاقتى ئىختىيارسىز ھالدا ئىككى سائەتتىن ئېشىپ كەتكەن. چۈنكى زىياۋۇلھەق بۇ بۈيۈك مۇجاھىدە ئايال بىلەن بولغان**

سۆھبەتتىن قاتتىق تەسىرلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، باشقا كۆرۈشۈش ۋە پروگراممىلارنى تامامەن ئۇنۇتقان، ھەتتا سۆھبەتنىڭ ئاخىرىغىچە كۆز يېشى قىلىپ چىققان.

دوكتۇر مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇقادىر ئەششھاب زەينەپ غەززالىنىڭ پاكىستاندىكى زىيارەت خاتىرىسىنى مۇنداق يازىدۇ: «زەينەپ غەززالى پاكىستاننىڭ ئەينى چاغدىكى رەئىسى زىياۋۇلھەق بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلارنىڭ كۆرۈشۈش ۋاقتى نورمالدا 20 مىنۇت ئەتراپىدا بەلگىلەنگەن ئىدى. چۈنكى زىيائۇلھەقنىڭ باشقا مېھمانلىرى بولۇپ، ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان ئىكەن. شۇنداق بولۇشغا قارىماي ئۇ تۈنجى قېتىم پۈتۈن ئۈچرىششلارنى كېچىكتۈردى ۋە بۇ بۈيۈك ئايالنىڭ سۆھبىتىنى پۈتۈن دىققتى بىلەن ئاڭلىدى. زەينەپغەززالى زىيائۇلھەققە ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى ئاياللارنىڭ ئەينى چاغداتارتىۋاتقان خاپىلىق ۋە مۇشكۇللىرىنى، شۇنىڭدەك ئاياللارنىڭ تۈرمىلەرگەتاشلىنىپ قاتتىق قىيىن ـقىستاققا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن. زىياۋۇلھەق ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆز يېشى قىلىپ يىغلاپ كەتكەن ۋە بۇ شەكىلدە ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئىككى يېرىم سائەت داۋاملاشقان.

زەينەپ غەززالى ئافغانىستان مۇجاھىتلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردارئىدى. ئۇ ئافغانىستان مۇجاھىتلىرىغا ھەر تۈرلۈك ياردەمدە بولۇپ كەلگەن.مەن بۇ ئايال بىلەن ئۈچرىششنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلاتتىم. بولۇپمۇ ئۇنىڭ«ھايات كۈنلىرىمدىن» دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئۈچرىشىش مېنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئارزۇلىرىمدىن بىرى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ 1980 ـيىلى پاكىستانغا زىيارەتكە كەلگەندە شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام (ئاللاھ ئۇكىشىگە رەھمەت قىلسۇن) ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن مېنى ئۆزى بىلەن بىرگەھەمراھ بولۇپ بېرىشىمنى ئېيتتى. مەن بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم. مېنىڭ بۇ جاسارەت ئابىدىسى ئايال بىلەن بولغان ئۈچرىششىم مەن ئۈچۈن ئىنتايىن بىر مۇبارەك ئۈچرىشش بولغان ئىدى. بۇ ئۈچرىشش دۇنيا ئىسلام بىرلىكىنىڭ ئىش ئورنىدابولغان. بۇ ئۈچرىششقا شەيخ ئابدۇللاھ ئەززامدىن باشقا يەنە مۇجاھىتلارنىڭ قوماندانلىرىدىن ئۈچ كىشى قاتناشقان ئىدى. زەينەپ غەززالى بۇ مۇبارەك سورۇندا ئىنتايىن مۇھىم تېمىدا قىسقا سۆز قىلدى. بولۇپمۇ سەپ بىرلىكىنى قوغداپ بىرلىككە كېلىشنى قاتتىق تەۋسىيە قىلغان ئىدى. شۇنىڭدەك مۇجاھىتلارنىڭ مەسلىسىگە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئادىللىق بىلەن ھېسداشلىق قىلغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگەئايرىم ـ ئايرىم بىردىن كونۋېرت تەقدىم قىلدى. كونۋېرتنىڭ ئىچىدە ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ياردەم ئۈچۈن ئىئانە قىلغان سوۋغىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ تەقدىم قىلغان ھەدىيىسى ئىنتايىن بۈيۈك ۋە كاتتا ئىش بولغان ئىدى. ئاندىن ئۇ قوماندارلارنىڭ ئىچىدىن بىرسىگە قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ساڭا بشارەت بولسۇن! مەن سېنى چۈشۈمدە ئات ئۈستىدەسالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ قىياپىتىدە كۆردۈم » دېدى. ئۇ قوماندان ئۇنىڭغامىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ دۇئا قىلدى.

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام زەينەپ غەززالى بىلەن بولغان ئۈچرىششتىن قاتتىق تەسىرلەنگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ نەخ مەيداندا بىرەر ئىپادە بىلدۈرمىگەن ئىدى. (مەن ئۇنىڭ تەسىرلەنگەنلىكىنى بىز

يغىلىشتىن چىققاندىن كېيىن چۈشىنىپ يەتتىم) چۈنكى شەيخ ئابدۇللاھ چوڭ ـ كىچىك دېمەي ھەممە كىشىنىڭ ئالدىدا ئىنتايىن ئەدەپلىك ۋە كەمتەر شەخس ئىدى. ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:«كاشكى ئۇ ئۆزىنىڭ چۈشنى بۇ سورۇندا سۆزلىمىگەن بولسا ياخشى بولاتتى».بۇنىڭدىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، شەيخ ئەززام ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىدە بىرەرمەغرۇرلۇق ھېس قىلىپ قېلىشتىن قورقان ئىكەن».

زەينەپ غەززالى قۇرغان مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇسۇلمان قىز ـ خانىملارغا خىزمەت قىلىپ خەيرىيەت ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى باشقا سىياسى پارتىيىلەرنىڭ خاراكتېرىغا قەتئىي ئوخشىمايتتى. چۈنكى بۇ جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق مەقستى مىسىرنىڭ دۆلەت قانۇنىنى ئىسلام قانۇنى قىلىپ بەلگىلەش، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ كىتاپ ۋە سۈننەتكە قايتىش ۋە ئىسلام خىلاپىتىنى ئەسلىگەكەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ زەينەپ غەززالىنىڭ مۇسۇلمان خانىملار جەمئىيىتى تەدرىجى ھالدا مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىغايېقىنلىششقا باشلايدۇ، ھەتتا زەينەپ غەززالى ئۆزى كېلىپ شېھىدھەسەنۇلبەننادىن ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى ھەر ئىككى تەشكىلاتنىڭ خىزمەت مىزانى خاراكتېر جەھەتتە بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان بىر يۆلىنىش ئىككى يۈزىدىن ئىبارەت ئىدى.

زەينەپ غەززالىنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلىيتى شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇ يەنەنۇرغۇن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇ يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە (ھايات خاتىرلىرىمدىن)، (يېڭى ھاياتقا يۈزلىنىش)،(ئاللاھنىڭ كىتابىغا نەزەر) دېگەن ئەسەرلىرى نەشىردىن چىقىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇلغان. ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

زەينەپ غەززالىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ مۇلاھىزە قىلغان كىشى، ئۇنىڭ يېتىشكەن بۈيۈك ئالىم ۋە ياشىغان دەۋرنى چۈشىنىپ ھېس قىلالايدىغان نەزەردائىرىسى كەڭ بىر مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىدۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ ‹ئالللاھنىڭ كىتابىغا نەزەر› دېگەن ئەسىرى نەشرىدىن چىققاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «مەن قۇرئاننى ئۆزۈمگە دوست تۇتتۇم، ھەتتا ئۇنىڭ(پرىنسىپى بويىچە) ياشاشقا تىرىشتىم، ئۇنىڭ (پرىنسىپى بويىچە) ياشىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ توغرىسىدا مەنمۇ بىر نەرسە دەپ باقتىم. چۈنكى ئىنسان ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي ھەر يەردە ئۇنىڭ سۆزىنى قىلىشقاكۆنۈپ كەتكىنىدەك مەنمۇ ئولتۇرسام قوپسام ئۇنىڭ ھەققىدە سۆزلەشكە كۆنۈپ قالدىم. مەن ئۆزەمنى مۇپەسسىر دەپ داۋا قىلمايمەن، لېكىن، مەن قۇرئاننى ياخشى كۆرىمەن، مەن ئۇنىڭ ئاشقى، ئاشىق مەشۇقنىڭ ئىسمىنى، ئۇنىڭ تەرىپاتلىرىنى ۋە ياخشىلىقنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، دائىم ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشنى، ئۇنى باغرىغا بېسىشنى ئويلايدۇ. مەنمۇ قۇرئاننى كەرىمنى باغرىمغا باسىمەن، ئۇنى پۈتۈن ئىنسانلارغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن كۈچۈم يېتىشچە تىرىشىمەن. مەن قۇرئان كەرىمنى ئېغىزىمدىن چۈشۈرمەسلىك ئۈچۈن 60 يىللىق ئۆمرۈم مەسچىتتە ئۆتتى.»

زەينەپ غەززالىنىڭ ئىسلامى دەۋتى پەقەت مىسىر خەلقى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان ، بەلكى ئۇ نۇرغۇن ئىسلام دۆلەتلىرىدە زىيارەتتە بولۇپ، دەۋەت ئېلىپ بارغان، شۇنىڭدەك نۇرغۇن قېتىم دىنى نۇتۇق ۋە لېكسىيە سۆزلىگەن. ئۇدەۋەت يولىدا ئۆزىنىڭ 53 يىلىنى ئۆتكۈزگەن. ئۇ بۇ جەرياندا بۈيۈك دەۋەتچىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇنىڭ ھاياتىغا ئەڭ قاتتىق تەسىرقىلغان شەخس ھەسەنۇلبەننا ۋە ھەسەن ھۇدەيبىلەر بولغان. ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستانىنى 60 قېتىم زىيارەت قىلغان، 39 قېتىم ھەج قىلغان، 100 قېتىم ئۆمرە قىلغان.

زەينەپ غەززالىنىڭ كېلەچەكتىكى مۇسۇلمان ئاياللاردىن كۈتكەن ئۈمىدى ۋەئۇلارغا باغلىغان ئارزۇسى ئىنتايىن چوڭ ئىدى. ئۇنىڭچە ئىسلام دۈشمەنلىرى خالىسۇن ـخالىمىسۇن كېلەچەكتە ئاياللارنىڭ يېتەكچىلىكى مۇسۇلمان ئاياللارئىچىدىن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

دېمەك بۈيۈك دەۋەتچى زەينەپ غەززاالىنىڭ ھايات مۇساپىسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، ھەقىقەتنى قوغداش يولىدا نۇرغۇن جاپا مۇشەققەت چەككەن، ئازاب ئوقۇبەتكە دۇچ كەلگەن، ھەتتا بىر نەچچە ئاي تەنھا يەر ئاستى سۇ تۈرمىسىدە قالغان بولسمۇ ئەسلا زالىمغا بوي ئەگمەي جاسارەت كۆرسەتكەن بۈيۈك مۇجاھىدە جاسارەت ئابىدىسى ۋە ھەقىقەت ئۈرنىكى ئۇلۇغ ئايال ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. قەلبىنىڭ ئىمان بىلەن گۈللىنىپ، دۇنيا ھاياتىغا نەزەر سالمىغانلىقىنى،ئالدامچى ھەشەمەتلىككە ئالدانمىغانلىقىنى، ئىخلاس ۋە سەممىيەتلىكنى ئۆزىگە رەھبەر قىلىپ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغانلىقىنى،جەننەتتىن ئىبارەت بۈيۈك مۇكاپاتىغا تەلپۈنۈپ، ھەقىقەت يولىدىن قەتئىي ئايرىلماي ئۆزىدىن كېيىنكى مۇسۇلمان قىز ـ خانىملارغا ھەتتا ئەر مۇسۇلمانلارغا نەمۇنە بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

جانابى ئاللاھ بۇ بۈيۈك دەۋەتچى، جاسارەت ئابىدىسى مۇجاھىدە ئايالغا رەھمەت قىلسۇن، گۇناھىنى مەغپىرەت قىلسۇن، ئەڭ يۈكسەك جەننەتتىن ئىبارەت پىردەۋس جەننەتنى ئاتا قىلسۇن، ئامىن.

مەنبە:داڭلىق مۇنبىرى

# 12-يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە لىنىيەسى ئۈستىدە يېڭى ئىزلىنىش

## (مەخمۇت ئېلى ئاتتىلا ئۇنسۇ)

### 1. «يىپەك يولى» ئاتالغۇسى توغرىسىدا ئىككى ئېغىز سۆز

شەرق-غەرب مەنبەلىرىدە ئېيتىلىپ كېلىنىۋاتقان «يىپەك يولى» ئۇقۇمى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ئاتالغۇ بولۇپ، بۇ ئۇقۇمنى تۇنجى بولۇپ گېرمانىيىلىك ئوتتۇرا ئاسىياشۇناس فېردىناد ۋون رىچخوفېن 1901-يىلى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئۇقۇم ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن دۇنيا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ، قوللىنىلىپ كېلىنىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق، «يىپەك يولشۇناسلىق» دۇنياۋى تېمىلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان بۈگۈنكى كۈندە ئۇ «يىپەك يولى» نامى بىلەن ئاتالغان كارۋان يولى تەتقىقاتىدا، «يىپەك يولى» ئۇقۇمى ئاستىدىكى كارۋان يولىنىڭ ئەمىلىيەتتە ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنى باغلايدىغان فۇنكتسىيىلىك بىرلىك ئىكەنلىكىنى؛ ئۇنىڭ لىنىيەسى، تارىخى، مەدەنىيەت قاتلىمى، مىللەت تەركىبى، رولى قاتارلىق جەھەتلەردىكى قىممىتىنىڭ نۇقۇل يىپەك توشۇلغان لىنىيە ۋە دەۋر قاتلىمىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى يوقىا چىقىرىۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، يىپەك يولى ئۈستىدىكى تەتقىقات تېخى باشلانغۇچ ھالدا تۇرىۋاتىدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلىرىدا يىپەك توشۇلغان دەۋر ۋە يىپەك توشۇلغان لىنىيەنىڭ سىرتىغا چىقالمايۋاتىدۇ (چيەنداۋ شىنسى: ياپونىيە، «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986-يىل 4-ئاي 1-نەشرى 2-بەت). ئۇنىڭدىن ھالقىپ كەتكەنلىرىمۇ، «يىپەك يولى» ئۇقۇمىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئۆز قاراشلىرىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويالماي، «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى يولى»، «بىرونزا يولى»، «شىمالىي يايلاق يولى»، «ياقۇت سودا يولى»، «قاشتېشى يولى»، «بوستانلىق يىپەك يولى» دېگەندەك بىرقاتار ئۇقۇملار ئارقىلىق يىپەك يولىنىڭ بىرپۈتۈنلىكىنى، تارىخىي ئىزچىللىقىنى ۋە مەدەنىيەت جۇغلانمىسىنىڭ كۆپ قاتلاملىقىنى يوققا چىقىرىۋاتىدۇ. بۇ نورمال ئەھۋال ئەمەس. شۇڭا، «يىپەك يولى» تەتقىقاتىدا «يىپەك يولى» ئۇقۇمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، «ئۈچ قۇرۇقلۇق ھاياتلىق يولى» (قەدىمكى دەۋرلەردىن بۇيان ھەرقايسى يوللار ئۆزئارا بىرىكىپ،

ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا قىتئەلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئۇلار ئارىسىدا مەدەنىيەت، سودا، ئىدىيە ئالماشتۇرۇش لىنىيىسى بولۇپ كەلگەنلىكى ۋە ئىنسانىيەت ھاياتلىق پائالىيىتىگە ئاساس سالغانلىقى ئۈچۈن شۇ نام بېرىلدى)، قىسقارتىپ «ھاياتلىق يولى» دېگەن يېڭى بىر ئۇقۇمنى ئىشلىتىش تولىمۇ زۆرۈر. مەشھۇر ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ «يىپەك يولى تەتقىقاتىدىكى ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى مەسىلىلىرى» ناملىق ماقالىسىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ « ‹يىپەك يولى› ئۇلۇغ بىر ئىبارە. ئۇ رىم ۋە ۋىزانتىيىلىكلەرنىڭ ‹سېرىس› ئېلىگە بولغان ماددىي ۋە غايىۋى (ھەتتا ئەپسانىۋى) قىزىقىشى تۈپەيلى، يېقىنقى زاماندا قوللىنىلغان ئىبارە. ئۇ، نۇقۇل سودا-تىجارەتنى، بولۇپمۇ يىپەك سودىسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئىبارە بولماستىن، بەلكى، ‹قەدىمكى قىتئە›- ئاسىيا-ياۋروپا-ئافرىقا خەلقلىرى ئارىسىدىكى ماددىي-مەنىۋى مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ غول لىنىيىسىگە قارىتىلغان ئىبارە.» («شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995-يىللىق 2-سان 4-بەت)، « ‹يىپەك يولى› قەدىمكى ‹قىتئە› دەپ ئاتالغان ئۈچ چوڭ قۇرۇقلۇقنى تۇتاشتۇرغان كىشىلىك ئالاقىلىرىنىڭ غول قانىلى بولۇپ، ئۇ گېبرالتار بوغۇزىدىن ياپونىيىگىچە بولغان ھەر خىل ئىرق، مىللەت، رايون ۋە مەدەنىيەتتىكى ئىنسان تۈركۈملىرىنى خۇددى مەرۋايىتلارنى بىر تىزما قىلغان يىپتەك تۇتاشتۇرغان. ‹ھەر خىللىق› بىلەن ‹بىر تىزما› ھاسىل قىلىش يىپەك يولىنىڭ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ۋە سىنكرىتىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن». «بۇنداق كۆپ مەنبەلىك ۋە سىنكرىتىك مەدەنىيەت ئوخشىمىغان تارىخىي قاتلاملاردا ئوخشىمىغان مىللىي (يەرلىك) مەدەنىيەت ۋە دۇنياۋى (ياكى دۇنياغا يۈزلەنگەن) مەدەنىيەت تىپلىرىنى ھاسىل قىلغان. يىپەك يولىدا قول ئىگىلىكى ۋە فېئودالىزم دەۋرلىرىدە، ‹گېرىك-رىم مەدەنىيىتى تىپى›، ‹كوشان-كۈسەن مەدەنىيىتى تىپى›،‹سۈي-تاڭ مەدەنىيىتى تىپى›،‹ئەرەب مەدەنىيىتى تىپى›،‹غەربىي ياۋروپا رېنېسانسى مەدەنىيىتى تىپى› دىن ئىبارەت بەش چوڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت تىپى شەكىللەندى. بۇ مەدەنىيەت تىپلىرى مىسىر، سومىر، سكتاي، بابىل-ئاسسورىيە، مەركىزىي ئاسىيا، ھىندىستان، جۇڭگو قەدىمكى ۋە ئەينى زامانىدىكى مەدەنىيەتلىرىدىن ئوزۇقلانغان؛ ئالدىنقى قاتلامدىكى دۇنياۋى مەدەنىيەت تىپلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان؛ پۈتۈن يىپەك يولى مىللىي (يەرلىك) مەدەنىيەتلىرىگە سىنكرىتىك تەركىب قوشقان. ‹يىپەك يولى›نى نۇقۇل بىرقانچە ئىمپېرىيەلەر- ئاخمانىلار، ساسانىلار، رىم ئىمپېرىيىسى، كۇشان خانلىقى، خەن-تاڭ سۇلالىسى، ئەرەب خەلىپىلىكى، چىڭگىز-تۆمۈرىيلەر ھاكىمىيەتلىرى ئارىسىدىكى يىپەك، دورا ماتېرىياللىرى سودىسىغا باغلاپ ئىزاھلاش قايتا ئويلىنىشقا مۇھتاج.» («شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995-يىللىق 2-سان 7-، 8-بەتلەر) دەپ كۆرسەتكەن.

## 2. يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە لىنىيەسى ئۈستىدە ئېلىپ

# بېرىلغان ئىلگىرىكى تەتقىقاتلارغا بىر نەزەر

يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولسىمۇ، دۇنيادا «يىپەك يولشۇناسلىق» ئىلمىنىڭ باشلانغانلىقىغا تېخى ئانچە ئۇزۇن بولمىدى. بۇ ئىلىم ئۆزىنىڭ يۈز يىللىق قىسقىغىنا تەرەققىيات مۇساپىسىدە نۇرغۇنلىغان تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۇنيا مەدەنىيەت غەزىنىسىنى بېيىتىش ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان بولسىمۇ، ئۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بەزى خاتالىقلاردىن خالى بولالمىدى.

«يىپەك يولشۇناسلىق» ئىلمىنىڭ مەيدانغا كېلىش تارىخىدىن قارىغاندا، شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدىكى، «يىپەك يولشۇناسلىق» ئىلمىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەرگىزمۇ تەساددىپى ئەمەس. ئۇ 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى كاپىتالىزم دۇنياسىدا ئەۋج ئالغان مۇستەملىكىچىلىك ھەرىكىتىنىڭ، بولۇپمۇ، ئىككى قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن سىياسى ۋە مەدەنىيەت مۇستەملىكىچىلىك ھەرىكىتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ، ئەينى دەۋردە يىپەك يولى ئەتراپىدىكى شەھەرلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ سىياسىي، تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىدىن ئاز-تولا خەۋىرى بار ئادەم بۇ جايغا قىزىقماي قالمايتتى. شۇڭا، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ غەرب دۆلەتلىرىدىكى بىر قىسىم سىياسىيۇنلار ۋە تەۋەككۇلچىلەردە بۇ رايونغا ۋە بۇ رايوندىكى بىر مەزگىل راسا رۇناق تېپىپ، كېيىن قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بوستانلىقلارغا نىسبەتەن زور قىزىقىش پەيدا بولدى. چۈنكى، ئۇلار جۇڭگو، چاررۇسىيە ۋە ئۇلۇغ بىرتانىيە ئىمپېرىيىسى (ھىندىستان زېمىنى ئارقىلىق) دىن ئىبارەت ئۆز دەۋرىنىڭ ئۈچ چوڭ دۇنياۋى دۆلەتلىرىنىڭ ئارلىقىغا جايلاشقان بۇ رايوننىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ئەھمىيىتىنىڭ ئالاھىدە زورلىقىغا ھەمدە نەچچە يۈز يىل جەريانىدا قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىدا ئاجايىپ سىرلىق مۆجىزىلەرنىڭ ۋە سان-ساناقسىز بايلىقلارنىڭ كۆمۈلۈپ ياتقانلىقىغا ئىشىنەتتى. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ۋەزىيەتنىڭ تەقاززاسى ۋە تۈرلۈك گۇرۇھلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئۇلار، «ئېكسپېدىتسىيىچى» نىقابى ئاستىدا يىپەك يولى بويلىرىدىكى قەدىمى شەھەرلەرگە قاراتقان تەۋەككۇلچىلىك ھەرىكىتىنى ۋە جاسۇسلۇق-خەرىتە سىزىش پائالىيىتىنى باشلاپ، 19-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىغىچە بولغان يېرىم ئەسىرلىك تارىخ جەريانىدا يىپەك يولى بويىدىكى قەدىمكى شەھەر-قەلئەلەردىن تولىمۇ مەخپىي بولغان ئاخبارات ماتېرىياللىرىنى ۋە يۇقىرى قىممەتلىك، كۆپ قاتلاملىق تارىخىي ھەم مەدەنىي يادىكارلىقلارنى شۇنداقلا ئېسىل ماددىي مىراسلارنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

بۇ ساھەدە تۆنجى بولۇپ مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن قەدەم باسقان كىشى شېۋىتسىيىلىك ئېكسپېدىتور، جۇغراپىيۇن ھەم داڭلىق ساياھەتچى سېۋېن ھېدىن بولدى. ئۇ 1895-يىلى 5-ئايدا ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ساياھىتىنى باشلاپ، خوتەن دەرياسىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن كونا ئېقىنىنى بويلاپ ئىلگىرىلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ساياھىتى تەكلىماكاندىن ئىبارەت بۇ كۆچمە قۇملۇقنى-ئاسيانىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ھالاكەت دېڭىزىنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشىنىش ۋە بۇ توغرىدا بىر قىسىم تەجرىبىلەرگە ئېرىشىشتىن باشقا نەتىجە بەرمىدى. شۇ يىلى 12-ئايدا ئۇ تەكلىماكانغا قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق ساياھىتىنى باشلىدى ۋە تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتۈشتەك ئاجايىپ غەيرىتى بىلەن كېرىيە قەدىمى شەھىرى خارابىسىنى تېپىپ، نۇرغۇنلىغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈرۈپ، زور غەلىبە بىلەن قايتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ تەكلىماكانغا قىلغان ئىككى قېتىملىق ساياھىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن ئىككى توملۇق بىئوگرافىك ئەسەر «ئاسيانىڭ كىندىكىگە قىلىنغان ساياھەت» نى يېزىپ چىقتى. بۇ ئەسەرنىڭ ئېلان قىلىنىشى دۇنيادا كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلدى. ئۇ يىپەك يولى تەتقىقاتىدىكى تۇنجى ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۇنيادىكى تېخىمۇ كۆپ دۆلەتلەرنىڭ يىپەك يولى بويىدىكى قەدىمكى شەھەرلەرگە بولغان قىزىقىشىنى قوزغىدى.

1899-يىلى 9-ئايدا سېۋېن ھېدىن يەنە شېۋىتسىيە كارولى (پادىشاھى) ئوسكا ۋە مىليونېر نوبېللارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئۆزىنىڭ تەكلىماكانغا قىلغان ئۈچىنچى قېتىملىق ساياھىتىنى باشلاپ، قەدىمي كىروران خارابىسىنى تېپىشتەك زور غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

سېۋېن ھېدىنىنىڭ تەكلىماكانغا قىلغان ئۈچ قېتىملىق ساياھىتى، بولۇپمۇ كېيىنكى ئىككى قېتىملىق ساياھىتى ئارقىلىق ئېرىشكەن ئەمىلي نەتىجىلىرى (قەدىمكى قوليازما، ھۆججەت، ماددىي تۇرمۇش بۇيۇملىرى، يىمەك-ئىچمەك ساقلانمىلىرى، قاتناش قوراللىرى، مەدەنىيەت-سەنئەت بۇيۇملىرى، مېتال بۇيۇملارغا ئوخشاش ئاجايىپ يۇقۇرى قىممەتلىك ئەمىلي بۇيۇملار) تەكلىماكانغا بولغان ئارخېئولوگىيىلىك ئىزدىنىش جەھەتتە يېڭى سەھىپە ئاچتى. 1900-يىلى 5-ئايدا سېۋېن ھېدىنىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق ساياھىتى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا، ئۇنىڭ كىتابىدىن ئىلھام ئالغان ۋېنگىرىيىلىك ئېكسپېدىتور، مەشھۇر جۇغراپىيىشۇناس ئاۋرېل ستەيىنمۇ سېۋېن ھېدىنىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، تەكلىماكانغا كىرىپ كەلدى.

بولۇپمۇ چەتئەللىكلەرنىڭ ئاسيانىڭ مەركىزىدىكى بۇ رايونغا قىلغان ئېكسپېدىتسىيىلىك ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ھەرىكىتى 1901-يىلى گېرمانىيىلىك فېردىناد ۋون رىچخوفېن «يىپەك

يولى» ئاتالغۇسنى ئوتتۇرغا قويۇشى بىلەن تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتىرىلدى. ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈش نۇقتىسى يالغۇز تەكلىماكان قۇملىقىدىكى قەدىمي شەھەر خارابىلىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، ئىلگىرى ئېيتىلىپ كېلىنگەن تاقان شىمالىي يول، جەنۇبىي يول ۋە ئوتتۇرا يول بويىلىرىدىكى قەدىمي مەدەنىيەت نۇقتىلىرىغىچە، ھەتتا، چاڭئەندىن رىمغىچە بولغان ھەرقايسى يول بويىلىرىدىكى قەدىمي مەدەنىيەت نۇقتىلىرىغىچە كېڭەيدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ياپونىيە، گېرمانىيە ۋە روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن بۇ رايونغا ئەۋەتىپ، قەدىمي دەۋرگە ئائىت قولىيازما، ھۆججەت، سەنئەت ئەسەرلىرى، مېتال بۇيۇملار، يىمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، قاتناش قوراللىرى قاتارلىق تۇرمۇش ئادەتلىرىگە دائىر ماتېرىياللار ھەمدە يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ئەمەلىي ماددىي بۇيۇملارنى قولغا چۈشۈردى. نەتىجىدە «يىپەك يولشۇناسلىق» ئىلمى ناھايىتى تېز راۋاجلىنىپ، تۈرلۈك دۆلەتلەردىن كەلگەن ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ توپلىغان ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن تۈرلۈك قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. نۇرغۇن دۆلەتلەردە يىپەك يولغا دائىر ماتېرىياللارنى ساقلايدىغان ۋە كۆرگەزمە قىلىدىغان موزېيخانىلار قۇرۇلدى، يىپەك يولى ئىلمىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلمىي جەمئىيەتلەر بارلىققا كەلدى. «يىپەك يولشۇناسلىق» يالغۇز سودا مۇناسىۋىتىنىلا ئەمەس، بەلكى، مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن، تىلشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، ئىرقشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق، قەدىمي يېزىق، ئارخېئولوگىيە، جۇغراپىيە، ئەدەبىيات-سەنئەت، مىللىي مۇناسىۋەت، ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرى، تۇرمۇش شەكلى، ئۆرۈپ-ئادەت قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرسال پەنگە ئايلاندى. ئۇنىڭ تەركىبىدە يەنە «دۇنخۇاڭشۇناسلىق»، «تۇرپانشۇناسلىق» دېگەنگە ئوخشاش تارماق پەنلەر مەيدانغا كەلدى.

«يىپەك يولشۇناسلىق» يۇقارقىدەك بىرقاتار جەريانلارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، مۇكەممەل بولغان بىر ئۇنىۋېرسال پەنگە ئايلانغان بولسىمۇ، يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىش دەۋرى ۋە لىنىيەسى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرى بىر خىل بولمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

## ئېچىلىش جەھەتتە:

بىرىنچى، «جاڭ چيەن ئاچقان» دەيدىغان كۆزقاراش. بۇ خىل قاراشتىكىلەر، جاڭ چيەننىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 138- ۋە 119-يىلى پەرغانا قاتارلىق جايلارغا قىلغان ئىككى قېتىملىق سەپىرى جەريانىدا يېزىپ قالدۇرغان مەلۇماتلىرىغا (پېتېر خۇپكېرىك: «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»، شىنجاڭ

خەلق نەشرىياتى، 1990-يىل 11-ئاي 1-نەشرى 14-بەت)، بولۇپمۇ، فەي يىنىڭ «كېيىنكى خەننامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى»دىكى: «خۇلاسىمىز شۇكى، غەربىي ئەللەرنىڭ جۇغراپىيىۋى ئەھۋالى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى قەدىمدىن تارتىپ بىزگە مەلۇم ئەمەس ئىدى. خەن زامانىسىدا جاڭ چيەننى يىراقلارغا ئەۋەتىش تەدبىرى، بەن چاۋنىڭ نەسەبلىك بەگلەرنى قولغا كالتۇرۇش نىيىتى تۈپەيلىدىن، ئاقىۋەت يىراقلارغىچە سەلتەنەت كۈچى ئورنىتىلىپ، غەربىي ئەللەر تىزگىنلەندى»دېگەن بايانلىرىغا ئاساسەن، «يىپەك يولىنى جاڭ چيەن ئاچقان» دەپ قارايدۇ (ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىل 6-ئاي 1-نەشرى 453-، 454-بەت).

ئىككىنچى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 4-، 3-ئەسىرلەردە قالدۇرۇلغان ياۋروپا ھۆججەتلىرىدىكى يىپەككە دائىر مەلۇماتلار (ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىل 6-ئاي 1-نەشرى 448-، 449-بەت) غا ئاساسەن، «يىپەك يولى مىلادىدىن بۇرۇنقى 4-، 3-ئەسىرلەردە ئېچىلغان» دەيدىغان كۆزقاراش.

ئۈچىنچى، تۇرپان ئالغۇيدىكى بىر قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن چۇنچيۇ دەۋرىگە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 770-يىلدىن 476-يىلغىچە) ئائىت يىپەك ماللارنىڭ تېپىلغانلىقى (ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىل 6-ئاي 1-نەشرى 449-بەت) غا ئاساسەن، «يىپەك يولى چۇنچيۇ دەۋرىدە ئېچىلغان» دەيدىغان كۆزقاراش.

## لىنىيە جەھەتتە:

بىرىنچى، ئىككى يول قارىشى. بۇ خىل قاراشتىكىلەر «يىپەك يولى چاڭئەندىن باشلىنىپ يۈيمېنگۇەن ۋە ياڭگۇەن قوۋۇقىغا كەلگەندە ئىككىگە بۆلۈنىدۇ ۋە بىر يول تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى بىلەن، يەنە بىر يول شىمالى بىلەن مېڭىپ، قەشقەرگە بارغاندا بىرلىشىدۇ، ئاندىن، غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، پامىردىن ئۆتكەندىن كېيىن بىرقانچە تارماقلارغا بۆلۈنۈپ، ئىران، كىچىك ئاسىيا، قارا دېڭىز ئەتراپى ۋە رىم قاتارلىق جايلارغا بارىدۇ» (ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى » مىللەتلەر نەشرىياتى 1991-يىل 11-ئاي نەشرى 172-، 173-بەتلەر) دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى، «ئۈچ يول قارىشى». بۇ ھازىر خەلقئارادا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ كېلىنىۋاتقان كۆزقاراش بولۇپ، بۇ خىل قاراشتىكىلەر يۇقارقى ئىككى يولنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، «دۇنخۇئاڭدىن

چىقىپ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالى ۋە ئىلى ۋادىسى ئارقىلىق ئىسسىقكۆل ئەتراپىغا، ئاندىن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ قارا دېڭىزنىڭ شىمالى ئارقىلىق شەرقىي ياۋروپاغا بارىدىغان يەنە بىر يول بار»، دەپ قارايدۇ.

## 3. يىپەك يولىنىڭ ئەسلى مەنبەسى

يىپەك يولىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي بولماستىن بەلكى ئۇ ئىنسانلار ھاياتلىق پائالىيىتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن زور ئىنقىلاب، ئۇلۇغ ئەھمىيەتكە ئىگە تارىخىي ۋە مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئۇنىڭ مەنبەسى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا شەكىللەنگەن، ئوخشاش بولمىغان ناملار بىلەن ئاتالغان قەدىمكى زامان ئالاقە لىنىيىسىدىن ئىبارەت. چيەنداۋ شىنىسى ئەپەندىنىڭ «بۇرۇنقى قاشتېشى توشۇلغان يول كېيىنچە يىپەك يولىغا ئايلىنىپ، ناھايىتى گۈللەنگەن» (چيەنداۋ شىنىسى: ياپونىيە، «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986-يىل 4-ئاي 1-نەشرى 19-بەت) دېگەن سۆزلىرىمۇ بۇ نۇقتىنى مەلۇم تەرەپلەردىن ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

يىپەك يولىنىڭ مەيدانغا كېلىشى توغرىسىدا قانداق قاراشلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاق مىللەتلىرىنى مەركەز قىلغان شەرق-غەرب ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تىرىكچىلىك پائالىيىتىنىڭ ۋە ھاياتلىق ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى.

«يىپەك يولى» 20-ئەسىرگە تەئەللۇق ئاتالغۇ بولسىمۇ، ئۇنى يىراق تارىختا باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە ۋە تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ بىرقىسىم ئالىملار ئېيتقاندەك يالغۇز ئىنسانلار يىپەكچىلىك تارىخىنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ قالماستىن بەلكى تېخىمۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى ئاسىيا يايلاق مىللەتلىرىنىڭ نەچچە ئەسىرلىك ئەقىل-پاراستى، تىرىشچانلىقى، قان-يېشى ۋە خۇشاللىقى بىلەن پۈتكەن، بىھېساب تارىخىي قىسمەتلەرگە ۋە شانلىق نەتىجىلەرگە تولغان قەدىمكى ھاياتلىق نىشانىنىڭ داۋامىدۇر.

يىپەك يولىنىڭ ئەسلى مەنبە ئاساسىنى سۈرۈشتۈرگەندە ئۇ تۆۋەندىكى بىرقانچە يول لىنىيىلىرىگە چېتىلىدۇ:

بىرىنچى، ئاتلىقلار مەدەنىيىتى يولى. بۇ يول بۇنىڭدىن 5-6 مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەردە، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئارال-كاسپىي ۋادىسى ۋە قارا دېڭىز بويلىرىغىچە بولغان جايلاردا ئاتلىق ھەرىكەت قىلىپ،

دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ قەدىمكى ئاتلىق مىللەت دۆلىتى ۋە كۆچمەنلەر ئىمپىرىيىسىنى قۇرغان هۇن-تۈرك ۋە ئارىيان-ساك خەلقلىرىنىڭ ئاتلىق ئەترەتلىرى ئاچقان يول بولۇپ، ئۇ قارا دېڭىز-كاۋكاز-ئىران-هىندىستان هەم ئوتتۇرا ئاسىيا تۇپراقلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان يول.

ئىككىنچى، بىرونزا يولى. بۇ يول بۇنىڭدىن 5-6 مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا هۇن-تۈرك خەلقلىرى ۋە ئارىيانلارنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي ياۋروپا، ئىران ئېگىزلىكى هەمدە هىندىستانغا كۆچۈش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن، ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان مېتال توشۇش يولىدىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى، شىمالىي يايلاق يولى. بۇ يول «يايلاق يىپەك يولى»، «يايلاق ئوتلاق يولى كارىدۇرى» دېگەندەك تۈرلۈك ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان قەدىمكى كارۋان يولىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ شەرقتە موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن غەربتە قارا دېڭىز بويلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يايلاق مىللەتلىرى ئاچقان، ياۋروپا-ئاسىيانىڭ شىمالىدىكى يايلاقلارنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان قەدىمكى قاتناش يولىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ تارىختىن ئىلگىرىكى زامانلاردىكى هۇن-تۈرك كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ كۆچۈشىدىن هاسىل بولغان بولۇپ، ۋاقتى سىپتا تاش قوراللار دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

تۆتىنچى، ياقۇت سودا يولى. بۇ بۇنىڭدىن 4-5 مىڭ يىل ئىلگىرى ئېچىلغان، ئىران، مېسوپوتامىيە، مىسىر، سۈرىيە، ئاناتولىيە ئوتتۇرىسىدىكى ياقۇت سودا يولىدىن ئىبارەت.

بەشىنچى، قاشتېشى يولى. بۇ يول ئىككى باسقۇچ، ئىككى لىنىيە بويىچە ئېچىلغان قەدىمكى كارۋان يولىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ بىرى، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 6 مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئېچىلغان بولۇپ، شىنجاڭ رايونىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا بارىدۇ. يەنە بىرى، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 4 مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئېچىلغان، شىنجاڭ رايونىدىن ئوتتۇرا شەرق، غەربىي ئاسىيا هەم ياۋروپاغا بارىدىغان يول.

ئالتىنچى، بوستانلىق يولى. بۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، تارىم ۋادىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا، هىندىستان، ئوتتۇرا شەرق، مىسىر، ئاناتولىيە ۋە ياۋروپادىكى هەرقايسى شەهەر دۆلەتلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان، يول بويىدىكى هەرقايسى شەهەرلەر ئارا كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش شەكلىدىكى تاۋار ئالماشتۇرۇشنى ئاساس قىلىپ شەكىللىنىپ، كېيىنچە دۇنياۋى ئىمپېرىيەلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ بىرپۈتۈن دۇنياۋى قاتناش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن يول بولۇپ، ئۇ ئاز دېگەندە 10 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە.

## 4. يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە ئۇنىڭ لىنىيەسى

# ئۆستىدە يىپەك ئىزدىنىش

بىز شۇنى كېسىپ ئېيتالايمىزكى، ھازىرغىچە يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىش تارىخى ئۈستىدە خىلمۇخىل كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئېچىلىش تارىخى ئومومىي ئىنسانلار تارىخىنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەڭ باشلانغان بولۇپ، ئەڭ ئاز دېگەندە 10 مىڭ يىلدىن كەم ئەمەس.

چۈنكى، تارىخ بىزگە شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتىكى، ئىنسانلار ئەڭ ئاۋال يەككە توپلار بويىچە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە بۇنداق توپلار بارا-بارا ئۇلغىيىپ ئەتراپقا كېڭىيىشكە، قەبىلىلەرگە ئۇيۇشۇپ يايلاق، سۇ ۋە مال-چارۋا تالىشىپ جەڭ قىلىشقا، ھەرقايسى قەبىلىلەر يات قەبىلىلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆزلىرى تۇرىۋاتقان جايلارنىڭ ئەتراپىغا مۇداپىئە قورغانلىرىنى ياساپ، يېڭى ئاۋاتلىقلارنى بىنا قىلىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بارلىققا كەلگەن بۇ خىل قوشۇۋېلىش ھەرىكەتلىرى يىپەك يولىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى بولغان جەڭ يولىنى بارلىققا كەلتۈردى ھەمدە ھەرقايسى قەبىلىلەرنى بىر-بىرىنى بىلىش، ئۆزئارا ئالاقە ئورنىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇنداق ئالاقىلەردە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن بوستانلىقلارنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇ ئۆتكۈنچىلەرنى زۆرۈر بولغان يېمەك-ئىچمەك، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە قاتناش ۋاستىلىرى (ئات-ئۇلاغ) بىلەن تەمىنلەيتتى. ئەنگلىيىلىك يىپەك يولشۇناس پېتىر خوپكىرىك ئەپەندى بوستانلىقلارنىڭ رولى ھەققىدە توختىلىپ: «يىپەك يولىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەرگىزمۇ تەساددىپى ئەمەس. ئۇ ئاساسلىقى ناھايىتى زور ستىراتېگىيىلىك ئورۇننى ئىگىلەيدىغان بوستانلىقلارنىڭ تارقىلىش لىنىيىسىگە تايىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەكلىماكان ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان ئارىلىقىنى پەقەت بىرقانچە كۈندىلا بېسىپ بولغىلى بولىدۇ... يىپەك يولىدىكى ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ كۆنسېرى كۆپىيىشى ئارقىسىدا، بۇ بوستانلىقلار ئۆزىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان ئالاھىدىلىكلىرىگە تايىنىپ، ئەسلىدىكى بۇ يەردىن ئۆتىدىغان ترانسپورت ئەترەتلىرىنى پەقەت قونالغۇ ۋە ئاز-تولا يېمەك-ئىچمەك، يەم-بوغۇز بىلەنلا تەمىنلەيدىغان ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، مۇھىم سودا مەركىزى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلايدۇ» (پېتېر خوپكېرىك: «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990-يىل 11-ئاي 1-نەشرى 17-بەت). «دۇنخۇئاڭ خەن سۇلالىسىدىن تارتىپلا ئىزچىل تۈردە جۇڭگونىڭ غەربكە بېرىشتىكى ئىشىكى بولۇپ كەلگەن. شۇڭا يىپەك يولىنى بويلاپ يولغا چىققانلىكى يولوچىلارنىڭ ھەممىسى دۇنخۇئاڭنى جۇڭگو تەۋەسىدە توختايدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر بېكەت ھېسابلايتتى» (پېتېر خوپكېرىك: «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990-يىل 11-ئاي 1-نەشرى 247-، 248-بەتلەر). «دۇنخۇئاڭ يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسى بىلەن جەنۇبىي لىنىيىسىنىڭ ئۇچرىشىش

نۇقتىسى بولغانلىقتىن، قۇرۇقلۇق يولى بىلەن جۇڭگوغا بارىدىغان ۋە جۇڭگودىن چىقىدىغان يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولاتتى... ئۇنىڭ بازارلىرى ترانسپورت ئەترىتىدىكىلەرنى غەربتىكى داڭلىق تاشقوۋۇق دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ تەكلىماكاندىكى بىرىنچى بوستانلىققا يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان زاپاس ئاشلىق ۋە سۇلارنى تەييارلىۋېلىشىغا ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم پۇرسەت يارىتىپ بېرەتتى» (پېتېر خوپكىرك: «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990-يىل 11-ئاي 1-نەشرى 248-بەت) دەيدۇ. ئىپتىدائىي مال-مۈلۈك چۈشەنچىسى ۋە بوستانلىقلار ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋەتتى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ يىمىرىلىش باسقۇچىغا كەلگەندە تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى ۋە راۋاجلىنىپ، «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى يولى»، «بىرونزا يولى»، «شىمالىي يايلاق يولى»، «ياقۇت سودا يولى»، «قاشتېشى يولى» دېگەنگە ئوخشاش بىرقاتار ئالماشتۇرۇش سىستېمىلىرى بارلىققا كەلدى ھەم بىر گەۋدىلىشىش يولىغا قاراپ ماڭدى.

بۇندىن 12 مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە كەلگەندە يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەزى رايونلار يېڭى بىر مەدەنىيەت دەۋرى-ئات مەدەنىيىتى دەۋرىگە قەدەم قويدى (چيەنداۋ شىنسى: «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986-يىل 4-ئاي 1-نەشرى 26-بەت). ئات مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانىيەت قاتناش ئىشلىرى تارىخىدىكى بۈيۈك بىر نامايەندە بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى يىپەك يولىنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۈچ جەھەتتىن رول ئوينىدى.

بىرىنچى، ئات مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى بايلىق مەنبەسى ۋە ئەرزان باھالىق ئەمگەك كۈچىگە ئېرىشىش كويىدا يۈرگەن بىرقىسىم ھەربىي گۇرۇھلار ۋە ھۆكۈمرانلار سىنىپىنى يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى ئاتلىق قوشۇن بىلەن تەمىن ئەتتى. بىر تۈركۈم ھەربىي گۇرۇھلار ۋە ھۆكۈمران سىنىپلار زور تۈركۈمدىكى ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ يىراققا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىنى باشلىۋەتتى. نەتىجىدە، بىر مەھەل موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن دېنېپىر دەرياسىغىچە، ئارال كۆلىدىن ھىندى ئوكيان ۋە قىزىل دېڭىز قىرغاقلىرىغىچە بولغان كەڭ رايونلارنى ئۇرۇش ئوتى قاپلاپ، ئىنسانلار دۇنياسىدا يېڭى بىر خىل مۇناسىۋەت-بېقىندۇرۇلغان ئەل بىلەن بېقىندۇرغۇچى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى بېقىنىش-بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتى بارلىققا كەلدى. بېقىندۇرغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدىنقى سەپ قىسىملىرىنى تەمىنات بىلەن تەمىنلەش ۋە بېقىندۇرۇلغان خەلقلەر بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئاتلىق قىسىم ئۆتۈپ ماڭغان ھەر بىر ئۇرۇش لىنىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىغا يېڭى ھەربىي قورغان ۋە ئۆتەڭلەرنى تەسىس قىلدى. بۇنداق ھەربىي كۈچ ئاساسىغا قۇرۇلغان يېڭى يوللاردىن ئالدىنقى سەپ جەڭ مەيدانلىرىغا ياردەمچى قوشۇنلار، ھۆكۈمەت ئەلچىلىرى، قول سودىگەرلىرى ۋە بايلىق

توشۇغۇچىلار توپ-توپى بىلەن ئۆتتۇشۇپ تۇراتتى. بۇ ھەقتە ماركس: «ئۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ ۋەھشىلەرچە بويسۇندۇرغۇچى مىللەتلەر ئۈچۈن بىر خىل دائىملىق ئالاقە شەكلى بولۇپ قالدى» (ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» 1-توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىل 4-ئاي 1-نەشرى 156-بەت) دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئات مەدەنىيىتى راسا گۈللەنگەن دەۋرگە كەلگەندە ئېلگىرىكى خوشنا رايون ۋە شەھەرلەر ئارا كۆچ ئۆلاپ يۈگۈرۈش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇناسىۋەت بىرپۈتۈن لىنىيە بويىچە، ھەتتا، بىرپۈتۈن دۇنياۋى ئىمپېرىيە دائىرىسىدە تورسىمان لىنىيە بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. ئات مەدەنىيىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن دۇنياۋى ئىمپېرىيىلەر تورسىمان ھالدا گىرەلىشىپ كەتكەن كارۋان يوللىرىنى تېنىچ مۇھىت ۋە بىر تەكشى گۈللىنىش شارائىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋە پۇل بىرلىكىنىڭ رايون خارەكتېرلىك بىرلىككە كېلىشى دۇنياۋى سودىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تېخىمۇ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

ئىككىنچىدىن، ئات مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشىنى زۆرۈر قاتناش ۋاستىسى بىلەن تەمىن ئەتتى. قەدىمكى زاماندىكى ئىنسانلار ھازىرقىدەك يۇقىرى پەن-تېخنىكا ۋە ئىلمىي چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار خىلمۇخىل تەبىئىي ئاپەت ۋە ھەر خىل كىلىمات ئۆزگىرىشلىرى ئالدىدا ئامالسىز ئىدى. يات قەبىلىلەرنىڭ توختىماي قىلىپ تۇرغان شىددەتلىك ھەربى ھۇجۇملىرىمۇ ئۇلارنىڭ ھاياتىغا دائىم تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ يېڭى بىر خاتىرجەم ياشاش مۇھىتى ئىزلىشىگە توغرا كېلەتتى. ئات مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن مۇھىم شەرتلەرنى ھازىرلاپ بەردى. نەتىجىدە، ئات مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى تۇرغۇنلۇق ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، توپ-توپى بىلەن كۆچۈشكە باشلىدى. بىراق ئۇلارنىڭ بۇنداق كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشى پۈتۈنلەي تەلتۆكۈس بولۇپ كەتمىدى، بەلكى بىرقىسىملىرى ئۆزلىرى كۆزلىگەن يېڭى ماكانغا يېتىپ بارغان بولسىمۇ، يەنە بىرقىسمى كۆچمەنلەر بېسىپ ئۆتكەن يول بويلىرىدىكى كىچىك-كىچىك سۇ ياقىلىرىدا قېلىپ، يېڭى بوستانلىقلارنى بىنا قىلىش بىلەن بىرگە، ئەسلى ماكانلىرىدىن كۆچمەنلەر يېتىپ بارغان يېڭى يۇرتلارغىچە بولغان ئارىلىقتا يېڭى بىر ئالاقىلىشىش لىنىيەسىنى بەرپا قىلدى. زامانىمىزدا كۆچاردىن قەشقەرغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يول بويلىرىدا «ساك» نامى بىلەن ئاتالغان يۇرتلارنىڭ تارقىلىشى بۇنىڭ دەلىلىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ يۇرتلار ئوتتۇرا ئاسىيا ساكلىرىنىڭ چوڭ كۆچۈش دەۋرىدە قالدۇرغان ئىزلىرىدىن ئىبارەت.

تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ بىرقەدەر چوڭراق بولغان كۆچۈشى تۆۋەندىكىچە: ‹1› تۈركى قوۋم ئەجداتلىرىنىڭ بىر بۆلىكىنىڭ بۇنىڭدىن 7 مىڭ يىل ئىلگىرىكى زامانلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ، غەربىي ئاسىياغا كۆچۈشى ۋە ئۇ يەردە سومېرلارنى تەشكىل قىلىشى

(يۈسۈپجان ياسىن. «تەكرى قامچىسى-ئاتتىلا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل 9-ئاي نەشرى 175-بەت). ‹2› ئارىيانلارنىڭ بۈندىن 5 مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا ياياڭلىرىدىن ھىندىستان ۋادىسىغا كۆچۈشى (قۇربان ۋەلى كىرۇران: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986-يىل 6-ئاي 1-نەشرى 234-بەت). ‹3› ئارىيانلارنىڭ بۈنىڭدىن 4 مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋردىكى قارا دېڭىز ئەتراپىدىن ئىران ئېگىزلىكى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا كۆچۈشى (چيەنداۋ شىنسى: «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986-يىل 4-ئاي 1-نەشرى 178-، 179-بەت). ‹4› بۈنىڭدىن 4 مىڭ يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا تەكلىماكاندا يۈز بەرگەن كىلىمات ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە موڭغۇل ئېگىزلىكىگە كۆچۈشى (ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى »، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991-يىل 11-ئاي نەشرى 58-، 59-بەتلەر). بۇلاردىن باشقا كېيىنرەك يۈز بەرگەن كۆچۈشلەردىن يەنە ساكلارنىڭ بۈنىڭدىن 3 مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋردىكى، سارماتلارنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن غەربىي سىبىرىيە رايونىدىن قارا دېڭىز ئەتراپىغا، ئالدىن، غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە گەنسۇ ئەتراپىغا كۆچۈشى؛ مىلادىدىن بۇرۇنقى 330-يىلىدىكى يۇنانلىقلارنىڭ باكتېرىيە رايونىغا كۆچۈشى؛ مىلادىدىن بۇرۇنقى 172-يىلىدىكى ياۋچىلارنىڭ كۆچۈشى؛ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئاق ھۇنلارنىڭ (ئېفتالىتلار) كۆچۈشى، جۇرجانلارنىڭ كۆچۈشى، گېرمان قەبىلىلىرىنىڭ ياۋروپاغا كۆچۈشى ۋە تۈركلەرنىڭ كىچىك ئاسىياغا كۆچۈشى قاتارلىقلار بار.

ئۈچىنچىدىن، ئات مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىرتۈركۈم چارۋىچى خەلقلەرنىڭ مەلۇم دائىرە بويىلاپ دەۋرلىك كۆچۈپ تۇرىشىنى زۆرۈر قاتناش ۋاستىسى بىلەن تەمىن ئەتتى. نەتىجىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا بىر قىسىم قەبىلىلەرنىڭ قىشتا جەنۇبقا مېڭىسا يازدا شىمالغا ماڭىدىغان، بىر يىلى شەرققە ماڭسا، بىر يىلى غەربكە ماڭىدىغان دەۋرلىك يۆتكىلىپ تۇرۇش ھالىتى شەكىللەندى ۋە بۇ خىل يۆتكىلىپ تۇرۇش نەتىجىسىدە يول ئۈستىدىكى سۇ بويلىرىدا مەھەللە-كەنتلەر ۋە يېڭى بوستانلىقلار مەيدانغا كەلدى ھەمدە بۇنداق كەنتلەر بارا-بارا زورىيىپ يېڭى شەھەرلەرگە ئايلىنىپ، ياياڭ مىللەتلىرىنىڭ ئالاقىلىشىش يولىدىكى مۇھىم تۈگۈن بولۇپ قالدى. مىللەتلەرنىڭ بۇنداق دەۋرلىك يۆتكىلىپ تۇرىشىنى ھۇن-تۈرك قوۋملىرىنىڭ موڭغۇل ياياڭلىرىدىكى پائالىيەتلىرىدىن ۋە «ئىسكىف» دەپ ئاتىلىدىغان خەلقلەرنىڭ ئاسىيا ياياڭلىرىدىكى پائالىيەتلىرىدىن بىرقەدەر ئوچۇق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

قىسقىسى، يۇقارقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ئاتچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ راسا گۈللەنگەن دەۋرگە، يەنى، بۈندىن 3-4 مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە كەلگەندە يىپەك يولى مۇكەممەل بولغان

بىر تۇتاش قاتناش لىنىيىسىگە ئايلىنىپ، خەلقئارا سودىنىڭ جان تومۇرىنى تەشكىل قىلىش بىلەن ئاسىيا، ياۋروپا ۋە شىمالىي ئافرىقا قۇرۇقلۇقىنى ئورگانىك ھالدا باغلاپ تۇرىدىغان يېڭى بىر سودا-مەدەنىيەت تورىنى شەكىللەندۈردى. «مىسىردىن بۇندىن 4 مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە، مېسوپوتامىيەدىن بۇندىن 6 مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا قوڭۇر تېشىنىڭ تېپىلىشى» (ب.گ.غاپوروپ: «تاجىكلار تارىخى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988-يىل 4-ئاي 1-نەشرى 68-بەت)، «سۈرىيەدىن تېپىلغان، بۇنىڭدىن 3500 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان تامغىدىكى تىبەت بۇقىسى، قوتاز، قوش لوكىلىق تۆگە» ( ب.گ.غاپوروپ: «تاجىكلار تارىخى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988-يىل 4-ئاي 1-نەشرى 67-بەت) قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ سۈرىتى بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇنىڭدىن 4 مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە كەلگەندە ئاتچىلىق مەدەنىيىتى تېخىمۇ تەرەققى قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بارلىق قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىردى ھەم ئاتنى چۆرىدىگەن ھالدا قاتناش قوراللىرى ئىجاد قىلىش ۋە ياساش، ئات ۋە ھارۋا جابدۇقلىرى قول-ھۈنەرۋەنچىلىكى، توشۇش-يۆتكەش سودىسى، يول-كۆۋرۈك ئىشلىرى قاتارلىق كۆپ خىل ساھەلەر بىر گەۋدىلەشكەن يېڭى بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى بارلىققا كەلدى (يۈسۈپجان ياسىن. «تەڭرى قامچىسى-ئاتتىلا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل 9-ئاي نەشرى 172-بەت). ئاتنىڭ قاتناش-ئالاقىلەردىكى رولى تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ، كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم قاتناش قورالى بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ يىپەك يولىنىڭ تاڭ نۇرى رەسمى باشلاندى. بۇ دەۋردە يىپەك يولىنىڭ ئاساسىي فۇنكتسىيىسى ئىلگىرىكى ھەربىي كۆچلەرنى مۇستەھكەملەش، يېڭى مۇستەملىكىلەرنى بويسۇندۇرۇش ۋە زورلۇق بولغان ياشاش مۇھىتى يارىتىشتىن سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن يۇنانىستان ۋە شىمالىي ياۋروپا تۇپراقلىرىغىچە، چاڭئەندىن رىمغىچە، تارىم ۋادىسىدىن ھىندىستانغىچە، ئوتتۇرا ئاسىيادىن مېسوپوتامىيە ۋە مىسىرغىچە بولغان بىر پۈتۈن قاتناش لىنىيىسىدە ھەر خىل سودا كارۋانلىرى قاتناپ تۇرىدىغان، شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلىدىغان بىر خىل ۋەزىيەت مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭدىن 4 مىڭ يىل ئىلگىركى دەۋردىلا ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئافرىقا ۋە ياۋروپا مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدا تۈرلۈك ئالاقىلار رەسمىي شەكىللەندى ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا كۆچمەنلىرى ئۇ جايلارغا كۆچۈپ بېرىپ، تۈرلۈك تەشكىلىي قۇرۇلمىلاردا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى (يۈسۈپجان ياسىن. «تەڭرى قامچىسى-ئاتتىلا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل 9-ئاي نەشرى 178-، 179-بەتلەر). ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى بىلەن ئۇنىڭ غەربىدىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك ئالاقە مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىتىلىشىدا بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە يۇنان رايونىدا يېڭىدىن باش كۆتەرگەن دۇنياۋى ئىمپېرىيەلەرنىڭ رولى ئالاھىدە چوڭ بولدى. بۇ جەھەتتە ئەڭ ئاۋال ئاسسىرىيەلىكلەرنى (سۈرىيە. مىلادىدىن بۇرۇنقى

12ـ ئەسىردە يەھۇدىلار قۇرغان دۆلەت بولۇپ، زېمىنى قىزىل دېڭىزى، ئەدەن قولتۇقى ۋە ھىندى ئوكيانغا تۇتاشقان)، ئاندىن پارسلار بىلەن يۇنانلىقلارنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. يەنى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 12ـ ئەسىردىلا ئاسسىرىيەلىكلەر بىلەن باكتىرىيە ئوتتۇرىسىدىكى سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئالاھىدە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتىرىلگەن بولۇپ، ئاسسىرىيەلىك بىر ئەلچىنىڭ ئۆز پادىشاھىغا يازغان بىر پارچە مەكتۇپىدا: «ئەي پادىشاھى ئالەم، باشپاناھىم، قارا قوڭۇر تاش ھەققىدە سىز ‹ئۇلار قارا قوڭۇر تاشنى ماڭا ئەكىلىپ بەرسۇن› دەپ تەلەپ قويغان ئىدىڭىز. سىز باشپاناھىمغا ئەمدى مەلۇم بولسۇنكى، مەن تاغقا بېرىپ قارا قوڭۇر تاشنى ئالاي دەپ تۇرۇشىمغا بۇ دۆلەت قوزغىلىپ ماڭا قارىشى چىقتى. ئەگەر ئىجازەت بەرسىڭىز، كاتتا قوشۇن ئەۋەتىپ قارا قوڭۇر تاشنى تارتىۋېلىشنى ئۇتتۇنىمەن...» (ب.گ.غاپوروپ: «تاجىكلار تارىخى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988ـ يىل 4ـ ئاي 1ـ نەشرى 68ـ، 69ـ بەت) دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئىران ئېگىزلىكىدە مىلادىدىن بۇرۇنقى 8ـ ئەسىرلەردە باش كۆتەرگەن پېرسىيە ئىمپېرىيىسىمۇ بۇنداق مۇناسىۋەتلەرنى ئالاھىدە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرگەن بولۇپ، پېرسىيە ئىمپېراتۇرى دارا تەرىپىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 6ـ ئەسىردە ئورنىتىلغان «شوش (سوز) شەھىرى ئابىدە تېشى» دىمۇ «پارس ئىمپېراتۇرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن يۇنانىستانغىچە بولغان جايلارنى بويسۇندۇرغانلىقى ۋە شوش شەھىرى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇلغان رايونلاردىكى بارلىق خەلقلەرنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان» ( ب.گ.غاپوروپ: «تاجىكلار تارىخى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988ـ يىل 4ـ ئاي 1ـ نەشرى 87ـ بەت) لىقى توغرىسىدا بايانلار بار. يۇنانلىقلارمۇ ئەڭ كېچىككەندە مىلادىدىن بۇرۇنقى مىڭىنچى يىللار ئەتراپىدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كەلگەن ۋە بۇ رايونلار ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرۇشقا باشلىغان بولۇپ، شەرقتە سوغدىلارنىڭ رولى قانداق بولسا غەربتە يۇنانلىقلار شۇنداق رول ئوينىغان. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مىلادىدىن بۇرۇنقى 10ـ ئەسىردە ئۆتكەن يۇنانلىق ئەما شائىر ھومېر تەرىپىدىن يېزىلغان مەشھۇر داستان «ئودېسسا» دا: «تۆرلۈك تۆمۈرلەر ئىچىدە سېرىسىنىڭ تۆمۈرى بەك ئېسىل. سېرىسلار ھەر خىل يىپەك ماللارغا قوشۇپ، كۆن-قىرىملارنىمۇ بىزگە ئىمپورت قىلىدۇ» (ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990ـ يىل 6ـ ئاي 1ـ نەشرى 448ـ بەت) دەپ يېزىلغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 7ـ8ـ ئەسىرگە كەلگەندە تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىگە جايلاشقان قەشقەر شەھىرى شەرقتىكى ئەڭ داڭلىق شەھەرلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان بولۇپ، بۇ يەرگە دۇنيانىڭ جاي-جايلىرىدىن، جۈملىدىن گېرتسىيە ۋە رىم قاتارلىق جايلاردىن ساياھەتچىلەر ۋە سودا كارۋان ئەترەتلىرى كېلىپ تۇرغان. «مىلادىدىن بۇرۇنقى 7ـ ئەسىردە گېرتسىيەدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر قىلغان تۇنجى سەيياھ ئارىستان ئىدى. ‹ئاسپايا›ناملىق داستاندا ئۇنىڭ پائالىيىتى قەيت قىلىنغان» ( ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990ـ يىل 6ـ ئاي 1ـ نەشرى 445ـ بەت). مىلادىدىن بۇرۇنقى 5ـ ئەسىردە ئۆتكەن يۇنان تارىخچىسى ھېرودۇتمۇ ئۆزىنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە، «شەرقتە تەركىيانۇس دېگەن شەھەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدىم، بۇ شەھەر ناھايىتى چوڭ بولۇپ،

كوچا-رەستلىرى ئاۋات ئىكەن، دەپ يازغان. ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامىمۇ ‹تارىخى ئەمنىيە›دە تۇرپاننىڭ قەدىكى نامى ‹تەرسۇس ئىدى› دەپ يازغان» ( ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىل 6-ئاي 1-نەشرى 548-بەت). بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «تەركيانۇس» ۋە «تەرسۇس» سۆزلىرى تۇرپاننىڭ قەدىمكى نامى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردە قەيت قىلىنغان «دەقيانۇس» سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئالىملار ھازىر ھېرودۇت تەكىتلەپ ئۆتكەن تەركيانۇس شەھىرىنىڭ تۇرپاندىكى دەقيانۇس شەھىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى.

شەرق-غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشى ۋە سودا مۇناسىۋىتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر ماكىدونىسكى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 356-323-يىللاردا ياشىغان) تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتەردى. زۇلقەرنەيىن يۇنان مەدەنىيىتى مەسلىكىنىڭ داڭلىق تەرغىباتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن باكتېرىيە رايونىدا غەرب مەدەنىيىتى بىلەن شەرق مەدەنىيىتىنىڭ بىرىكمىسى بولغان گاندارا مەدەنىيىتىنى ياراتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن تېپىلغان، يەرلىك ئۇسلۇبتا ياسالغان ۋېناسنىڭ ھەيكىلى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

ئەمدى بىز دىققىتىمىزنى بۇراپ شەرق دۇنياسىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، شەرق دۇنياسىدىكى ئەھۋاللارنىڭمۇ غەرب دۇنياسىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى، يايلاق مىللەتلىرى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىمۇ خېلى بۇرۇنلا ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

جۇڭگو ئات مەدەنىيىتى بىرقەدەر كېيىنرەك مەيدانغا كەلگەن ۋە راۋاجلىنىشىمۇ ئانچە مۇكەممەل بولمىغان دۆلەت. شۇنداقتىمۇ تارىخ بىزگە شۇنى ئىسپاتلاپ بەردىكى، يايلاق مىللەتلىرى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل باردى-كەلدى مۇناسىۋەت ئەڭ كېچىككەندىمۇ بۇندىن 6-7 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەردە باشلانغان ھەم ئىجابىي ياكى سەلبىي تەرەپلەردىن ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. «‹تارىخنامە. بەش خان شەجەرىسى› دە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى سېرىق تەنلىكلەر خانى ھۇنلارنى شىمالغا قوغلىغان، دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ رىۋايەتتىكى ۋەقەنىڭ يىل-دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6000-يىللارغا توغرا كېلىدۇ» (قۇربان ۋەلى كىرۇران: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986-يىل 6-ئاي 1-نەشرى 217-بەت). بىراق ئۇ چاغلاردا بۇ خىل مۇناسىۋەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاق مىللەتلىرى ئاكتىپ ۋە مونوپول قىلغۇچى ئورۇندا تۇرغاچقا، ئوتتۇر تۈزلەڭلىك رايونى ئۆز ئەتراپىدىكى رايونلار بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان ۋە ئۇلار توغرىلىق ئايرىم رىۋايەتلەردىن باشقا

ماتېرىيال قالدۇرالمىغان. «بوستانلىقلاردىكى (تارىم ۋە جۇڭغار ۋادىسىدىكى) ئاھالىلەر سودا كارۋانلىرىنى ئۇيۇشتۇرغان ھەم شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودىدا ئوتتۇرىدىكى پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان» («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1994-يىللىق 1-2 قوشما سان 132-بەت). يايلاق مىللەتلىرىنىڭ كۈچلۈك ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ دائىم قىلىپ تۇرغان ھەربىي ھۇجۇملىرى ۋە ئۇزئارا قىلىشىپ تۇرغان قانلىق ئۇرۇشلىرىمۇ ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا يول قويمىغان. يەنى بىر تەرەپتىن ھەرقايسى جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى، يىپەك يولىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغۇچىلارنىڭ باشقا خەلقلەرنىڭ تىل-يېزىقى ۋە ئۆرۈپ-ئادىتىنى بىلمەسلىكى، قاراقچىلارنىڭ تەھدىتى شۇنداقلا ئات-ئۇلاغلارنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەسلىكى سەۋەبىدىن يىپەك يولىدا توشۇلىۋاتقان ماللارنىڭ كۆپ قىسمى، كارۋانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يىپەك يولىنىڭ بىر پۈتۈن لىنىيىسىنى بېسىپ ئۆتمىگەن. سودا كارۋانلىرى بۇ شەھەردىن ئالغان ماللارنى قوشنا شەھەرلەرگە ئېلىپ بېرىپ باشقا سودا كارۋانلىرىغا سېتىپ، ئاندىن يەنە يېڭى ماللارنى ئېلىپ ئۆز شەھەرلىرىگە قايتىپ كەتكەن. شۇڭا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەرب سودىگەرلىرى ئۇزئارا بىۋاستە ئالاقىلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان. شۇ سەۋەبتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقلىرى خېلى چاغلارغىچە پامىر ۋە پەرغانە رايونلىرىنىڭ غەربىدە يەنە نۇرغۇن دۆلەت ۋە خەلقلەرنىڭ بارلىقىدىن خەۋەردار بولالمىغان. ئەمما يايلاق مىللەتلىرى بۇندىن 5-6 مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا ئۇزلىرىنىڭ قاش تېشى، يۇڭ توقۇلمىلىرى قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى جەنۇبىي جۇڭگو، سىبرىيە دەريا ۋادىسى ۋە لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلى قاتارلىق رايونلارغا ئاپىرىپ ئاشلىق قاتارلىق مەھسۇلاتلارغا ئالماشتۇرغان ۋە ھەر خىل ئالاقىلەردە بولۇپ كەلگەن. ھازىر ئارخېلوگلار «غەربىي لياۋنىڭدىكى بۇنىڭدىن 5 مىڭ يىل بۇرۇنقى قىزىل تاش مەدەنىيىتى (نېئوخۇلاڭ) خارابىسىدىن قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن نەپىس بۇيۇملارنى تاپتى» («شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1990-يىللىق 4-سانى 18-بەت). بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئۇزئارا ماددىي بۇيۇم ئالماشتۇرۇشىغا دائىر ئەڭ بۇرۇنقى مەلۇمات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا «خۇاڭخې دەرياسىغا قوشۇلىدىغان ۋېيخې دەرياسى ھاۋزىسىدا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000-يىللاردا رەڭلىك ساپال بۇيۇملار مەدەنىيەتى-ياڭشاۋ مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ۋ.ئىبىرخارد بۇ مەدەنىيەتنىڭ غەربىي ئاسىيا مەنبەلىك ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىككى رايون ئوتتۇرىسىدا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن مەدەنىيەت ئالاقىسى بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى» (يۈسۈپجان ياسىن. «تەڭرى قامچىسى-ئاتتىلا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل 9-ئاي نەشرى 165-بەت). «كالىندارغا ئائىت تەتقىقاتلارمۇ بابىل ئاسترونومىيىسىنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1500-يىللاردا جۇڭگوغا تارقالغانلىقىنى كۆرسەتتى» (يۈسۈپجان ياسىن. «تەڭرى قامچىسى-ئاتتىلا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل 9-ئاي نەشرى 166-بەت). «1976-يىلى ئەتىيازدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ نەنياڭ شەھرى

ئەتراپىدىكى شاۋتۇسۇن كەنتىدە شاك سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت يىن خارابىسىدىن «فۇخاۋ قەبرىسى»نى قازغان. ئۇنىڭدىن نۇرغۇن يادىكارلىقلار بىلەن بىللە 750 دانە قاشتېشى بۇيۇملىرى تېپىلغان. دەسلەپكى باھالاش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 300 دانىسى يۇمشاق قاشتېشى بولۇپ، تولىسى شىنجاڭ قاشتېشى ئىكەن. ئۇلارنىڭ يىل-دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 21-ئەسىردىن 16-ئەسىرگىچە بولۇپ، ھازىرقى ۋاقىتتىن تەخمىنەن 3-4 مىڭ يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ» («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1995-يىللىق 1-2 قوشما سانى 156-بەت). ئالىملار گەنسۇنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت بىر قەدىمىي قەبرىدىن ۋە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 14-ئەسىردىكى يىن خارابىسىدىن نەپىس ئۇسۇلدا ياسالغان قاشتېشى بۇيۇملىرىنى تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ خوتەن قاشتېشى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «دى قەبىلىسىنىڭ ئات مىنىش تېخنىكىسى شيا (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2140--يىللار1711)، شاڭ (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1711-1066-يىللار) دەۋرىدە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا تارقالغان (ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىل 6-ئاي 1-نەشرى 97-بەت). سى ماچيەن تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ «2-جىلد. شيا خانلىرى تەزكىرىسى»دە: «كۆنچىلىك قىلىدىغان، يۇڭدىن رەخت توقۇيدىغان كۇنلۇن، شىجىژ، چۈسۇۋ، غەربىي روڭ قاتارلىق غەربتىكى ئەللەرنىڭ ھەممىسى يۈنىڭ خىزمىتىدىن مەمنۇن بولۇپ ئۆز خىزمىتىنى داۋاملاشتۇردى.» (سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987-يىل 9-ئاي 1-نەشرى 33-بەت) دېيىلگەن. بۇ بىر رىۋايەت بولسىمۇ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا يەنە بەلگىلىك تارىخىي قىممەتكە ئىگە. كۆڭ ئەنگو ئەپەندى بۇ مەلۇماتلار ئۈستىدە توختىلىپ: «شىجىژ، كۇنلۇن، چۈسۇۋ، غەربىي روڭ قاتارلىق بۇ تۆت ئاقساقاللىق چۆللۈكنىڭ سىرتىدا بولۇپ، كۆچمە قوم دائىرىسى ئىچىدە» (سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987-يىل 9-ئاي 1-نەشرى 36-بەت) دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە يۇقارقى رىۋايەتكە تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك ئەمەلىيەت نۇقتىسىدىن چىقىپ، تېخىمۇ ئوبيېكتىپ ۋە ئەتراپلىق مۇئامىلە قىلساق، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان كۇنلۇن ھەرگىزمۇ بىر ئاقساقالنىڭ نامى بولماستىن، بەلكى، غەربىي روڭلارنىڭ كۆپىنچە تېغى ئەتراپىدا ياشايدىغان بىر تارمىقىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئاتىلىشى بولۇپ، چۆللۈكنىڭ سىرتى ھازىرقى قۇمۇلدىن ئىچكى موڭغۇل ۋە گەنسۇغىچە بولغان چوڭ چۆللۈكنىڭ غەربىنى، كۆچمە قۇملۇق بولسا لوپنۇردىن خوتەننىڭ لوپ ناھىيەسىگىچە سوزۇلغان قەدىمكى لوپ قۇملۇقىنى كۆرسىتىدۇ. يۇقارقىلاردىن بىز بۇندىن 6-7 مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا غەربىي رايون بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدا بىر ئالاقە لىنىيىسىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. بۇنداق مۇناسىۋەت بۇندىن 3 مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە كەلگەندە تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتىرىلىپ، تارىم ۋادىسىدىن ھىندىستانغا بارىدىغان لىنىيە بىلەن تۇرتاشتۇرۇلغان. پامىر رايونىدا پەيدا بولۇپ راۋاجلانغان مۇقەددەس تەڭرى ئانا ئۇماي ھەققىدىكى رىۋايەت مۇشۇ يول بىلەن تارقىلىپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 11-ئەسىردە بىرلا ۋاقىتتا جۇڭگو

ۋە ھىندىستان مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان (قۇربان ۋەلى كىرۇران: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986-يىل 6-ئاي 1-نەشرى 55-، 56-بەتلەر). «مىلادىدىن بۇرۇنقى 4-ئەسىرگە كەلگەندە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ يىپەك ماللىرى ھىندىستانغا توشۇپ بېرىلگەن» (ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىل 6-ئاي 1-نەشرى 448-بەت). بۇ ھەقتە «ھىندىستاندا ئۆتكەن گاندىراگوپتا پادىشاھ زامانىسىدا، چوڭ سودىگەر چادىرىيە يازغان‹سىياسىي ئىشلار ھەققىدە› دېگەن كىتابتا: ‹چىنادىن چىقىدىغان ئورام-ئورام يىپەكلەر› دەپ قەيت قىلىنغان.» ( ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىل 6-ئاي 1-نەشرى 448-بەت).

قىسقىسى، يۇقارقىلاردىن بىز شۇنى ئېيتالايمىزكى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 11-، 10-ئەسىرلەردىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى، موڭغۇل يايلاقلىرى، غەربىي ئاسىيا، ھىندىستان، يۇنانىستان، مىسىر ۋە تېخىمۇ يىراقتىكى جايلار ئوتتۇرىسىدا بىر پۈتۈن مۇناسىۋەت تورى شەكىللەنگەن شۇنداقلا بۇنداق مۇناسىۋەتتە كۆپىنچە قوشنا بولمىغان ھەرقايسى رايونلار ئۆزئارا بىۋاستە ھالدا ئالاقىلىشىش ۋە ئۇچۇرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولماستىن بەلكى مەركىزىي ئاسىيا يالاق مىللەتلىرى ۋاستىچىلىك رول ئوينىغان شۇنداقلا ھەرقايسى رايونلار ئارا مۇناسىۋەت تۆۋەندىكى بىرقانچە لىنىيە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان:

بىرىنچى، شىمالىي جۇڭگو رايونىدىن موڭغۇل ئېگىزلىكىگە بارىدىغان يول. بۇ يول شىمالىي جۇڭگو رايونىدىكى چوڭ شەھەرلەردىن باشلىنىپ، ئوردۇس يايلىقى ئارقىلىق سېرىق دەريانى كېسىپ ئۆتۈپ موڭغۇل ئېگىزلىكىگە، ئاندىن، سېلىنگا دەرياسى ۋادىسى ۋە بايقال كۆلى ئەتراپلىرىغا بارىدۇ.

ئىككىنچى، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا بارىدىغان يول. بۇ يول يەنە ئۆز ئىچىدىن ئۈچ تارماق يولنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ‹1› سېلىنگا دەرياسى ۋادىسىدىن باشلىنىپ ئورخۇن ۋادىسى، خاڭگاي تېغى، قۇبدۇ ئارقىلىق ئالتاي تېغىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىرى ئۆلۈنگۈر دەرياسى، چۆچەك، پەرغانە ئويمانلىقى ۋە ئىسسىق كۆل ۋادىسى ئارقىلىق ئۆزكەنت، تالاس ۋە بۇخارا قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىگە؛ يەنە بىرى ئۇدۇل بەشبالىققا بارىدىغان يول. ‹2› بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىن باشلىنىپ، يەنسەي، ئوب دەريالىرىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، ئۇرانقاي، ئالتاي تېغىنىڭ شىمالى، زايسان كۆلى ۋادىسى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىگە بارىدىغان يول. ‹3› بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىن باشلىنىپ، سېلىنگا دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ موڭغۇل ئېگىزلىكىگە، ئاندىن قاراخوتۇ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى ئېجىن خوشۇنى) ئارقىلىق چوڭ قۇملۇقنى (گوبى چۆلى) كېسىپ ئۆتۈپ بەشبالىققا كېلىدىغان يول.

ئۈچىنچى، ئوتتۇرا ئاسىيادىن روسىيە يايلاقلىرى ۋە شەرقىي ياۋروپاغا بارىدىغان يول. بۇ يول ئۆز ئىچىدىن ئۈچ تارماق يولنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ‹1› بۇخارادىن چىقىپ سىبىرىيەنىڭ جەنۇبى، ئارال كۆلى ۋە كاسپى دېڭىزىنىڭ شىمالى قىرغىقى ئارقىلىق بولغارىيە، گېرتسىيە ۋە كىچىك ئاسىيا قاتارلىق جايلارغا بارىدىغان يول. ‹2› بۇخارا ياكى سەمەرقەنتتىن باشلىنىپ ئامۇ دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئارال كۆلى بىلەن كاسپى دېڭىزىنىڭ ئارىلىقى ئارقىلىق رۇس يايلاقلىرىغا، ئاندىن، قارا دېڭىزنىڭ شىمالى تەرىپى ئارقىلىق شەرقى ياۋروپا ۋە كىچىك ئاسىيا قاتارلىق جايلارغا بارىدىغان يول. ‹3› ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدىن باشلىنىپ، خۇراسان رايونى ۋە كاسپى دېڭىزىنىڭ جەنۇبى ئارقىلىق كاۋكاز تېغىدىن ئۆتۈپ رۇس يايلاقلىرىغا، ئاندىن، قارا دېڭىزنىڭ شىمالى ئارقىلىق شەرقىي ياۋروپا ۋە كىچىك ئاسىياغا بارىدىغان يول.

تۆتىنچى، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن قارا دېڭىز بويلىرىغىچە بولغان ياۋرو-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلارنى كېسىپ ئۆتىدىغان «يايلاق يىپەك يولى» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995-يىللىق 4-سانى 78-بەت).

بەشىنچى، ئوتتۇرا ئاسىيادىن كىچىك ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپاغا بارىدىغان يول. بۇ يول يەنە ئۆز ئىچىدىن ئىككى تارماققا بۆلۈنىدۇ. ‹1› ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدىن باشلىنىپ، خۇراسان، ئىران ئېگىزلىكىنىڭ شىمالى، كاسپى دېڭىزىنىڭ جەنۇبىئارقىلىق كىچىك ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپاغا بارىدىغان يول. ‹2› ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدىن باشلىنىپ، ئىران ئېگىزلىكى، مېسوپوتامىيە ئارقىلىق سۈرىيەگە، ئاندىن، شىمالغا بۇرۇلۇپ كىچىك ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپاغا بارىدىغان يول.

ئالتىنچى، ئوتتۇرا ئاسىيادىن مىسىرغا بارىدىغان يول. بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدىن باشلىنىپ، ئىران ئېگىزلىكىنى كېسىپ ئۆتۈپ مېسوپوتامىيەگە، ئاندىن، سۈرىيە، پەلەستىن، سىناي يېرىم ئارىلى ئارقىلىق مىسىرغا بارىدىغان بىرلا تارماق يولدىن ئىبارەت.

يەتتىنچى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىن ھىندىستانغا بارىدىغان يول. بۇ يول ئۆز ئىچىدىن ئۈچ تارماق يولغا بۆلۈنىدۇ. ‹1› ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدىن باشلىنىپ، ئىران ئېگىزلىكىنىڭ شەرقى تەرىپى ئارقىلىق ھىندى دەريا ۋادىسىغا، ئاندىن، ھىندىستاننىڭ قەدىمىي شەھەرلىرىگە بارىدىغان يول. ‹2› ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدىكى چوڭ شەھەرلەردىن باشلىنىپ، پامىرنىڭ غەربى ئارقىلىق سىرناگارغا، ئاندىن، لاداق يولى ئارقىلىق شىمالدىن ئۆتۈپ ھىندىستاننىڭ قەدىمىي شەھەرلىرىگە بارىدىغان تاغ يولى. ‹3› يەركەندىن باشلىنىپ، گوما ئارقىلىق قاراقۇرۇم تېغىنى كېسىپ ئۆتۈپ، لاداق يولى بىلەن شىملا ۋە ئۇنىڭ

جەنۇبىدىكى رايونلارغا بارىدىغان يول.

سەككىزىنچى، شەرقىي ياۋروپا رايونىدىن پولشا ۋە بالتىق دېڭىزى ئەتراپىغا بارىدىغان يول.
توققۇزىنچى، شىمالىي جۇڭگو رايونىدىن شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا بارىدىغان يول. بۇ يول ئىلگىرى ئېيتىلىپ كېلىنىۋاتقان ئەنئەنىۋى يىپەك يولى بولۇپ، ئۇ يەنە ئۈچ تارماق يولنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ‹1› چاڭئەندىن چىقىپ دۇنخۇاڭغا، ئاندىن قۇمۇل، بارىكۆل ئارقىلىق تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى بويى بىلەن ئىلى ۋادىسى ۋە قورغاس ئېغىزى ئارقىلىق پەرغانە ۋادىسىغا بارىدىغان شىمالىي يول. ‹2› چاڭئەندىن چىقىپ دۇنخۇاڭغا، ئاندىن قۇمۇل، تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچار، ئاقسۇ، قەشقەر ئارقىلىق پامىرنى كېسىپ ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە ياكى ئۇچتۇرپان ئارقىلىق تەڭرى تېغىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئىسسىق كۆل ئەتراپى ۋە پەرغانە ۋادىسىغا بارىدىغان شىمالىي يول. ‹3› چاڭئەندىن چىقىپ دۇنخۇاڭغا، ئاندىن رۇرەن، چارقىلىق، چەرچەن، نىيە، كېرىيە، خوتەن، يەركەن، قەشقەر، تاشقورغان ئارقىلىق پامىرنى كېسىپ ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىگە بارىدىغان شىمالىي يول.

بۇلاردىن باشقا يەنە ھەرقايسى لىنىيەلەرنى باغلاپ تۇرىدىغان ئۇششاق يوللارمۇ بولۇپ، ئۇلارنىڭ رولىنىمۇ كىچىك مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ.

## 5. يىپەك يولىنىڭ ئىچىلىشى ۋە ئۇنىڭ لىنىيەسى ئۈستىدىكى ئىلگىركى قاراشلارغا رەددىيە

### ئېچىلىش جەھەتتە:

بىرىنچى، «جاڭ چيەن ئاچقان» دېگەن قاراشقا رەددىيە.
بۇ جەھەتتىكى رەددىيىمىزنى تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتىن ئاساسلايمىز. ‹1› خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ياۋچىلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ھۇنلارغا زەربە بېرىش مەقسىدىدە جاڭ چيەننى پەرغانە قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتكەن بولۇپ، ئەگەر، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا جاڭ چيەندىن ئىلگىرى بىرەر ئالاقە لىنىيىسى ۋە ئالاقە ۋاستىسى بولمىغاندا، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ گەنسۇدىن غەربكە كۆچكەن ياۋچىلارنىڭ قەيەرلەرگە بېرىپ ماكانلاشقانلىقىنى بىلىشنى ۋە پەرغانە توغرىسىدا مەلۇماتلارغا ئىگە بولۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. ‹2› جاڭ چيەنگە يول باشلاپ

بەرگۈچى تايمىق ئاتا (گۇەنفۇ) دېگەن كىشى غەربىي رايوندىكى ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن بولۇپ، ئەگەر ئەينى دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئالاقە لىنىيىسى بولمىغان ۋە ئۇ كىشى بۇ لىنىيە بويىدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، قەبىلىلەرنىڭ ئورۇنلىشىشى، تىل-يېزىقى، ئۆرۈپ-ئادىتى قاتارلىقلاردىن خەۋەرسىز بولغان شۇنداقلا بۇ يولدا بىرنەچچە قېتىم مېڭىپ باقمىغان بولسا، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بىر دۆلەت دەرىجىلىك ئەلچىلەر ئۆمىكىگە ئۇ كىشىنى يول باشلىغۇچى قىلىپ بەلگىلىشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. ‹3› ياپونىيە ئالىمى كوجىيۇخافۇ ئەپەندى «يىپەك يولى ۋە ياپونىيە» ناملىق ماقالىسىدە «بوستان يولىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى شەرقتىكى چاڭئەن(شىئەن) بىلەن غەربتىكى رىم ئىدى، كېيىنچە شەرقتىكى نۇقتىسى لوياڭ، غەربتىكى نۇقتىسى ۋىزانتىيە (كونىستانتىننوپۇل) بولغان. بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 9000 كىلومېتىردىن ئۇزۇن بولۇپ، نۇرغۇن خەتەرلىك رايونلاردىن ھالقىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى» («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1994-يىللىق 1-2 قوشما سان 132-بەت) دەپ يازىدۇ. ئېلىمىز تارىخچىسى دۇپېك ئەپەندىمۇ «ھېرىدۇتىسنىڭ ‹تارىخ› ناملىق ئەسىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر بايانلار ئۈستىدە مۇھاكىمە» ناملىق ماقالىسىدە «خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ‹يىپەك يولى› ھەرگىزمۇ شۇنداقلا ئوتتۇرغا چىقىپ قالغان بولماستىن، بەلكى ئۇ بۇ سۇلالىدىن ئىلگىركى بىرقانچە ئەسىرلەر داۋامىدا ئوتتۇرا شەرقتىن غەربكە بارىدىغان ھەرقايسى ئەل سودىگەرلىرى ئاچقان يولدۇر» (قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995-يىللىق 4-سان 78-بەت) دەيدۇ. «ياپونىيەلىك چاڭزى خېجۇن ئەپەندى يىپەك يولىنىڭ ئىنسانلار تارىخىدىكى رولىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلايدۇ: بىرىنچى، يىپەك يولى ياۋروپا-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ قان تومۇرى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيا تارىخى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئوقىدۇر. ئىككىنچى، يىپەك يولى دۇنيانىڭ ئاساسلىق مەدەنىيەت ئانىسىدۇر. ئۈچۈنچى، يىپەك يولى-شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت كۆۋرۈكىدۇر» («شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1990-يىللىق 4-سان 24-بەت). يۇقارقىلارغا ۋە يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشىغا دائىر ئەمىلىي تارىخ ھەقىقەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، جاڭ چيەن بېسىپ ئۆتكەن لىنىيە دۇنيادا ھازىر بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ كېلىنىۋاتقان لىنىيەنىڭ يېرىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، «يىپەك يولىنى جاڭ چيەن ئاچقان» دېگەنلىك ئەمىلىيەتتە يىپەك يولىنىڭ سودا-ئالاقە، مەدەنىيەت ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى بىرپۈتۈنلۈكىنى ھەم بۇ يولنى بىنا قىلىشقا قاتناشقان باشقا خەلق ۋە كىشىلەرنىڭ تۆھپىسىنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت خالاس. ‹4› يىپەك يولىنىڭ ئەسلى مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ ئېچىلىشىغا دائىر يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن بىرقىسىم ئىسپاتلارمۇ «يىپەك يولىنى جاڭ چيەن ئاچقان» دېگەن قاراشلارنىڭ تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيەلىك ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى ھەم ئۇ خىل قاراشنىڭ ئاللىقاچان كۈچىدىن قالغانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

ئىككىنچى، «يىپەك يولى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4-3-ئەسىرلەردە ئېچىلغان» دەيدىغان قاراشقا

رەددىيە. «يىپەك يولى مىلادىدىن بۇرۇنقى 4-3-ئەسىرلەردە ئېچىلغان» دېگۈچىلەر يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشىنى پەقەت «يىپەك يولى» دېگەن ئۇقۇم ئاساسىدىلا تەكشۈرۈپ، «بۇ يول يىپەك توشۇلۇشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا مەۋجۇتمىدى ياكى يىپەك توشۇلۇش زورۇرىيىتى بىلەن ئېچىلغانمۇ؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە تەپسىلىي ئويلانمىغان. نەتىجىدە، «يىپەك يولى مىلادىدىن بۇرۇنقى 4-3-ئەسىرلەردە ئېچىلغان» دەپ قاراپ، ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ئەتراپىدىكى خەلقلەر بىلەن ئېلىپ بارغان ئىلگىرىكى پائالىيەتلىرىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغان.

ئۈچۈنچى، «يىپەك يولى چۇنچيۇ دەۋرىدە ئېچىلغان» دەيدىغان قاراشقا رەددىيە. بۇ جەھەتتىكى رەددىيىمىزنى ئىككى جەھەتتىن ئاساسلايمىز. ‹1› «يىپەك يولى چۇنچيۇ دەۋرىدە ئېچىلغان» دېگۈچىلەر، تۇرپان ئالغۇيدىكى بىر قەدىمىي قەبرىدىن تېپىلغان يىپەك ماللارنىڭ چۇنچيۇ دەۋرىگە ئائىت ئىكەنلىكىنى ئاساس قىلىپ، بۇ ماللارنىڭ شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە ئىشلەنگەنلىكى ياكى باشقا جايلاردىن ئېلىپ كېلىنگەنلىكىگە دائىر مەلۇماتلار ئۈستىدە ئىزلەنمىگەن. ھازىر ئالىملار بۇ يىپەك بۇيۇملارنىڭ ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە توقۇلغان يۇڭ رەختكە تەقلىد قىلىپ توقۇلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى (ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىل 6-ئاي 1-نەشرى 449- 450-بەتلەر. ‹2› «يىپەك يولى چۇنچيۇ دەۋرىدە ئېچىلغان» دېگۈچىلەر، مىلادىدىن بۇرۇنقى 10-ئەسىردە ئۆتكەن يۇنانلىق ئەما شائىر ھومېر تەرىپىدىن يېزىلغان مەشھۇر داستان «ئودىيسسا»دىكى: «تۈرلۈك تۆمۈرلەر ئىچىدە سېرىسنىڭ تۆمۈرى بەك ئېسىل. سېرىسلار ھەر خىل يىپەك ماللارغا قوشۇپ، كۆن-قىرىملارنىمۇ بىزگە ئېمپورت قىلىدۇ» (ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىل 6-ئاي 1-نەشرى 448-بەت) دېگەن قۇرلاردا يىپەككە دائىر بايانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە ئۇنىڭ دەۋر جەھەتتىن چۇنچيۇ دەۋرىدىن كۆپ ئىلگىرى ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتكەن.

## لىنىيە جەھەتتە:

بۇ جەھەتتىكى رەددىيىمىزنى ئىككى جەھەتتىن ئاساسلايمىز. ‹1› مەيلى ئىككى يول قارىشىدىكىلەر بولسۇن ياكى ئۈچ يول قارىشىدىكىلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «يىپەك» ئۇقمىنى تەۋرەتكىلى بولمايدىغان قانۇن قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ سىرتىغا چىقالمىغان ۋە كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمىغان. ‹2› ئۇلار ئىلگىرى ئېيتىلىپ كېلىنىۋاتقان يىپەك يولى بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا يوللارنىڭ بىر-بىرىنى تولۇقلاش، بىر-بىرىگە ئۆتۈشۈشتەك بىر-بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان بىر پۈتۈنلىكىنى يوقىقا چىقىرىپ، باشقا يوللارنىڭ تارىختا ئوينىغان بۈيۈك رولىغا ۋە ئۇ يوللارنىڭ يىپەك

يولىنىڭ ئەسلى مەنبەسى ۋە ئاساسى ئىكەنلىكىگە، يىپەك يولىنىڭ ئۇلارنى مەنبە قىلىپ تەدرىجى شەكىللەنگەنلىكىگە سەل قارىغان.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:
① چيەنداۋ شىنسى: «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986-يىل 4-ئاي 1-نەشرى
② «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995-يىللىق 2-سان
③ پېتېر خوپكېرىك: «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990-يىل 11-ئاي 1-نەشرى
④ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىل 6-ئاي 1-نەشرى
⑤ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى » مىللەتلەر نەشرىياتى 1991-يىل 11-ئاي نەشرى
⑥ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» 1-توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىل 4-ئاي 1-نەشرى
⑦ يۈسۈپجان ياسىن. «تەكرى قامچىسى-ئاتتىلا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل 9-ئاي نەشرى.
⑧ قۇربان ۋەلى كىرۇران: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986- يىل 6-ئاي 1-نەشرى
⑨ ب.گ.غاپوروپ: «تاجىكلار تارىخى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988-يىل 4-ئاي 1-نەشرى
⑩ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1994-يىللىق 1-2 قوشما سان
⑪ «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1990-يىللىق 4-سانى
⑫ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1995-يىللىق 1-2 قوشما سانى
⑬ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987-يىل 9-ئاي 1-نەشرى
⑭ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995-يىللىق 4-سانى.

# 13-ئۇيغۇرلارنىڭ مازار تاۋاپچىلىقى ھەققىدە بىر نەچچە كەلىمە سۆز

**ئەخمەتجان ھەسەن**



مۇھىم مەزمۇنى: ماقالىدە 17 – ئەسىردىن 20 – ئەسىرگىچە بولغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ناھايىتى زور تەسىرگەۋە كۆلەمگەئىگە مازار تاۋاپچىلىقى ھادىسىسىنى تېخىمۇ روشەن يورۇتۇپ بېرىش، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش مەقسىتىدە، ئەينى دەۋردىكى مازار تاۋاپچىلىقى ھادىسىسى مەخسۇس تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئۇيغۇرلار مازارتاۋاپچىلىقى ھەققىدە بىرنەچچە كەلىمە سۆز

ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە ئادەملەر ئۆلۈم ھادىسىنى چۈشەنمەيدىغان چاغلىرىدا، ئۆلگەن ھەمراھ ۋە تۇققانلىرىنىڭ ئەرۋاھلىرى ئۆلمەيدۇ دېگەن ئاڭ تۇغۇلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆلگەنلەرنى ئەسلەيدىغان بولۇپ، دەسلەپكى يەرچۈلار (قەبرىلەر) ۋۇجۇتقا كەلگەن. جەسەتنى كۆمۈشنىڭ بەلگىلىك ئۇسۇلى پەيدا بولغان. ھەتتا جەسەتلەرنى قەبرە بۇيۇملىرى بىلەن كۆمگەن. مانا

شۇ ئاساستا، مەلۇم دىنىي چۈشەنچىلەر بىخلىنىشقا باشلىغان. بارا- بارا ھەر قايسى ئۇرۇقلارنىڭ تۇتېملىق چوقۇنۇشلىرىمۇ پەيدا بولغان. ئۇرۇق ئەزالىرى ئۆز ئەجدادلىرىنى مەلۇم ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈك بىلەن ئالاقىسى بار دەپ ئىشەنگەن. ئەنە شۇ ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈك ئۇلارنىڭ تۇتېمى بولۇپ قالغان. تۇتېم ئۇرۇقنىڭ ھامىيسى ھېسابلىنىپ، ھەر خىل قورال- سايمانلار ۋە قۇرۇلۇشلارغا تۇتېملىق بەلگىسى سىلىنغان. قەبرىلەرگىمۇ شۇ خىل بەلگە سىلىنغان نەرسىلەر بىرگە كۆمۈلگەن ياكى ئويۇلغان.م، دۇنيادىكى باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا- بوۋىلىرى يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا تۈرلۈك دىنلارغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئانىمىزملىق ئېتىقاد ۋە دۇنيا قاراش، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا دەسلەپكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد سۈپىتىدە شامان ئېتىقاد شەكلىدە ناھايىتى ئۇزاق ساقلانغان ۋە داۋاملاشقان. ئەنە شۇ ئاساستا، كىشىلەرنىڭ ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە تەبىئىي ھادىسىلەر (ئاي، كۈن، يۇلتۇز، ئوت، چاقماق ۋە باشقا تەبىئىي ھادىسىلەر) گە تېۋىنىش چۈشەنچىسى يۈكسىلىپ، روھانات (ئەجداد روھاناتى) نى ئۇلۇغلايدىغان، ئىشىنىدىغان ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان ئەقىدە شەكىللەنگەن. بۇنىڭدىن تەرەققىي قىلىپ، «ئاشۇ مەخلۇقاتتا ۋە ھادىسىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قۇدرەت ئىگىسى بار» دېگەن ئېتىقاد كېلىپ چىققان. ئەنە شۇنداق قۇدرەت ئېگىسىنى ئاتا- بوۋىلىرىمىز «تەڭرى» دەپ ئاتىغان. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (3- توم) دا شۇنداق دەيدۇ : «... ئاسماننى تەڭرى دەيدۇ، ئۇلار كۆزلىرىگە چوڭ كۆرۈنگەن ھەر قانداق نەرسىنى- ئېگىز تاغ، يوغان دەرەخلەرنىمۇ تەڭرى دەيدۇ. شۇڭا، بۇنداق نەرسىلەرگە سەجدە قىلىدۇ. ئۇلار يەنە بىلىملىك ئادەملەرنى تەڭرىكەن دەيدۇ«.

دەرۋەقە، يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا- بوۋىلىرى ھەر بىر ئۇرۇقنىڭ ھايات- ماماتى مەلۇم بىر شەيئى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان دەپ ئىشىنىپ كەلگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار قەبىلىچىلىك دەۋرلىرىنىڭ دەسلەپىدىلا بۆرىنى ئۆزلىرىگە ئەجداد، قوغدىغۇچى، قۇتقۇزغۇچى ئىلاھ ھېسابلىغان. شۇڭا، سەپەرلەرگە چىققاندا، بۆرە ئوشۇقىنى ئۆز يېنىدىن ئايرىمايدىغان بولغان، سەپەرلەردە ئالدىغا بۆرە ئۇچرىسا «سەپىرىم ئاق يوللۇق بولىدىغان بولدى» دەپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرىدىغان، ئەگەر تۈلكە ئۇچرىسا «سەپىرىمدە بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىدىغان بولدى» دەپ، يولنى داۋاملاشتۇرماي قايتىپ كېلىدىغان ئادەتلەر، ئەنە شۇ تۇتېم ئەقىدىسىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇنداق ئادەتلەر خەلقىمىز ئارىسىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۆرە تۇتېمىنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىكى ساقىندىلىرىنىڭ تاكى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. كېيىنچە كىشىلەر قەبىلە ئەزالىرىنىڭ باتۇر، چيۋەر بولۇش- بولماسلىقى قەبىلىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ياكى خاراپ بولۇشىدىكى ئاساسلىق ئامىل ئىكەنلىكىنى بارغانسىرى تونۇپ يەتكەنسىرى، قەبىلە ئىچىدىكى باتۇر قەبىلە باشلىقلىرى ۋە ئۇرۇش قەھرىمانلىرى كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە

ئىرىشكەن. شۇنداقلا ئۆلگەندە، ئۇلارنىڭ روھى قەبلىنىڭ ھىمايىچىسىگە ئايلانغان. كېيىنچە ئائىلە باشلىقلىرىغا يەنى ئەجدادلىرىغا بولغان ئېتىقاد تەدرىجى قەبىلە قەھرىمانلىرىغا بولغان ئېتىقادنىڭ ئورنىنى ئىگەللەشكە باشلىغان. بۇ خىل ئەجداد ئېتىقادى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردىمۇ، بۇددا دىنى بىلەن بىرىككەن ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

كېيىنچە يۇقىرىقىدەك ئادەتلەر ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنمۇ، ئىسلام ئەقىدە ـ ئەھكاملىرىنىڭ روھىغا ئۇيغۇنلاشقان ئاساستا داۋاملاشقان. مەسىلەن، ئاتا- ئانام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارغا قانداق ياخشىلىق قىلىمەن؟ دېگۈچىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ : «ئىككىسىگە دۇئا قىلغىن، ئىككىسىگە مەغپىرەت تىلىگىن، ئىككىسىنىڭ ۋەسىيتىنى ئادا قىلغىن، ئىككىسىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىغا ساخاۋەت قىلغىن، ئىككىسىنىڭ دوست- بۇرادەرلىرىگە ئىكراملىق مۇئامىلە قىلغىن.»دېگەنگە ئوخشاش ھەدىسلەر، دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشقان ۋە جىنازە نامىزىنى كۆرگەن ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئىخلاس ۋە ھۆرمەت بىلەن جىنازە نامىزىدا تۇرۇپ، مەرھۇمغا دۇئا قىلىشى، ئاللاھدىن ئۇنىڭغا مەغپىرەت تىلىشى، شۇ ئارقىلىق ئۆلۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشىنىپ، ھاياتنى قەدىرلەپ ياخشى ئىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى كۆپلەپ قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدىكى ئايەت- ھەدىسلەر ئۇيغۇر روھىيتىگە سىڭىپ كىرىپ، بۇرۇنقى ھەر خىل ئېتىقاد ۋە دۇنيا قاراشلارنىڭ قالدۇق ئىزنالىرى بىلەن بىرىكىپ، ئىسلامىيەتتىن بورۇنقى ئۇزاق تارىختا خەلقىمىزنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە روھىي- مەنىۋى ھاياتىدا ئۇلارنىڭ ھىمايىچىسى، قوغدىغۇچىسى ۋە روھىي يۆلەنچۈكى بولغان شەيئىلەرگە تېۋىنىش پىسىخىكىسىغا ئىسلام تۈسىنى بېرىپ يەنىلا ئۇز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلدى.

بۇنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىلىرىدىن بىرى، 17- ئەسىردىن 20- ئەسىرگە قەدەر بولغان ئۇزاق تارىختا تازا ئەۋجىگە چىققان مازار تاۋاپچىلىقى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى بولغان شامانىزمنىڭ قالدۇق ئىزنالىرىنى ۋە ئىسلامى خاسلىقنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئويلىنىپ كۆرەيلى، شامانىزم ئۇيغۇرلارنىڭ دىن تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن تاكى ھازىرقى زامانىمىزغىچە بولغان ئارىلىقتا نۇرغۇن ئادەتلىرىنى ساقلاپ كەلدى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بىر قىسىم شامانىزملىق ئادەتلەرگە ئىسلامى تۈس بەردى. مەسىلەن، قەدىمكى زامانلاردا كىشىلەر شامان باخشىلىرىنى، قام (شامان) دېگەن. «يەلۋى» (سېھىرگەر) بارلىق قۇدرەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەندۈرگۈچى سۈپىتىدە، جىن- شەيتانلارنى ئىشقا سېلىپ، «يىگ» (كېسەل) داۋالايدۇ؛ شۇنىڭدەك «ئىرق» (پال) ئېچىپ، ياخشىلىق- يامانلىقتىن ۋە كەلگۈسىدىن بىشارەت بېرىدۇ. كىشىگە قايسى جىن- ئالۋاستى ياكى يامان ئەرۋاھنىڭ چېپىلغانلىقىنى سۈرۈشتۈرىدۇ، ئۇنى قارغايدۇ، قۇدرەتلىك نۇرانە روھىي كۈچلەرنى ياردەمگە چاقىرىپ،

جاھىل جىن- ئالۋاستى ياكى يامان ئەرۋاھلارغا قارشى ئەپسۇن ئوقۇپ، قورال كۆتۈرۈپ، ئوت چېچىپ سېھرگەرلىك قىلىدۇ، تۇغۇتنى يەڭگىللەشتۈرىدۇ دەپ بىلگەچكە، قەدىمكى زاماندىكى كىشىلەر «يەلۋى» (سېھرگەر) لەرنى تەڭرىنىڭ سىمۋولى دەپ ئېتىقاد قىلغان. شۇڭا، ئادەتتە تۇغۇلۇش، قېرىش، ئاغرىش، ئۆلۈش، بېيىش، يوقسۇللۇق، كەم ھوسۇل ئېلىش، يارىشىش ياكى ئۇرۇشۇش دېگەندەك ئىشلاردا كىشلەر شۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغان.

ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي- مەنىۋى دۇنياسىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان ئەنە شۇ شامانىزملىق ئېتىقاد ۋە دۇنيا قاراش، ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى دەۋرلەرگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئىسلام دىنىدا گەرچە 《...دىنىڭنى شېرىكتىن (ۋە رىيادىن) ساپ قىلغىنىڭ ھالدا ئاللاغا ئىبادەت قىلغىن. بىلىڭلاركى، (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ دىن ئاللاغا خاستۇر، ئاللانى قويۇپ بۇتلارنى ھامىيچى قىلىۋالغانلار> :بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى ئاللاغا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر) <دەيدۇ). ئاللا ھەقىقەتەن يالغانچىنى، (ئاللانىڭ نېمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلغۇچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ》دېيىلىپ ھەرقانداق مەۋجۇت ئوبيېكىتقا چوقۇنۇش مەنئىي قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بارا- بارا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ كۈچىيىشكە باشلىغان سوپى- ئىشانلارنىڭ ئەسلى ئىسلام روھىيتى، ئايەت- ھەدىس مەزمۇنلىرىغا خىلاپ ئىش- ھەرىكەتلىرى، «پەيغەمبەر ئەۋلادى» دەپ ناھايىتى ئۈستىلىق بىلەن توقۇپ، ئويدۇرۇپ چىققان نەسەب- شەجەرىلىرى، ئادەتتىكى كىشلەردىن ئۈستۈن تۇرۇدىغان «ئىلاھىي خۇسۇسىيەت» لىرى، بەندە بىلەن ئاللا ئوتتۇرىسىدىكى 《ۋاستىچى》، كىشلەرنى 《جەننىتى - دوزىقى》 دەپ ئايرىغۇچى دېگەندەك قاراشلار، يۇقىرىدا بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن شامانىزملىق ئېتىقاد ۋە قاراشلارغا ناھايىتى تونۇش بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي- مەنىۋى دۇنياسىغا ناھايىتى ئاسان سىڭىپ كىرىپ ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ۋە مازار تاۋاپچىلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا سەۋەپ بولغان.

سىلىشتۇرۇپ كۆرەيلى، كىشلەر شامان باخشىلىرى ئادەملەر بىلەن جىن- ئالۋاستىلار ئارىسىدىكى ۋاستىچى دەپ قارىغان، سوپى- ئىشانلارنى بەندە بىلەن ئاللا ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچى دەپ قارىغان. شامان باخشىلىرىنى ياخشىلىق، يامانلىق ۋە كەلگۈسىدىن بىشارەت بېرەلەيدۇ دەپ قارىغان، سوپى- ئىشانلارنىمۇ ياخشىلىق، يامانلىق ۋە كەلگۈسىدىن بىشارەت بېرەلەيدۇ دەپ قارىغان. شامان باخشىلىرىنى تەڭرىنىڭ زاھىرى دەپ ئېتىقاد قىلغان، سوپى- ئىشانلارنى ئاللانىڭ دوستى دەپ ئېتىقاد قىلغان. قىسقىسى، شامانىزم دەۋرىدە «تۇغۇلۇش، قېرىش، ئاغرىش، ئۆلۈش، بېيىش، يوقسۇللۇق، كەم ھوسۇل ئېلىش، ئۇرۇشۇش ياكى يارىشىش دېگەندەك ئىشلاردا، شامان باخشىلىرىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالغان»بولسا، ئىسلامىيەت دەۋرىدە «يامغۇرنىڭ يېغىشى، يەر- زېمىندا ئۆسۈملۈك، گۈل- گىياھلارنىڭ ئۈنمەكلىكى، ئۇلۇغ ئەۋلىيالارنىڭ قەدەملىرىنىڭ بەرىكىتىدىندۇر.»دەپ قارىغان.

دېمەك، ئۇيغۇرلارغا پۈتۈنلەي تونۇش بولغان شامانىزملىق ئېتىقاد ۋە قاراشقا تامامەن يېڭى كېلىدىغان رىياكار، تېجمەل، جاھالەتپەرەس سوپى- ئىشانلارنىڭ ئالدامچىلىق، ساقتىلىق بىلەن يۇغۇرۇلغان تەلىماتلىرى، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى تارىختا، ئەجداد، پىر- ئۇستاز ۋە ھەر خىل نامىلاردىكى تېۋىنىش ئوبيېكتلىرىغا چوقۇنۇپ، ئارزۇ- ئىستەكلىرىنى مۇناسىۋەتلىك ئىلاھلارغا يەتكۈزۈپ ئادەتلەنگەن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن، ھاياتىي دۇنيادا تىرىك سوپى- ئىشانلارغا قول بېرىپ، مۇرىت بولۇپ، قۇلچىلىق قىلىش، چوقۇنۇش، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مازار- مەقبەرەلىرىنى زىيارەت ۋە تاۋاپ قىلىش، چوقۇنۇش، ناھايىتى كۆچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان ئىدى. خوتەندىكى ئىماملار مازارلىرى، تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردىكى شېھىتلىكلەر، سوپى- ئىشانلار مازار- مەقبەرەلىرى، كىشلەرنىڭ ئاشۇ خىل پىسخىك تەلەپلىرىنى قاندۇرۇپ كەلگەن، بۇ خىل پىسخىك تەلەپنىڭ تەسىرى بىلەن، مازارلارنى زىيارەت قىلىش، تاۋاپ قىلىش ۋە چوقۇنۇش ناھايىتى زور كۆلەمگە ئىگە بولغان. يەنە كېلىپ دەل ئەنە شۇنداق پىسخىك تەلەپ كىشلەرنىڭ روھىي- مەنىۋى دۇنياسىدا بولغانلىقتىن، مازار تاۋاپچىلىقنىڭ كۆچىيىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مازار تاۋاپچىلىق خەلقنىڭ مەلۇم مەنىۋى ئېھتىياجى، ئارزۇسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، بىر خىل مەدەنىيەت سۈپىتىدە تا ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى تارىختا مازار تاۋاپچىلىقى ئەڭ ئەۋجگە چىققان دەۋر 17 – ئەسىردىن 20 – ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا قەدەر بولغان دەۋر بولدى. بۇ تارىخ مەخدۇم ئەزەم جەمەتىدىن ئىبارەت ئەڭ چوڭ دىنىي- سياسىي كۈچ ۋە ئۇلار پەيدا قىلغان 《ئاق تاغلىق》 ۋە 《قاراتاغلىق》 لار گۇرۇھى باش كۆتىرىپ چىقىش، تەرەققىي قىلىش، زاۋاللىققا يۈزلىنىش، يېڭى سۇلۇك- تەرىقەت تەرغىباتچىلىرى بولغان ئىمام رەببانىچىلار باش كۆتۈرۈپ چىقىپ كەڭ تارقىلىشقا باشلاش، كونا- يېڭى سوپى- ئىشانلار سۇلۇك- تەرىقەتلىرى ئالمىششىقا، كۈچ- سېلىشتۇرمىسىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە باشلاشتەك جەريانلارنى بىشىدىن ئۆتكۈزدى. گەرچە بۇ دەۋردە ھەرخىلناملار بىلەن ئاتالغان سۇلۇك- تەرىقەتلەر ئارا شۇنچە چوڭ ئۆزگىرىش ۋە ئالمىشىش بولغان بولسىمۇ، مازار تاۋاپچىلىقى پەسكويغا چۈشمەستىن ياكى تاۋاپ، زىيارەتنىڭ كۆلىمى، قېتىم سانى، ئادەمنىڭ ئاز- كۆپلۈكى جەھەتتە كىچىكلەشكە، ئازلاشقا ۋە ئاجىزلاشقا يۈزلەنمەستىن، ئەكسىچە بىر خىل ئىزچىللىقنى ساقلاپ داۋاملىشىپ كەلدى. تاۋاپ- زىيارەت، چوقۇنۇشنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى، تارىخىمىزدا خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلغان مالىمانچىلىق، پاتپاراقچىلىق پەيدا قىلغان ئاشۇ بىر توپ سوپى- ئىشانلارنىڭ مازار- مەقبەرەلىرى بولدى. ئۇلار ھايات چېغىدا كىشلەرنىڭ ئۇلارغا قىلغان ئىخلاسى، ساداقىتى، ئىتائەتمەنلىكى ۋە قۇلچىلىقلىرى ئازلىق قىلىپ يەتمىگەندەك، ئۇلار قارا تۇپراقنىڭ ئاستىغا

كۆمۈلگەندىن كېيىنمۇ، مازار- مەقبەرەلىرى يەنىلا ئوخشاش سانسىزلىغان كىشلەرنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ۋە تاۋاپگاھىغا ئايلىنىپ كەلدى.

ئەلۋەتتە ئۇزاق تارىختىن بېرى سانسىزلىغان كىشلەر تەرىپىدىن تاۋاپ قىلىنىپ كېلىۋاتقان مازارلار يالغۇز ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدە تارقىلىشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان تەرىقەت پېشىۋالىرى، شۇنداقلا سىياسىي ھاكىمىيەتكە ئىنتىلىش روھى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان سوپى- ئىشانلارنىڭ مازار- مەقبەرەلىرى بولۇپلا قالماستىن،بەلكىيەنە ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان ھەر قايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن ھۆكۈمرانلار، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش، كېڭەيتىش يولىدىكى «جىھاد» لاردا شېھىت بولغانلار، ئۇيغۇر ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئالىم، مۇتەپەككۇرلارنىڭ مازار – مەقبەرەلىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىسلام دىنى بىلەن باغلىنىشى يوق نۇرغۇن مازارلارمۇ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە نۇرغۇنلىغان توقۇلما مازارلارمۇ بار ئىدى. بۇ خىل مازارلار ئىسلام تۈسىنى ئالغان رىۋايەتلەر ئارقىلىق ئىسلام دىنى بىلەن باغلىنىشلىق قىلىپ كېلىنگەچكە، ئىسلام دىنى مۇھىتىدا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تا بۈگۈنگىچە ساقلاپ كەلگەن. بۇ، بىزگە مازار زىيارەت قىلىش، تاۋاپ قىلىش پائالىيەتلىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوخشىمىغان دىن، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر مۇھىتىدا ياشىغان دەۋرلىرىدىمۇ شۇ خىل دىن، شۇ خىل ئېتىقادقا ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئۆزگىچە خاسلىق ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە قەبرە زىيارەت قىلىش، تاۋاپ قىلىش پائالىيەتلىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

بىزگە مەلۇم ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام ئەقىدە- ئەھكاملىرى ئاساسىدىكى دەپنە ئادەتلىرى ۋە قائىدە- يوسۇنلىرى بىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كىرىپ، ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىغا ئايلاندى. بىراق ئەزەلدىن ئاددىي دەپنە قىلىش، تېزلىكتە دەپنە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقان ئىسلام تەلىماتلىرى، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى بۇددىزملىق، زورۇئاستىرىزملىق ۋە شامانىزملىق ئېتىقاد ۋە تەلىماتلىرىنىڭ قىسمەن قالدۇقلىرىنىڭ ئىسلام مۇھىتىغا ئېقىپ كىرىشى ۋە مۇشۇ خىل شارائىتتا ساقلىنىپ، قىسمەن ئىسلامى ئادەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتىشى نەتىجىسىدە، بىزنىڭ دەپنە ئادەتلىرىمىزدىمۇ قىسمەن ئۆزگىچىلىك ۋە ئالاھىدىلىكلەرنى پەيدا قىلدى. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ۋە ئۆزگىچىلىك خوجا- ئىشانلار تەرىقىتى قانچىلىك كۈچەيگەنسېرى شۇنچە روشەن نامايان بولدى.

خوجا – ئىشانلارنىڭ مازار- مەقبەرەلىرىنى ھەشەمەتلىك گۈمبەز، قەبرە، خانىقا ۋە ئۆي- تۇرالغۇلۇق قىلىپ ياساتقۇزۇشى، زىيارەت قىلىش، تاۋاپ قىلىش ۋە چوقۇنۇشنى ئەۋجگە كۆتۈرۈشى، شۇنداقلا مازار – مەقبەرەلەرنى تاۋاپ ۋە زىيارەت قىلىشنى كۆلەم، داغدۇغا، ۋاقىت، تاۋاپ ئۇسۇلى ۋە ئادەت جەھەتلەردىن مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈشى، مازار تاۋاپ قىلىش،

زىيارەت قىلىشنىڭ سوپى – ئىشانلىقنىڭ مەھسۇلى ياكى كەشپىياتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مەشھۇر سوپى- شەيخلەرنىڭ مازار- مەقبەرەلىرىنى ناھايىتى ھەشەمەتلىك قىلىپ ياساش، زىيارەت ۋە تاۋاپ قىلىش، سوپىزم تەلىماتلىرى ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيىگە ئايلانغان ئوتتۇرا ئەسىردىن تاكى زامانىمىزغىچە ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئومۇمىي ئەھۋال بولۇپ، ئوخشىمىغان دۆلەت، رايون، مىللەت ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرىكىشىدىن يۇغۇرۇلغان ئىسلام دۇنياسىدا، ئاشۇ ئوخشىماسلىقلار ئىسلام ئەقىدە- تەلىماتلىرى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە بىرىكىپ، يۇغۇرۇلۇپ كەتكەچكە، ھەر قايسى جايلاردىكى مازار تاۋاپچىلىقىدا ئۆز جايىنىڭ يەرلىك، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە خاسلىقلىرىنى نامايەن قىلىپ كەلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ھەر خىل مازار- مەقبەرەلەردىكى ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ تەسىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، يەنە كېلىپ بۇ شۇ شەخسنىڭ ھاياتى دۇنيادىكى ئىش- ھەرىكەت، پائالىيەتلىرى، تۆھپىسى، تەسىرى، قىلغان ياخشى ئىش، ياخشى ئەمەللىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مازار- مەقبەرەلىرىنى زىيارەت، تاۋاپ قىلىشنىڭ كۆلىمى، داغدۇغىسى، ۋاقتى، تاۋاپ ئۇسۇلى ۋە ئادەتلىرى جەھەتتىمۇ مەلۇم پەرقلەر ساقلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن، «قادىرىيە» تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىسى ئابدۇقادىر جىلانى (1078-1166- يىللار) نىڭ باغدادتىكى قەبرىسى خەلقئارالىق تاۋاپگاھقا ئايلانغان بولۇپ، قادىرىيە تەرىقىتىنىڭ مۇرىت- مۇخلىسلىرى ھەر يىلى مىسىر، سۇرىيە، يەمەن، تۈركىيە، ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىن باغدادقا بېرىپ، ئۇنىڭ مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. «مەۋلىۋىيە» تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىسى مەۋلانا جالالىدىن رۇمى (1207-1273- يىللار) نىڭ كونيا (تۈركىيىدە) دىكى قەبرىسى تۈركىيە ۋە باشقا ئەرەب ئىسلام ئەللىرىدىكى «مەۋلىۋىيە» تەرىقىتىنىڭ مۇرىت- مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن تاۋاپ قىلىنىپ كېلىنگەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ئىسلام ئەقىدە- ئەھكاملىرىنىڭ كەڭ تارقىلىشى ۋە ئومۇملىششىدا ئاجايىپ خىزمەت كۆرسەتكەن خوجا ئەھمەد يەسەۋى (؟- 1166- يىللار) نىڭ تۈركىستان شەھرىدىكى قەبرىسى ۋە بەھاۋۇددىن نەقشبەندى (1314- 1389- يىللار) نىڭ بۇخارادىكى قەبرىسىمۇ ئوخشاشلا خەلقئارا تاۋاپگاھقا ئايلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ، ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستان، تۈركىيە ۋە كاۋكاز رايونىدىكى «يەسەۋىيە» ۋە «نەقشبەندىيە» تەرىقىتىدىكىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ تاۋاپگاھىغا ئايلىنىپ كەلگەن. بۇلاردىن باشقا، يەنە 《سۇھرىۋەردىيە》 ۋە 《چىستىيە》 تەرىقەتلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىمۇ خېلى كەڭ بولۇپ، تا ھازىرغىچە مۇشۇ تەرىقەتلەرنىڭ ئاساسچىلىرىنىڭ مازار –

مەقبەرەلىرىنى تاۋاپ قىلىش ئادەتلىرىمۇ داۋاملىشىپ كەلگەن. شىنجاڭدا بولسا 17- 18- 19- ئەسىرلەردە ئەڭ ئەۋجىگە چىققان سوپى- ئىشانلىقنىڭ ئەقىدە- تەلىمات، ۋەز- تەبلىغ ۋە ئاشۇ خوجا - ئىشانلارنىڭ شەرىپىگە ئوقۇلغان مەدھىيىلەرنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، نەچچە ئونمىڭلىغان بىگۇناھ جانغا زامىن بولغان ئاشۇ بىر توپ رىياكار، تېجىمەل، جاھالەتپەرەس خوجا- ئىشانلارنىڭمۇ مازار- مەقبەرەلىرى ناھايىتى ھەشەمەتلىك قىلىپ ياسىلىپ، سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ زىيارەت، تاۋاپگاھىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

ئالدىنقى بايانىمىز بىلەن كېيىنكىسىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئويلىنىپ كۆرەيلى، بىرنەچچە ئەسىرلىك تارىخىمىزدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ ئۆتكەن ئاشۇ بىر توپ خوجا- ئىشانلارنىڭ كاساپىتىدىن، ئاشۇ دەۋر تارىخىمىزنىڭ گۇۋاھ شاھىدى بولغان تارىخ بەتلىرىمىزدىكى ياش بىلەن نەملىنىپ، قان بىلەن بويالغان قۇرلىرىغا نەزىرىمىزنى سالغىنىمىزدا، مۇنداق بىرنەچچە سوئال بىزدىن جاۋاب تەلەپ قىلىدۇ: بىرى، ئابدۇقادىر جىلانى، مەۋلانا جالالىددىن رۇمى، خوجا ئەھمەد يەسەۋى ۋە بەھاۋۇددىن نەقشىبەندىلەر ھەق، توغرا ئەقىدە- تەلىماتلارنى تارقىتىپ، سۈننەتنى تۇتقۇ قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ، شۇ ئاساستا پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلىگەچكە، ئۇلارنىڭ نام- شۆھرىتى يالغۇز ئۇلار ھايات چاغدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلار پانىي دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا داۋاملىشىپ كەلگەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ مازار- مەقبەرەلىرىنى زىيارەت قىلىش، تاۋاپ قىلىش، كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتى ۋە سېغىنىشىدىن بولغان تۇرسا، بىزنىڭ تارىخىمىزدا قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالماي، سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلغان خوجا- ئىشانلارغا، خەلقىمىز خۇددىي ئۇلارنىڭ ئاشۇ قىلغان ئەسكىلىكلىرى، قىرغىنچىلىقلىرى، بۇلاڭ-تالاڭلىرىغا، رەھمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن تاۋاپ قىلىپ چوقۇنامدىغاندۇ؟ يەنە بىرى، نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ نەچچە ئەسىر مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرى بولغان خوجا- ئىشانلارغا قول بېرىپ مۇرىت بولۇپ، ئۇلارغا ئىخلاسى، ساداقىتى ۋە ئىتائەتمەنلىكىنى بىلدۈرگىنى ئازلىق قىلىپ قالغانمىدۇ؟

17 –ئەسىردىن 20 – ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى تارىخىمىزدىن مەلۇمكى، مازارلارنى تاۋاپ قىلىش ئاساسلىق رىياكار خوجا – ئىشانلارغا چوقۇنۇش خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، ئاۋامنىڭ ئۆزلىرىگە ئەسەبىيلەرچە چوقۇنۇشىنى پەيدا قىلىش خوجا – ئىشانلارنىڭ ئاۋام خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە رام قىلىشتىكى مۇھىم ۋاستىسى بولۇپ كەلگەن. 《مەخدۇم ئەزەم تەزكىرىسى》 دىكى: 《خۇدا ئۇلۇغ زاتلارنىڭ قەبرىلىرىنى ھاجەت ئىگىلىرىنىڭ پىنھان جايى قىلدى. ھەرقانداق قىيىنچىلىقتا دۇچار بولۇپ، گاڭگىراپ قالغان چېغىڭلاردا ئۇلۇغ مازارلاردىن ياردەم سوراڭلار》دېگەن سۆز دەل شۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن.

ھەقىقەتەن خوجا ـ ئىشانلارغا تىرىك ۋاقتىدا قول بېرىپ مۇرىت بولۇپ خىزمىتىدە بولۇش، ئۆلگەندىن كېيىن مازار ـ قەبرىگاھلىرىنى تاۋاپ قىلىش، مەيلى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياكى شىنجاڭدا بولسۇن، ئوخشاشلا ئومۇمىيۈزلۈك بىر ئىجتىمائىي ھادىسىگە ئايلانغان بولۇپ، بۇ ئەھۋال ئوتتۇرا ئاسىيادىكىدىنمۇ شىنجاڭدا ئېغىرراق بولغان. بۇخارادا باھاۋۇددىن نەقشىبەندى، ئابدۇخالىق غىژدۇۋانى مازارلىرىغا، سەمەرقەنتتە خوجا ئەھرار، تۈركىستاندا خوجا ئەھمەد يەسەۋى، پەرغانىدا شەيخ شاھمەردان،قەشقەردە ئاپاق خوجا مازارلىرىغا تاۋاپ قىلىش ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاپاق خوجا مازىرىنى تاۋاپ قىلىش، جۈملىدىن مەخدۇم ئەزەم پۇشتى تۇرۇپ ئۆزلىرىنى 《پەيغەمبەر ئەۋلادى》 دەۋالغان 《ئۇلۇغ خوجىلار》 غا چوقۇنۇش باشقىلارغا قارىغاندا كۈچلۈك بولغان. چۈنكى، شۇ تارىختا ئۇلارنىڭ خەلقىمىزنىڭ روھىي ـ مەنىۋى دۇنياسىغا كۆرسەتكەن تەسىرى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە ئېغىر بولغان. يەنى گەرچە خوجا ـ ئىشانلار ئۆز مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا بىر دەۋر پالاقشىپ، تىنىم ـ تاپماي قۇتراپ، ھەر خىل رەزىل سىياسىي 《ئويۇنلار》 نى ئويناپ، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانلىق سەلتەنەتىنى ناھايىتى قىسقا مۇددەت ئالقىنىغا ئېلىپ دۇنيادىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ روھىي مەنىۋىيىتىمىزگە كۆرسەتكەن تەسىرى خوجىلار 《خانلىقى》 تارىخىدىن ئۇزۇن بولغان. بۇ توغرىدا ئەگەر بىز ئەينى دەۋردە ئەۋج ئېلىپ، تەسىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن مازار تاۋاپچىلىقى ئادەتلىرىمىزدىكى روھىي ـ مەنىۋى ئىللەتلىرىمىزگە نەزەر سالىدىغان بولساق، تۈركىيىلىك يازغۇچى، مائارىپچى ئە .ك .ئىلكۈل 《قەشقەر ئادەتلىرى》 ناملىق ئەسىرىدە ئەينى دەۋردىكى قەشقەرنىڭ 《ئايەم كېچىسى》 (تۈنەك ئاخشىمى) دىكى 《ھەزرەت سەيلىسى》 توغرىسىدا بىزنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇ : 《قەشقەرلىكلەرنىڭ ئاپاق خوجىغا بولغان ئىخلاسى بەك چوڭ،ئۇ زاتقا بولغان مۇھەببەت ۋە ئېتىقادى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، كىشىلەر قەبرىنىڭ ھاكلانغان ۋە سىرلانغان تاشلىرىغا يۈزلىرىنى يېقىپ، قەبرىنىڭ قىرلىرىنى چىشلىشىپ، ئاشقازان ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ دېيىشىپ، گۈمبەزدىكى ياغاچلارنىڭ قوۋزاقلىرىنى غاجىلايدۇ، ھامىلدار ئاياللار تۇغىتىمىز ئاسان بولىدۇ دەپ، مازارنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويۇلغان قوشقارلارنىڭ مۈڭگۈزلىرىنى، ياكى رەخت پارچىلىرىنى قورساق، بەللىرىگە باغلاپ يۈرۈشىدۇ. تويلاشماقچى بولغان ئەر، ئالماقچى بولغان ئايالنى ئايەمدە ئاپاق خوجىنىڭ مازارلىقىغا ئېلىپ بېرىشى شەرت قىلىنغان، ئەگەر ئەرنىڭ پۇلى بولمىسا، قازان، كوزا، چىنە ـ چەينەكلەرنى سېتىپ بولسىمۇ بۇ شەرتنى ئادا قىلىدۇ، توپ ـ توپ بولۇپ ئولتۇرۇشقان، مەيدىسى ئوچۇق كىشىلەر قىمار ئوينىشىدۇ، نەشكەشلەر تاڭ ئاتقۇچە نەشە چېكىشىپ كاللىسىنى قاپاق قىلىشىدۇ》دەيدۇ. بۇ خاتىرىدىن، خۇراپاتلىق، نادانلىقنىڭ قورالى ۋە قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ روھىي ـ مەنىۋى دۇنياسىدىكى زەئىپلىك، خۇنۇكلۇك، قالاقلىق، قاشاقلىق، نادانلىق ۋە نامراتلىقنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. مانا بۇ، روھىي ـ مەنىۋى دۇنياسى بۇلغانغان، ھەر خىل《چوڭ ـ كىچىك ئىللەتلەر بىلەن يۇقۇملانغان》 جاھالەتپەرەس خوجا ـ ئىشانلارنىڭ نادان ـ ساددا

مۇسۇلمانلارنى 《روھي پاكلىنىش مەنزىلىگە يېتەكلىگەن》 لىكىنىك ئاقىۋىتى ئىدى. شۇ ۋەجىدىن چوقان ۋەلىخانوف: 《كىشىلەر خوجىلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى قەتئىي توغرا دەپ ئىشىنىدۇ. خوجىلار زىناخورلۇق قىلسا، ھاراق ئىچسە، كوچىلاردا ئاياللارنى تۇتۇۋېلىپ چۈمبىلىنى ئېچىۋەتسە، كىشىلەرگە ئۇلار ساۋابلىق ئىش قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ھېچكىم ئۇلارنى توسۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. بولۇپمۇ قەشقەرلىكلەر خوجىلارنى كاتولىك مۇخلىسلىرى پاپانى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلەيدۇ. ئۇلار خوجىلارنى بارلىق ئىشلاردىن پاك ئىنسان دەپ قارايدۇ》دەپ يازغانىدى.

پانىي ئالەمدە نادان، ساددا ئادەملەرنى ئازدۇرۇپ، قايمۇقتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ساداقەتمەن، ئىخلاسمەن مۇرىت - مۇخلىسلىرىغا ئايلاندۇرۇپ، ئىسلام تۈپ ئەقىدىسىگە پۈتۈنلەي زىت بولغان 《شەخسكە چوقۇنۇش》 نى پەيدا قىلغان خوجا - ئىشانلار بۇنىڭلىق بىلەنلا ئىنساپ قىلىپ قالماي، باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىپ جىسمى تۇپراققا ئايلانغاندىن كېيىنمۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆز قەبرىلىرىگە يۈز - كۆزىنى يېقىپ تۇرۇپ يىغلاپ، جانسىز جىسملىرىغا يالۋۇرۇش، مازار - گۈمبەزلىرىگە ئېسىلغان قوشقار مۈڭگۈزلىرى، كالىلارنىڭ قۇيرۇقلىرىغا يۈزلىرىنى يېقىپ تۇرۇپ 《مازار خوجام مېنى باي قىل》، 《مېنى مەقسەت مۇرادىمغا يەتكۈز》، 《مېنى بالا - قازادىن ساقلا》 دېگەندەك بىر قاتار خۇراپىي، سەپسەتە خاراكتېرىدىكى گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەتلەرنىڭ ئۇزاققىچە داۋاملىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، ئىسلامنىڭ ھۆكمى ۋە قائىدىلىرىگە تۈپتىن خىلاپ ۋە زىت بولغان بۇنداق خۇراپاتلىقلار تاكى زامانىمىزغىچە داۋاملىشىپ كەلدى.

نىمە ئۈچۈن 17 - ئەسىردىن 20 - ئەسىرگىچە بولغان تارىخىمىزدا مازار- مەقبەرەلىرىنى تاۋاپ قىلىش شۇنچىۋالا ئەۋج ئېلىپ كىتىدۇ؟

بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەپ:

بىرىنچى، سوپى- ئىشانلارنىڭ ئۆزلىرىنى «پەيغەمبەر ئەۋلادى» دەپ ئاتىۋالغان «ئۇلۇغ»، «ئالي» نەسەپ شەجەرىلىرى، كەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنە شۇ خوجا - ئىشانلارنىڭ مازارلىرىغا تېۋىنىشىنىڭ كۈچلۈك ھەيدەكچىسىگە ئايلانغان.

تەرىقەت پىرلىرى بولغان مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرى باشتىن- ئاخىر ئۆزلىرىنى «پەيغەمبەر ئەۋلادى» دېگەن نام بىلەن نىقاپلاپ، كەڭ مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئەڭ ئالي ھۆرمەتكە سازاۋەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى جەمەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ، ئالي ناملىرىنى سۇيئىستىمال قىلىپ، ئاجايىپ ساقتىلىق، يۇقىرى ھىيلىگەرلىك بىلەن، قارىماققا ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەۋلادىكەن دەپ قالغۇدەك دەرىجىدىكى نەسەب- شەجەرە جەدۋەللىرىنى توقۇپ چىقىپ، سانسىزلىغان ئادەملەرنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىززەت- ئىكرامىنى قولغا كەلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ساقتىلىق، ئالدامچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان «ئالي، ئۇلۇغ نەسەپلەر» ھايات چېغىدا، سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ يۈكسەك

هۆرمىتگە سازاۋەر بولغان بولسا، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ قەبرىلىرى يەنىلا ئوخشاش شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ تاۋاپ ۋە زىيارەتگاھىغا ئايلانغان

ئىككىنچى، 《ئاق تاغلىق》 ۋە 《قاراتاغلىق》 خوجا ئەۋلادلىرى شىنجاڭ رايونىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۆزئارا جىددىي رىقابەتلىششىكە ۋە بىر – بىرىگە سۇيىقەست ئىشلىتىشكە كىرىشكەن بولۇپ، بىر ئامال قىلىپ قارشى تەرەپنى بېسىپ چۈشۈشكە، قارشى تەرەپنىڭ ئابروينى چۈشۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ھەرىكەتلەنگەن. ئۇلارنىڭ كۈرىشى بەزىدە مازارنى دەۋر قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان، نەتىجىدە، مازار ياساش ۋە مازارپەرەسلىك ئەۋج ئېلىپ كەتكەن. ئاپاق خوجىنىڭ دادىسى خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ئۆلۈش ئالدىدا ئۆزى ئۈچۈن كەلگۈسىدە تىكلەنگۈسى مازارنىڭ ئورنىنى بەلگىلەپ بېرىپ، مازارنىڭ ئۇلۇغلۇق دەرىجىسىنى ھەم ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئۇ مۇنداق ۋەسىيەت قىلغان: 《جانابى رەسۇلۇللا ۋە پۈتۈن خوجىلار، يار مۇھەممەد باي بىزگە نەزىر قىلىپ بەرگەن يەرنى بىزنىڭ دەپنە قىلىنىدىغان يېرىمىز قىلىپ بەلگىلىدى. بىزنىڭ پاك قەبرىمىز شۇ يەردە بولىدۇ. يارمۇھەممەد بۇرۇن نەزىر قىلىپ بەرگەن يەر ئەتراپىدىن يەنە 10 پەرسەخ (6 كىلومېتىر ئەتراپىدا) يەرنى قوشۇپ بەردى. مۇرىتلىرىمدىن مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغانلار قىيامەت كۈنى مىنىڭ مۇخلىسلىرىم قاتارىدا ئورۇن ئېلىپ، مەھشەرگاھقا ھازىر بولغۇسى. 《

خوجا مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ يۇقىرىقى ۋەسىيتى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇنداق بىر قانچە مۇھىم نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ:(1)خوجا مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ ھەزرەتتە دەپنە قىلىنىشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە خوجىلار بەلگىلەپ بەردى دېگەن گەپ، بۇ قەبرە ئاددىي قەبرە ئەمەس، مازار قىلىپ تىكلىنىشقا تېگىشلىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ(2).بىزنىڭ پاك قەبرىمىز دېگەن سۆز بىلەن ئۆزىنىڭ ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلماقچى بولىدۇ.(3)پاك قەبرە دەپ ئاتىغان جاي يالغۇز ئۆزىنىڭ قەبرىسى جايلاشقان يەرلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى 10 پەرسەخ كېلىدىغان جاينىڭمۇ مۇقەددەس جاي ھېسابلىنىدىغانلىقى ۋە بۇ جايلارغا دەپنە قىلىنغان ئادەملەرنىڭ قىيامەت كۈنى خوجا مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى ئىشارەت قىلىنىدۇ. دېمەك، خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ھايات ۋاقتىدىلا ئۆز قەبرىسىنىڭ كىشىلەر كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغان مازار بولۇپ قىلىشى توغرىسىدا ئالدىنئالا جامائەت پىكرى ھازىرلاشقا كىرىشكەن.

ئۈچىنچى، مۇشۇ دەۋر تارىخىي، ئىجتىمائىي شارائىت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، 19 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبە مېۋىسى، يەرلىك فېئودال پومىشچىكلار سىنىپىنىڭ ۋە ئىسلام دىنى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ئالقىنىغا چۈشۈپ كەتكەن. نەتىجىدە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا، يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلۇمىغا قارشى قوزغالغان داغدۇغىلىق، ھەققانىي كۈرەش، ھۆكۈمرانلارنى ئالماشتۇرۇپ، يەرلىك تەپرىقچى ھاكىمىيەت بەرپا قىلىدىغان قورالغا ئايلىنىپ قالغان. مەيلى خوتەن، كۇچا، ئىلى خەلقلىرىنىڭ قوزغىلاڭلىرى بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئاقىۋىتى ئوخشاش بولغان. يەنى

ھەممىسىنىڭ غەلىبە مېۋىسى بولۇنمە، تەپرىقچى كۇچلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان. خوتەندە ھەبىبۇللا، كۇچادا راشىدىن خوجا، ئىلىدا مەزەمزات، قەشقەردە ئاقتاغلىقلارنىڭ دىنىي كاتتىبېشى توختى ماموت، كېيىنچە قىرغىزلارنىڭ كاتتىبېشى تاشمىلىقلىق سىدىقلار ئىنقىلابنىڭ ئىگىلىرىگە ئايلانغان. دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئىستىقبالى سۈغا چىلاشقان، كەڭ خەلق ئاممىسى بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەررەك كۈنگە قالغان. فېئودالىزمغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭى، ئاخىرقى ھېسابتا ھەر قايسى جايلاردىكى بۆلۈنمە، تەپرىقچى كۇچلەرنىڭ ئۆزئارا يېغىلىقلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ھەر قايسى بۆلۈنمە، تەپرىقچى ھاكىمىيەتلەر بىر- بىرى بىلەن بولغان ئۆز- ئارا بۆلۈشۈۋېلىش، تالان- تاراج قىلىش، ھۇجۇم قىلىش جەڭلىرىدە، ئۆز مۇداپىئە كۇچلىرىنى ئاجىزلىتىپ ۋە خورىتىپ ماڭغان. بۇ ھال، ياقۇپبەگ ۋە چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بېسىپ كىرىشىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن. نەتىجىدە، پۈتۈن شىنجاڭنى يېغىلىق، قىرغىنچىلىق قاپلاپ سانسىزلىغان بىگۇناھ خەلق ئاشۇ مالىمانچىلىق قاپلىغان يىللاردا ھاياتى، مال- مۈلۈكى ۋە يۇرت- ماكانىدىن ئايرىلغان. مەسىلەن، 1864- 1865- يىللىرى بۇزرۇكخان تۆرىنى ئەگەشتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭ نامىنى سۇيئىستىمال قىلىپ، قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارنى تاجاۋۇزچىلىق بىلەن بېسىۋالغان ياقۇپبەگنىڭ خوتەندىكى قىرغىنچىلىقلىرى توغرىسىدا، موللا مۇسا سايرامى : «بىر جايدا بىر تۈمەن (10 مىڭ)، ئادەم ئۆلسە، بىر مۇردا (بىر ئۆلۈك) قولىنى كۆتۈرىدۇ. ئىككى تۈمەن ئادەم ئۆلسە، ئىككى مۇردا قولىنى كۆتۈرىدۇ. ئەگەر 10 تۈمەن ئادەم ئۆلسە، بىر مۇردا ئورنىدىن دەس قوپىدۇ»دەپ يازغان. دېمەك، شۇ قېتىم 4 مۇردا قولىنى كۆتۈرگەن بولۇپ، 4 تۈمەن (40 مىڭ) ئادەم ھالاك بولغان بولسا كېرەك.

»شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»ناملىق ئەسەردىمۇ ئاشۇ ۋەقە توغرىسىدا « ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى كۈرەش (خوتەندىكى جەڭ) بىر ئايدىن ئارتۇق داۋاملاشتى. 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى، سېپىل خەندەكلىرى ۋە بارلىق ئېرىق – ئۆستەڭلەر ئادەم جەسەتلىرى بىلەن تولۇپ كەتتى»دېيىلگەن. بۇلاردىن باشقا، «نۇرغۇن ئۇيغۇر ۋە باشقا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەزىز پەرزەنتلىرىنى خالىغانچە تۇتۇۋېلىپ، ۋەتىنىدىن ئايرىپ قۇل ئورنىدا پەرغانە، بۇخارا، بەدەخشان، ئىستانبۇل، ھىندىستانلارغىچە ئاپىرىپ ساتقان.«

دېمەك، يۇقىرىقى مانا شۇ مەلۇماتلاردىن، تارىخىي داۋالغۇش، پاتپاراقچىلىق، قىرغىنچىلىق، بۇلاڭ- تالاڭ قاپلىغان يىللارنىڭ، ئەسلىدىنلا نامراتلىق، كەمبەغەلچىلىك ئىچىدە ياشاپ كەلگەن خەلقنى تېخىمۇ ئېغىر كۈنگە مۇپتىلا قىلغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن «مازايىي- ماشايىقلارنى تاۋاپ قىلىش» نىڭ تەبىئىي ھالدا ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. شۇنداق قىلىپ مازار – ماشايىقلار ئېغىر كۈنگە دۇچار بولغان سانسىزلىغان خەلقنىڭ روھىي تەسەللى ئىزلەيدىغان، دەردمەنلەر ئۇچرىشىدىغان، سەدىقە، خەير- ساخاۋەتكە ئېرىشىدىغان سورۇنغا ئايلانغان بولۇپ، مازارلىقلار ئىسسىق جىننى ساقلاپ قېلىشنىڭ غېمىدە يۈرگۈچىلەرنىڭ ماكانى ۋە قونالغۇسىغا ئايلانغاندى.

تۆتنچى، خوجا – ئىشانلار ئۆزلىرىنى بارلىق كەشپۇ- كارامەت، مۆزىجە- تىلسىماتلارنى روياپقا چىقارغۇچى، ئۇنى ئاشكارىلىغۇچى دەپ كۆرسەتكەن بولۇپ، «پىر» (يول باشلىغۇچى، يېتەكلىگۈچى) قارىشى ۋە «ۋاستىچىلىك» ئىدىيىسى، ئاشۇ بىر توپ سوپى- ئىشانلارنىڭ مازارلىرىغا تېۋىنىشنىڭ مەنىۋى ئاساسىغا ئايلانغان.

تارىخىمىزدا ئەۋلادمۇ- ئەۋلاد داۋاملىشىپ خېلى ئۇزۇن تەسىرىنى كۆرسىتىپ كەلگەن مەخدۇم ئەزەم جەمەتى، ئۆزلىرىنى تەرىقەتنىڭ پىرى- مۇرشىدلىرى دەپ ئاتاپ، ئۆزىنىڭ مەزكۇر رايۇنغا كېلىشتىكى مەقسىتىنى، «تەرىقەتتە يول تاپالمىغانلارنى تەرىقەتكە باشلاش ئۈچۈن»دەپ چۈشەندۈرگەندىن باشقا، باقىي ئالەمدە 《كىشىلەرنى جەننەتتى ۋە دوزىقى دەپ ئايرىغۇچى》، 《ئۇلارنىڭ بارلىق چوڭ- كىچىك گۇناھلىرىغا كاپارەت بەرگۈچى》 دەپ ئاتاپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، بەندە بىلەن خۇدا ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك (ۋاستىچى) رولىنى تەشۋىق قىلىپ، «ھەر قانداق بىر ئادەم ھاياتىي دۇنيادا ئىسلامنىڭ بارلىق ئەقىدە- ئەھكاملىرىغا تولۇق ئەمەل قىلىپ، بارلىق پەرز، سۈننەت، ۋاجىپ، مۇستەھەبلەرنى تولۇق ئادا قىلغان بىلەن، ئەگەر پىرى ھەزرەتنىڭ ھۇزۇرىغا كىلىپ ئۇنىڭغا قول بەرمىسە، قىلغان ئەمەل ۋە ئىبادەتلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار بولۇپ كېتىدۇ.»دېگەن سەپسەتىنى بازارغا سالغان. شۇنىڭ بىلەن ئەينى دەۋردە ئىسلام يولىنى تۇتۇپ ئىخلاسمەنلىك قىلىش، ھاجەت، مەقسەت- مۇددىئالىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پەقەت ۋە پەقەت خوجا- ئىشانلارغا قول بېرىپ، ئۇلارنىڭ تەرىقىتىگە ئەگىشىشتىن، ئۇلارنى ۋاستە قىلىشتىن، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مازار- مەقبەرەلىرىگە سېغىنىپ، تاۋاپ قىلىش ۋە چوقۇنۇشتىن باشقا ھېچقانداق يول يوقتەك بىر خىل كەيپىيات پۈتۈن جەمئىيەتنى قاپلىغان. يەنە «ئاللا ھەر خىل ئىلاھىي بىشارەتلەرنى جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزسە، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى خوجام (ئاپاق خوجا) غا يەتكۈزەتتى، ئاشكارا قىلاتتى»دېيىش ئارقىلىق، ئەسلى ئىسلام قاراشلىرىنى بۇرمىلاپ، بارنى يوق، يوقنى بار قىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەنىگە داغ تەككۈزۈپ، بۆھتان چاپلاپ، ئۆزلىرىنىڭ «ۋاستىچى» لىق رولىنى توقۇپ، ئويدۇرۇپ چىقىپ، سانسىزلىغان نادان، ساددا، بىلىمسىز ئادەملەرنى ئۆز دېپىغا ئۇسسۇل ئويناتقۇزغان. ئەسلى ئىسلامدا ئىلاھ بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچى ياكى كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدىغان شەخس يەنى خىرىستيانىنىڭ پوپلىرىغا ئوخشاش شەخسلەر مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئەمما تارىخىمىزدا ئۆتكەن ئىشانلار ئۆزلىرىنى ئالاھىدە ۋەزىپىنى زېممىسىگە ئالغۇچىلار، يەنى بەندە بىلەن ئاللا ئوتتۇرىسىدىكى 《ۋاستىچى》 ياكى 《كۆۋرۈك》 دەپ قارىغان ۋە مۇشۇ خىل ئىدىيە ۋە تەلىماتنى كەڭ تارقاتقان. نەتىجىدە، خوجا- ئىشانلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشى بىلەن، ئاشۇ خىل ئىدىيىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشىلەر، ئەنە شۇنداق سەپسەتىلەرنى بازارغا سالغان سوپى- ئىشانلار ھايات ۋاقتىدا ئۇلارغا قول بەرگەن بولسا، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن مازار- مەقبەرەلىرىنى داۋاملىق تاۋاپ قىلىدىغان بولغان.

يۇقىرىقى ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە نۇرغۇن كىشىلەر (تەرىقەتكە كىرگەن ياكى كىرمىگەن بولسۇن) ئاشۇ سوپى – ئىشانلارنىڭ مازار – مەقبەرەلىرىنى 《خۇداغا يېقىنلاشقۇچىلار》 نىڭ قەبرىسى ياكى 《خۇداغا يېقىنلاشقۇچىلارنىڭ جايى》 دەپ قاراپ ئۇلۇغلاپ كەلگەن، كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ 《ئۇلۇغ كىشىلەر》 نىڭ ئاللانىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى تىلشۈپلىشىنى، ئۆزلىرى ئۈچۈن ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ قويۇشنى ئۆتۈنگەن ۋە ئاشۇ زۇرۇرىيەت بىلەن، شۇ مازارلار باشتىن – ئاخىر كىشىلەرنىڭ ئارزۇ – ئارمان، غەم – قايغۇ، قايغۇ – ھەسرەتلىرىنى تۆكىدىغان، ياخشىلىق تىلەپ، يامانلىقتىن پاناھلىق تىلەيدىغان جايغا ئايلانغان.

تارىخىمىزدا ئۆتكەن سوپى- ئىشانلارنىڭ «خۇدا پەرىشتىلەرنى ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان. پۈتۈن پەرىشتىلەر ئادەمگە سەجدە قىلىپ، خۇدانىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلغان. ئەمما شەيتان سەجدە قىلىشتىن باش تارتىپ، تەكەببۇرلۇق قىلىپ كاپىر جۈملىسىدىن بولغانغا ئوخشاش، بىزگە باش ئەگمىگەنلەر ھەم كاپىر بولىدۇ»دەپ چالۋاقاپ يۈرۈشلىرى، تەبىئىي ھالدا بۇرۇندىن تارتىپ ئۇلارنىڭ يۈكسەك ئىززەت- ھۆرمىتىنى قىلىپ كېلىۋاتقان خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئۇلارغا بولغان قۇلچىلىقنى، ئۆلگەندىن كېيىن بولسا ئۇلارنىڭ مازارلىرىغا چوقۇنۇشنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرغان.

بەشىنچى، شۇ دەۋرلەردە تەرىقەت پىرلىرى بولغان خوجا- ئىشانلارغا ئوقۇلغان مەدھىيە، ماختاشلار بىلەن يېزىلغان تۈرلۈك تەزكىرە- قولىيازمىلار، ئۇلارنى باشتىن- ئاخىر كەشپۇ- كارامەت، مۆجىزە- تىلسىمات، سېھىر ئېگىسى قىلىپ ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، مۇبالىغە قىلغان بولۇپ، بۇ قولىيازما، تەزكىرەلەرنىڭ ئەل ئارىسىدا كەڭ تارقىلىشى، ۋائىز- مەدداھلارنىڭ ھەر خىل سورۇنلاردا سۆزلىشى، تەبىئىي ھالدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ روھىي- مەنىۋىي دۇنياسىغا سىڭىپ كىرىپ، ئۇلاردا خوجا- ئىشانلارغا قارىتا ناھايىتى كاتتا ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا قىلغان. مەسىلەن، تەزكىرە – قولىيازمىلاردىكى قايسى بىر 《ۋەلى》 (ئەۋلىيا – بۇ ئاپاق خوجىنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھىرا غارىدا تۇنجى ۋەھىي كەلگەندە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ۋەھيىنى تەڭ ئاڭلىغانلىقى، مىراجدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىراجدا بۇ ئەۋلىيانى كۆرۈپ ھەيران قالغانلىقى ۋە جىبرائىلدىن : 《بۇ قايسى پەيغەمبەر؟》 «دەپ سورىغانلىقى توغرىسىدىكى قىپقىزىل يالغانچىلىق بىلەن تولغان ئەپسانە – رىۋايەتلەر، ئاشۇ 《ۋەلى》 نىڭ كارامىتى قىلىپ كۆرسىتىلگەن بولۇپ، يەنە ئۇنىڭ قاناتسىز كۆكتە ئۇچقانلىقى، كېمىسىز سۇدا يۈرگەنلىكى... كۆكتە قاغىدەك ئۇچقانلىقى، سۇدا قۇرۇق ياغاچتەك لەيلەپ ئاققانلىقىغا ئوخشاش 《كارامەت – مۆجىزە》 لىرى سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ روھىي – مەنىۋى دۇنياسىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، يالغۇز ھايات سوپى- ئىشانلارنى ئۇلۇغلاش، ھۆرمەتلەش، قول بېرىپ مۇرىت بولۇش، سىزغان سىزىقىدىن چىقماسلىقلا ئەمەس، بەلكى ئۆلگەن سوپى – ئىشانلارنىڭمۇ مازار – مەقبەرەلىرى ئەتراپىغا خانىقا، مەسجىت ۋە تۈنەكخانا قاتارلىق پائالىيەت سورۇنلىرىنى بىنا قىلىپ، ھەلقە – سۆھبەت، زىكىر –ساما ئېلىپ بېرىش، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مازارلىقلىرىنى زىيارەتگاھ ۋە تاۋاپگاھقا

ئايلاندۇرۇۋېلىشتەك ئىشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەپ بولغان. شۇ دەۋرلەردە سوپى – ئىشانلارنىڭ ئاجايىپ 《كارامەت – مۆجىزىلەر》 نىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەم ناھايىتى ئاز بولۇپ، بەزى كىشىلەر دىننى چۈشەنمەسلىكتىن، بىلمەسلىكتىن، نادانلىق ۋە ساددىلىقتىن ھەيرانلىق ئىلكىدە ئىشەنگەن بولسا، بەزىلەر ئۇلارغا بولغان ئالىي ھۆرمەت ۋە ئىززەت – ئىكرامنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن ئىشەنگەن، يەنە بەزىلەر سوپى – ئىشانلارنىڭ 《كىمدە – كىم بىزنىڭ كارامەتلىرىمىزگە ئىشەنمىسە، دىنسىز، كاپىر بولىدۇ دېگەندەك سۆزلىرىنىڭ تەسىرىدە ئىشەنگەن. نەتىجىدە، سوپى – ئىشانلارنىڭ 《مۆجىزىلىك – كارامەتلەر》 نىگە ئىشىنىش، تەبئىي ھالدا ئۇلارغا بولغان چوقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. چوقۇنۇش ھېلىگەر شەيخلەرنىڭ خەلقنى تۇزاققا چۈشۈرۈش مەقسىتىدە ياسىغان، توقۇپ چىققان 《مۆجىزە – كارامەتلەر》 نىڭ تەسىرىدە ئەمەلگە ئاشقان بولۇپ، كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇلارنىڭ 《مۆجىزە – كارامەتلەر》 ى بايان قىلىنغان تەزكىرە – قولىيازمىلارنى 《مۇقەددەس كىتاب》 قاتارىدا كۆرۈپ ساقلىغان، ئوقۇغان، ئوقۇشنى بىلمىگەنلەر باشقىلارغا ئوقۇتۇپ ئاڭلىغان، ياكى ۋائىز – مەدداھلارنىڭ يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئاجايىپ سېھىرلىك قىلىپ سۆزلىگەن سۆزلىرىدىن بىلگەن، نۇرغۇن ئادەم ئۇنىڭغا ئىشەنگەن. بۇ خىل ئەھۋالمۇ ئۇلارنىڭ مازارلىرىغا بولغان چوقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئالتىنچى، ياقۇپبەگ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى قىسمەن جايلارنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، مازار – مەقبەرەلەرنى ئومۇميۈزلۈك رېمۇنت قىلىپ، قايتىدىن كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشنى باشلىۋەتكەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر ياۋرۇپا موناستىرلىرىدىن قېلىشمىغۇدەك ھەر خىل گۈمبەزلىك مازارلىقلارنى بىنا قىلغان. بۇ، مازار تاۋاپ قىلىش، مازارغا چوقۇنۇش ئەھۋاللىرىنى مىسلىسىز ئەۋج ئالدۇرغان.

ياقۇپبەگ ئۆزىگە خەۋپ دەپ قاراپ كەلگەن مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىنى بىر- بىرلەپ كۆزدىن يوقاتقىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ «ئۇلۇغ بوۋىسى» ئاپاق خوجا (خوجا ھىدايەتۇللا ئىشان) قاتارلىقلارنىڭ مازار- مەقبەرەلىرىنى ئومۇميۈزلۈك رېمۇنت قىلىپ، قايتىدىن كېڭەيتىپ ياساپ، خۇددىي موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ئەمنىيە» ناملىق ئەسىرىدە : «شەھەر- شەھەرلەردىكى ئەمەلدارلارغا بۇيرۇق بېرىپ، ئۇستا بېشىلارنى تەيىنلەپ، بۇ يەتتىشەھەر دائىرىسىدىكى ئۇلۇغ مازارلارنىڭ سەھنلىرىنى كېڭەيتىپ، بىنالىرىنى يېڭىۋاشتىن ياستىپ چىقتى. مەسچىت- خانىقالارنىڭ پەشتاقلىرىنى ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك قىلىپ رەڭلىك كاھىش خىشلار بىلەن زىننەتلەپ، گۈل نەقىشلەرنى چىقىرىپ جۇلالىق قىلىپ ياساتتى. شەھەر ئىچىدىكى مەسچىت ۋە خانىقالارنىڭ كۆپچىلىكىنى پۇختا، مۇستەھكەم خىشلار بىلەن قايتىدىن رېمونت قىلدۇردى. شۇ جۈملىدىن قەشقەردىكى ھەزرىتى ئاپاق خوجا يەنى ھىدايەتۇللا ئىشاننىڭ مازار، خانىقا- مەسچىتلىرىنى ياساتتى. خۇسۇسەن گۈمبەزلىرىنى بۇزۇپ كېڭەيتىپ، پۇختا خىش، گۈزەل كاھىشلار بىلەن قايتىدىن گۈمبەز بىنا قىلدى. بۇ يەتتىشەھەر ئىچىدە بەلكى موغۇلىستان ئۆلكىسىدە بۇنداق ئالىي گۈمبەز ھېچ زاماندا ياسالمىغان بولۇشى مۇمكىن.» دەپ

تىلغا ئالغاندەك، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ئومۇمىيۈزلۈك مازار- مەقبەرە، مەسچىت ۋە خانىقا قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، مازار تاۋاپ قىلىش قىزغىنلىقى كۇچلۈك بولغان خەلقنىڭ مايىللىقىنى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگەن.

ھەقىقەتەن 17- ئەسىردىن 20 – ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا قەدەر بولغان تارىخىمىزدا مازار تاۋاپ قىلىش، مازارغا چوقۇنۇش ئەھۋاللىرى مىسلىسىز ئەۋج ئالغاندى. ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشتە، ئوتتۇرا ئەسىر ياۋرۇپا موناستىرلىرىدىن قېلىشمىغۇدەك ھەر خىل گۇمبەزلىك مازارلىقلارنىڭ ئۈيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئورنى ۋە تەسىرىنى ياخشى بىلگەچكە ۋە چۈشەنگەچكە، شۇنداقلا ئاشۇ قەبرىلەردە ياتقان كىشىلەرنى يەرلىك خەلقنىڭ «ئاللاھنىڭ نەزىرى چۈشكەن كىشىلەر» دەپ بىلىپ، ئۆز ئارزۇ- ئىستەك، دەردى – ھالىنى ئۇلارنىڭ مازار- مەقبەرەلىرىنىڭ ئالدىدا تۆكۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەچكە، ھەر قانداق بىر جايىنى بېسىۋېلىشتىن بۇرۇن، «مازار تاۋاپ قىلىش»، «مازار زىيارەت قىلىش» نى باھانە قىلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىي قارانىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرغان.

ياقۇپبەگنىڭ «مازار شېرىپ زىيارىتى» گە بېرىشنى باھانە قىلىپ خوتەن شەھرىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، بۇزرۇكخان تۆرەمنىڭ نامىدا بىر پارچە خەت پۈتۈپ مەقسەت- مۇددىئالىرىنى ئاشۇ ھىيلە- نەيرەڭلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى بۇنىڭ پولاتتەك دەلىلى بولالايدۇ. موللا مۇسا سايرامى ؛ «تارىخىي ئەمنىيە» دە : «گەپنىڭ قىسقىسى شۇكى، مەن قەشقەر زېمىنىغا كەلگىلى خېلى ئۇزۇن بولدى. بۇ جايلاردىكى مازار- ماشايىخلارنى قەدىر- ئەھۋال كەڭتاشا زىيارەت قىلدىم. ئەمدىكى ئارزۇيۇم ئىمام جەئفەرى سادىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەۋەرۈك قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىش ئىدى. ھاجى پادىشاھ ئاغام مەرھەمەت قىلىپ رۇخسەت ئەيلەپ يول بەرسە، زىيارەت قىلىپ يانسام دېگەن ئۈمىد بىلەن مەقستىمنى ئىزھار قىلىپ بۇ نامىنى يازدىم ۋەسسالام.»دېگەن ۋەقەنى بايان قىلىش ئارقىلىق، ياقۇپبەگنىڭ قورچاق ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن، ھەرخىل ھىيلە- مىكىر، قاپقان- تۇزاقلارنى قۇرۇپ، خوتەندىكى ھەببۇللا ھاجى پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خوتەننى بېسىۋالغانلىقىنى تەپسىلى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «ئۆزى باش بولۇپ ئۇلۇغ مازارلارغا نەزىر- نۇزۇراتلار قىلىپ، خەتمە- قۇرئان ئوقۇتۇپ، ساۋابلىرىنى مازارلارنىڭ روھلىرىغا بېغىشلىغان» ھەمدە بۇنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان بولۇپ، مەيلى قەشقەر، يەكەن ياكى ئاقسۇ، كۇچا بولسۇن، قەيەرنى بېسىۋالغان بولسا، شۇ جايدا كەڭ كۆلەملىك نەزىر- چىراغ پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. شۇ ئارقىلىق «مازار تاۋاپ قىلىش»، «مازار زىيارەت قىلىش» پائالىيەتلىرىنى قايتىدىن جانلاندۇرۇۋەتكەن ۋە كەڭ ئاۋام خەلقنىڭ رايىنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋالغان.

دېمەك، يۇقۇرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، كېيىنكى تارىخىمىزدىمۇ گەرچە مازار تاۋاپ قىلىش پائالىيەتلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان سوپى- ئىشانلار ئاللىقاچان تارىخ سەھنىسىدىن غايىب بولۇپ، قارا تۇپراقنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئوخشاش ئۇلارنىڭ مازار-

مەقبەرەلىرى تاكى زامانىمىزغىچە كىشلەرنىڭ ئاساسلىق تاۋاپگاھلىرىغا ئايلىنىپ كەلگەن. بۇنى 50- يىللارنىڭ باشلىرىدىكى «ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش » مەزگىلىدە، قەشقەرگە خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ چۈشكەن زاھىر ساۋدانوفنىڭ «قەشقەر تەسراتلىرى» ناملىق ئەسلىمىسىدىكى: « ئاپاق خوجام مازىرى يېنىغا بارغاندا، يول جاي-جايلاردىن كەلگەن ئات - ئۇلاغ، ھارۋا، ئادەملەر بىلەن تولغانىدى، بۇ نېمە ئىشتۇ، دەپ بىر مويسىپىت ئادەمدىن سورىدىم. ئۇ كىشى ماڭا : بۇلار يېزا- يېزىلاردىن، ناھىيە- ناھىيىلەردىن دۇئا - تىلاۋەت قىلغىلى كەلگەنلەر. بۇنداق پائالىيەت ھەر يىلى بىر قېتىم بولىدۇ، بۈگۈن شۇنداق كۈن. بەزىلەر قوي سويۇپ، بەزىلەر يوپۇق يېپىپ، ئىش قىلىپ قانچىلىك ئاتىيالىسا، شۇنچىلىك نەرسە ئەكىلىپ، نەزىر- چىراغ ئۆتكۈزۈپ، دۇئا- تىلاۋەت قىلىدۇ. بەزىلەر ئاپاق خوجامنى بىر ئايلىنىپ كېتىدۇ. بەزى ئاياللار ئاللادىن، ئەۋلىيا- ئەنبىيالاردىن بالا تەلەپ قىلىدۇ. بەزى ئاياللار ئەرلىرىگە ئىنساپ- تەۋپىق تىلەيدۇ، دەپ چۈشەندۈردى.»[دېگەن بايانىدىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، 16- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئومۇمىيۈزلۈك كۈچىيىشكە باشلىغان سوپى - ئىشانلىق 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا قەدەر بولغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى كۆلىمى ئەڭ كەڭرى، تەسىرى ئەڭ چوڭ، قاتناشقۇچىلىرى ئەڭ كۆپ، داۋاملاشقان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان مازار تاۋاپچىلىقى ھادىسىسىنى پەيدا قىلغان بولۇپ، بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى نۇرغۇن ئەقىدە، كۆز قاراشلىرى ئىسلامىيەت ئىدىيىسى ۋە ئادەتلىرى ئىچىدە ئىسلامىيەت تەلىماتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى ۋە يەرلىك، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇيغۇر ئىسلام دىنىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنىڭ دەلىلى ئىدى.

مەنبە: ئاكادېمىيە كونا تور بېتى

# 14- ھىجرەت ۋە نۇسرەت

## -ھىجرەتتە سۆيگۈ، ھىجرەتتە مۇھەببەت

## (ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي)




ھىجرەتلىك تۇرمۇشنىڭ غۇربەتچى مۇساپىر ئىنسانغا ھە دېگەندىلا ئاتا قىلىدىغىنى مۇشەققەت بولۇش بىلەن بىر چاغدا،ئۇنىڭ مەزكۇر ئىنساننىڭ قەلبىدا ئويغىتىدىغان ئەڭ روشەن ۋە ئەڭ يارامىلىق بىلىك تۇيغۇسى ئالدى بىلەن مۇھەببەت،خۇسۇسەن ئانا يۇرت مۇھەببىتى،ۋەتەن سۆيگۈسى بولىدىكەن،دەپ قالدىم.

قەيەرگىلا بارساڭ، ئالدى بىلەن شۇ يەرنىڭ تەبئىي جۇغراپىيەسىنى،ياشام مۇھىتىنى ۋە ۋەتەنداشلىرىڭ بىلەن سېلىشتۇرۇپ قالىدىكەنسەن؛ مەيلى سەن يۇرتىڭدىن«چەت ئەل دېگەن جەننەتمىش» دەپ ئاڭلاپ،رىغبەت بىلەن چىققان بولساڭمۇ، بىراۋدىن ئازار يەپ، يامانلاپ چىقىپ كەتكەن بولساڭمۇ، كۆڭلەرنىڭ بىر يەردە، يەنە ئاشۇ ئانا يۇرتىڭغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ، ئارمان بىلەن ئېغىر خۇرسىنىپ قالىدىكەنسەن؛ يەنىلا ئاشۇ تۇغۇلغان مەھەللە-كويلارنى سېغىنىپ، قەددىڭنى ئېگىپ، بوينۇڭنى تۆۋەن سالىدىكەنسەن. بۇلۇپمۇ، باشقىلارنىڭ كۆكرىكىنى كېرىپ، ھاكاۋۇر كۆزىنى ساڭا مەنسىتمەسلىك بىلەن تىكىپ تۇرۇپ، پەقەت سەنىلا ھېس قىلىدىغان ئازارلىغۇچى «بىزنىڭ» تەلەپپۇز بىلەن، سەندىن :«بىزنىڭ ۋەتىنىمىز قانداقراق ئىكەن، كۆنۈپ قالغانسىز-ھە؟» دەپ سورىغان چاغلىرىدا، باشقىلارنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى نېمە ئەمەلىي پائالىيەتلەر بىلەن قانداق سۆيىدىغانلىقلىرىنى، قانداق قەدىرلەيدىغانلىقلىرىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەن چېغىڭدا.

«شېھىت ئاكامنىڭ ئورنىغا ئالدىنقى سەپكە مەن بارىمەن،مانا!»

ئەسىرىمنىڭ بېشىدا تاپشۇرما قىلغىنىمدەك،1984-يىلى 4-ئاينىڭ4-كۈنىدىن1984-يىلى

10-ئاينىڭ2-كۈنىگىچە،جۇڭگو قۇرۇلۇش باش شىركىتىنىڭ تەركىبىدە،ئىراق ئەرەب جۇمھۇرىيىتىگە بېرىپ،ئاۋباسىيە ۋە كېفىل توسمىلىرىدا،ئەرەبچە-خەنزۇچە تەرجىمانلىق قىلدىم.

بىز ئىراققا يېتىپ بارغان چاغ تېخى باش باھار بولۇشىغا قارىماي،ھاۋانىڭ ئىسسىقلىق دەرىجىسى 35 گرادۇستىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى.بۇ دېگەن نېمە تېخى؟!تومۇز ئايلىرىدا،ئەمەلىي ئىسسىقلىق دەرىجىسى50 گرادۇستىن تۆۋەن بولغان كۈنلەر«ھاۋا سوۋۇن كۈنلەر»ھېسابلىنىدۇ.مۇنداق ئاي،كۈنلەردە،قۇياش ئەتىگەن سائەت بەش يېرىمدىلا ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ،زېمىننى قىزدۇرۇشقا باشلايدۇ.بۇ زېمىندە،قىش پەسلىدە ناگان-ناگاندا يامغۇر تېمىشىپ قويۇشتىن باشقا باھار ۋە ياز پەسىللىرىدە مۇتلەق ھۆل-يېغىن بولمايدۇ.تومۇز كۈنلىرىدە،سائەت11 دىن چۈشتىن كېيىن سائەت 4لەرگىچە دالىدىكى ئىش ئورنىدا ئىشلەش مۇمكىن ئەمەس،قۇياش ئاستىدا بەش مىنۇت جىم تۇرالمايسەن،ئۇيان-بۇيانغا ماڭماي،سەل-پەل جىم تۇرۇپ قالدىڭمۇ بولدى،گەدىنىڭدىن خۇددى بىرسى لوپا ئەينەك بىلەن قۇياش نۇرىنى جۇغلاپ تۇرۇپ،ئەتەي كۆيدۈرۈۋاتقاندەك كۆيىدۇردۇ.شۇ ھالدا ئەتراپىڭغا قارىساڭ،زېمىندىن«لاپ-لاپ»قىلىپ كۆتۈرلىۋاتقان ئىسسىق تازا قىزىتىپ،نان يېقىشقا تەييار قىلىنغان تونۇرنى ئەسلىتىدۇ.مۇشۇنداق چاغدا،كاللاڭغا كېلىدىغان بىرىنچى تەسىرات«شۇ قەدەر ئىسسىقتا بۇ ئەرەبلەر قانداق ياشايدىغاندۇ؟بۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى نېمىدېگەن ناچار-ھە؟»دېگەنلەر بولىدۇ-دە،ئىختىيارسىز ھالدا،ئاشۇ تۆت پەسلى ئېنىق يۇرتىڭنى زارىقىش بىلەن ئەسلەپ قەلىسەن؛ئاھ،قەشقەر،ئاھ،ئانا يۇرت!

بىراق، ئەرەبلەرنىڭ،ئىراقلىقلارنىڭ نەزىرىدە ۋە يۇرىكىدە بۇ زېمىننىڭ ئالەمدە ھېچ تەڭدىشى يوق ئىكەنلىكىنى سەزگىنىڭدە ھەيران قالىسەن.1984-يىلى«ئىراق-ئىران ئۇرۇشى»4-يىلغا قەدەم قويغان،ئۇرۇش تازا ئەۋجىگە چىققان يىللار ئىدى.ئىراق ئايروپىلانلىرى تاكى تېھران ئەتراپلىرىغىچە ئېچكىرلەپ كىرىپ،بەزى ھەربىي ئەسلىھەلىرنى بومباردىمان قىلىۋاتقان،ئىران ئاتقان باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار بولسا،باغدادنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىگە چۈشۈپ پارتلاپ،خەلقنى پاراكەندە قىلىۋاتقان خەۋەرلەرنى ئاڭلايتتۇق.توسما قۇرۇلۇش ئورنىمىز ئاۋباسىيات كۆۋرۈكىنىڭ يېنىدىلا بولغاچقا،جەنۇبىي ئىراق باسرا ئالدىنقى سەپىي تەرەپتىن كېلىدىغان ۋە ئۇستىگە ئىراقنىڭ دۆلەت بايرىقى يېپىلغان توپ-توپ شېھىت ماشىنىلىرنى ئەتىگەن-ئاخشاملىرى كۆرۈپ تۇراتتۇق.

تومۇز ئېيىنىڭ بىر كۈنى ئىدى.توسما ئىش ئورنىمىزنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىغا ھەمراھ بولۇپ،بىر زۆرۈرىيەت بىلەن ئاۋباسىيە خەلق ھۆكۈمىتىگە بېرىشقا توغرا كەلدى.چۈشتىن كېيىن سائەت بەشلەر بولغاندا،ئاۋباسىيە ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى جاسىم ئەپەندى كۈرۈشۈپ،بېجىرىدىغان ئىشلىرىمىزنى مۇۋەپپىقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىپ چىقتۇق.ماشىنىمىز بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

قوروسدىن چىقىپ،ئالاھەزەل400-500 مېتىرچە ماڭغان ئىدۇق،ۋاڭ باشلىق مېنى نۇقۇدى:
-ئا تەرجىمان،قارىغىنا!ئاۋۇ يەر نېمە ئىدارە ئىكەن؟بىرمۇنچە ياشلار توپلىشىۋاپتىغۇ،نېمە ئىش بولغاندۇ،چۈشۈپ قاراپ باقايلىمۇ؟
شوپۇر ماشىنىنى دەرھال توختاتتى.ۋاڭ باشلىق ئىككىمىز چۈشتۇق.بېرىپ قارىساق،ئۇ يەر ناھىيەلىك ئەسكەر قۇبۇل قىلىش شۆبە پونكىتى ئىكەن.توپلىشىۋالغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ياشلار بولۇپ،ئەسكەرلىككە تىزىملىتىۋاتقانلار ئىكەن.شۇ ئارىدا،پونكىتنىڭ ئىچىدىن بىر ياش بالا قولدىكى قەغەزنى يىرتىپ تاشلاپ،غۇدۇڭشىغىنچە قايتىپ چىقتى.ئارقىسىدىن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم تاپان باستۇرۇپلا چىقىپ كەلدى.
-بۇلارغا نېمە بولغاندۇ،سوراپ باققىنا،ئا تەرجىمان!-ھەممىگە قىزىقىدىغان باشلىق ئاۋازىنى كۆتۈرۈپرەك ئەمىر قىلدى.
مەن بېرىپ ھېلىقى ئارقىدىن چىققان ئوتتۇرا ياشلىق كىشى بىلەن ئەدەبلىك سالاملاشتىم ۋە ئۆزۈر بىلەن ئەھۋال سۈرۈشتۈردۈم.
-ئىسمىم ئابدۇسەتتار،تىجارەتچىمەن،-دېدى ئۇ يېنىدىن «سومىر»ماركىلىق تاماكىنى چىقىرىپ ئاۋال بىزگە تەڭلىدى،بىز باش چايقىغاندىن كېيىن،ئۆزى بىر تال تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇردى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى،-ئۇ ھۇسەيىن،مېنىڭ كىچىك ئوغلۇم بولىدۇ.«يېشىڭ كىچىك ئىكەن»دەپ ئالغىلى ئۇنىمىدى ئۇنى،شۇنىڭ خاپىلىقى.
ھۇسەيىن ئىسىملىك يىگىتمۇ ئارقىسىغا قايتىپ كىلىپ،بىز بىلەن ھەمسۆھبەت بولدى؛
-مەن سىلەرنى تونۇيمەن،سىلەر جۇڭگولۇق،مېنىڭ سىلەر توغرۇلۇق ھەيدەرىي كەنتىدە بىر ئاغىنەم بار،ئىسمى ئەلى.شۇنىڭكىگە ئويناپ بارغاندا،سىزنى كۆرگەنمەن،تەرجىمان ئەپەندىم،-دېدى ئۇ تېخى خاپىلىقى يانمىغان قىياپەتتە،-سىلەر دەپ بېقىڭلار،يېشىم ئۈچ ئاي كېمىيىپ قالغىنىغا مېنى ئەسكەرلىككە ئالمىسا بولامدۇ؟
-ئالدىنقى ئايدا،ئاكىسى ھەسەن باسرا ئالدىنقى سېپىدە شېھىت بولغان.شۇنىڭدىن بۇيان،«مەن بېرىپ ئاكامنىڭ قىساسىنى ئالمىسام،قانداقمۇ ئوغۇل بالا سانىلىمەن»دەپ،بۇ ئوغلۇم زادىلا ئولتۇرالماي قالدى،-دەپ چۈشەنچە بەردى40ياشلىق ئابدۇسەتتار،-دېمىسىمۇ شۇ،ئوغۇل بالا دېگەن جەڭگە يارالغان،ھۇسەيىننى بارغىلى قوۋسا بولاتتى.بىراق،يېڭىلا شېھىت چىققان ئۆيدىن ئەسكەر ئالمايدۇ دەڭلا بۇلار.بۈگۈن ئۈچىنچى قېتىم ئىلتىماس سۇنۇشىمىز.ئالدىنقى ئىككى قېتىمدا ھۇسەيىن ئۆزى كەلگەن ئىدى.بۈگۈن مەن بىللە كىلىپ،قەتئىي قوللايدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ،دېيىشىپ بەردىم.يەنە ئامال بولمىدى.«بالا 18 ياشقا تولۇق كىرىپ باقسۇن،شۇ چاغدا بىر گەپ بۇلۇر»دەپ رەت قىلدى.
ھۇسەيىن ياشتا كىچىك بولغىنى بىلەن،پىكرى پىشقان يىگىت بۇلۇپ،ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىش ئادەمگە راھەت بېغىشلايتتى.بىزبىر مۇڭدىشىپ كەتسەك،فۇرات ۋادىسىدىن چىقىپ،تارىم ئويمانلىقىغىچە سۆزلەشكەن ماۋزۇيىمىز قالمايتتى.بىر كۈنى گەپ يەنە ئىراق-ئىران ئۇرۇشى ئۈستىدە

بولغاندا، مەن سەممي هالدا :«ئىراق،ئىران هەر ئىككىلىسى مۇسۇلمان ئەل بولغاندىكىن، ئۇرۇشۇۋەرمەي، ئەمدى يارىشىپ قالسا بولاتتى»دېدىم.مېنىڭ بۇ قارىشىمغا نىسبەتەن هۇسەيىن باشقا ئېتىرازدا بولمىدى.ىبراق مەن گەپ ئارىسىدا:«سىلەردە نۇرغۇن ئادەمنىڭ سۇرىيە،ئىئوردانىيە ۋە سەئۇدىي ئەرەبىستانلاردا تۇغقانلىرىڭلا بار ئىكەن.هالبۇكى،ئۇلار بۇ ئۇرۇش ئاياغلاشقىچە بېرىپ،ئاشۇ تۇغقانلىرىنىڭ قېشىدا پاناهلىنىپ تۇرۇشنى خالىمامدۇ؟»دەپ سورىۋىدىم،ئۇ:

-بۇ نېمە دېگىنىڭىز،رائوپ ئاكا؟-دېدى،خۇددى مېنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقان ئادەمدەك بېشىمدىن-ئايىغىمغىچە باشقىدىن سىنچىلاپ قاراپ چىقىپ،-سىز چاقچاق قىلىپ دېدىڭىزغۇ دەيمەن-هە؟بىر ئىنسان ئۆز ۋەتىنىنىڭ بېشىغا ئۇرۇش بالاسى كەلگەن چاغدا،ئۇنى تاشلاپ پاناهلىق ئىزدەپ باشقا يۇرتلارغا كەتسە،ئۇ قانداقمۇ ئىنسان بولسۇن؟

شۇ يىل ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى.بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ،ياتىقىغا كىرىپ تۇرسام،ئىشىك چېكىلدى،«تەفەددال!»(مەرهەمەت)دېدىم.ئۆيگە بىر ئەسكەر كىرىپ كەلدى ۋە «سالام،رائوپ ئاكا!»دەپ هەربىيچە سالام بەردى.سىنچىلاپ قارىسام،هۇسەيىن ئابدۇسەتتار شۇ،هەربىي كىيىم ئۇنىڭغا ئاجايىپ ياراشقان،چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى.

-ئىگەم مۇرادىمغا يەتكۈزدىغان بولدى،رائوپ ئاكا،-دېدى ئۇ مەن قۇيۇپ بەرگەن بۇرتۇقال سۈيىدىن بىر يۇتۇم ئوتلىۋېتىپ،-بۈگۈن نەجەبكە بېرىپ،ئىمام هۇسەيىن بوۋام بىلەن خوشلىشىپ كەلدىم(نەجەب شەهرىدىكى ئەل ئىبنى ئەبۇ تالىپ قەبرگاهىنى ۋە كەربالا شەهرىدىكى هۇسەيىن ئىبنى ئەلى قەبرگاهىنى زىيارەت قىلىپ كەلدىم دېمەكچى).قايتىشىمدا سىزگىمۇ خوش دېگۈم كەلدى،هەربىي گازارمىمىز ناسرىيەدە بولىدىكەن.دېمەك،باسرا ئالدىنقى سېپى بىزنىڭ جەڭ مەيدانىمىز دېگەن گەپ!

رۇخسارىدىن ئىشەنچ مەۋقەسىنىڭ مۇستەهكەملىكى جۇلالاپ تۇردىغان 18 ياشلىق بۇ ئەرەب يېگىتنىڭ شۇ تاپتا،مەمنۇنلىقىدا ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ئىدى.قارىسام شۇ تۇرۇقتا،ئۇ قايتىپ كېلەلمەسلىكى ئېهتىمال بولغان رەهىمسىز ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە ئەمەس،بەلكى مەشۇقى بىلەن ئۇچرىشىپ،ۋىسال شەربىتىنى ئىچىدىغان تويغا كېتىۋاتقان ياش يېگىتتەك بەهۇزۇر ۋە ئىچ-ئىچىدىن خۇشال كۆرۈنەتتى.

«بۇ زېمىنغا تۆكۈرۈشكە بولمايدۇ!»

مەن تۈركىيەگە بېرىپ،ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتۇر ئاسپىرانتى بولغىنىمدىن كېيىن،تەبىئي هالدا

ئاشۇ يەردە ئۆقۇۋاتقان بىرمۇنچە يۇرتداش ياش ئوقۇغۇچىلار بىلەن تونۇشۇپ قالدىم.شۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇمجىت مۇھەممەدجان ئىسىملىك خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىلمى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقان بىر يىگىت بولۇپ، ئىككى بارغان چېغىمدا يۇرتداشلىق-قېرىنداشلىق كۆرسىتىپ، هال-ئەهۋالىمدىن ئوبدان خەۋەر ئالغان ئىدى.

-ئانا يۇرتتا مېنىڭ بىر تاغام بار،ئۇنىڭغا بەك ئوخشىشىدىكەنسىز.-دەيتتى ئۇ پات-پات، -تارتىنماڭ،نېمە ئىشىڭىز بولسا،«هايت»دېسىڭىزلا هايال ئۆتمەيلا يېنىڭىزغا ئۇنىمىز.

ئەمەلىيەتتە بۇمۇ يۇرت سۆيگۈسى،ۋەتەن مۇھەببىتىنىڭ تەبىئىي هاسىلى ئىدى.چۈنكى تۈركىيەدىمۇ 80 مىليون ئىنسان بار،ئۇلارنىڭ ئىچىدىنمۇ ئابدۇمجىت ئىنىمنىڭ تاغىسىغا ئوخشايدىغان ئادەم چىقماسمۇ؟چىقىدۇ،بەلكى كۆرمىگ!بۇ يەردىكى گەپ ۋەتەندىن يىراقلا كەلگەن،يېنىغا كەلسە ئانا يۇرتنىڭ تۇپىسى«گۈپ-گۈپ»پۇراپ تۇرىدىغان مەن ھەمشەھىر ئۇ ئىنىمنىڭ كۆزىگە ئۆز تاغىسىدەك ئىللىق كۆرۈنگەن گەپ،خالاس.

1998-يىلى مارت ئېيىنىڭ باشلىرى ئىدى.بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشلەر ئەتراپىدا، ئەنقەرەنىڭ مەركىزى «قىزىل ئاي مەيدانى»يېنىدىكى تۆمەر (تۈرك تىلى ئۆگىتىش مەركىزى) دىن دەرستىن يېنىپ چىقىۋاتسام، تېلېفونۇم سايرىدى.ئالسام، ئابدۇمجىت ئىنىم ئىكەن.ئۇ :«مۇئەللىم پولو قىلغان ئىدۇق، شۇنداق ئوخشاپتۇ،قىسنىپ قالدۇق.دەرهال كەلگەن بولسىڭىز»دېدى ئۇتۇنۇش ئاهاڭىدا.كەچلىك تاماق ۋاقتىمۇ يېقىنلىشىپ قالغاچقا،نېزاقاپ ئولتۇرماي،«ماقۇل»دېدىم ۋە دەرهال يولغا چىقتىم.

مەن تۇرۇۋاتقان جاي قىزىل ئاي مەيدانىنىڭ شەرقىي جەنۇپ تەرىپىگە بىر كىلومېتىرچە كېلىدىغان «جەبەجى»رايونىدا.ئابدۇمجىتلەر بولسا،قىزىل ئاي مەيدانىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 5-6 كىلومېتىر كېلىدىغان «ئەتلىك»ئولتۇراق رايونىدا تۇراتتى.

كوچا ئاپتوبۇسى بىلەن بېرىپ،ئەتلىك ئولتۇراق رايونى بېكىتىدە چۈشۈپ قالدىم. ئاندىن، ئابدۇمجىتلار تۇرىدىغان بىنا بار كوچىغا قايرىلىپ، يولنىڭ ئوڭ چېتى بىلەن كېتىۋاتاتتىم. تۇساتتىن، نېمىشقىدۇر تۈكۈرگۈم كەلگەندەك بولدى،ئاڭلىق-ئاڭسىز هالدا يەرگە تۈكۈردۈم.«تۇفى!»قىلغىنىمنى بىلمەن،شۇئان ئارقامدىن كېلىۋاتقان 10 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا دەرهال ئالدىمغا ئۆتۈپ،جىددىي هالدا ۋارقىراپ سوردى:

-ئابى!سەن بۇ يەردە تۈكۈردۈڭ دېيىلمى؟(ھەي ئاكا!سەن بۇ يەرگە تۈكۈرۈپ قويدۇڭ،شۇنداقمۇ؟)

قارىسام،بۇ شاكچىكنىڭ ئەلپازى بەكلا يامان،كۆزلىرنى چەكچەيتىپ،كىچىككىنە مۇشتلىرىنى مەھكەم تۈگۈپ،چۈجە خورازدەك «ئىتىلمەن»دەپلا تۇرۇپتۇ.ئەتراپىمغا قارىسام باشقا ئادەملەرمۇ يوق،كوچا ئازادە ئىدى.نېمشقىدۇر بۇ كىچىككىنە بىر بالا ئالدىدا ئەيىمنى بوينۇمغا ئالغۇم كەلمىدى.

-مەن تۈكۈرمىدىم،- مەنمۇ بوش كەلمىگەن قىياپەتتە ۋارقىراپ جاۋاب بەردىم. بىراق، جىددىيلەشكىنىمدىن ئۆيغۇرچە جاۋاب بىرىپ تاشلاپتىمەن،شاكچىك دەرھال سىزىپ،سەل يۇمشىغان ئاھاڭدا دېدى:

-ھە،سەن ئورتا ئاسىيادان گەلەن مسافىرمىشسىن دېيلمى،ئابى؟(ھە،سەن ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن مېھمان كىشكەنسەن-دە،ئاكا؟)

مەن بېشمنى لىڭشتىپ جىم تۇردۇم.

-ئاما،سەن كىم ئولۇرسان ئول،ئابى،بىلمەن كەرەككى،بۇ زەمىنە مۇتلاكا تۈكۈرۈلمەز!(ئەمما،سەن كىم بۇلىشڭدىن قەتئىينەزەر،شۇنى بىلىپ قويغىنكى،بۇ زېمىنگە مۇتلەق تۈكۈرۈشكە بولمايدۇ!).شاكچىك سەل تۇرۇۋالغاندىن كىيىن،جىددىي ئاگاھلاندۇرغان قىياپەتتە يەنە داۋام قىلدى،-نىچىن بىلىيۇرمۇسۇن؟چۈنكۈ ئاياغىن ئالتىنداكى بۇ زەمىنىن ھەر يەرىندە ھەپ شەھىدلەر ياتىيۇر!كۇرتۇلۇش ساۋاشى دۆنەمىندە،يالنىز چاناك كالە ساۋاشىندا بابالارىمىز تام 500 بىن شەھىد ۋەرمىشلەر،ئابجىم(سەۋەبىنى بىلەمسەنكىن،سەن دەسسەپ تۇرغان بۇ زېمىننىڭ ھەممە يېرىدە شېھىتلەر ياتىدۇ.ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە،يالغۇز چاناق قەلئە ئۇرۇشىدىلا 500 مىڭ شېھىت بەرگەن ئىكەن،جېنىم ئاكا)!

بۇلۇنغان گەپ شۇ،ئەمدى بۇ ھالدا،مەن نېمىمۇ دېيەلەيتتىم؟قۇلىقىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم.يۈزلۈم يال-يال ئوت ئېلىپ كەتكەندەك بولدى.دەرۋەقە،كۆرۈنگەن يەرگە كەلسە-كەلمەس تۈكۈرۈشتۇ دۇنيانىڭ ھېچبىر يېرىدە شەرەپلىك ئىش ئەمەس،تازلىق ئۆلچىمى نوقتىسىدىن تۇرۇپ،ھەممە ئادەم ئەيىبلەيدۇ.بىراق،ئۇن ياشلىق بىرتۈرك بالىسىنىڭ ئۆز ۋەتىنىنىڭ زېمىنىنى شۇ قەدەر ئاددىي،ئەمما شۇقەدەر ساپ ۋە شۇ قەدەر بىباھا ئاڭ ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان بىلىك تۇيغۇسى بىلەن ئەزىزلىشى ماڭا ئۇنتۇلماس بىر دەرىس بولدى ئۆمرۈمدە.

ئاخىردا،ئابدۇمجىتلەرنىڭ ئۆيىگە سالام بىلەن كىردىم.پولو ھەققەتەن ئوخشاپتىكەن،دۇئادىن كىيىن،بۇ بالا دېمەتلىك دوستلىرىمغا يۇقىرقى ئىبرەتلىك سەرگۈزەشتەمنى ئەينەن سۆزلەپ بەردىم......

«مەسلنى قېيداش،ئاغرىنش ئەمەس،بىلىم ھەل قىلدۇ»

1996-1997-يىللىرى،مىسىردىكى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان ۋاقتىمدا،مىسىرلىقلارنىڭ ياشام پەلسەپەسىگە،مىسىر زىيالىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىسلام ئەقىدىلىرىنى زامانىۋى ھاياتقا قانداق تەتبىقلاۋاتقانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدىم.
-بۇ پەلسەپە تەتقىقات مەسىلىسى.بۇ جەھەتتە ئالغا ئىلگىرلىمىدۇق ئەمەس، ئىلگىرلىدۇق ۋە ئىلگىرلەۋاتىمىز،ئەمما قەدىمىمىز ئىنتايىن كىچىك،ئالغا سىلجىشىمىز تولىمۇ ئاستا بۇلۇۋاتقانلىقى ئەمەلىيەت،-دەپ جاۋاب بەردى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەرەب پەلسەپەسى بۇيىچە دوكتۇر ئاسپىرانتلىقتا ئۇقۇۋاتقان 37 ياشلىق يىگىت ئېھسان شاھىن.

مىنىڭ ئەرەب تىلى ئۆگىنىش ۋە قوللىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن،ئەرەب زىيالىلىرى بىلەن بىۋاستە ئارلىشىپ،بېرىش-كېلىش قىلىپ كېلىۋاتقىنىمغا 1978-يىلى بېيجىڭ چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتى ئەرەب تىلى فاكولتېتىغا ئۇقۇغۇچى بولۇپ،مىسىرلىق مۇتەخەسسىس مۇھەممەد ئابدۇلباقى مۇئەللىمدىن ئىككىن يىل دەرىس ئاڭلىغىنىمدىن باشلىغاندا،ساڭ33 يىل بۇپتۇ.تەسىراتىمچە،ئەرەبلەر بولۇپمۇ زىيالىي ئەرەبلەر«ئىنىنەل ئەرەب تاجۇل مۇسلىمىين»(ئەرەب دېگەن مۇسلىمانلارنىڭ تاجىدۇر)دېگەن گەپنى بۇرنىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئەزۋەيلەشكە ئەمراق،ئۇمۇمەن ھاكاۋۇر كېلىدىكەن.ئەمما، مەن قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇغۇل ئۇقۇغۇچىلار ياتاق رايۇنى«مەدىنەتۇت تۇللاب»(ئۇغۇل ئۇقۇغۇچىلار شەھىرى)دە تونۇشقان.مەزكۇر ئېھسان شاھىن بولسا،تولىمۇ سەممىي،ئاقكۆڭۈل ۋە كەمتەر زىيالىي ئىدى.

-ئەسلىڭ ئەرەب ئەمەسمۇ-يا،قېرىنداشىم ئېھسان؟-چاقچاق ئارلاش سوردۇم ئۇنىڭدىن.
-نېمە دېگىنىڭ رائىۋپ ئاكا،ساپ ئەرەبمەن،ئەلھەمدۇلىللاھ!-كەسكىن جاۋاب بەردى ئېھسان،-يېرىم چېلەك سۇ بەكرەك شالاقشىيدۇ،سەن تەسۋىرلىگەن ئۇ ھاكاۋۇر زىيالىلار ئىلىمدە كامالەت تاپالمىغاچقا شۇنداق.ھاكاۋۇرلۇق ئىنسان ئۈچۈن ئەيىب.
مەن ئېھسان بىلەن 1996-يىلى 10-ئايدا،قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا،مەكتەپ كۈتۈپخانىسىدا تونۇشۇپ قالغان ئىدىم.بىر-بىرىمىزنى «ئاكا»،«ئۇكا»دەپ ئاتاشقۇدەك بولغىنىمىزدىن كيين،سۆھبەتلىرىمىز تۈتامى يوق غەيۋەت،شكايەتلەرگە ئەمەس،بەلكى مۇسۇلمانلىق ياشام پەلسەپەسى قاتارلىق جىددىي ۋە مۇزاكىرە،مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدىغان نوقتىلارغا مۇجەسسەم بولۇپ قالاتتى تەبئىي ھالدا.مەن ئۇنىڭ 37ياشقا كىرگۈچە ئۆيلەنمەي،ئەرەب ئىسلام پەلسەپەسى تەتقىقاتىغا بارلىقىنى پىدا قىلىپ،چوڭقۇر ئىزدىنىۋاتقان ئىرادىسىگە،غەيرىتىگە ئاپىرىن ئۇقۇغان ئىدىم.
-بىر مىللەت،بىر قوۋىم توغرا دۇنيا قارىشىغا،دۇرۇس ھايات پەلسەپەسىگە ساھىب بولمىسا،ئۇ روناق تاپالمايدۇ،-دېدى ئېھسان بىر قېتىملىق سۆھبەتتە،-مەن بۇ يەردە،ئەرەبلەرنىڭ دۇنيا قارىشى توغرا

ئەمەس،مۇسۇلمانلار دۇرۇس هايات پەلسەپەسگە ساهب ئەمەس،دېمەكچى ئەمەسمەن. ئەمما، تۇپكى نەزەريە ئاساسلىرى بىزدە ۋايىغا يەتكۈزۈلۈپ، توغرا شەرھلەنمىگەچكە، ئاۋام ئارسدا بىرمۇنچە جاهىل ئادەتلەتنى شەكىللەندۇرۇپ قويغان.بۇگۇنكى كۇندە بىزنىڭ ئۇ ناچار ئادەتلەردىن ئۇزۇل-كىسىل قول ئۇزۇۋش ئەمەس،ئۇلارنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھ قىلىشىمىزمۇ ناهايىتى تەسكە توختاۋاتىدۇ.

-كونكرىت قىلىپ،مىسال بىلەن چۈشەندۇرسەڭ قانداق؟-سوردىم ئۇنىڭدىن.

-مەسلەن؛هۇرۇنلۇق،سەن بىر ئەسىرىڭدە«هۇرۇن ئادەم زېمىنغىمۇ يۈك»دېگەن ئۇيغۇر خەلق ماقالىنى مىسال ئېلىپ،ئاجايىپ مەنتىقلىق ۋە تولىمۇ قايىل قىلارلىق بايان قىلىپسەن.خۇددى سېنىڭ دېگىنىڭدەك،خەلقىمىز بۇ هۇرۇنلۇق ئادىتىنى ئاشۇ «هەرقانداق ئىنساننىڭ رىزقىنى ئاللاھ بېرىدۇ»دېگەن تۇرمۇش پەلسەپەسىدىن شاخلاندۇرۇلۇپ چىقىلغان«ئاللاھ ئۆزىنىڭ هېچبىر مۇسۇلمان بەندىسىنى ئاچ قويمايدۇ»،«مۇسۇلمان بەندىلەرنىڭ غېمىنى ئاللا

قىلىدۇ»دېگەندەك نەزەريەلەرنىڭ ئەمەلىي هاياتىغا توغرا تەتبىق قىلىنماسلىقى نەتىجىسدە شەكىللەندۇۋالغاندۇر.بىزدىكى هۇرۇنلۇقنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى ئىسپاتلاپ كۆرستىش ئۈچۈن،ئەتە مەن سېنى بىر نەق مەيدانغا باشلاپ باراي،رائىپ ئاكا.

بۇ،1996-يىلنىڭ نويابىر ئېيى، مەن مىسرغا كەلگىنىمگە ئەمدىلا بىر ئاي بولغان چاغ ئىدى. ئىهسان مېنى قاهىرەنىڭ «بۇئۇس» رايۇندىكى مىسر فاتىمە سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان«ئەزهەر جامەسى»(جامىئەتۇل ئەزهەر)گە باشلاپ باردى.ئۇزاق ئەسىرلەر شاهىتى بولغان بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىززەت-ئېكرام بىلەن زىيارەت قىلدۇق.كېيىن، ئىهسان مېنى چوڭ يولدىكى ئاپتۇبۇس بېكىتى تەرەپكە ئەمەس، ئەزهەر جامەسىنىڭ غەربىي تېمىغا ياندىاش بولغان،ماشىنا قاتنىمايدىغان خىلۋەت بىر تار كوچىغا باشلاپ كىردى.

-مەن كۆرسەتمەكچى بولغان نەق مەيداننىڭ بىرسى بۇ،-دېدى ئۇ،-قارا بۇ يەرگە ۋە ئۆزۈڭ خۇلاسە چىقىرىپ باق.

نويابىر ئېيى بۇلىشغا قارىماي، قاهىرەنىڭ هاۋاسى يەنىلا ئىسسىق ئىدى. تار كوچىغا 10-15 قەدەم ئىچكىرلەپ كىرۋدۇق، قاڭسىق پۇراق كەلدى.«ئالدىمىزدا تەرەتخانا بار دەپ ئويلاپتىمەن. نەدىكىنى،ئادەملەر پىيادە ئۆتۈپ تۇردىغان مۇشۇ كوچىنىڭ ئۆزى تەرەتخانا ئىكەن گويا.بەزى يەرلىردىن سەكرەپ-ئاتلاپ ئۆتتۇق.مەن سېسىق پۇراققا چىدىيالماي،يانچۇقمدىن قول ياغلىق چىقىرىپ،بۇرنۇمنى ئېتىۋالدىم.ئىهسان كۇنۇك بولسا كېرەك،مېڭىۋەردى.ئۇيان-بۇيانغا كىرىپ كېتىدىغان تارماقلىرنى هېسابقا ئالمىغاندا،ئۇق كوچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى كىلومېتىردىن ئۇزۇنراق كېلەتتى.

ئۇ كوچىدىن چىقىپ،ئازادلىققا چىققاندەك بۇلۇپ ئەركىن نەپەس ئالدىم.شىمالغا بۇرۇلۇپ،ئالاھەزەل

500 مېتىرچە ماڭغان ئىدۇق.ئېھسان باشقا بىر پىيادىلەر كوچىسىغا باشلاپ كىردى.بۇ ئاھاللە ئولتۇراق مەھەللە كوچىسى ئىكەن.ئابايقى كوچىدىن سەل كەڭرەك بولسىمۇ،ئەمما كوچا ئاپتۇبۇسى قاتنىمايدىكەن.تازلىق ئەھۋالىغا قاراپ،بۇ كوچىنى «ئەخلەت كوچىسى»ياكى«چىۋىن كوچىسى» دېسە بولىدىكەن،دەپ قالدىم.توپا يوللۇق،كۆپۈنچىسى 2-3 قەۋەتلىك ئۆيلەر بىلەن تولغان بۇ كوچىغا ئەل ئۆمرىدە سۈپۈرگە تېگىپ باققاندەك ئەمەس،ھەركىمنىڭ ئىشىك ئالدىدا بىر دۆۋە ئەخلەت.ئەخلەتنىڭ ئەتراپى چوڭ-كىچىك تەرەتلەر بىلەن تولغان.ئۆتۈپ كېتىۋاتساق،ئىككىنچى قەۋەتنىڭ دېرىزىسىدىن تاشلانغان ئەخلەتلەر يەرگە«پوك-پوك»چۈشۈپ تۇراتتى.كوچىنىڭ بەتبۇيلۇقى يەنە مېنى ياغلىق بىلەن بۇرنۇمنى ئېتىۋېلىشكە مەجبۇر قىلدى.چىۋىن دىگەن شۇ قەدەر كۆپ ۋە شۇ قەدەر يوغان-بورداق ئىدى.ئىشىك ئالدىلىردا،مىسىر كىنولىرىدىكىدەك گۈزەل قىزلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرشاتتى.ماڭا چىۋىن قونسا،ئاچچىقىم كىلىپ،قولۇم بىلەن ئۇركۇتۈپ،ياغلىقىم بىلەن قوروپ ماڭدىم.ئېھسان يەنىلا خىيالىغا كەلمىگەندەك بىپەرۋا ۋە خاتىرجەم كىتىپ باراتتى.مەن تەرلەپ سۇ بولۇپ كەتتىم.ئاخىردا،ئاغزىم قۇرۇپ،تىلىم تامىقىمغا چاپلىشىپ كەتتى.ھاۋا يېتىشمىگەنلىكتىن بېشىم قېيىپ،يۈركىم سىقىلىپ،كۆڭلۈم ئايلىنىشقا باشلىدى.

-يەنە قانچىلىك ماڭساق چىقىپ كىتىمىزبۇ ئەخلەتخانىدىن،ئېھسان؟-تولىمۇ ئېتىك سوردۇم.
-غەيرەت قىل رائوپ ئاكا،يەنە 1000 مېتىرچە ماڭساق،چوڭ كوچىغا چىقىمىز.
چوڭ كوچىغا چىقىپ،چوڭ-چوڭ نەپەس ئېلىپ ئۇزاق بى«ئۇھ»دېدىم،-دە،يولنىڭ چېتىدە زوڭزىيىپلا ئولتۇرۇۋالدىم.بىر ھازا ئۆتكەندىن كيىن،ئىسمىگە كەلگەندەك بولدۇم.ئاندىن قايتىش ئۈچۈن كوچا ئاپتۇبۇسغا چىقتۇق.

-مەملىكتىمىزنىڭ 98 پىرسەنت زېمنى قۇملۇق.خەلقىمىز ئاشۇ چۆللەردە ياشاپ كەلگەن بەدەۋى ئەرەبلەرنىڭ ئەۋلادى،-دەپ چۈشەنچە بىرىشكە باشلىدى ئېھسان ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كيىن ئېغىر خۇرسىنىپ قويۇپ،-چۆل-سەھرا دېگەندە ھەر ھالدا ئاسمان كەڭرى،زېمىن بىپايان.چىدىر ئۆيلەردىن چىقىپلا،ئۇنىڭ ئالدى-كەينگە چوڭنى چىقىرىۋېتىپ،كىچىكنى قويۇۋېتىپ يۈرىۋېرىدىغان گەپ ئۇ چاغلاردا.شەھەرلەشتۇق-مەدەنىيەتلەشتۇق،دۇنيادا شەھەرلىششنى ئەڭ بۇرۇن ئەرەبلەر باشلىغان.شوڭا،شەھەرنى ئەرەبچە«مەدىنە»دەيدۇ،ئۇنىڭ مەنىسى«مەدەنىيەتلىك جاي»دېگەن بولىدۇ.بۇنى سەن بىلىسەن.ئىسلام ئەقىدىسىدە«ئەن نەزافەتۇ نىسفۇل ئىمان»(پاكىزلىك ئىماننىڭ يېرىمىدۇر)دېيىلدۇكى،مەينەت ئادەمنىڭ،تازلىقنى سۆيمەيدىغان مۇسۇلماننىڭ ئىمانى كامىل بولمايدۇ ھەرگىز! بىراق،ھۇرۇنلۇقىمىزدىن،شۇنچىلىك ئاددى،ئەمما شۇقەدەر
مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك ئىشنىمۇ بەجا كەلتۈرەلمەيۋاتىمىز تېخىچە.
-ھالبۇكى،ياۋرۇپاغا كىتىپ ياشىغىنىڭ يوقمۇ،ئەجەبا؟،-ئويلاپ-ئويلىماي شۇنداق سوراپ

تاشلىغانلىقمنى بىلمەن،سۇئالىمنىڭ «ئەجەبا»سى چىقىپ بولغۇچە،ئىھسان بىز ئاكا-ئۇكا بولغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم شۇقەدەر غەزەپ بىلەن قايناپ كەتتى:

-ھە،سەن مېنى ئۆز خەلقىدىن شىكايەت قىلۋاتىدۇ،ئۆز ۋەتىنىدىن بەزگەن ئادەمكەن بۇ،دەپ ئويلاپ قاپسەن،-دە،رائوپ ئاكا.خاتالىشىلۇپسەن،مەن ساڭا سەن-بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىزنىڭ نەقەدەر كۆپلۈكىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن،بۇگۈنكى ئېكسكۇرسىيەنى قىلدۇردۇم.مەن مىسىردىن باشقا جاينىڭ ھاۋاسىدىن نەپەس ئالسام،تۇنجۇقۇپ قالىدىغان ئادەممەن.مەن شۇنى ئوبدان

بىلمەنكى،ئاللىكىملەرگە قېيداش،رېئاللىق بىلەن روبىرو بولالماي،قېچىپ كىتىش قاتارلىقلارنىڭ ھېچ قايسىسى مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ.ھەرقانداق نەرسىنى ھەل قىلالايدىغان بىرلا نەرسە بار،ئۇ بولسىمۇ بىلىمدۇر.ھەقىقەتنى،ئىلىم-پەننى دەسلەپ ئۆزۈڭ بىل،ئاندىن ئۇنى خەلقىڭگە بىلدۈركى،مانا شۇ چاغدا،ھەرقانداق مەسىلىنىڭ ھەل بولمىغىنىنى كۆرە!

مۇھاجىرەتلىك تۇرمۇش دېگەننىڭ غۇربەتچى مۇساپىر ئىنسانغا كۆرسىتىدىغانلىرى ھەمىشە ئۆرنەك ھاياتلا بۇلۇۋەرمەيدىكەن.كىيىن،مەن 1997-يىلى 6-ئايدا ۋەتەنگە قايتىپ كەلگىچە بولغان ئارلىقتا،قاھىرەنىڭ ئۆزىدىلا،«مىليۇندىن ئارتۇق پەقىر ئىنسان ياشايدۇ بۇ يەردە»دەپ رىۋايەت قىلىنىدىغان«گۆرۈستانى قاھىرە»قاتارلىق ئىبرەتلىك ماكانلارنىمۇ تېنىم ئەيمىنگەن ھالدا زىيارەت قىلدىم.

ئەمدى،نېمە دەي؟قەدىمي دىيار مىسىر يىلدا ياز بىلەن باھارلا بولىدىغان،ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدى توڭلىمايدىغان يۇرت ئىكەن.ئىھسان شاھىندەك ۋەتەن سەۋدالىرى بولغاچقا،ئۇنىڭ كېلەچىكى ھېچ بولمىغاندىمۇ ئۇنىڭ ئۆتمۇشى قەدەر پارلاق بولىدىكەن،دەپ قالدىم ئۆز تەسراتىمچە.

جۇڭگو مىللەتلىرى 2011(2)سان

مەنبە : ئەلدوست تورى

# 15ـ ھېرمان ۋامبېرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرى

خەيرۇللا ئىسمەتۇللايېۋ(ئۆزبېكىستان)

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: بەگيار




ئىلاۋە: 2011ـ يىلى 17ـ مارت كۈنى كەچتە «شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستا نىسى2ـ «قانىلى «مەدەنىيەت بوستانى» پىروگىرامىسىدا، مەشھۇر رومان «باھادىر نامە» نىڭ ئاپتۇرى، تونۇلغان يازغۇچىمىز ياسىنجان سادىق چوغلان بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت كۆرسىتىلدى. سۆھبەت جەريانىدا يازغۇچىمىز ياسىنجان سادىق چوغلان ھېرمان ۋامبېرىنىڭ» بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھرتارىخى» ناملىق ئەسىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى.دېمەك، بىز ۋېنگىرىيىلىك يەھۇدىي سەيياھ ھېرمان ۋامبېرىنى «بۇلاق» ژورنىلىنىڭ 2000ـ يىللىق2ـ سانىدىن 2002ـ يىللىق1 ـسانىغىچە ئۇلاپ ئېلان قىلىنغان «بۇخارا ياكى ماۋەرائۇ نىنەھرتارىخى» ناملىق ئەسىرى بىلەن تونىيمىز، ھەمدە ئۇنى تۈركىي خەلقلەر ۋە ئىسلام تارىخىغا ئائىت 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ئەسەر يازغان غەرپ ئالىمى دەپ بىلىمىز .

ئەمما ئۇنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىگى ھەققىدە كۆپ  نەرسە بىلمەيمىز. شۇڭا مەن ھېرمان ۋامبېرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ساياھىتى جەريانىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى ۋە قىسمەن ئەسەرلىرىنىڭ يېزىلىش جەريانى تونۇشتۇرۇلغان بۇ ماقالىنى نەشرگە تەييارلاپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇم.

## راشىد ئەپەندى

ۋېنگرىيەلىك ھېرمان ۋامبىرىنىڭ دەرۋىش سىياقىدا راشىدئەپەندى، راشىد ھاجى دېگەن ئىسىملار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى بويلاپ قىلغان سەپىرىگە 125 يىل  تولدى. مانا، ئۆتكەن 125 يىلدىن بېرى ماجارىستانلىق بۇ سەيياھنىڭ نامى جاھان خەلقلىرىگە ياد بولۇپ،ئېنسىكلوپېدىيە، قامۇسلاردىن چۈشمىدى. ئۇنىڭ يېزىپ قالدۇرغان كىتاپلىرى ھازىرمۇ ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن قىزىقىپ ئوقۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى ھەققىدە  ئونلىغان كىتاپلار يېزىلىپ، فىلمىلەر ئىشلەنگەن. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

## ھېرمان ۋامبېرى كىم؟

ھېرمان ۋامبېرى 1832-يىلى 19-مارت كۈنى دوناي ئاراللىرىدىن بىرىگە  جايلاشقان كىچىك ۋېنگىر شەھرى ئەتراپىدىكى بىر يەھۇدىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 12 ياشقىچە يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇغان، كېيىن ئەۋلىيا گىئورگىي گىمنازىيىسىگە كىرگەن. ئۇ 16 يېشىدىن باشلاپلا ماجار (ۋېنگىر)، لاتىن تىللىرىدىن تاشقىرى، فرانسۇز، نېمىس، ئېنگىلىز ۋە سكاندىنوۋىيە تىللىرىنى ياخشى ئۆگەنگەندىن تاشقىرى،  رۇس ۋە باشقا سلاۋيان تىللىرىدىنمۇ خەۋەردارئىدى. ئاتا-ئانىسى بالدۇرلا ۋاپات  بۇلۇپ كەتكەنلىگى ئۈچۈن ئۇ ياش ۋاقتلىرىدىن تارتىپلا جاپا- مۇشاققەتتىن قاچمايدىغان بولۇپ يېتىلگەن.

ۋامبېرىي تىل ئۆگىنىشكە خېلى بۇرۇنلا قىزىققان بولۇپ، غەرپ ۋە شەرق تىللىرىنى ئۆگىنىش ئۇنىڭ چوڭ ئارزۇسى ئىدى، ئۇنىڭ يەنەبىر ئارزۇسى بارئىدى، ئۇ بولسىمۇ ۋېنگىر تىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ شەرق تىللىرى بىلەن بولغان  مۇناسىۋەتلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئىدى.

شۇ مەزگىللەردە ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ بىرقىسىم ئالىملار ۋېنگىر(ماجار) لارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ياكى باشقىرت تۇزلەڭلىكىدىن كۆچۈپ كەلگەن دېگەن قاراشلارنى ئىلگىرى سۈرۈ شكەن. ھ.

ۋامبېرى ياشلىق مەزگىللىدىن باشلاپلا بۇ مۇجمەل مەسىلىگە جاۋاپ ئىزدەپ ئوتتۇرا ئاسىياغا بىرقېتىم كېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا جاۋاپ تاپقاندەك بولدى. ئۇ شۇنداق دەپ يازىدۇ:« بىز ئاسىيادا قېپ قالغان ئۇرۇقلىرىمىزنى ئىزلەۋاتىمىز، دېگەن پىكىر خاتا دۇر... بىز ئۆز تىلىمىزنىڭ ئېتمولوگىيلىك تۈزۈلىشىنى ئېنىقلاشقا تىرىشىۋاتىمىز،بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئېنىق بولغان مەلۇماتلارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن قېرىنداش تىل ۋە شىۋىلەرگە مۇراجەت قىلىمىز »(ھ.ۋامبېرى «ئوتتۇرا ئاسىيا ساياھىتى»لوندون، 1865-يىل ئېنگىلىزچە نەشرى،1-بەت)

مەلۇمكى، ۋېنگىرتىلى ئالتاي تىللىرى ئائىلىسىگە كىرىدۇ .ھ.ۋامبېرىينىڭ ئارزۇسى ۋېنگىر تىلىنى ئالتاي تىللىرى ئائىلىسىنىڭ فىن-ئۈگۈر تىللىرى گۇرۇپپىسىغىمۇ ياكى تۈركىي تىللار گۇر پىسىغا تەۋەلىكىنى ئېنىقلاش ئىدى. ئۇ مۇشۇ مەقسەتتە ئازراق مەلۇماتقا ئېگە بولغاندىن كېيىن ،1852-يىلى ئاسىيا مەملىكەتلىرىدىن ئەڭ يېقىن بولغان تۈركىيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئاشۇ يىللاردا كونستانتىپول دەپ ئاتىلىدىغان ئىستامبۇلغا كۆچۈپ بېرىپ،تۈرك ئائىللىرىدە غەرپ تىللىرى، جۈملىدىن فىرانسوز تىلىدىن دەرىس ئۆتۈش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇنلىنىدۇ. ئاۋال پاشا ھۈسەيىين دائىنىڭ قەسرىدە، كېيىن دوستى ۋە مەسلىھەتچىسى موللا ئەخمەت ئەپەند ىنىڭ تەسرىدە تامامەن ئوسمان تۈركلىرىنىڭ سىياقىغا كىرىدۇ، ھەمدە فۇئات پاشانىڭ ئىدارىسىغا ئىشقا ئورۇنلىشىدۇ. «بىر نەچچە يىل تۈرك قەسرلىرىدە بولۇشۇم، ئىسلام مەكتە پلىرىگە ۋە كىتاپ دۇكانلىرىغا قاتراپ يۈرۈشۈم»-دەپ ئەسلەيدۇ، ھ.ۋامبېرى،«مېنى ناھايىتى تېزلا بىر تۈرككە، ھەتتا ئەپەندىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى ». ھ. ۋامبېرى ئىستامبۇلدا تۈرك تىلى ۋە چاغاتاي (كونا ئۆزبېك تىلى) تىلىدىن تاشقىرى يەنە ئەرەپ، پارس تىللىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئۆگەندى، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە-قانۇنلىرى بىلەن مۇكەممەل تونۇشتى . نەتىجىدە ئۇنىڭ ئىسلام دىنى توغرىسىدا ئىگەللىگەن بىلىمى بىر موللىنىڭ بىلىمدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. يەنە تېخى 1858-يىلى چاغاتايچە(كونا ئۆزبېكچە)-نېمىسچە لوغەت(تەخمىنەن 40 مىڭ سۆز لۈك) تۈزۈپ، ئىستامبۇلدىكى نەشرىياتلاردا نەشر قىلدۇرىدى.

بۇلار ھ .ۋامبېرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت قىلىش پىلانىنىڭ باشلىنىش باسقۇچى ئىدى ». مېنىڭ تىل ئۆگىنىشتىكى مۇئاپىقىيەتلىرىم»،دەپ خاتىرلەيدۇ. ئۇ،« شەرققە قاراپ قىلىۋاتقان ساياھىتىمنى داۋاملاشتۇرۇشۇم ئۈچۈن مېنى تېخىمۇ روھلاندۇردى، مەن ئوتتۇرا ئاسىياغاكىرىشكە بەل باغلىغانىكەنمەن،چوقۇم ھازىرقى ئەپەندى قىياپىتىمنى ساقلاپ قېلىشنى ،شەرققە شۇ مەملىكەتنىڭ تەبىئىي پۇخراسى سۈپىتىدە بېرىشنى توغرا دەپ ھىساپلىدىم.«ھ. ۋامبېرى ئۆز پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتىدە 1863-يىلىنىڭ بېشىدا تېھرانغا كەلدى ۋە بۇ يەردە ئوتتۇرا ئاسىياغا بىر دەرۋىش قىياپىتىدە كىرىپ ساياھەت قىلىش پىلانىنى تۈزۈشكە باشلىدى. بۇ پىلان بويىچە، ئۇ مەككىدىن كېلىۋاتقان ھاجىلارنىڭ كارۋىنىغا قوشۇلۇۋېلىپ، شۇلار بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشى ۋە ئىسمىنى

ئۆزگەرتىشى لازىم ئىدى. شۇنداق قىلىپ تېھراندا ھ.ۋامبېرىنىڭ ئىسمى  ئۆزگەرتىلدى،ئەمدى ئۇ راشىد ئەپەندى دېگەن نام بىلەن ياشاشقا مەجبۇر ئىدى. كېيىنچە  كارۋاندىكىلەر ئۇنى راشىد ھاجى دەپمۇ ئاتىدى1863- . يىلى27-مارت كۈنى تۈركىيىنىڭ تېھراندىكى ئەلچىسى راشىدئەپەندىنىڭ ئىو تتۇرا ئاسىياغا قىلىدىغان سەپىرىگە ئاق يول  تىلەش يۈزىسىدىن زىياپەت ئۆتكۈزدى...

1863-يىلى 28-مارت كۈنى كەچقۇرۇن راشىد  ئەپەندى دەرۋىش قىياپىتىدە مەككىدىن قايتىۋاتقانلار بىلەن بىرگە ھازىرغىچە بىزگە  نامەلۇم بولغان مىڭ خىل پىلان، مىڭ خىل ئوي- خىياللىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا  تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى.

## ۋامبېرى ئوتتۇرا ئاسىيادا

-1863يىلى 29-ماي كۈنى ھ .ۋامبېرى قوشۇلۇۋالغان كارۋان خىۋە خانلىقى تۇپرىقىغا قەدەم قويدى. 30-ماي كۈنى خىۋە شەھرى يېنىدىكى بىر يېزىدا دەم ئالدى. ھ. ۋامبېرى: بىز 30-ماي كۈنى ئۆزبېكلەر يېزىسىغا قەدەم قويدۇق، بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى مەن كۆرگەن تۇنجى ئۆزبېكلەر ئىدى؛ «ئۇلار بەك ئاجايىپ ئىنسانلار ئىكەن»-دەپ يازىدۇ خاتىرىسىگە. (ھ.ۋامبېرى «ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت»لوندون، 1865-يىل ئېنگىلىزچە نەشرى،63-بەت.) خىۋەنى كۆرگەن ۋامبېرى ھەيرەتتە قالدى.«مەن دەسلەپتە خىۋەنىڭ شۇنچىلىك گۈزەل لىكىنى سەھرا بىلەن سېلىشتۇرغانلىقىمدىن بولسا كېرەك دەپ ئويلىغان ئىدىم. ياق، ياق! خىۋەنىڭ ئەتراپىدىكى ئاسمانغا تاقاشقان تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان كىچىك ھويلىلار، كۆ پكۆك يايلاقلار ۋە پايانسىز داللار ھازىرمۇ، ياۋروپانىڭ غايەت گۈزەل يەرلىرىنى قايتا كۆرگىنىمدە ىن كېيىنمۇ ھەم مەن ئۈچۈن ئەڭ چىرايلىق بولۇپ تۇيۇلدى» (ھ.ۋامبېرى»  ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت» لوندون، 1865-يىل ئېنگىلىزچە نەشرى، 64-بەت.) ئامۇ دەرياسىنىڭ سۈيى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغانىمىز. ھ.ۋامبېرىينىڭ بۇ ھەقتە يازغانلىرى بولسا،يەنىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا ھەقىقى دەلىللەرگە قوشۇلغان بىردەلىل ۋۇر:«دۇنيادا بۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر دەريا يوق، مۇبارەك نىل دەرياسىمۇ بۇ دەرياغا ئو خشمايدۇ دېيىشىدۇ. مەن بولسام، بۇ دەريانىڭ سۈيىنىڭ تاتلىقلىغى ھەققىدىكى گەپلەرنى سۈسىز چۆلدىن چىقىپ، ئۇنىڭ قىرغاقلىرىدا ئارام ئېلىش نەتىجىسىدە كۆپتۈرۈپ ئېيتىلغان گەپ بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. بىراق كېيىنچە مەن بۇنىڭ كۆپتۈرۈلگەن گەپ ئەمەس سىلىكىگە ئىشەندىم. شۇنداق دېيەلەيمەنكى، مەن بىلىدىغان دەريالار ئىچىدە سۈيى ئەڭ شىرىنى مۇشۇ ئامۇ دەرياسىدۇر»( ھ.ۋامبېرى «ئوتتۇرا  ئاسىياغا ساياھەت»لوندون، 1865-يىل ئېنگىلىزچە نەشرى،78-بەت)، دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ  ماجار سەيياھ.

ﻫ.ۋامبېرىنىڭ يېزىشچە،«خىۋەنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، ئۇ بۇغداي، شال، يىپەك، پاختا قەغىزى، سۇپەتلىك قىزىل بۇياق چىقىدىغان رويان ناملىق يىلتىزى بىلەن شۆھرەت قازانغان. خىۋەنىڭ مىۋىلىرى شۇنداق ياخشىكى، ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان مىۋىلەرنى ئىران ۋە تۈركىيە لەردىنلا ئەمەس،بەلكى ياۋروپانىڭ ئۆزىدىنمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. دېمىسىمۇ، ھەزاراسپنىڭ ئالمىلىرى ۋە خىۋە ئانالىرىنىڭ دۇنيادا تەڭدىشى يوق، تاۋۇز، قوغۇنلىرىنىڭ تەمىمۇ ئاجايىپ ياخشى بولۇپ، قوغۇنلارنىڭ تەمى بېجىڭغىچە مەلۇم. ئېيتىشلىرىچە، ئوسمانىيلار سەلتەنە تىنىڭ سۇلتانى پات-پات ئۆرگەنچ قوغۇنلىرىنى سېغىنىپ قالىدىكەن. بۇ قوغۇنلار روسىيىدىمۇ يۇقۇرى باھادا سېتىلىدۇ .بىر ھارۋا قىشلىق قوغۇنغا بىر ھارۋا شېكەر تېگىشكىلى بولىدۇ» (ﻫ. ۋامبېرى «ئوتتۇرا ئاسىيا ساياھىتى» لوندون، 1865-يىل ئىنگىلىزچە نەشرى، 170-بەت.) ﻫ. ۋامبېرى ئۆزىنىڭ يەنەبىر كىتابى،-«ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېرىكلىرى»دا خىۋەنىڭ قوغۇ نلىرى توغرىسىدا توختىلىپ، ئۇلارنى ناھايىتى يۇقۇرى باھالايدۇ:«سىز خىۋە قوغۇنلىرىغا ئۇ خشاش قوغۇنلارنى ئاسىيادىنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن يەر يۈزىدىن تاپالمايسىز. ئۇلارنىڭ شېرىنلىكىنى ھەتتا ياۋروپالىقلارمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. ئۇلار شۇ دەرىجىدە شېرىن ۋە خۇشبۇ يكى،ئېغىزدا ئېرىيدۇ. ئەگەر ئۇلار نان بىلەن يېيىلسە، بىزگە تەبىئەت ئىنئام قىلغان ئەڭ ياخشى تائام شۇ بولۇپ قالىدۇ» ( «ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېرىكلىرى»لوندون ،1868-يىل ئىنگلىز چە نەشرى، 226-بەت). ﻫ. ۋامبېرى يەنە، تېز پىشار قوغۇندىن 10 نىڭ، قىشلىق قوغۇندىن بەشنىڭ نامىنى ئاتاپ، ئۇلارنى تولىمۇ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تەرىپلەيدۇ. ﻫ. ۋامبېرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پاختىسىغا ئالاھىدە قىزىققان. ۋامبېرىينىڭ بۇنىڭدىن 125 يىل ئاۋال چىقارغان خۇلاسىسىگە كۆرە، ئوتتۇرا ئاسىيا پاختىسىنىڭ كېلەچىكى پارلاق. «تۈركىستان پاختىسى ھىندى، ئىران ۋە مىسىر پاختىسىدىن ياخشى، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ پىكىر بىچە،ئۇ مەشھۇر ئامېرىكا پاختىسىدىن قېلىشمايدۇ» («ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېرىكلىرى» لوند ون،1868-يىل ئىنگلىزچەنەشرى ،229-بەت). ﻫ.ۋامبېرىنى تەشۋىشكە سالغان مەسىلە- ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پاختىسىنى پەقەت روسىيەنىڭلا يىلدىن-يىلغا تېخىمۇ كۆپ سېتىۋېلىشى ئىدى. ۋامبېرى بۇ مەسىلىدىمۇ ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىش كۆرگەن. ئۇ 1840- 1860- يىللىرى بۇخارا ئەمىرلىگى ۋە خىۋە خانلىقىدىن روسىيە سېتىۋالغان پاختىنىڭ مىقدارى ۋە نەرخىگە قىزىققان ۋە بۇ سودىنىڭ جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىققان. ﻫ.ۋامبېرى تۈزگەن جەدۋەلد ىن مەلۇم بولىدۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيا پاختىسىنىڭ روسىيەگە چىقىرلىشى 1840- 1850-يىللار دىكىگە نىسپەتەن 1853-1860-يىللىرى ئىككى قېتىم ئاشقان. روسىيە 1840-1850- يىللىرى يالغۇز بۇخارا ئەمىرلىگىدىن ئىككى مىليۇن 65 مىڭ 679 فونتستىرلىڭلىق پاختا سېتىۋالغان بولسا، 1853-1860 -يىللىرى 4 مىللىيۇن 237 مىڭ 772 فونتستىرلىڭلىق پاختا سېتىۋالغان. («ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېرىكلىرى» لوندون،1868-يىل ئىنگلىزچە نەشرى، 231- بەت.) ﻫ.ۋامبېرى تۈركىستان ئۆلكىسىنىڭ قېزىلما بايلىقلىرى توغرىسىدىمۇ خېلىلا كەڭ ۋە ئەمىلىيەتكە بىرقەدەر يېقىن مەلۇماتلارنى خاتىرلەپ قالدۇرغان.«مەن شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى» ،دەپ يازىدۇ ئۇ:«تۈركىستان بايلىقى ئاز

ئۆلكىلەردىن ئەمەس. ئۇنى قۇم گەردىشلىك ئالماس دەپ بىكار ئېتىشمايدۇ. كەلگۈسدە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ، شەرق مەملىكەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئورۇننى ئىگەللەيدۇ » («ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېرىكلىرى»لوندون،1868-يىل ئىنگلىزچە نەشرى،238 –بەت.) ھ.ۋامبېرىينىڭ يېزىشچە، يېڭى ئۆرگەنچتە يېتىشتۈرۈلگەن پاختا ئەڭ سۈپەتلىك، ھازارا سىپ پىلىسىدىن ئېلىنىدىغان يىپەك پۇتۇن خىۋە خانلىقىدا ئەڭ قىممەتلىك ھىساپلىنىدۇ. گۇرلاندا ئەڭ ياخشى شال ئۆستۈرلىدۇ،بۇخارا ۋە قوقاندىمۇ شۇنداق.

ھ.ۋامبېرى تۈركىستاننىڭ ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىنى تەسۋىرلەشكىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بەر گەن.ئۇ ھەر بىر ئۆسۈملۈكنىڭ ناملىرىنى،قانچىلىكتىن ھوسۇل بېرىدىغانلىقىغىچە ئېنىق ھىسا پلاپ كۆرسەتكەن ۋە بۇلارنى ياۋروپادىكى شۇخىل ئۆسۈملۈك بىلەن سېلىشتۇرغان. بۇخارا بۇغد ىيى ئەڭ سۈپەتلىك سانىلىدۇ،ئۇ ئۇزۇن، ئىنچىكە قىزىل رەڭلىك دان تۇتىدۇ. بۇخىل بوغدا يىنىڭ ئۇنىدىن بۇخارا شەھرىدە شۆھرەت قازانغان نان يېقىلىدۇ. بۇ بۇغداي ھەممە يەردە شىرمان نامى بىلەن شۆھرەت قازانغان .بۇ يەرلەردە گۇرۇچمۇ ناھايىتى مول، ئۈچىلى خانلىقتا ئۆزئارا ئالماشتۇرلىدۇ. مايلىق زىرائەتلەردىن كۇنجۇت بۇ يەردە ياخشى ئۆسىدۇ ۋە جىق ياغ چىقىدۇ. زىغىردىن چىقىرلىدىغان ياغ تائامغا ئىشلىتىلىدۇ. پاختىنىڭ چىگىتىدىن چىقىرلىد ىغان ياغ تائامغا ئىشلىتىلمەيدۇ، دەپ خاتىرلەيدۇ ھ.ۋامبېرى. («ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېرىكلىرى« لوندون،1868-يىل ئىنگلىزچە نەشرى، 223-بەت.(
بۇ يەردە بىر نەرسىنى ئالدىن ئېيتىپ قويۇشمىزغا توغرا كېلىدۇ: ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەر، شەھەر-يېزىلار ۋە بىزگىچە يىتىپ كەلگەن ھەممە ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات دۇنياسى، ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرىنىڭ گىئوگرافىك ۋە ستراتىگىيلىك ئورنى ھەققىدە ھ.ۋامبېرى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىلاجى بار راست گەپنى يېزىشقا تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ گىئوگرافىك، سىياسي، ئىجتىمائىي مۇھىملىقىنى توغرا باھالاشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنى ئو تتۇرائاسىياغا ئەۋەتكەنلەرگە شۇلار كېرەك ئىدى. ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى ناھايىتى ياخشى ئاداقلىدى شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ھ.ۋامبېرى يېزىپ قالدۇرغان ئوتتۇرا ئاسىياغا ئائىت ھەر بىر تارىخىي دەلىل بىز ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىكتۇر. ھ .ۋامبېرى بۇخارا دۇكانلىرىدا ستىلىپاتقان چاينىڭ 16 خىلىنى كۆرگەن ۋە ئۇلارنىڭ نامىنى ئۆز خاتىرىسىگە يېزىۋالغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مانا بۇلار: قىرىقما، ئەخبار، ئاق قۇيرۇق ،قاراچاي، سېپەتچاي، ئىش باغلۇ، گۈلبوي، پاشۇن، مۇشۇك كۆز، لانكا...(«ئوتتۇرائاسىيائوچېر ىكلىرى» لوندون ،1868-يىل ئىنگلىزچە نەشرى،94-بەت.)
ھ.ۋامبېرىينىڭ ئۆلچىشچە، ئاشۇ ۋاقىتلاردا سەمەرقەند شەھرى كۆلەم جەھەتتىن تېھرانغا تەڭ بولغان،لېكىن ئۆيلەر بىر-بىرىدىن يىراقراق جايلاشقان،چوڭ بىنالار بولسا،ياخشى يەرلەر گە سېلىنغان.(«ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېرىكلىرى»لوندون،1868-يىل ئىنگلىزچە نەشرى، 112 –بەت.)

ھ.ۋامبېرى قارش شەھرىدە ئاران ئۈچ كۈنلا تۇرغان بولسىمۇ،لېكىن ئۇيەرلەردىنمۇ نۇرغۇن ماتېرىيال توپلىغان.«قارش قەدىمكى نەقشەبدۇر» دەپ يازىدۇ ئۇ،ئۆزىنىڭ مەقستى ۋە سودا ئەھمىيتى جەھەتتىن«بۇ شەھەر بۇخارا ئەمىرلىگىدە ئىككىنچى شەھەر ھىساپلىنىدۇ. ئەگەر سىياسىي تو پىلاڭلار توسقۇنلۇق قىلمىغاندائىدى قارش، بۇخارا، كابۇل ۋە ھىندىستان بىلەن بولىدىغان سودا-سېتىقتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ۋامبېرىنىڭ ھىسابىغا قارىغاندا «ئەينى ۋاقىتتا قارشنىڭ ئاھالىسى 25 مىڭ، بۇشەھەردە ئاساسەن ئۆزبېكلەر ئولتۇراقلاشقان، ئۇلار يەنە ئەمىر ئەسكەرلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.» («ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېرىكلىرى» لوندون، 1868-يىل ئىنگلىزچە نەشرى،114-بەت.)

## ۋامبېرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن چىقىپ كېتىشى

قارش ھ.ۋامبېرى تۇرغان ئاخىرقى شەھەر ئىدى. ئۇ بۇ شەھەردە ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن،ئامۇ دەرياسىنى كېچىپ ئۆتۈپ ھىراتقا يول ئالغان. ئۇ 1863-يىلى 15-نۇيابىر كۈنى 2000 كىشىلىك كارۋان بىلەن ھىراتتىن مەشھەدكە قاراپ يولغا چىققان ۋە ئون ئىككى كۈن يول يۈرۈپ،-27 نۇيابىر كۈنى مەشھەدكە يېتىپ كەلگەن،ئۇنىڭ بۇ ئىران شەھرىدە قىلغان بىرىنچى ئىشى، بۇ شەھەرنىڭ گوبېرناتورى (ۋالىسى) بولۇپ تۇرۋاتقان ئېنگلىز پولكوۋنىكى دولماج بىلەن كۆرۈشۈش بولدى. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ رەشد ئەپەندى ئۆزىنىڭ دەرۋىشلىك نىقابىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئەسلىدىكى ھېرمان ۋامبېرى قىياپىتىگە قايتىپ كەلدى. ئېنگلىز پولكوۋنىكى دولماج ئۇنى 1863-يىلى 25-دېكابىر كۈنىگىچە مېھمان قىلدى. ۋامبېرىنىڭ ئۆز ئېغىزى بىلەن ئېقرار قىلىشىچە، يېڭى يىل كۈننى (مىلاد بايرىمنى)مېھماندوست پولكوۋنىك بىلەن ئۆتكۈزۈپ، 26- دېكابىر كۈنى تېھرانغا قاراپ ماڭدى. بۇ قېتىم ئۇ كارۋانلارغا قوشۇلماي، ئوتتۇرا ئاسىيادىن تېپىۋالغان ياردەمچىسى، ھەمراھى موللا ئىسھاق بىلەن بىللە ئاتقا منىپ يولغا چىقتى. ۋامبېرى تەرىپىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئائىت دەسلەپكى مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەنگەن ئېنگلىز پولكوۋنىكى ۋامبېرى ۋە موللا ئىسھاقنى ناھايىتى ياخشى بېقىلغان ئىككى ئات، يېتەرلىك يول ئەنجاملىرى ۋە خىرا جەت بىلەن تەمىنلىگەن.

-1864يىلى 10-يانۋار كۈنى ھ.ۋامبېرى ۋە موللا ئىسھاق تېھرانغا يېتىپ كەلدى.«كۆرۈ نۇشۇم كۆلكىلىك ۋە ئاپانچىلىق بولىشىغا قارىماي، مەن تۈركىيە ۋە ئەنگلىيەنىڭ تېھراندىكى ئەلچىخانىلىرىغا بېرىشقا ئالدىرىدىم. ئېنگلىز ئەلچىسى مېنى ناھايىتى قىزغىنلىق ۋە سەمىيمي لىك بىلەن كۈتۋالدى»دەپ يازىدۇ.ھ.ۋامبېرى(«ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېرىكلىرى»لوندون، 1868-يىل

ئىنگلىزچە نەشرى، 146-147-بەتلەر). ھەقىقەتەنمۇ بۈيۈك بېرتانىيىنىڭ ئېرا نىدىكى ئەلچىسى ئالىسو ۋە ئۇنىڭ ئىككى ياردەمچىسى تامسون ۋە ۋاتسون ۋامبېرىغا خېلى ئوبدان ئىلتىپات كۆرسەتتى، ئەنگلىيىگە يىتىپ بېرىشىغىلا ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خاتىرىلىرىنى نەشىر قىلىشقا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇ يەردە بىر ئىشقا دىققەت قىلىش كېرەك: ھېچقانداق بىر ئەلچىخانىدىكى سۆھبەتلەر ۋە كۆرۈشۈشلەرگە موللا ئىسھاق قاتناشتۇرۇلمىدى. ھ.ۋامبىرىنى ئەلچىلەر، ئېنگلىز ھەربىيلىرى كۈتىۋېلىۋاتقاندا، موللا ئىسھاق ئۆزىنى مەككىگە ئېلىپ بارماقچى بولغان ھەمراھىنى كۈتۈپ كارۋان سارايىدا ئولتۇردى.
ۋامبېرىينى تېھراندا ئىرانىنىڭ ياش شاھى نەزىرىدىنمۇ كۈتىۋالدى.«ياش نەزىرىدىن شاھ مېنى باغدا قوبۇل قىلدى»،-دەپ ئەسلەيدۇ ۋامبېرى،-«ئۇ مەندىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خانلار، خانلىقلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە سورىدى. مەن ئۇلارنىڭ سىياسىي ئەھۋالىنىڭ خېلىلا ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. ئۇ ياش شاھ يېنىدا ئولتۇرغان ۋەزىرىگە بىز ئون بەش مىڭ ئەسكەر بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يېڭەلەيمىز»-دېدى.(«ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېرىكلىرى » لوندون، 1868-يىل ئىنگلىزچە نەشرى،147-بەت.) ھ. ۋامبېرى تېھراندا ئىككى ئاي تۇرغاندىن كېيىن، 1864-يىلى مارتتا ئىستامبۇلغا قاراپ يولغا چىقتى. ئىستامبۇلدا بار-يوقى ئۈچ سائەتلا تۇردى .بىراق شۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىمۇ ئەنگلىيىلىك دىپلومات فون پىروكاش ئوستېن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ئۆزى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىگەللىگەن ماتېرىياللارنى قانداق ئىشلەپ چىقىش توغرىسىدا مەسلىھەت سورىدى. ئاندىن ئۆز ۋەتىنى ۋېنگرىيە پايتەختىگە ئۆتۈپ كەتتى. شۇچاغدا ۋېنگرىيە پايتەختى بولغان پېشتتا موللائىسھاقنى دوستلىرى قېشىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى يالغۇز لوندونغا-ئۇنى ساقلاپ تۇر غان شەھەرگە يول ئالدى. ھ. ۋامبېرى-1864 يىلى 9-ئىيۇل كۈنى لوندونغا يىتىپ باردى. «مەن ۋەتىنىمدىنمۇ ئانچە ئۇزاق تۇرالمىدىم، چۈنكى ئەنگلىيە پادىشاھلىق گىئوگرافىيە جەمئىيىتىگە ئۆز دوكلاتىمنى ئېلىپ بېرىشقا ئالدىراۋاتاتتىم»،-دەپ ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنىدۇ ھ .ۋامبېرى.(«ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېرىكلىرى» لوندون، 1868-يىل ئىنگلىزچە نەشرى، 148 -بەت.) ۋامبېرى«ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان سەپىرىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى توغرىسىدا؛ سەپىرىمنىڭ ئەسلى سىرى،ماھىيىتى پەقەت ئىككى كىشىگىلا ئايان ئىدى»،دەپ يازىدۇ، لېكىن بۇ سەپەر نىڭ سىرىدىن كىملەرنىڭ خەۋەردار ئىكەنلىكى ھەققىدە پەقەتلا ئېغىز ئاچمايدۇ.

ۋامبېرىنىڭ«دوكلات»ى تارىختىن مەلۇمكى،19-ئەسرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئېنگلىزلار ھىندىستاندا ئۆز مۇستەملىكە ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ،ئابغانىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا خىرىس قىلىۋاتقان بىر دەۋىر ئىدى. بۇ چاغلاردا روس ئارمىيىسىمۇ ئورىنبورىگقا ئورۇنلىشىۋېلىپ، كەلگۈسىدىكى يۈرۈشلىر

ىنىڭ نىشانىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا قارىتىشنى پىلانلاۋاتاتتى. ئېنگىلىزلارغا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي ئەھۋالى، جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئاھالىسى، ئارمىيىسى ھەققىدىكى ئېنىق مەلۇماتلار ھاۋا بىلەن سۇدەك زۆرۈرئىدى. ئۇلار بۇ توغرىسىدا ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەۋەتكەن بىر نەچچە سەييياھلار مەقستىگە يېتەلمىدى؛ ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆلتۈرۈلدى، چۆللەردە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ تۈگەشتى، بەزىسى چېگرالاردا تۇتۇپ قېلىندى.پەقەت ھېرمان ۋامبېرى ئېنگىلىزلارنىڭ ئاخىرىقى ئۈمىدى ئىدى،ئۇ بۇ ئۈمىدنى جايىدا ئاقلىدى .ۋامبېرى ئەقىللىق، بىلىملىك، ھىلىگەر ئادەم ئىدى. ئۇ ھەرقانداق قىيىنچىلىققا جىسمانەن چىدايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ياشلىقى قاتتىق قىيىنچىلىقتا ئۆتكەن ئىدى؛ ئۇ ئۆز سەپىرى جەريانىدا سورا لغان ھەرقانداق سۇئالغا ئېنىق، توغرا جاۋاپ بەردى،چۈنكى ئۇنىڭ بىلىم دائىرىسى كەڭ ئىدى.

ھ. ۋامبېرى 1864-يىلى 28-سېنتەبىركۈنى لوندوندا ئۆز دوكلاتىنىڭ كىرىش سۆزىنى يېزىپ تۈگەتتى. ئۇ خىۋە، قوقان خانلىقلىرى ۋە بۇخارا ئەمىرلىكىگە ئائىت كۆپلىگەن ماتىرىياللارنى توپلىغان ئىدى.ئۇ، ئۆز دوكلاتىدا سىياسىي جەھەتتىن بىرنەچچە يىل كېيىن يۈزبېرىش ئېھتىمالى بولغان ۋەقەلەرنى ئالدىن پەرەز قىلىپ ئوتتۇرىغا قويالىدى. مانا بەزى دەلىللەر. 1) ھ.ۋامبېرى خىۋە خانلىقىغا قاراشلىق 32 شەھەر ۋە جاينىڭ ئامۇ دەرياسىدىن قانچىلىق يىرا قلىققا جايلاشقانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. ئۇنىڭ ئېنىقلىشىچە،«بۇخارائەمىرلىكىنىڭ ئارمىيىسى 40مىڭ ئاتلىق، كېرەك بولغاندا 60 مىڭ ئاتلىقتىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئالاقە قىلىدىغان يوللىرى؛1)خىۋە-ئاستراخان- ئورېنبور ىگ. 2 (بۇخارا-ئورېنبورگ. 3) تاشكەند-ئورىنبور گ ۋە قىزىليار(پېتروپاۋلوسك)؛ 4)نەمانگان ۋە ئاقسۇ-پولات(سىمپالاتىنسك) ھ.ۋامبېرى يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرى ئارىسىدىكى يوللارنى، بۇ يوللارنىڭ قانچە پەرسەخ كېلىدىغانلىقىنمۇ دوكلاتىغا كىرگۈزگەن.

ئۇ ئەنگىلىيىنى ئوتتۇرا ئاسىيانى روسىيىگە بەرمەسلىككە چاقىرغان، روس ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرغان. «بەزى كىشىلەر لوندوندا، ئوتتۇرا ئاسىيا بىزگە كېرەك ئەمەس،كېرەك بولسا روسلا ئېلىۋەرسۇن، دېيىشىپ يۈرگىدەك »،-يازىدۇ،دوكلاتىدا ۋامبېرى،-ئەنگىلىيىنىڭ ھىندىستانغا روس ئارمىيىسىنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىغا بىپەرۋا قارىشى ئەقلىمگە سىغمايدۇ. روسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەددى-ھەركە تلىرىنىڭ مۇئاپىقىيەت قازىنىشىدىن گۇمانلانمىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن روسىيە پەقەت بۇخارا بىلەنلا بولدى قىلارمۇ؟ ئۆز ئىنتىلىشلىرىنى ئامۇ دەرياسى بىلەن چېگرالاپ توختاپ قالارمۇ؟ مەن روسىيە تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن،بىركۈنلەر كېلىپ ئابغانىستان ياكى شىمالىي ھىند ىستانغا قاراپ كېڭىيىشتىن ئۆزىنى توختىتىۋالالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىيالايدىغان سىياسەتچى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئۇ

دوكلاتىنى مۇنۇ سۆزلەر بىلەن ئاياقلاشتۇرىدۇ:«مېنىڭ كەمترانە پىكرىم شۇ. بېرتانىيە شىرى روس ئېيىقى بىلەن بۇ مەملىكەتتە دۈشمەنلىشەمدۇ ياكى ئولجىلىرىنى ئاكا-ئۇكىلارچە تەڭ بۆلۈشۋالامدۇ، بۇ شۇنداق مەسىلىكى، مەن ئۆزىنى فىلولوگىيە تەتقىقاتىغا بېغىشلىغان بىر دەرۋىش سۈپىتىدە بۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنراق گەپلەرنى قىلالمايمەن». تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ مەسىلىگە ئەڭ يېقىن گەپلەرنى قىلالىغان ئادە ملەرنىڭ بىرى دەل مۇشۇ دەرۋىشنىڭ ئۆزى بولۇپ قالدى. «لوندون كۈندىلىك تېلېگراف گېزىتى»نىڭ 1864-يىلى 10-سىنتەبىردىكى سانىدا،بۇ گېزىتنىڭ پېتىربورگدىكى مۇخبىرى روسلارنىڭ تاشكەندنى ئىشخال قىلغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەردى .ھ. ۋامبېرى شۇ كۈندىكى دوكلاتىدا«بۇنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، بىراق روسلارنىڭ ئۇ يەردە ھەركەت قىلىۋاتقانلىقىدا گۇمان يوق» دەپ يازىدۇ. ئۇ، بۇ مەسىلىدىمۇ راست گەپ قىلغان بولۇپ چىقتى. راست دېگەندەك گېنىرال چېرنىيايېف 1864-يىلى 1-ئۆكتەبىر كۈنى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تاشكەند شەھەرگە يېقىنلاشتى ۋە 2-ئۆكتەبىر كۈنى قوقەند يولىغا چىقىپ، شۇ تەرەپتىن شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن بۇ ھۇجۇمدا ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولدى، پودپولكوۋنىك ئوبۇخ ئۆلدى، پودپولكوۋنىك لېرخې يارىدار بولدى. بۇ مۇۋاپىقىيەتسىز ھۇجۇم تۈپەيلىدىن،گېنىرال چېرنىيايېفنىڭ ئەسكەرلىرىدىن 18 ئۆلدى(بۇنىڭ ئىككىسى ئوفىتسېر)، 60 كىشى يارىدار بولدى(بۇنىڭمۇ ئىككىسى ئوفىتسېر). بۇ ئەترەت 4-ئۆكتەبىر كۈنى تاشكەندتىن يىراقلىشىپ، 7-ئۆكتەبىر كۈنى چىمكەنتكە قايتىپ باردى. روسلار تاشكەندنى 1865-يىلى 14-ئىيۇندىن 15-ئىيۇنغا ئۆتەر كېچىسى قاتتىق ھۇجۇم بىلەن بېسىۋالدى.

تەبىئىيكى، ۋامبېرى بۇ دوكلاتىدىن كېيىن نېمىگە ئېرىشتى؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. سوۋېت روس يازغۇچىسى ن .تېخنوۋنىڭ خېلىلا يۈزە يېزىلغان«ۋامبېرى قىسسى»ناملىق ئەسىرىدە (1963-يىل تاشكەند نەشرى). بۇ سوئالغا ۋامبېرىنىڭ تىلىدىن مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ:«تارتقان مۇشاقەتلىرىم، ئاقارغان چاچلىرىم ئۈچۈن ھېچكىم بىر تىيىن بەرمىدى». بۇ ئەلۋەتتە،ھەقىقەتتىن يىراق پىكىر. كېيىنكى يىللاردا تېپىلغان ھۆججەتلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى،ۋامبېرى بۇ ئالاھىدە خىزمەتلىرى بەدىلىگە، ئامېرىكىلىق ئالىم ھ. ب پاكسوينىڭ ئېنىقلىشىچە، بېرتانىيە تاشقى ئىشلار ئىدارىسى تەرىپىدىن مۇنتىزىم ئايلىق، كېيىنچە بولسا، پېنسىيە پۇلى بىلەن تەمىنلىنىپ تۇرغان (بۇ ھەقتە ھ.ب . پاكسوي. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېڭى داستانلىرى.«سېنترال ئېيشەن»ژورنىلى 6-توم ،1-سان، 1987-يىلى، 91-بەتكە قاراڭ). ئەگەر ۋامبېرىنىڭ 1913-يىلى ۋاپات بولغانلىقىنى ئەسلىسەك، 49 يىل جەريانىدا بېرتانىيە ھۆكۈمىتى بۇ ماجار سەييياھىغا پۇل بېرىپ تۇرغان بولۇپ چىقىدۇ. ئەمما ئېنگىلىزلارنىڭ بىرسىگە بېكارغا پۇل بەرمەيدىغانلىقى ھەممىگە ئايدىڭ.

ھ. ۋامبېرى لوندوندا بىر يىل تۇرۇپ،1864-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان ساياھىتىدىن يازغان كىتابىنى ئېنگىلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇپ، شۇنىڭ بىلەن ياۋروپاغا

مەشھۇر بولۇپ كەتتى. بىر يىلدىن كېيىن،1865-يىلى پارىژ ئارقىلىق ئۆز ۋەتىنىگە قايتتى ۋە بۇداپېشت ئونىۋېرسىتېتىدا شەرق تىللىرى پىروفېسسورى بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدى. ھ .ۋامبېرى 1913-يىلى 15-سىنتەبىر كۈنى بۇداپېشتتا 81 يېشىدا ۋاپات بولدى.

## ۋامبېرىنىڭ ئەسەرلىرى

ھېرمان ۋامبېرىغا ئالاھىدە شۆھرەت ئاتا قىلغان ئەسەر، شەكسىزكى، 1864-يىلى لوندونىدا ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنغان«ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت»ناملىق كىتابى ھېساپ لىنىدۇ. بۇ كىتاب ئىككى قىسمدىن ئىبارەت بولۇپ،1-قىسمىدا ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان ساياھەت خاتىرىلىرى ئورۇن ئالغان-2 .قىسمىدا بولسا، تۈركمەنلەر، خىۋە، قوقان، بۇخارا،جۇڭگو، تۈركىستانلارنىڭ تارىخى، سىياسىي ئەھۋالى، جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى قاتارلىقلار ئورۇن ئالغان. بۇ كىتاپنىڭ-23 ، -24باپلىرىدا ۋامبېرىنىڭ ئەنگلىيە ئۈچۈن كېرە كلىك بولغان خۇلاسىلىرى يېزىلغان. 23-باپتا ئاساسلىقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىچكىي- تاشقىي سىياسىي ئالاقىلىرى تەتقىق قىلىنغان. 24-باب ئاساسلىقى ئوتتۇرا ئاسىيادا روسلار نىڭ ئىنگلىزلار بىلەن بولغان زىددىيەتلىرى. روسىيە ۋە ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا نىسپە تەن تۇتقان ئورنى،دەپ ئاتالدى. ھ. ۋامبېرى بۇ باپتا ئاشۇ دەۋردىكى ئەنگلىيە ھۆكۈمران دائىرىلىرى ئۈچۈن تەييارلىغان خۇلاسىلىرىنى بايان قىلدۇ. بۇ كىتاب بىرلا ۋاقىتتا روسىيە ئۈچۈنمۇ ئەھمىيەتلىك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇ دەرھال رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 1865-يىلى سانكىت پېتىربورىگدا نەشر قىلىندى.

بۇ كىتاپنى غەرپنىڭ بەزى مۇتخەسسىلىرى ناھايتى قىساقا دەپ تەنقد قىلىشىدۇ. ۋامبېر ىنىڭ ئۆزىمۇ بۇ تەنقدنى قوبۇل قىلىپ، 1868-يىلى«ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېرىكلىرى» ناملىق كىتاپنى نەشر قىلدۇردى. بۇ كىتاب بىرىنچى قېتىم نەشرقىلىنغان كىتاپنىڭ كەمچىلىكلىر نى تولۇقلىغان. بۇ كىتاب 17 باب بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تارىخى ۋە ئاشۇ دەۋر ھاياتىنىڭ تۈرلۈك مەسىلىلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇشكە بېغىشلانغان. ئۇنىڭدا خىۋە ئوردىسى، ئۈچ خانلىقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇران ۋە ئىران قەبىلىلىرىنىڭ ئېتنوگراپىك خۇسۇسىيەتلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتىغا ئوخشاش مەسىلىلە ر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈلگەن. بۇ كىتاپنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتى دېگەن بابىدا ئاللايار، نىزامى، ناۋايى، فۇزۇلى، مەشرەپ غەزەللىرىنىڭ تەرجىملىرى،» قىسسەئىي سەيپۇل مۇلۇك»ناملىق ئەسەردىن پارچىلار بېرىلگەن. جۈملىدىن، ئەلىشىر ناۋايى ھەققىدە ۋامبېرى مۇنۇلارنى بايان قىلىدۇ:«مەشھۇر كىشىلە ر ناۋايىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پەخىرلىنىشىدۇ...، ناۋايى كەم ئۇچرا يدىغان شېئىرىيەت داھىيسىدۇر .ئۇ ھەم ناھايتى كۆپ مەھسۇلاتلىق شائىربولغان. ئۇ ئۆزىدىن كېيىن

شېئىرىيەت، تارىخ، ئېتىكا ۋە مەنتىقىگە دائىر 32 ئەسەر قالدۇرۇپ كەتكەن...ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي شېئىرىيىتىنى ئۆگىنىشتىكى ئۈلۈشلىرى، يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي مۇمكىن ئەمەس».بۇ كىتاب يېزىلغان يىللارغىچە ھ.ۋامبېرىنىڭ ناۋائىي ئەسەرلىرى بىلەن تولۇق تونۇشۇپ چىقمىغانلىقىنى سېزىۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن،ئۇ«لەيلى ۋە مەجنۇن»ناملىق ئەسەرنى تەتۈرسىچە«مەجنۇن ۋە لەيلى»دەپ ئاتايدۇ.«قىسسەئىي سەيپۇل مۇلۇك»نى ناۋائىي يازغان ئەسەر دەپ ھىساپلايدۇ. 1867- يىلى ۋامبېرىنىڭ يەنە بىر كىتابى نەشر قىلىندى. بۇ ئۇنىڭ بۈگۈنكىچە قەدرىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان«چاغاتاي تىلىدىن قوللانما» ناملىق ئەسەردۇر. بۇ كىتاب لېيپزىگ شەھرىدە نېمىس تىلىدا بېسىلغان. ئەسەر ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئىلمىي تەتقىقات، مەتىنلەر ۋە لۇغەتلەردىن ئىبارەت ئىدى. كىتاپنىڭ بىرىنچى قىسمىدا تىلنىڭ گىراممatikىلىق قۇرۇلۇشىغا ئائىت مەلۇماتلار، ئىككىنچى قىسمىدا تاھىر ۋە زوھرە، يۈسۈپ ۋە ئەخمەت، ھۆرلۇقا ۋە ھەمرا جانغا ئوخشاش ئەسەرلەر بېرىلگەن. بۇنىڭدىن تاشقىرى خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن 112 نى ئەرەب ۋە لاتىن يېزىقلىرىدا ترانسكرىپكسىيە قىلىپ كەلتۈرگەن ۋە نېمىس تىلىدىكى تەرجىمىسىنىمۇ قوشۇپ بەرگەن. ئالىلاپار، نەسىمي، ناۋائىي، فۇزۇلى غەزەللىرىدىن نەمۇنىلەرنىمۇ مۇشۇ كىتاپقا كىرگۈزگەن. ھ.ۋامبېرىنىڭ ئىلمىي جەھەتتىن چوڭ ئەھمىيەتكە سازاۋەر بولغان ئەسەرلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ 1873-يىلى يېزىلغان «بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھىرتارىخى»ناملىق ئەسىرىدۇر. مۇئەللىپ ماۋەرائۇننەھىر (ئىككى دەريا ئارىلىقى)نى ترانساكسونىيە ئاتالغۇسى بىلەن ئاتىغان. بۇ كىتاپتا ئۇ بۇخارانىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلىرىدىن تا 19-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغىچە بولغان تارىخىنى ئېلان قىلىنغان ۋە ئېلان قىلىنمىغان، ئۆزى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئېلىپ كەلگەن قولىيازمىلار ئاساسىدا بايان قىلىنغان. بۇ كىتاب ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپقان: بىرىنچى قىسمى«قەدىمكى ياكى ماۋەرائۇننەھىر تارىخى»، ئىككىنجى قىسمى «يېڭى ياكى بۇ خارا ئەمىرلىكى تارىخى.«ۋامبېرىنىڭ بارچە ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققان كىشى، ئۇنىڭ بىر خۇسۇسىيىتىگە دىققەت قىلماي قالمايدۇ: ئۇ ئالدىنقى ئەسەرلىرىدە يول قويغان خاتالىقلىرىنى كېيىنكى بۇ كىتا بىدا ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلارنى تۈزىتىشكە تىرىشىدۇ. غەرب ئالىملىرىدىن بىر قانچىسى ئوتتۇرا ئەسىر ئۆزبېك تىلىنى چاغاتاي تىلى دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتاپ كەلگەن ئىدى. ۋامبېرىمۇ ئۆزىنىڭ«چاغاتاي تىلى قوللانمىسى»ناملىق كىتابىدىمۇ شۇنداق ئاتىغان. ئەمما «بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھىر تارىخى»ناملىق كىتاپتا بولسا، بۇ خاتالىقنى تۈزىتىشكە تىرىشىپ، مۇنداق دەپ يازىدۇ »:مەنمۇ‹چاغاتاي تىلى قوللانمىسى›ناملىق كىتابىمدا نۇرغۇنلىغان ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ پىكرىگە قوشۇلغان ئىدىم، ئەمما بۇ پىكىرلەر مۇنداق ئىككى خاتالىققا يول قويغان؛ بىرىنچىدىن؛ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىسى ھېچقاچان ئۆز يۇرتىنى،ئۆز تىلىنى چاغاتاي دەپ ئاتىمىغان. بۇ نام ئامۇ دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپى- ئېراندا پارسلارتەرىپىدىن قوللىنىلغان. بۇ ئۆ لكىنىڭ ئاھالىسى ئۆز يۇرتىنى تۈركىستان، ئۆز تىلىنى تۈركىي تىل دەپ ئاتاپ كەلگەن. ئىككىنچىدىن؛ چاغاتاي مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن نېمىگە ئېرىشكەن بولسا ئېرىشكەن

بولسۇن، لېكىن مۇھەببەتكە، ھۆرمەتكە ئېرىشەلمىگەن»(«بۇخارا ياكى ماۋەرا ئۇننەھىر تارىخى»لوندون،1873-يىل ئېنگىلىزچە نەشرى، 158-بەت.)

ۋامبېرى بۇ كىتابىدا ئەمىرتۆمۈر تۈزۈكلىرى ھەققىدىمۇ قىزىق مەلۇماتلارنى بېرىدۇ: « ئىنگىلىز مايورى دېۋىي ياۋروپاغا ھىندىستاندىن ئېلىپ كەلگەن تۈزۈكى تۆمۈر 457 سەھىپىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ سەككىزدىن بىر قىسمى پارس تىلىدا ئىدى. چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان ئەسلى نۇسخىسى يەمەن گۇبىرناتورى جەفەر كۇتۇپخانىسىدىن تېپىلغان. ئۇ ئاۋۋال پارس تىلىغا، كېيىن 1830-يىلى مايور ك. ستۇئارت تەرىپىدىن ئىنگىلىز تىلىغا ئۆرۈلگەن»(«بۇخارا ياكى ماۋەرا ئۇننەھىر تارىخى»لوندون،1873-يىل ئېنگىلىزچە نەشرى،183-بەت.)

ھ.ۋامبېرى ئەمىر تۆمۈرنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:«ھىرات ۋە ھەلەپ ئالىملىرى بىلەن مۇنازىرلىشىپ،ئۆزىگە ئوخشاش پىكىر قىلمىغانلارنى مۇكاپاتلىغان ئادەمنى ئاچچىقى يامان ۋە ياۋايى دېيىش مۇمكىنمۇ؟ بورسادىن پۇتۇن بىر كۇتۇپخانىنى كارۋان تۆگىلىرىگە ئارتىپ سەمەرقەندگە كۆچۈرۈپ كەلگەن كىشىنى تەرسا ۋە ياۋايى دېيىشكە بولامدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تۆمۈر نى چىڭگىزبىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغۇچىلارئىككى قېتىم خاتالاشتى» («بۇخارا ياكى ماۋەرا ئۇننە ھىرتارىخى» لوندون، 1873-يىل ئېنگىلىزچەنەشرى،219-بەت). ۋامبېرىنىڭ كۆرستىشىچە ،تۆمۈرنىڭ ئوردىسىدا چەتئەللىك نۇرغۇن ئالىم ۋە رەسساملار بارئىدى. بىراق مەملىكەتنىڭ رەسمىي تىلى ھەمىشە تۈركىي تىل بولۇپ كەلگەن. تۆمۈرنىڭ ئۆزىمۇ«تۈزۈكلەر»نى تۈركىي تىلدا راۋان ھەم تەسىرلىك يازغانلىقى بۇنى ئىسپاتلايدۇ. ۋامبېرى يەنە بۇ كىتابىدا ئۇلۇغبەگنى ناھايىتى چوڭ بىلىپ ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭغا توغرا ،خالىس باھا بېرىدۇ: «ئۇلۇغبەگ بىرنەچچە ئەسىركېيىنمۇ غەرب دۇنياسىدا نامى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان، تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىدىن بولغان يېگانە كىشى ئىدى...ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن دەۋر تۆمۈرىيلەرنىڭ ئالتۇن دەۋرى ھىساپلىنىدۇ.«ھ. ۋامبېرى تۆمۈرىيلەر سۇلالىسى ھەققىدىكى پىكىرىنى بابۇرغا بەرگەن باھاسى بىلەن خۇلاسە قىلىدۇ :« بابۇر مىرزا ئۆز ئەسىرىدە («بابۇرنامە») دە بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىمۇ شائىر، سىياسىئون،ھەم پەيلاسوپ شەكلىدە گەۋدىلىنىدۇ. تۈركىي ۋە پارس خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىيا تىدا ئۆزىدە شۇنچىلىك پايدىلىق پىكىرلەرنى ئاددىي، راۋان تۈركىي تىلدا بايان قىلغان بۇنىڭغا ئوخشا بىرەر كىتاب يوق.« قوڭغىراتلىق موللا ئىسھاق قايداسەن؟

ۋامبېرىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت»ناملىق كىتابىدىن مەلۇمكى، ئۇ خىۋەنىڭ مۇھەممەدىمىن مەدرىسىدە ئەسلى قوڭراتتىن بولغان موللا ئىسھاقنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ. موللا ئىسھاق مەككىگە بېرىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن كىشى ئىدى. ئۇ ۋامبېرى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ئۇنىمۇ مەككىگە بارىدۇ دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا ھەمرا بولغان. خىۋەدىن كېيىن بۇخارا، سەمەرقەند ۋە

قارىشلاردا بىللە بولۇپ، ۋامبېرى موللا ئىسھاق ۋە يەنە نامەلۇم ئىككى ھاجى بىلەن ھىرات تەرەپكە كېتىشكەن. موللا ئىسھاق سەپەر جەريانىدا ئۇنىڭغا ھەقىقى دوستلۇق مېھرىنى يەتكۈزدى. ۋامبېرىنىڭ ئىقرار قىلىپ يېزىشچە، ئۇنى ھەممە ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكەن، باشقا ھەمراھلىرىنىڭ ھەممىسى تاشلاپ كەتكەن. لېكىن پۈتۈن سەپەر جەريانىدا بىرلا موللا ئىسھاق ئۇنى يالغۇز قويمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ھەمىشە يېشى ئۆزىدىن چوڭ بولغان راشد ئەپەندى-ۋامبېرى بىلەن بىر تاۋاقتا تاماق يېمىگەن، ۋامبېرى تاماقتىن ئېلىپ بەرمىگىچە ئۇنىڭغا قول سوزمىغان،ئۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا،يانمۇ-يان، تەڭ تۇرۇشنىمۇ ئەدەپ پېتىن دەپتىن چىققانلىق دەپ بىلگەن. «ئۇ ئەڭ ھالال، ئاق كۆڭۈل ئىنسانىدى، ئۇنىڭ غەرەزدىن خالى، پاك مۇناسىۋىتى خەۋپ-خەتەرگە تولغان تەنھا سەپىرىمدە ماڭا دالدا ۋە يۆلەنچۈك بولدى»،دەپ ئەسلەيدۇ سەيياھ.

موللا ئىسھاقنىڭ تەقدىرى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن،بىزدە، ۋامبىرى نېمە ئۈچۈن ئۇنى ياۋروپاغا بىللە ئېلىپ كەتتى؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. بۇ سوئالغا» ئوتتۇرا ئاسىيا ئوچېرىكلىرى»دېگەن كىتاپتا،ۋامبېرىنىڭ ئۆزى جاۋاپ بېرىدۇ »:بىلىمگە ئىنتىلىش ۋە ماڭا يېقىنلىقى ياش موللىدىن،راستىنلا ئۇنىڭ بىر ئەرزىگۈدەك كىشى بولۇپ چىقىشىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن،شۇچاغدىلا مەن ئۇنى تاشلاپ كەتكەسلىككە ۋە ئىلاجى بولسا،ياۋروپاغا ئېلىپ كېتىشنى قارارقىلدىم. مەن بۇ قارارغا ھىراتقا يېتىلىپ كېلىشنىڭ ئالدىدىلا كەلگەنىدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن دەسلەپ تونۇشقاندىلا ئۇنىڭ قەلبىنىڭ پاكلىقىنى سەزگەنىدىم. بۇ مەسىلىدە مەن راستىنلا ئاداشمىغان ئىدىم» (ھ.ۋامبېرى«ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت»لوندون، 1865- يىل ئېنگىلىزچە نەشرى-143 ، -145بەتلەر.) ھ.ۋامبېرى ئىستامبۇلغا يېتىپ كەلگەندە موللا ئىسھاقنىڭ قولىغا پۇل بېرىپ، ئۇنىڭغا مەككىگەبارىدىغان يولنى كۆرسەتتى، لېكىن موللائىسھاق ئۇنىڭغا، ئۆزىنى يالغۇز قالدۇرما سلىقنى، پەرەڭىستاننى (ياۋروپانى) بىر كۆرۈپ، ئاندىن ئىستامبۇلغا قايتىش ئۈمىدى بارلىقنى بىلدۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋامبېرى موللا ئىسھاقنى ۋېنگىرىيىگە بىللە ئېلىپ بېرىپ، ئۇ يەردىكى دوستلىرىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى لوندونغا كەتتى. ھ. ۋامبېرىنىڭ دوستى موللائىسھاقنى يېزىدىكى بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدى، ۋامبېرى بولسا،بىر يىلدىن كېيىن لوندوندىن قايتىپ كەلدى. بۇ بىر يىل ئىچىدە موللائىسھاقنىڭ بېشىدىن قانداق كۈنلەر ئۆتتى؟ دەپ ئويلاشقا بولىدۇ .بۇ ھەقتە ۋامبېرى مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: « بىر يىلدىن كېيىن ئەنگلىيىدىن قايتىپ كەلسەم، قايسى كۆز بىلەن كۆرەيكى، موللام ۋېنگىرلارنىڭ كىيىمنى كىيىپ، بېشىدىكى سەللە ئورنىغا ماتادىن تىكىلگەن شلەپە كىيىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ۋېنگىرتىلىنىمۇ تېزلا ئۆگىنىۋالغان ئىدى. مېنىڭ بۇ موللامنى شۇيەردىكى كىشلەرنىڭ ھەممىسى ياقتۇرۇپ قالغان. بۇ قېتىم ئۇنى مودا كىيىنگەن، قوللىرىدا پەلەي قايىسدۇر بىر خانىم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلىقنى كۆرۈپ، يا كۈلۈشنى يا يىغلاشنى بىلە لمەيلاقالدىم .ئىككى يىلنىڭ

ئالدىدىكى خىۋە مەدرىسى موللىسىنىڭ ھازىرقى پوزۇر كۆرۈ نىشنى قاراڭ؟!» (ھ.ۋامبېرى «ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت»لوندون، 1865-يىل ئىنگلىزچە نەشرى150-بەت.)

موللا ئىسهاق راستىنلا ۋېنگىر تىلىدا ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئوبدان ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، ھ. ۋامبېرىنىڭ دوستلىرى ئۇنى ۋېنگرىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسىنىڭ شەرق قولياز مىلرى بۆلۈمگە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان. موللا ئىسهاق كېيىن ۋېنگىرتىلىدىكى بەزى ئەسەرلەرنى تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلغان. ماجار ئالىمى گ.كەرە، ۋېنگرىيە يازغۇچىسى ياناش ئارېنىنىڭ «ئاجايىپ ئاھۇ ھەققىدە ئەپسانە»نامىلىق ئەسىرىنى موللائىسهاققا قىلدۇرغان. موللائىسهاق ۋېنگىر ئالىملىرىغا ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىلى،ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى توغرىسىدىكى ئەسەرلىرىنى يېزىشىغا ياردەم بەرگەن، ئۇلار ئەسەرلىرىدە كەلتۈرگەن پاكىت دەلىللەرنى موللائىسهاقتىن ئالغان. بۇ تارىخىي ۋەقەنىڭ ئېچىنىشلىق تەرىپى شۇكى، موللائىسهاقنىڭ كېيىنكى ھاياتى ۋە قىلغان ئىشلىرى توغرىسىدا ھازىرغىچە ھېچقانداق ماتېرىيال تېپىلغىنى يوق.

ۋامبېرىنىڭ مۇخلىسى، ۋېنگرىيىلىك كىنو رېژىسسورى جوزىف كىش ۋامبېرى بىلەن موللا ئىسهاقنىڭ بىللەچۈشكەن سۈرىتىنى تارتىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان.بۇ سۈرەت قايسى شەھەردە -تېهراندىمۇ،ئىستانبۇلدىمۇ ياكى پېشتتىمۇ تارتىلغانلىقى تېخى ئېنىقلانغىنى مەلۇم ئەمەس. سۈرەتتە، موللائىسهاق ئۆز ئۇستازى ئالدىدا ئەدەب بىلەن تىك تۇرغان، ھ. ۋامبېرى شەرقچە ئولتۇرغان.(چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان.) ھېرمان ۋامبېرى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى موللائىسهاق ھەققىدىكى تارىخ مانا شۇنىڭدىن ئىبارەت. بىز ھېرمان ۋامبېرىغا باھا بەرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ سەيياھلىقنى كۆپتۈرۈپ كۆرستىپ، ساياھىتىنىڭ پەقەت سەرگۈزەشتە تەرەپلىرىگە دىققەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە، ئۇنى دەرۋىش كىيىمىنى كىيىشكە قانداق شارائىت ۋە كىملەرنىڭ مەجبۇر قىلغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم.

ئۆزبېكىستان پەن نەشرىياتى، 1993-يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلغان «فىتنە سەنئىتى-2 «كىتابىتىن ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈلدى.
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:
قاراقاش ناھىيىلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن

# 16-تەبىئەت پەلسەپىسىدە ماددىي مەۋجۇتلۇقنىڭ سىرى

## (بىلىك)




بىزنى ئاڭ ۋە ئەقىل بىلەن ياراتقان بىر ياراتقۇچى بىزگە ئۇنى ئىشلىتىش ئۈچۈن بەرگەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىمەن.» دېگەن ئىكەن ئاتاقلىق فىزىكا ئالىمى گالىلېي. مېنىڭچە پەلسەپە ھەقىقەت ھەققىدە پىكىر قىلىش دېمەكتۇر، بارلىق فىزىكا ئالىملىرى ھەم پەيلاسوپلاردۇر، ھېچ بولمىغاندا بۈگۈنكى زامان ئېلىمپەن-تېخنىكىسىغا ئاساس سېلىپ بەرگەن كىلاسسىك ئالىملارنىڭ ھەممىسى !

بىلىمنىڭ زاكىتى ھېسابىدا بۇ يازمىنى تەييارلاپ بۇ يىلنىڭ بەركىتى ئۈچۈن سۇندۇم، بۇ يازمىدا بايان قىلىنغان بىلىملەر ناھايىتى ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ ئاممىباپ ھالدا چۈشەندۈرۈلدى. كۆپىنچە فىزىكىلىق ئاتالغۇلار، رەسىم ۋە جەدىۋەللەر ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى، كۆپىنچە بىلىمتوردىكى ۋە باشقا ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ يىغىنچاقلانغاندىن باشقا شەخسى قاراش ۋە ھېس-تۇيغۇلار كىرگۈزۈلدى. ئوقۇرمەنلەرنى بىلىمگە قىزىقتۇرۇش بىلەن بىرگە ھەقىقەتتە پەككۇر يۆنىلىشىگە باشلاش مەخسەت قىلىندى. چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بىلىملەر ۋاقىت تەرتىۋى بويىچە چۈشەندۈرۈلدى ھەمدە كىچىك ماۋزۇلارغا

ئايرىلدى. يازمىنىڭ كىرىش سۆز قىسمى ۋە ئاخىردىكى خاتىمە بايانىدا  ئومۇمى يازمىنىڭ يىغىنچاق مەزمۇنىدىن باشقا ئەڭ مۇھىم تەپەككۇر جەۋھەرلىرى سۈپىتىدە مېتافىزىكىلىق تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ  يېتەرسىزلىك نوختىللىرى سۇنۇلدى. بۇيازمىنىڭ ئاممباپ ۋە چۈشىنىشلىك بولغانلىقىنى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىنلىقىنى ۋەتەپەككۇرنى  قوزغىيالايدىغان بولىشىنى ئۈمۈدقىلىمەن! بۇ ساھەدىكى ئۇستاز ۋە دوستلارنىڭ قىممەتلىك پىكىر ۋە تۈزىتىشبىرىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن  !

## كىرىش

گېپىمىزنى يەرىيۈزىنى ئۆزئىچىگە ئالغان قوياش سېستىمىسى دىن باشلايلى:




رەسىمدە كۆرستىلگەندەك قوياش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدقانۇنىيەتلىك هالدا دەۋرىي ئايلىنىپ تۇرىدىغان پىلانىتلار ۋە ئۇلارنىڭ هەمرالىرى بولۇپ، نوخسانىسىز بىر يۈلتۇز سېستىمىسى-قوياس سېستىمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. قوياش سېستىمىسىدىكى پىلانىتلار هەممىزگە تونۇش، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ گۈزەل پىلانىت بىخەتەر ئۆگزىلەر بىلەن ئورىلىپ تۇرغان، دېڭىز، تاغ ۋە ئۆسۈملۈكلەر بىلەن زىننەتلەنگەن، ئىنسانلار خوجايىنلىقىدىكى جانلىقلار بىلەن هاياتى كۈچكە تولغان ئۆيىمىز يەرشارىدىن ئىبارەت.



يەرشارىمىزدا سۇ، هاۋا، تاغۇ-تاشلار، مىنراللار ۋە متورىتلارنى ئۆزئىچىگە ئالغان جانسىزلار ؛ ئۆسۈملۈكلەر، مكرو ئورگانىزىملار، هاشارەتلەر، هايۋانلار ۋە ئادەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جانلىقلار بار. بۇلار ماددا هالەتلىرىدە توختىماي يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ، بۇ ماددىلار ئارىلىرىدا يەز يۈزىدە هەرخىل تەسىرلىشىش، ئارلىشىش ۋە ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، قوياشتىن ئېلىۋاتقان ئېنىرگىيە بىلەن هاياتلىق داۋام ئېتىدۇ....

ئۇنداقتا يەر يۈزىدىكى بۇمەۋجۇداتلارنىڭ ماهىيىتى نىمە، ئۇلار نىملەردىن تۈزۈلگەن؟ بۆيۈك ئىمارەتلەر پارچە-پارچەكاهىشلاردىن پۈتۈپ چىققاندەك، كۆزىمىزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان مەۋجۇداتلار هەم مەلۇم نەرسلەرنىڭ توپلانمىسىدىن تۈزۈلگەن بولىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق دىيىشكە بولىدۇ. ئۇنداقتا بۇ نەرسلەرقايىسلار؟ قەدىمدىن تارتىپ كىشلەر كۆزئالدىمىزدىكى مەۋجۇتلۇقنى شەكىللەندۈرگەن ئەڭ ئاساسىي ماددىلار هەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكەباشلىغان بولۇپ، گەپنى قەدىمقى گىرىك پەيلاسوپلىرى ئارستوتىل ۋە دىموكىرىتلاردىن باشلاشقا توغرا كىلىدۇ...

قەدىمقى كىشلەر بارلىق مەۋجۇتلۇقلارنى تۇپىراق، هاۋا، سۇ، ئوت ۋە روهتىن ئىبارەت بەش تەركىپتىن تۈزۈلگەن دەپقارىغان. رەسىمدە كۆرستىلگەنىدەك.




لېكىن ھازىرقى زامان ئېلىم-پېنىدە ماددى تۆت تەركىپنىڭ تېخىمۇ كىچىك تەركىبلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقى ئاددىي بىلىملەر قاتارىدا ئورۇن ئېلىپ تۇرماقتا. مەسىلەن، ھاۋائوكسىگىن ۋە ئازوت مولىكولىلىرى ۋە باشقا تەركىپ مولىكولىلاردىن تۈزۈلىدۇ؛ سۇ مولىكولىلىرىدىن تۈزۈلىدۇ؛ تۇپراق بولسا قۇم دانچىللىرى، ھەرخىل تۇزلار ۋە باشقا مىنىراللاردىن تۈزۈلىدۇ؛ ئوت بولسا رېئاكسىيەدىكى كۆيۈۋاتقان ماددىلار ۋە ئوكسىگىن، سۇ پارلىرى ھەمدە يورۇقلۇق مەنبەسى بولغان فوتۇنلاردىن تەركىب تاپىدۇ...

ئەمما سۇ، تۇپراق، ھاۋا ۋە ئوتلارئۇلارنىڭ تەركىبلىرى بولغان ئوكسىگىن، ھىدىروگىن، ئازوت، سىلىتسىي، كاربون،...قاتارلىق ئېلېمىنتلارنىڭ ئاتوملىرىدىن تۈزۈلگەن مولىكولىلار توپلىرىدىن ئىبارەت. ئۇنداقتا ئاتوملارچۇ؟

## ئاتوم، ئېلېكترون ۋە ئاتوم يادروسى

ئاتوم» ئاتالغۇسى قەدىمقى گىرىكچىدە قايتا بۆلۈنمەس دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تاكى ئېلېكترون بايقالغانغا قەدەر كىشىلەر ئاتومنى ماددىلارنى تۈزگۈچى ئەڭئاساسى بىرلىك دەپ قاراشقان.



1897 – يىلى ئەنگلىيە فىزىكا ئالىمى تومسون (كاتودتىن چىققان ئۇچقۇنلار ئېقىمىنىڭ ماگنىت مەيدانىدا ئېغىش تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىپ بۇ ئۇچقۇنلارنىڭ مەنپىي زەرەتلىك ئىكەنلىكىنى، ماسسا ـ زەرەت نىسبىتىنىڭ ناھايىتى چوڭلىقىدىن ئۇلارنىڭ ماسسىنىڭ ناھايىتى كىچىكلىكىنى بايقىدى ھەمدە ئۇنى ئېلېكترون دەپ ئاتىدى.) ئېلېكترونىنى بايقىغاندىن كېيىن ئاتومنى مەنپىي زەرەتلىك ئېلېكترونلاربىلەن ئاتومنى نېيتراللىققا ئىگەقىلىدىغان مۇسبەت زەرەتلىك، ماسسى چوڭ قىسمىدىن (مۇسبەت زەرەتلىك قىسىم ئاتومنىڭ قايسى يېرىگە جايلاشقانلىقى نامەلۇم ئىدى) تۈزۈلگەن دەپ قاراشقان. تومسۇن دەل ئاتومنىڭ «تاۋۇز مودېلى» نى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ پەرىزىچە مۇسبەت زەرەتلەر «تاۋۇز»نىڭ ئېتىگە ، ئېلېكترونلار بولسا خۇددى تاۋۇزئېتىگە تەكشى تارقالغان ئۇرۇقلىرىدەك ئاتومنىڭ ئىچىگە تارقالغان ئىدى.



هالبۇكى بۇ مودېل 1911– يىلى تومسوننىڭ ئوقۇغۇچىسى رۇزىرفۇرد ئالفا زەررىچىسى(گېلىي ئېيونى) بىلەن ئالتۇن ياپراقچىسىنى بومباردىمان قىلغانغاقەدەر كۈچكە ئىگە بولۇپ تۇردى.




رۇزىرفۇرد تەجرىبىسى شۇنى كۆرسەتتىكى، ئالفا زەررىچىلىرى ئالتۇن ياپراقچىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن يۆكسەك بۇلۇڭدا قېيىشىدىن «تاۋۇز» مودېلىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە رۇزىرفۇرد ئاتومنىڭ « قۇياش سىستېمىسى مودېلى» نى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاتوم مەنپىي زەرەتلىك ئېلېكترونلار بىلەن مۇسبەت زەرەتلىك ئاتوم يادروسىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئېغىر ۋە زىچ ئاتوم يادروسى ئەتراپىدىكى كەڭرى بوشلۇقتا ئېلېكترونلار خۇددى قۇياشنىڭ ئەتراپىدىكى سەييارىلەردەك يادرو ئەتراپىدا يۇكسەك تېزلىكتە ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ، لېكىن بۇ ھەرىكەتلەر سەييارە ھەرىكەتلىرىدەك ئوربىتىلىق، تۇتاشسىزلىق ھەرىكەتلەر بولماستىن كۋانتلاشقان ھەرىكەتلەردۇر. كۋانت ئۇقۇمى ھەققىدە كېيىن ئايرىم توختىلىمىز.



دېمەك باشتا «قايتا بۆلۈنمەيدۇ»دەپ قارالغان ھەم شۇنداق مەنىدىكى ئىسىم بېرىلگەن ئاتوم، ئېلېكترون ۋە ئاتوم يادروسىدىن تۈزۈلگەن بولدى. ئۇنداقتا ئۇلارنى تېخمۇ ئىچكىرلەپ

# پروتون ۋە نىترون

1869- يىلى روسسىيەلىك خىمىك دىمىترى مىندىيېۋ ئېلمېنتلاردەۋرىي جەدۋىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئېلمېنتلار ئاتوم سانى ۋە ماسسىللىرىغا قاراپ ئېلمېنتلار دەۋرىي جەدۋېلگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى، ئاتوم سانى ئۇنىڭ يادروسىدىكى زەرەت سانىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. كىشىلەر زەرەت سانى بىربولغان ئەڭ يېنىك ھىدروگېن يادروسىنى پروتون دەپ ئاتىدى. شۇنداق قىلىپ،ئاتوم ئېغىر يادرو(يەنى يادرودىكى پروتون بىلەن يادرو ئەتراپىدىكى يېنىك ئېلېكتونلاردىنتۈزۈلگەن بولدى.




ئېلمېنتلار دەۋرىي جەدۋېلگە كۆرە، ھىدروگېن بىرىنچى نۇمۇرلۇق ئېلمېنت، دېمەك بىر دانە پروتون ۋە بىر دانە ئېلېكتروندىن تۈزۈلىدۇ، گېلىي بولسا ئىككىنچى نۇمۇرلۇق ئېلمېنت بولۇپ، ئىككى دانە پروتون ۋە ئىككى دانە ئېلېكتروندىن تۈزۈلىدۇ. ئەمما گېلىي ھىدروگېندىن تۆت ھەسسە ئېغىر. ئېلېكترونلارنىڭ ماسسىنى ھېسابقائالمىغاندا، ئاتوم ماسسىسى ئاتوم يادروسىغا مەركەزلەشكەن دەپ قارالغانلىقتىن گېلىي ھىدروگېندىن ئىككى ھەسسە ئېغىر بولسا بولاتتى... مۇشۇ پىكىرنى چىقىش قىلىپ رۇزىرفۇرد 1920- يىلى ئاتوم يادروسىدا پروتوندىن باشقا يەنە زەرەتسىزئېغىر زەررە بارلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلىپ ئۇنى (زەرەتسىز، نېيترال بولغانلىقى ئۈچۈن) نىترون دەپ ئاتىدى. لېكىن بۇ پەرەز ئىدى. 1932- يىلى

چادۋىكرىزۇرفۇردنىڭ بۇ پەرىزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ نىترونىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئېلانقىلدى (ھەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن 1935- يىلى نوبىل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى). نىترون ئېلانقىلىنغاندىن كىيىن فېزىكا ئالىمى ھايسىمبېرگ ئاتوم يادروسىنىڭ مۇسپەت زەرەتلىك پروتون ۋە نىتروندىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.



مۇشۇ يەرگە قەدەرخۇلاسىلىسەك، بىز كۆرىۋاتقانماددىلارنى تۈزگەن كىچىك بىرلىك ئاتوم، ئاتوم يادروسى ۋە ئېلىكترونلاردىن تۈزۈلگەن بولدى، ئاتوم يادروسى بولسا يەنە پروتون ۋە نىترونلاردىن تۈزۈلگەن بولدى.

پروتون ۋە نىترونلار ماددىلارنى تۈگۈچىئەڭ كىچىك زەررىلەرمۇ؟ ئاتوم يادروسىنى بومباردىمان قىلغاندەك ئوخشاش ئۇسۇل بىلەنپروتون ۋە نىترونلارنى پارچىلاپ تېخىمۇ كىچىك زەررىلەرگە بۆلۈش مۇمكىنمۇ؟




بۇ سۇئاللارغا جاۋاپ بېرىشتىن بۇرۇن پارچە-پارچە زەررىلەرنى توپلاپ ماددىنى شەكىللەندۈرىۋاتقان، يەنى ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرىۋاتقان ئاملىنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە توختۇلۇپ ئۆتەيلى:

## تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئاساسى كۈچلەر

نيۇتون بېشىغا چۈشكەن ئالمىدىن ئىلھاملىنىپ يەرنىڭ تارتىش قانۇنىنى شۇنداقلا ئالەملىك تارتىش قانۇنىنى بايقىدى. ئالەملىك تارتىش قانۇنىنىڭ بايانىچە، ئالەمدىكى ماسسىغا ئىگە بولغان ھەرقانداق نەرسىلەر ئارىسىدا تارتىشىش كۈچى مەۋجۇت بولۇپ، كۈچىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ماسسىلىرىنىڭ كۆپەيتمىسىگە ئوڭ تاناسىپ، ئارلىقىنىڭ كۋادىراتىغا تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ. بىز باشتا تىلغا ئالغان قوياش سىستېمىسى مۇشۇ ئالەملىك تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىدىن بىر- بىرىنى تارتىشىپ تۇرغاچقا قوياش ۋە پىلانىتلاردىن تەشكىللەنگەن سىستېمىنى شەكىللەندۈرىدۇ دىسەك بولىدۇ.

جىسىملار، جۇملىدىن پىلانىتلار، يۇلتۇزلار بىر- بىرىگە تېگىشىپ تۇرمىغان ئەھۋال ئاستىدا بۇلارئارىلىرىدا مەۋجۇت بولىۋاتقان بۇ كۈچ زادى نىمىنى ۋاستە قىلىپ ئۆزىتىلىدۇ؟ دولقۇنلارنىڭ ئېنېرگىيە ئۆزىتىش خۇسۇسىيىتى بارلىقىنى بىلىمىز. مەسىلەن، تىنىچ تۇرغان سۇغا بىرتال تاشنى ئاتسىڭىز سۇ دولقۇنلىرى شەكىللىنىدۇ ۋە ئەتراپقا تارقىلىپ سۇ يۈزىدە لەيلەپ تۇرغان يوپۇرماقنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ... مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يىراقتىكى ئىككى جىسىم ئوتتۇرىسىدىكى ئېنېرگىيە ئالمىشىشىمۇ، يەنى تەسىرلىشىشىمۇ مەلۇم دولقۇنلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئېشىشى كېرەك. مانا بۇنى بىز Gravitational Waveيەنى ئالەملىك تارتىشىش دولقۇنى دەپ ئاتايمىز. مەيدان نەزەرىيىسى بويىنچە بۇ ئالەملىك تارتىشىش

مەيدانى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەيدان مەلۇم كۈچ توشۇغۇچى زەرىچىلەرنىڭ ئاكتىپلانما ئورتاق تەۋرىنىش ھالىتى بولۇپ، نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا كۈچ مۇشۇ مەيدان زەرىچىللىرى ۋاستىسى بىلەن ئۆزۈتىلىدۇ. ئالەملىك تارتىشىشكۈچىدىكى مەيدان زەرىچىللىرى بايقالمىغان نامەلۇم گرەيۋىتونلاردىن ئىبارەت.

كىچىك جىسىملار ئوتتۇرىسىدا ئالەملىكتارتىشىش كۈچى كۆرۈنەرلىك بولمايدۇ، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تەسىر كۈچ 1) تېگىشىپ تۇرغان جىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشكۈچى؛ 2) زەرەتلەنگەن جىسىملار ئارىسىدىكىتارتىشىش ۋە تېپىشىش كۈچى ؛ 3) ماگنىت ۋە ماگنىتلانغان جىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى تارتىشىش ۋە تېپىشىش كۈچى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. سۈركىلىش ۋە سوقۇلۇش ھادىسىلىرىنى بىۋاستەكۆرگىلى ۋە ھېس قىلغىلى بولىدۇ، ئەمما تېگىشىپ تۇرمىغان ئىككى زەرەتلىك جىسىم ۋەئىككى ماگنىتلىق جىسىم قانداق تەسىرلىشىدۇ؟

زەرەت ۋە ماگنىتلار ئارىلىللىرىدىكى تەسىرلىشىش قانۇنى كولۇن قانۇنى ۋە بىئوسافاردقانۇنىنى چىقىش قىلىپ راۋاجلىنىدۇ. ماتېماتىكىلىق مودىل جەھەتتىن بۇلار ئالەملىك تارتىشىش قانۇنىغا ئوخشۇشۇپ كېتىدۇ، لىكىن زەرەتلەر (ماگنىتلار)مۇسپەت ۋە مەنپى ئىككىخىل بولغاچقا زەرەتلىك جىسىملار(ماگنىتلار) ئارىسىدا تارتىشىش ۋە تېپىشىش كۈچى مەۋجۇت.

كولۇن قانۇنىنىڭ بايانىچە، زەرەتلەر ئارىسىدىكى تەسىر كۈچ زەرەتلەرنىڭ كۆپەيتمىسگە ئوڭ تاناسىپ، ئارلىقلىرىنىڭ كۇۋادىراتىغا تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ. ئوخشاش زەرەتلەر تېپىشىدۇ،ھەرخىل زەرەتلەر تارتىشىدۇ. بىئو-سافارد قانۇنى بولسا ماگنىت ھاسىلقىلغۇچى ئېلمىنتارتوكلارئارىللىرىدىكى تەسىر كۈچ ماگنىت ئېلمىنتلىرىنىڭ ۋېكتورلۇق(يەنى يۆنىلىشكە ئىگە) كۆپەيتمىسگە ئوڭتاناسىپ، ئارلىقلىرىنىڭ كۇۋادىراتىغا تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ. ئوخشاش ماگنېتلار تېپىشىدۇ،ھەرخىل ماگنىتلار تارتىشىدۇ...

دىمەك, بۇ يەردە ئېلىكتىر مەيدانى ۋە ماگنىت مايدانى دىگەن ئىككى خىل مەيدان مەۋجۇت بولۇپ، تېنىچ مەيداندا بىر- بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، لىكىن ئۆزگىرىشچان مەيداندا ئېلىكتىر مەيدانى ۋە ماگنىت مەيدانى ئۆز- ئارا گىرەلىشىپ كېتىدۇ ۋە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئېلىكتىر-ماگنىت مەيدانى ياكى ئېلىكتىر-ماگنىت دولقۇنى دەپ ئاتىلىدۇ. بىز تىلغا ئالغان ئىككىنچى ئاساسي كۈچ ئېلىكتىر-ماگنىت كۈچى مۇشۇ ئېلىكتىر- ماگنىت دولقۇنلىرى ياكى ئېلىكتىر- ماگنىت مەيدان زەرىچىللىرىبولغان فوتونلار ئارقىلىق توشۇلىدۇ. بىز بىلىدىغان نۇر مۇشۇ فوتۇنلار ئېقىمىدىن ئىبارەت .

ھەرقانداق شەكىلگە ئىگە ماددا ئاتوملاردىن تۈزۈلىدۇ، ئاتوملار بولسا مۇسپەت ۋە مەنپى زەرەتلىك پروتون ۋە ئېلىكترونلاردىن تۈزۈلىدۇ. بۇلارئوتتۇرىسىدىكى تەسىرلىشىش بولسا دەل ماددىلارنى شەكىلگە ئىگە

قىلغان كۈچتىن ئىبارەت. پروتون ئېلېكترونلارنى تارتىپ تۇرىدۇ ۋە ئاتومنى شەكىللەندۈرىدۇ، ئاتوملار ئارىسىدىكى گىرەلەشمە ئېلېكترونلار مولېكۇلىلارنى، مولېكۇلىلارنىڭ توپلانمىسى (كۆزگەكۆرۈنىدىغان ۋە ھېس قىلىنىدىغان) ماددىلارنى شەكىللەندۈرىدۇ… تۆۋۈلۈشكە ئىگە ئاتوملار ئارىلىقلىرىدا تارتىشىش كۈچى مەۋجۇت بولۇپ، ماددىلارنى شەكىللەندۈرىدىكەن. ئۇنداقتا ئاتوم يادروسىمۇ تۆۋۈلۈشكە ئىگە بولغاچقا يادرونى شەكىللەندۈرىدۇ دېيىش ئەقىلگە مۇۋاپىقمۇ قانداق؟ ئەقىلگە مۇۋاپىق بولسا ئۇلارقانداق تەسىرلىشىدۇ؟

ئاتوم يادروسىدىكى نېيترون بولسا زەرەتسىز، پروتون بىلەن نېيترونىنى باغلاپ تۇرىدىغان كولۇن كۈچى مەۋجۇت ئەمەس، يەنە كېلىپ ئېغىرئېلېمېنت ئاتوم يادرولىرىدا شۇنچە كۆپ پروتونلار كولۇن تېپىشىش كۈچىگە قارشى يادرودا زىچ ھالدا توپلىنىپ تۇرىدۇ! يادرونى توپلاپ تۇرغان ئامىل زادى نىمە؟
بىز بۇنى يادرو كۈچى دەيمىز يەنى كۈچلۈك ئۆز-ئارا تەسىردىن ئىبارەت. دىمەك يادىرو كۈچى تېخىمۇ ئىچكى تۆۋۈلۈشكە ئىگە بولغان پروتون ۋە نېيترونلارنى بىر يەرگە توپلاپ تۇرىدۇ. يادروغا توپلىنىپ تۇرغان پروتونلار ئارىسىدىكى تېپىشىش كۈچىنى يېڭىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولغان تارتىشىش كۈچى لازىم بولىدۇ. پروتون ۋە نېيترونلارنى تارتىپ تۇرغان بۇ كۈچ شۇنچە كۈچلۈك بولغانلىقتىن بىز بىلىدىغان يادرو قۇراللىرى شۇنچە كۈچلۈك ۋە زور دەرىجىدىكى ۋەيران قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ… كۈچلۈك ئۆز-ئارا تەسىر يادرو ۋە يادرو ئىچكى قىسمىدىكى ئاساسىي زەرىچىلەر ئوتتۇرىسىدا تەسىرلىشىدۇ. ئۇلارنىڭمۇ توشۇغۇچى زەرىچىللىرى مەۋجۇت بولۇپ گىلۇئونلار ئارقىلىق كۈچلۈك ئۆز-ئارا تەسىر توشۇلىدۇ. گىلۇئونلارمۇ فوتونلارغا ئوخشاش كۈچ توشۇغۇچى مەيدان زەرىچىللىرىدىن ئىبارەت.

بىز ئاتوم يادروسىدىكى پروتونلارنىڭ كۈچلۈك يادرو كۈچى ئارقىلىق باغلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۆگەندۇق. ئاتوم يادروسى ئىچىدە كۈچكۈك يادرو كۈچى بولغاندىن سىرىت ، ئاساسىي كۈچنىڭ بىرى بولغان ئاجىز ئۆز-ئاراتەسىر مەۋجۇت بولۇپ، يادىرونىڭ بېتا يېمىرىلىشى ئاجىز تەسىرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاتوم يادروسىدىكى نېيترون يېمىرىلىپ پروتون، ئېلېكترون ۋە ماسسىسى ئاساسەن نۆل بولغان نېيترال زەرىچە، ئەڭ دەسلەپتە گېرمان فىزىكى پاۋلى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان «شەيتان زەرىچىسى» ئېلېكترون نېيترونوغا ئايلىنىدۇ. ئاجىزكۈچ ناھايىتى يېقىن ئارلىقتىكى ئاستا ۋە تۆۋەن ئېھتىماللىقتىكى ئۆز- ئارا تەسىردىن ئىبارەت. ئاجىز ئۆز- ئارا تەسىر يادرو ۋە يادرو ئىچكى قىسمىدىكى ئاساسىي زەرىچىلەر ۋە ئېلېكترون ۋە ئېلېكترون نېيترونوغا ئوخشاش يەڭگىل زەرەتلەردىن تەشكىللەنگەنلەپتونلار ئوتتۇرىسىدا تەسىرلىشىدۇ. ئۇلارنىڭمۇ توشۇغۇچى زەرىچىللىرى مەۋجۇت بولۇپ، W± ۋە Z0 بوزونلىرىدىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدە Z0 فوتونلارغا ئوخشاش خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، فوتونلاردىن كۆپ ئېغىر مەيدان زەرىچىسىدۇر. 1968- يىلى فىزىكا ئالىملىرىدىن گىلاشوۋ، ۋېينبېرگ ۋە دوكتۇر ئابدۇسسالام تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئېلېكتىر- ئاجىز

نەزەرىيسى ئېلىكتىر-ماگنىت كۈچى بىلەن ئاجىز كۈچنىڭ چىگرا سىزىقىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۈچ ئالىم ئايرىم-ئايرىم ھالدا نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى...

ھازىرقى زامان نەزەرىيە فىزىكىسىدا ئەمدىكى گەپ بۇ كۈچلەرنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ ئىككىگە ھەتتا بىرگە ئەكەلگىلى بولامدۇ يوق؟ دىققىتىمىز ۋە ئۈمۈدىمىز كەلگۈسىدە بولسۇن! تۆۋەندىكىسى تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۆت ئاساسىي كۈچنىڭ جەدۋەللىكرەسىمى بېرىلدى.




يۇقاردا دىيلگەنلەردىن خۇلاسىلەپ ئېيتساق، بىز كۆرىۋاتقان ماددىي دۇنيا ئەڭ ئۇششاقئاساسى زەرىچىلەر ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تەسىرلىشىشتىن شەكىللىنىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولغان ئاساسى زەرىچىلەر چوڭ جەھەتتىن ئىككى كاتاگورىيەگە بۆلۈنىدۇ، بىرى توپلىنىپ ماددىلارنى تۈزۈشكە قاتناشقان فېرمىيونلار ؛ يەنە بىرى ماددىلار (ۋە ئۇلارنى تۈزگۈچى زەرىچىلەر) ئارىسىدىكى تەسىرلىشىشى كۈچىنى ھاسىل قىلغان بوزۇنلار. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندائېلىكترون ۋە پروتوندىن ئىبارەت فېرمىيونلارفوتوندىن ئىبارەت بوزۇن ئارقىلىق تەسىرلىشىپ، ئاتومنى شەكىللەندۈرىدۇ، ئاتوملاردىنىڭ باغلىنىپ تولىنىشىدىن بىزكۆرىۋاتقان ماددا جىسىملار شەكىللىنىدۇ...
فېرمىيونلار ئارىسىدىكى ئىككى ئوخشاش زەرىچە، مەسىلەن ئىككى ئېلىكترون كۋانتۇم دۇنياسىدا ئوخشاش ھالەتتە تۇرالمايدۇ، يەنى پۈتۈنلەي ئوخشاش ھالەتتىكى ئىككى ئېلىكترونىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ھالبۇكى بوزۇنلار ئارىسىدا بۇنداق چەكلىمە يوق بولۇپ، ئوخشاش ھالەتتە چەكسىز بوزۇنلارنى قويغىلى بولىدۇ.( بۇ بوس-ئېينىشتېيىن ئۇيۇشۇشمىسى دەپ ئاتىلىدۇ). بىز بىلىدىغان لازىر نۇرى ناھايىتى كۆپ ساندىكى فوتوندىن ئىبارەت بوزونلارنىڭ ئوخشاش ھالەتتىكى تەۋرەنمىسىدىن ئىبارەت...

# ماددىلارنىتۈزگۈچى ئەڭ ئاساسىي ئېغىر زەررىچىلەر- كۇۋاركلار




مۇشۇ يەرگىچە بىز ئېلېكترون، پروتون،نىترون، فوتون قاتارلىق زەرىچىلەرنى، ئالەملىكتارتىش كۈچى، ئېلېكتېر-ماگنىت كۈچى ۋەيادرو كۈچىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. بۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن زەرىچىلەرنى تىلغائالمدۇق. ئەمدى بىز تاشلاپ كەتكەن سۇئالغا قايتىپ كىلەيلى :

يەنى پروتون ۋە نىترونلارنى پارچىلاپ تېخمۇ كىچىك زەررىلەرگە بۆلۈشمۇمكىنمۇ؟ ئەلبەتتە مۇمكىن. بىز پروتون ۋە نىترونلارنىڭ يادرو كۈچىئارقىلىق تۇپلىنىپ تۇرغانلىقىنى ئۆگەندۇق. بۇ شۇنى چۈشەندۇرىدۇكى، پروتون ۋە نىترونلارمۇ ئىچكى تۈزۈلۈشكە ئىگەبولۇپ، ئۇلار ئايرىم-ئايرىم هالدا ئوخشاش بولمىغان ئۈچ دانە كۇۋارك تىن تۈزۈلىدۇ.پروتون ئىككى دانە ئۈستى كۇۋارك بىردانە ئاستى كۇۋاركتىن؛ نىترون بولسا ئىككى دانە ئاستى كۇۋارك، بىر دانە ئۈستى كۇۋاركتىن تۈزۈلىدۇ. پروتون ۋە نىترونلار ۋە ئۇلارنى تۈزگۈچى كۇۋاركلاربولسا گولۇن دەپ ئاتىلىدىغان كۈچ توشۇغۇچى بوزۇنلار ئارقىلىق تارتىششىپ تۇپلىنىپ تۇرىدۇ. ئاستى كۇۋارك ۋە ئۈستى كۇۋاركتىن باشقا يەنە يۇقىرى كۇۋارك، ئاياق كۇۋارك، غەلىتە كۇۋارك ۋە كېلىشكەن كۇۋارك تىن ئىبارەت ئالتە تۈرلۈك كۇۋارك ۋە ئۇلارنىڭقارشى زەرىچىللىرى بولۇپ، تەبىئەت دۇنياسىدا جەمئى 12 تۈرلۈككۇۋارك بار. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ جەدىۋېلى بېرىلدى :




فوتونلارنىڭ ئېلېكتىر-ماگنىت كۆچىنىتوشۇغۇچى زەررىچىلەر ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىپ ئۆتكەن ئىدۇق، گولۇئونلارمۇ فوتونلارغائوخشاش كۈچ توشۇغۇچى زەررىچىلەر بولۇپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئاساسىي تەسىر كۈچىنىڭ بىرى بولغان كۈچلۈك ئۆز- ئارا تەسىرنى توشۇغۇچى بوزۇئونلاردۇر. ئېلېكتىر-ماگنىتكۈچى ئارقىلىق تەسىرلىشىدىغان زەررىچىلەرنىڭ ئىككى خىل زەرەت ھالىتى يەنى مۇسبەت ۋەمەنپىي ھالىتى مەۋجۇت، ھالبۇكى كۈچلۈك تەسىر ئارقىلىق تەسىرلىشىدىغان كۇۋاركلارنىڭ ئۈچخىل زەرەت ھالىتى مەۋجۇت بولۇپ، بۇ ئۈچ خىل زەرەت ئۈچ خىل ئاساسى رەڭ بولغان قىزىل، كۆك ۋە يېشىل دىن ئىبارەت ئۈچ خىل رەڭنىڭ نامى بىلەنئىپادىلىنىدۇ. ئېلېكتېر- ماگنېت كۈچىدە فوتۇنلارنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق زەرەت ھالەتلىرىدەئۆزگىرىش بولغاندەك، كۈچلۈك تەسىر كۈچىدە گولۇئونلارنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق كۇۋاركلارنىڭرەڭگىدە ئۆزگىرىش بولۇپ بىر- بىرىگە ئايلىنىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە كۇۋاركلار ۋەيادرو يۇكسەك بىرقۇۋۋەت بىلەن باغلىنىپ تۇرىدۇ.



بۇ ئىسىم فىزىكا ئالىمى گېلمەن تەرىپىدىن قويۇلغان بولۇپ، جەيمىس جويىس نىڭ «Finnegans Wake» دىگەن رومانىدىكى «مۇستېرمارك نىڭ ئۈچ كۇۋاركى» دىگەن قۇرلىرىدىن ئېلىنغان. چۈنكى پروتون ۋە نېيترونلار ئۈچ دانە ئاساسى زەرىچىدىن تەركىب تاپقان ئىدى ۋە ئۇلار ئۈچ خىل رەڭلىك زەرەت ھالىتىگە ئىگە ئىدى.

مۇشۇ ۋاقىتچە ماددىلارنىڭ مولېكۇلالاردىن، مولېكۇلالارنىڭ ئاتوملاردىن، ئاتوملارنىڭ ئېلېكترون، پروتون ۋە نېيترونلاردىن، پروتون ۋە نېيترونلارنىڭ بولسا كۇۋاركلاردىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئۆگەندۇق.ھەمدە فوتۇنلارنى توشۇغۇچى قىلغان ئېلېكتىر- ماگنىتكۈچى ئارقىلىق ئاتوملارنىڭ شەكىللىنىدىغانلىقىنى، گولۇنلارنى توشۇغۇچى قىلغان كۈچلۈك تەسىر ئارقىلىق ئاتوم يادروسىنىڭ شەكىللىنىدىغانلىقىنى ئۆگەندۇق. ئەمدى يەنە ئىچكىرلەپ كىرىپ باقساق، كۇۋاركلارنىيەنىمۇ ئىچكىرلەپ بۆلۈشكە بولامدۇ؟ ئۇلار قانداق ئىچكى تۈزۈلۈشكە ئىگە؟ كۇۋاركلار ھەققىدە تارا نەزەرىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ كۇۋاركلارنىڭ تۈزۈلىشى ھەققىدە ئىسپاتلانغان مەلۇمات يوق بولۇپ، ھازىرقى زامان فىزىكىسىدا كۇۋاركلار خۇددى ئېلېكترون ۋە باشقا لەپتونلارغا ئوخشاش تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەڭ ئاساسى زەرىچىلەر ھىسابلىنىدۇ، بۇلار ئىچكى تۈزۈلۈشكە ئىگە ئەمەس ياكى ھېچ بولمىغاندا ئىچكى تۈزۈلىشى ھازىرچە نامەلۇم.

كۇۋاركلار باغلىنىپ يالغۇز ئاتوم يادروسىنىلا ھاسىل قىلماستىن بەلكى باشقا ئۆمرى قىسقا بولغان زەرىچىلەرنىمۇ ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، بىر جۈپ (ئەركەك چىشى) كۇۋاركلاردىن تۈزۈلگەن ئۆمرى قىسقا زەرىچىلەر بولۇپ بۇلارنى بىز مەزونلار دەپ ئاتايمىز، پروتون ۋە نېيترونلارنى قوشۇپ ئۈچ دانە كۇۋاركتىن تۈزۈلگەن زەرىچىلەرنى بىز بارىيونلار دەپ ئاتايمىز. كۇۋاركلاردىن تۈزۈلگەن بارىيون ۋە مەزونلارنى بىرلەشتۈرۈپ ھادرونلاردەپ ئاتايمىز. دىمەك كۇۋاركلار توپلىنىپ ھادىرونلارنى ھاسىل قىلىدۇ، ھادرونلارئاتوم يادروسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بىز بىلىدىغان پروتون، نېيترون ۋە ئېلېكترونلاردىنتۈزۈلگەن ئاتوملاردىن باشقا، باشقا ھادرون ۋە لەپتونلاردىن تۈزۈلگەن غەيرى ئاتوملارنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن.

ئۈچ دانە كۇۋارك بىرلەشكەن بىر دانە بارىيون غەيرى ئاتومنىڭ يادروسنى شەكىللەندۈرسە، بىردانە قارشى زەرەتلىك يەڭگىل لەپتون ئۇنىڭ ئەتراپىدا مۇقىم ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلسا خۇددى ھىدروگىن ئاتومىغا ئوخشاش بىر دانە ئاتومنى ھاسىل قىلىشى مۇمكىن، لىكىن يەز يۈزىمىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن بۇنى پەقەت تەسسەۋۇر قىلىشقىلا بولىدۇ. پروتون ۋە نىترونىدىن باشقا ھادرونلار ۋە ئېلىكترونىدىن باشقا لەپتونلار ئاساسلىقى ئالەم نۇرىدىن بايقالغان بولۇپ، يەر يۈزىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۆمرى ناھايىتى قىسقا ...




## ماددىلارنىڭ تۈزگۈچى ئەڭ ئاساسي يەڭگىل زەررىچىلەر- لەپتونلار

ئاتوم يادرو سىرتىدىكى مەنپى زەرەتلىك (ئەركەك) ئېلىكترونلاردىن باشقا، مۇسبەت زەرەتلىك (چىشى) ئېلىكترونلار، مەنپى زەرەتلىك **مىيون** ۋە **تاۋلار**، ئۇلارنىڭ جۈپتىللىرى بولغان مۇسبەت زەرەتلىك چىشلىرى ھەمدە زەرەتسىز بولغان ئۇلارنىڭ نىترونولىرى بولۇپ جەمئى 12 تۈرلۈك لەپتون بار.

| | Electron | Muon | Tau |
|---|---|---|---|
| Lepton | e- | μ− | τ− |
| Neutrino | $\nu_e$ | $\nu_\mu$ | $\nu_\tau$ |
| | | | |
| Anti-Lepton | e+ | μ+ | τ+ |
| Antineutrino | $\bar{\nu}_e$ | $\bar{\nu}_\mu$ | $\bar{\nu}_\tau$ |

يۇقاردا ئاجىز كۈچنى چۈشەندۈرگەندە ئاتالمىش «شەيتان زەرىچىسى» دەپ تىلغا ئالغان **ئېلېكترون نېيترونو** دەل چەكسىز يەڭگىل ۋە زەرەتسىز بولغان لەپتونلارنىڭ بىرىدۇر .

مۇسبەت زەرەتلىك (چىشى) ئېلېكترون **پوزىترون** دەپ ئاتىلىدۇ. پوزىترون 1932- يىلى كالىفورنىيە سانائەت-تېخنىكا ئىنىستىتۇتى(كالتەك) فىزىكچىسى **كارىل ئاندىرسون** تەرىپىدىن بايقالغان بولۇپ، بۇنىڭدىن دەل تۆت يىل بۇرۇن داڭلىق فىزىكا ئالىمى **پاۋۇل دىراك** ئۆزىنىڭ نىسپىيلىك نەزەرىيىسنى تەدبىقلىغان داڭلىق **دىراك تەڭلىمىسى**نى ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقتتا قارشى (يەنى چىشى) زەرىچىلەرنىڭ مەۋجۇتلىقىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ھۆكۈمقىلغان ئىدى، پوزىترونىنىڭ تېپىلىشى ئۇنىڭ ھۆكمىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى ھەمدە نوبىل مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. كېيىن ھەتتا دىراك قارشى زەرىچىلەردىن تۈزۈلگەن قارشى ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قارشى ئالەمنىڭ بارلىقىنمۇ پەرەزقىلغان ئىدى. فىزىكىلىق قانۇنلار ئوڭ ئالەمگە سىممېترىك بولسا مۇشۇ دۇنياغا ئوخشاش قارشى دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولاتتى. مەنپى زەرەتلىك ئېلېكترون ۋە مۇسبەت زەرەتلىك پروتونلارنىڭ باغلىشىدىن تۈزۈلگەن بۇ ئالەمنى ئەركەك ئالەم دىسەك مۇسبەت زەرەتلىك ئېلېكترون ۋە مەنپى زەرەتلىك پروتونلاردىن تۈزۈلگەن تەتۈر ئالەمنى چىشى ئالەم دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. بىرئاز بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان «غەيرى ئاتوملار»

ھەقىقەتتە مەۋجۇت دىيىشكە بولسمۇ، چىشى (تەتۈر) ئالەمنىڭ مەۋجۇتلىقى پەقەت پەرەزدىن ئىبارەتتۇر...

تەبىئەت دۇنياسىدا مۇشۇ ئاساسىزەررىچىلەردىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئىچكى تۈزۈلىشى بولمىغان زەررىچىلەر بايقالغانبولۇپ، ھەممىسىنى تەپسىلى تونۇشتۇرمايمىز. زەررىچىلەر فىزىكىسىدىكى «**ئۆلچەملىكمودىل** «جەدۋىلىدە تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە ئايرىلغان.




## كۇۋانتنەزەيىسى ھەققىدە قىسقىچە بايان

**كۋانت ئۇقۇمى دەسلەپتە 1900- يىلى فىزىكا ئاتىسى دەپ ئاتالغان گېرمانىيە فىزىكا ئالىمى ماكىس پىلانىك**



تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، **قارا** جىسىم چىقارغان رادىئاتسىيە تەخسىملىنىشى كىلاسسىك ستاتىستىكا فىزىكىنىڭ تەخسىملىنىش قانۇنىيىتىگە بويسۇنمىغان. پىلانىك ئېنېرگىيەنىڭ ئۈزۈك-ئۈزۈك تەخسىملىنىش ھالىتىنى تەسۋىرلەيدىغان ئېنېرگىيە بىرلىكى «**كۋانتا**» ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن قاراجىسىم رادىياتسىيە تەخسىملىنىشىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈرۈپ بەردى. كېيىن، يەنى 1905- يىلى ئېينىشتېيىن پىلانىكنىڭ كۋانتا ئۇقۇمىدىن پايدىلىنىپ **فوتو- ئېلېكتىر ئېففېكتىنى** چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ماقالىنى ئېلان قىلدى ۋە بۇ ئارقىلىق نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.










كۋانت ئۇقۇمنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى فىزىكا تارىخىدا پۈتۈنلەي يېڭى سەھىپە ئاچتى! ئاتوم تۈزۈلۈشىنىڭ **بور مودېلى** تىكلىنىدى ۋە دەسلەپكى قەدەمدە ھىدروگېن ئاتومىنى ناھايىتى گۈزەل شەكىلدە تەسۋىرلەپ بەردى. كلاسسىك فىزىكىدا ھەل بولماي كەلگەن مەسىلەر ھەل بولدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇرلىرىدىن قارا جىسىم رادىياتسىيەسى، فوتو-ئېلېكتىر ئېففېكتى، قاتتىق جىسىم فىزىكىسىدىكى دېبەي مودېلى،...قاتارلىقلار .




كلاسسىك فىزىكىدا نەرسىلەر تۇتاش، ئۈزلۈكسىز ھەركەت ئوربىتىسىغا ئىگە بولۇپ، نيۇتون قانۇنلىرى ئارقىلىق بىر پۈتۈن سىستېمىنى لوگىكىلىق پەلسەپىۋى نەزەرىيەلەر ئارقىلىق تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولىدۇ. كلاسسىك فىزىكىدا نيۇتون قانۇنلىرى ئارقىلىق قوياش سىستېمىسىدىكى پىلانېتلارنىڭ

ھەرىكەتلىرى، يەر يۈزىدىكى پويىز، ئايرپىلان، ... قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ فىزىكىلىق قانۇنىيەتلىرىنى توغرا بىر شەكىلدە ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ، ئەمما ماددىلار كىچىكلەپ زەررىچىلەر ھالىتىگە كەلگەندە كىلاسسىك فىزىكا ئۆز رولىنى يوقىتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىز كۋانتۇم فىزىكىسىغا مۇراجەت قىلىمىز. كۋانتۇم دۇنياسىدا زەررىچىلەر ھەرىكەتلىرى تۇتاش سىزىقلىق ، ئۈزلۈكسىز ئوربىتىلىق بولماستىن كۋانتلاشقان يەنى ئۈزۈك- ئۈزۈك ھالەتلەردە بولىدۇ، زەررىچىلەر بەزى جايلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بەزى جايلاردا مەۋجۇت بولالمايدۇ...

كۋانت دۇنياسىدا ئەڭ كىچىك ئېنېرگىيە بىرلىكى زەررىچىلەرنىڭ تەۋرىنىش چاستوتىسى بىلەن پىلانك تۇراقلىقىنىڭ كۆپەيتمىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ، **ئېنېرگىيە كۋانتلاشقان** بولىدۇ. كۋانت نەزەرىيىسى **تۆۋەندىكى بەش پرىنسىپ** ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ:

(1 **ئېھتىمالدولقۇن** : زەررىچىلەر بوشلۇقتا مۇقىم ئوربىتىلىق ھەرىكەت قىلماستىن، بوشلۇقتا خالىغان جايدا پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ .

(2 **شرۆدىنگېر دولقۇن تەڭلىمىسى**: زەررىچىلەرنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتى شرۆدىنگېر دولقۇن تەڭلىمىسى ئارقىلىق تەسۋىرلىنىدۇ .




(3 **ماتېماتىكىلىق ئوپېراتور**: زەررىچىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ئىپادىلەيدىغان فىزىكىلىق مىقدارلار مۇرەككەپ ھېلبېرت بوشلۇقىدىكى ماتېماتىكىلىق ئوپېراتورلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**(4قاتلىنىشپىرىنسىپى:**كۋانتۇم تېخنىكىسىدىكى ئەڭ قوللىنىشچان پىرىنسىپ، يەنى زەرىچىنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كۋانت  ھالەتلىرىنىڭقاتلانمىسى يەنىلا شۇ زەرىچىنىڭ كۋانت ھالىتىدىن ئىبارەت.

**(5پۇتۇنلەيئوخشاشلىق** :زەرىچىلەر فېرمىيون ۋە بوزونلار دەپ ئىككىكاتاگورىيەگە بۆلۈنىدۇ. ئوخشاش تۈردىكى فېرمىيون ۋە بوزونلار پۈتۈنلەي ئوخشاشزەرىچىلەردۇر. مەسىلەن بارلىق ئېلىكترونلار پۈتۈنلەي ئوخشاشتۇر، ئورۇلىرىنىئالماشتۇرسا فىزىكىلىق ھالەت ئۆزگەرمەيدۇ .



## ھېگگىزبوزونلىرى ۋە ماسسا ئۇقۇمى ھەققىدە يېڭى چۈشەنچە

2012-يىلى 6 -ئايدا پەرەز قىلىنغان ئاتالمىش« **خۇدا زەرىچىللىرى** »دەپ نام بىرىلگەن ھېگگىز بوزونلىرى شۋېتسارىيەنىڭ جەنۋە دىكى ئۈچ دۆلەتنىڭ چېگرىسىنى كېسىپ ئۆتكەن، دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ئايلانما تېزلەتكۈچ« **بۈيۈك ھادرون سوقۇشتۇرغۇچى** »تەجرىبىخانىسىدا بايقالغانلىقى ئېلان قىلىندى .



بۇ تىزلەتكۈچ فېرمى تەجرىبىخانىسىدىكىدىن قالسا دۇنيا بويىنچە ئەڭ چوڭ تېزلەتكۈچ ھېساپلىنىدۇ. ئالىملار پەرەز قىلىنغان ئاتالمىش **«خۇدا زەررىچىللىرى»** نىتىپىپ چىقىش ئۈچۈن نەچچە يىل پۈتۈن زېھنى ۋە غايەت زور مەبلەغنى سەرىپ قىلغان ئىدى. بەختكە يارىشا بۇ زەررىچىلەرنىڭ، يەنى ئالەم يارىتىلغان ئەڭ دەسلەپكى ۋاقىتتىكى شەكىللەنگەن زەررىچىلەرنى تېپىپ چىققان بولدى. ھالبۇكى بۇ زەررىچىلەرنىڭ تېپىلىشى بىلەن زەررىچىلەر فىزىكىسىدىكى **«ئۆلچەملىك مودىل»** تۈگەللەنمىدى، بەلكى يەنە بىر قانچە سۇئاللارنى تاشلاپ كەتتى ...

ھېگگىز زەررىچىللىرى – يىلى شوتلاندىيە فىزىكائالىمى **پېتىر ھېگگىز** تەرىپىدىن ئوتتۇرۇغا قويۇلغان بولۇپ، زەررىچىلەرنىڭ ماسسىسىنىڭ ماھىيىتىنى نەزەرىيەلىك چۈشەندۈرۈپ بىرىدۇ. يەنى ھېگگىز بوزونلىرى كۆۋانتلاشقان ھېگگىز مەيدانىدىكى تاشقىنلانغان ئاساسى زەررىچىلەر بولۇپ،**زەررىچىلەرنىڭ ماسسىسى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھېگگىز بوزۇنلىرى بىلەن تەسىرلىشىشنەتىجىسىدىن ئىبارەتتۇر.**



ئوبرازلىق قىلىپ ئېيتقاندا، ھېگگىز مەيدانىنى سۇغا ئوخشاتساق زەررىچىلەرنى سۇدىكى بېلىقلار دىسەك، بېلىق بىلەن سۇنىڭ تەسىرلىشىشى بېلىقنىڭ ئۆزۈشگە بىۋاستە تەسىر قىلىدۇ، بەزى بېلىقلار ناھايىتى ئاسان ۋە تېز ئۈزىدۇ، بۇ سۇ بىلەن تەسىرلىشىش يۈزىنىڭ كىچىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، بەزى بېلىقلار سۇنى داۋالغۇتىپ ئۈزىدۇ. يەنى كىت بىلەن تۇمشۇقى ئۇشلۇق كىچىك بېلىقلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك بولىدۇ ...

تامامىلانمىغانئۆلچەملىك مودېل




هازىرقى زامان فىزىكىسى بۇ ئالەمنىڭ مەنبەسىنى ئاتالمىش» **چوڭ پارتىلاش نەزەرىيەسى** ) «بۇ پەقەت بىر پەرەز) بىلەن چۈشەندۈرۈپ، چەكسىز كىچىك ۋە چەكسىز زىچ نوختىدىن تۇيۇقسىز پارتىلاپ شەكىللەنگەن دەپ قارايدۇ. ھەمدە شۇ قاراشقا ئىشەنگەچكە شۇ پىكىر يۆنىلىشىدە تەتقىقاتلارنى داۋاملاشتۇرماقتا... بۇنىڭ ئاخىرقى جاۋابى چىقمىدى، لېكىن پىكىر ۋە تەتقىقات ئۈزۈلۈپ قالمىدى، نۇرغۇنلىغان مەبلەغ سېلىندى ھەم سېلىنىۋاتىدۇ. ھازىرغىچە قۇرۇلغان نەزەرىيە سېستىمىسى **ئۆلچەملىك مودېل** ئاساسىغا مەركەزلەشتى. ئۆلچەملىك مودېلدا، ماددىي ئالەمنىڭ ئەڭ ئاساسى بىرلىكلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى خۇددى مېدىلىۋ ئېلمېنتلارجەدۋېلىنى تۈزگەندەك تۈزۈپ چىقتى، ھالبۇكى بۇ جەدۋەل تېخى تاماملانمىدى.تاماملىغانسىرى، تېخمۇ غەيرى ۋە مۇرەككەپ سۇئاللار ئوتتۇرىغا چىقماقتا...ئالدىنقى يىلى يازدا نەزەرىيە فىزىكا ساھەسىدە ناھايىتى چوڭ خوشاللىق **ھېگگىزبوزونلىرى**نىڭ بايقىلىشى بولدى، ھەمدە (زەرىچىلەر) ماسسىسىنىڭ ماھىيىتى چۈشەندۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ ئۆلچەملىك مودېل جەدۋېلىگە ھېگگىز بوزونلىرى قېتىلدى. ھېگگىز بوزۇنلىرى باشقا بوزونلاردە كۆپېكتور (ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدىغان، يەنى ئۆزئايلانما سانى بىر بولغان) بوزۇنلىرى بولماستىن سكالىيار(ئۆز ئوقىدا ئايلانمايدىغان) بوزۇنلىرىدۇر، پۈتۈن ئالەمگەتارقالغان دېيىلىدۇ، ماسسا بولسا باشقا زەرىچىلەرنىڭ ( ياكى ماددىلارنىڭ) ئۇلار بىلەن سوقۇشۇپ، تەسىرلىشىشىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايدۇ...

ئەمما بىز ئۆلچەملىك مودېل جەدۋېلىگە ھېگگىز بوزونلىرىنى قويغان تەختىردىمۇ ئۇنىڭغا تۇتىشىدىغان ۋە جەدۋەلنى تېخمۇ كىڭەيتىۋېتىدىغان نامەلۇم سۇئاللار مەۋجۇت! لەپتونلاردىن ئەڭ يەڭگىل زەرەتسىززەرىچە نېترونۇنىڭ ماسسىسى تېخىچە بىر سىردۇر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۇۋانتۇمگرەيۋېتى دىگەن تارماق پەن تەرەققى قىلىۋاتاتقان ۋە بەزى يىپ ئۇچلىرى (ھىگگىز بوزونلىرىدەك ) تېپىلىۋاتقان بولسىمۇ ئالەملىك تارتىش كۈچىنىڭ ماھىيىتى تېخى بايقالمىدى. كۇۋانتۇم نەزەرىيىسى بولسا ناھايىتى كىچىك زەرىچىلەرگە قوللىنىلىدۇ، ھالبۇكى گرەيۋېتى نى تىلغا ئالغاندا ھەمىشە كەڭ مەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيىسى ئېسىمىزگە كېلىدۇ، زەرىچىلەر بىلەن يۇلتۇزلار سىستېمىسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىك ئۆلچەم پەرقى ئەقلىگە سىغمىغۇدەك دەرىجىدە چەكسىز چوڭ بولسىمۇ كىشىنىڭ ئەقلى

ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئوخشاشلىقا ئىگە! بەلكىم بۇ ئوخشاشلىق كېيىنكى ھەقىقەتنى تېپىپ چىقىشقا تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن .








ئۇنىڭدىن باشقا تېخى يېقىنقى يىللاردا بايقىلىپ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاتالمىش **قاراڭغۇ ماددا ۋاقاراڭغۇئېنېرگىيە** نەزەرىيە جەھەتتىن پۈتۈن كائىناتنىڭ مۇتلەق كۆپقىسمىنى ئۆزئىچىگە ئالغان دەپ قارىلىۋاتىدۇ. يەنى، پۈتۈن دۇنيانىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىسۇدىن تەشكىل تاپقاندەك، كائىناتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قارا ماددا دىنتۈزۈلگەن.

(ئىزاھ :**قارا** جىسىم ۋە**قاراڭغۇ ئۆڭكۈر** دىگەن ئاتالغۇلارنى ئاڭلىغان بولىشىمىز مۇمكىن، لىكىن بۇيەردىكى ئۈچ قاراڭغۇ بىر- بىرىدىن ماھىيەتلىك پەرقلىنىدىغان ئۈچ خىل ئۇقۇم.)

نىملا بولمىسۇن، مېنىڭچە ھەقىقەتنىڭ ئېچىلىشىغا ئازقالدۇق دەپ قارايمەن. «ئۆلچەملىك مودىل» پۈتۈنلەي مېتافىزىكىلىك تەپەككۇر ئۈستىگە قۇرۇلغان بولسىمۇ، (يەنى پۈتۈن ئالەمنى يوقلۇقتىن ئۆزىچە پارتىلاپ بارلىققا كىلىپ تەرەققىي قىلغان دەپ قارىغان بولسىمۇ) سەۋەپ-نەتىجە قانۇنىيتى بويىنچە شۇنچە مۇكەممەل ۋە گۈزەل دۇنيا ۋە كائىناتنىڭ ھېچ ياراتقۇچىسىز ئۆزلىكىدىن پارتىلاپلا پەيدا بولۇپ قېلىشى ھېچ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس. بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغان ئالىملار بارا-بارا كۆپەيمەكتە، ئەمەلىيەتتە بۈيۈك ئالىملارنىڭ ھەممىسى ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ. «خۇدا زەرىچىسى» دەپ ئات قويىغىنىغا قارىمامسىز؟!

# خاتىمە سۆز

ئەڭ ئاخىرىدا يىغىنچاقلىساق، بىزنىڭ دۇنياسىمىز ۋە قوياش سېستىمىسىنى ئۆزئىچىگە ئالغان ماددىي ئالەم ئالتە تۈرلۈك كۇۋارك ۋە ئالتە تۈرلۈك لەپتونلاردىن ئىبارەت ئەڭ ئاساسىي زەرىچىلەرنىڭ بىرىكىپ توپلىنىپ ئاتوملارنى ھاسىل قىلىشىدىن تۈزۈلگەن دىيىشكە بولىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاستى، ئۈستى كۇۋاركلاردىن تۈزۈلگەن پروتون ۋە نىترونلار ھەمدە ئېلىكترونلار ئەڭ تۈراقلىق ۋە بىز كۆرۈپ ۋە تۇتۇپ، ھېس قىلىۋاتقان ھەممە ماددىلارنىڭ، جىسىملارنىڭ ،ئادەم ، ھايۋان، ھاشارەت، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ، ھاۋا، سۇ، تۇپراق، ۋە ئوتنىڭ ئەڭ ئاساسۋە ئەڭ كىچىك تۈزگۈچى زەررىللىرىدۇر. بۇ زەرىچىلەر ئارىسىدا قۇۋۋەت توشۇغۇچىلىقرولىنى ئوينىغان فوتون، گلون ۋە گرەيۋېتون قاتارلىق ۋېكتورلۇق (يەنى مەيدان)بوزونلىرى بۇ ئاساسى زەرىچىلەرنى توپلاپ ، ماددىي ئالەمنى شەكىللەندۈرىدۇ.ئوبرازلىق قىلىپ چۈشەندۈرسەك، كۇۋارك ۋە لەپتونلارنى بىر بىنانىڭ يەككە خىش-كاھىشلىرى دىسەك، فوتون،گلون قاتارلىق بوزونلارنى خىشلارنى يىپىشتۇرغۇچى بىتون لايلارغا ئوخشايدۇ، قالغان زەرىچىلەر بىنانىڭ ئىچىدىكى (تۇراقسىزبولغان)

باشقا ئەششيالارغا ئوخشايدۇ. دىمەك، خش ـ كاهش ۋە بتونلاردىن بىر بناپۇتۇپ چىققاندەك، كۇۋارك ـ لەپتون ۋە بوزۇنلاردىن بىر ماددىي ئالەم پۇتۇپ چىقىدۇ...




لىكىن تەپەككۇر قىلىپ باقىلى :

بىرىنچىدىن، بىزنىڭ بۇ ئالەم يالغۇزماددى ئالەم ئەمەس! ماددى ئالەم ھەققىدىكى ئىزدىنىش بىلەن تەبىئەت قانۇنلىرىنىچۇشەندۇرۇپ بەرگىلى بولىسمۇ، بۇ قانۇندىن ھالقىغان نەرسىلەرنى چۇشەندۇرۇپ بەرگىلىبولمايدۇ .

ئىككىنچىدىن، خش ـكاهش، بتونلارنىپارچىلاپ ئۇۋاق ھالەتكە ئېلىپ كەلگىلى بولىدۇ، ئۇلار ئاخىرقى ھېساپتا ئوخشاش بىردۇۋۇە قۇم ـشېخىل، تۇپىراققا ئايلىنىدۇ...

**ئۆچنچىدىن، قۇم، شېخىل، تۇپىراقئۆزلىكىدىن جۇغلىنىپ، خىش-كاھىش، بىتونلارغا ۋە بىر پۈتۈن بىناغائايلىنالمىغاندەك، بۇ ئاساسى زەرىچىلەر ئۆزلىكىدىن جۇغلىنىپ بىر پۈتۈن (مۇكەممەل)ئالەمنى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ !**

ئۆزىمىزگە قايتىپ كەلسەك، ئاتىمىزنىڭپۇشتىدىن ئانىمىزنىڭ قارنىغا ئۆتۈپ جانسىزماددا ھالەتتىكى سۇيۇقلۇق، ئۇرۇقلانغان تۇخۇم ھۆجەيرىسى، بۆلۈنۈپ كۆپەيگەن توقۇلمىلار ۋە ئاخىرىدا(خۇددى چىشلەپ قويغاندەك شەكىلدىكى) بىر پارچە گۆش، ئۇنىڭدىن كىيىن كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، مېڭەتوقۇلمىللىرى،... ۋە ئاخىرىدا تۇيۇقسىز ھەرىكەتكە كېلىپ ھاياتلىق ھەرىكىتىنىباشلىغان يۈرەك...


PHOTO BY C. WONG

**ئادەم روھ ۋە ماددىي بىرلىكتىن تەركىپتاپقان مەۋجۇتلۇق.** روھ (ئاڭ ياكى قەلب ئەمەس) نىڭ ماھىيىتىنى تەپەككۇر قىلىپ بىلىش مۇمكىن بولمىسىمۇ ئادەمنىڭ ماددى ئاساسىنى تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق بىلەلەيمىز. روھنى ھىسابقا ئالمىغاندا ئادەم ھۇجۇدى بىر دۆۋە گۆش، ئۇستىخان قان ۋە سۇدىن تەشكىل تاپقان دىيىشكە بولىدۇ. ئاناتومىيلىك شەكلىمىزنىڭ گۆزەللىكنى ھېساپقا ئالمىغاندا باشقا، ھايۋان ھۇجۇدى بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق بەدىنىمىز ئورگانىك ۋە ئىنورگانىك ماددىلاردىنتەركىپ تاپقان بىر گەۋدىدىن ئىبارەت. بۇكۆز بىلەن كۆرۈنىدىغان، تۇتۇپ ھېسقىلىنىدىغان جانسىز گەۋدە يەر يۈزىدىكى بارلىق ماددى ئېلمىنتلارنى ھەم ئۆز ئىچىگەئالىدۇ. ماددىي جەھەتتىن ئۇنىڭ ھۇجۇدىدازېمىندا باربولغان بارلىق ماددى ئېلمىنتلار بولغاندىن سىرىت زېمىندىكى ۋە ئۇنىڭئىچىدىكى بارلىق (ئاشكارە) مەۋجۇداتلاردا بولمىغان بىر سىرلىق ئامىل روھ ۋەئەقلىنىڭ بولىشى ئادەمنىڭ باشقا بارلىق مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ...

# 17- ئورخۇن ئابىدىلىرىنىڭ تارىخى قىممىتى

**س . گ . كلياشتورنىي**

قەدىمكى تۈرك ئورخۇن يازما يادىكارلىقلىرى باشقا ھەرقانداق رونىكچە ئابىدىلەرگە ئوخشىمايدۇ، ھەتتا قەدىمكى ئۇيغۇر ئورخۇن ئابىدىلىرىگىمۇ ئوخشىمايدۇ؛ ئۇلار ئۆز-ئارا تولۇقلىنىپ، شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ تىكلىنىشىدىن يىمىرلىنىشىگىچە بولغان تارىخنى باغلىنىشلىق ھالدا بايان قىلىپ، بۇ ئەلنىڭ ئەڭ مۇھىم پائالىيەتچىلىرىنىڭ نامى بىلەن شەرھلەيدۇ.

ھەر بىر پارچە بايان قىلىنغان بۇ خىل ۋەقەنىڭ سىياسىي مايىللىقى ئاجىزلىشىپ قالماي، بەلكى ئەكسىچە بۇنداق ئىپتىدائىي يازما يادىكارلىقلارنىڭ قىممىتىنى ئىنتايىن يۇقىرى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. چۈنكى بەزى ۋەقەلەرنى پىروگگىراممىلىق چۈشەندۈرۈش ۋە مۇنازىرىلىك پىكىرلەرنى سىلىشتۇرۇشتىن كېيىنلا ئاندىن قاغانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىجتىمائىي توقۇنۇش ۋە سىماسى زىددىيەتلەرنى تېخىمۇ ئەينەن بىلگىلى بولىدۇ. ئەمما جۇڭگو تەزكىرە تارىخىدىكى تارىخى ۋەقەلەرنى ئادەتتىكىچە تۈز بايان قىلغان خاتىرىلەرنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇنچىلىك ئۈچۈق ھېس قىلغىلى بولمايدۇ.

تارىخشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چىقىپ ئورخۇن يازما يادىكارلىقلىرىنى ھەرقايسى ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن تەھلىل قىلىش لازىم. ئورخۇندىكى ئەڭ مۇھىم ئابىدىلەر ئىچىدە نۇرغۇنلىغان سەھىپىلەر ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ۋەقەلىرىنى خاتىرىلىگەن. پەقەت مۇشۇ ۋەقەلەرنى تەھلىل قىلغاندىلا، تارىخ-جۇغراپىيە، تارىخ-سىياسىي ۋە مىللەتشۇناسلىق مەسىلىلىرىنى ئۇمۇمى نۇقتىدىن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن تەتقىق قىلىش يولىنى سۈرەتلەپ بەرگىلى بولىدۇ. بۇ جەھەتتە مەركەزلىك ھالدا بىز تەتقىق قىلغان تېمىغا بىۋاستە ئەھمىيىتى بولغان ئابىدىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشىمىز كېرەك. بۇ تۆرگە تەۋە ئابىدىلەردىن ئەڭ مۇھىملىرى كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى، بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى، تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى، كۆلچۇر مەڭگۈ تېشى ۋە ئاز قىسمى قېپ قالغان ئونگىن مەڭگۈ تېشىدىن ئىبارەت. كۆل تېكىن ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىنى يادرىنسېپ 1889- يىلى بايقىغان. ئورنى خوشۇ – سايدام

رايونىدىكى كولشىن- ئورخۇن دەرياسى قىرغىقىدا بولۇپ ، ئۇلانباتورنىڭ غەربىدىن 400 كىلومېتىر، ئۆگەيىنۇرنىڭ جەنۇبىدىن 25 كىلومېتىر، قارا بالغاسۇننىڭ شىمالىدىن 40 كىلومېتىر كېلىدۇ . 1890- يىلى گايكېر تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ ئابىدىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. 1891- يىلى رادلوف تەكشۈرۈش ئەترىتى بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. 1902- يىلى ئەنگلىيىنىڭ ۋۇجوۋ (梧州) دا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى كانبېل مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈردى ۋە بايان قىلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە فرانسىيە سایاھەتچىسى د.لاكىسېت 1909 – يىلى مۇشۇ خىزمەتنى ئىشلىدى. 1912- يىلى كوتۋىچ مەڭگۈ تاشلارنى نۇقتىلىق تەكشۈردى. 1960- يىلى ئۇبولىياتوۋا بىلەن نادېئىنلىيەيېۋ بۇ مەڭگۈ تاشلارنى يەنە ئىنچىكە تەكشۈردى.

بۇ ئىككى تاشنىڭ ئۆز-ئارا ئارىلىقى بىر كىلومېتىر بولۇپ ، قەبرىلەر تۈپىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبى قىسمى ھېسابلىنىدۇ. رادلوف بىر كىچىك تۆپىلىكتىكى كىچىك بىر جايىنى قازدى. دەسلەپتە ئۇ بۇ كىچىك تۆپىلىكنى بىلگە قاغاننىڭ قەبرىسىمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدى. كېيىن قازا قىلغانلارغا ماتەم-مۇراسىم ئۆتكۈزىدىغان ئىبادەتخانا خارابىسى بولۇپ چىقتى. كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەن قەبرىلەر، 1958- يىلىغا بارغاندا ئاندىن موڭغۇلىيە- چېخوسلوۋاكىيە تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن ئەتراپلىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش گەرچە ياخشى ئاخىرلاشمىغان بولسىمۇ، قېزىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلغىنى چېخوسلوۋاكىيە ئارخېئولوگى جىزل ئىدى.

مەزكۇر تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ خىزمەت نەتىجىسى ھەم خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئابىدە تېكىستلىرىنىڭ ئۆزىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا قەبرىلەرنىڭ ئەسلى قىياپىتى ۋە ياسىلىش جەريانىنى تەخمىن قىلغىلى بولىدۇ .

كۆل تېكىن 731- يىلى 2- ئاينىڭ 27- كۈنى ۋاپات بولغان، 47 يىل ئۆمۈر كۆرگەن. شۇ يىلى 5- ئايدا بىلگە قاغان پادىشاھ شۈەنزۇڭ ئەۋەتكەن جۇڭگو ھۈنەرۋەن ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئىبادەتخانىنى ياسىتىپ، كۆل تېكىننىڭ ھەيكىلىنى ئويدۇرماقچى بولغان. شۈەنزۇڭ بۇ تەكلىپكە قوشۇلۇپ: جىنۋۇ سانغۇنى جاڭ چۈيى، ئاستانە ئەمەلدارى كاتاۋۇل بەگ لوشياڭلارنى خانىنىڭ مۆھۈرى بېسىلغان مەكتۇپ بىلەن كۆل تېكىننىڭ ماتەم مۇراسىمىغا ئەبەرتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئۆز قولى بىلەن ئابىدىگە بېغىشلىما ئۇيۇپ بەردى. ئىبادەتخانىغا ھەيكىلى تىكلىنىپ، تۆت تېمىغا كۆل تېكىننىڭ ئۇرۇشتىكى جاسارىتى نامايان قىلىنغان رەسىم سىزىلدى. ئالتە ئۇستا ھۈنەرۋەننى تۈركلەرگە ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇستا نەققاشچىلار بولۇپ ، ئەل ئىچىدە بۇلارغا يېتىدىغىنى يوق ئىدى. «كونا تاڭنامە» دىمۇ كۆل تېكىننىڭ قەبرە ئابىدە يېزىقىنى پادىشاھ ئۆزى يازغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

جۇڭگو ھۆنەرۋەنلىرىنىڭ ئىش ئىزلىرى توغرىسىدا كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشىدىمۇ مەلۇماتلار بار: «تابغاچ خانى ماڭا ئوردا نەققاشچىلىرىنى ئەۋەتتى. مەن ئۇلارغا ئىبادەتخانا سېلىشنى بۇيرۇدۇم، ئىچى-تېشىغا كىشىنى تەسىرلەندۈرۈدىغان نەقىشلەرنى ئويدۇردۇم، مەڭگۈ تاش ئورناتقۇزدۇم، كۆڭلۈمدىكى سۆزلىرىمنى ئويدۇردۇم». جاڭ چىچۈيى بىلەن لۈي شياڭ 731- يىلى 12- ئايدا چاڭ ئەمدىن يولغا چىققان، مەڭگۈ تاش 732- يىلى 8- ئاينىڭ 1- كۈنى تىكلەنگەن، ماتەم مۇراسىم ئىبادەتخانىسى 733- يىلىنىڭ ئاخىرى پۈتتۈرۈلگەن. ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشلاردىن تېپىلغان قۇرۇلۇش توپىنى كۆرسەكلا، بۇ ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلىنغان قۇرۇلۇشنىڭ ۋاقىت چېكىنى چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. قەبرە تېشى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدىكى مەيدانغا تىكلەنگەن. بۇ مەيدانغا تۆت بۇرجەك خام قىش ياتقۇزۇلغان. مەيدانىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى خەندەكنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىر، ئاستى قىسمىنىڭ كەڭلىكى بىر يېرىم مېتىر كېلىدۇ. خەندەكنىڭ سىرتىغا خام قىش بىلەن تام قوپۇرۇلغان. مەيدانغا شەرق تەرەپتىن كىرىدۇ. كىرىش ئېغىزىغا خەندەك كولانمىغان. كىرىش ئېغىزىدىن شەرققە ئىككى رەت بالبال تىكلەكلىك بولۇپ، ئەڭ ئالدىدىكى ئىككىسى ناھايىتى قوپال ئويۇلغان تاش ئادەمدۇر؛ جەمئىي 169 دانە تاش بار بولۇپ، كۆل تېكىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم سانىنى بىلدۈرىدۇ. كىرىش ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ناھايىتى زور قۇرام تاشتىن ياسالغان ئىككى قوي بار، كىرىش ئېغىزىدىن غەربكە سەككىز مېتىر كېلىدىغان جايدا بىر يوغان تاشتىن ياسالغان زور بىر تاشپاقا تېپىلدى. ئەسلىدە تاشپاقىنىڭ ئۈستىگە مەڭگۈ تاش تىكلەنگەن بولۇپ ، گەرچە قىڭغىيىپ قالغان بولسىمۇ، ئانچە زىيان- زەخمەتكە ئۇچرىمىغان. ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئىككى كىچىك پارچىسىنىڭ ئۈستىگە رونىك تۈركۈمدىكى بەلگىلەر ئويۇلغان بولۇپ، جىزىل قازغان چاغدا بۇ ئىككى پارچىنى تېپىۋالغان.

كىرىش ئېغىزىدىن ۋاپات بولغانلار ئىبادەتخانىسىغىچە بىر بۆلەك- باراقسان يول بار. يول بويلاپ قۇرام بىلەن تىكلەنگەن ئادەم ھەيكەللىرى بار ئىدى. ھازىر ساقلىنىپ قالغانلىرى: قولىغا رومال ئېلىۋالغان بىر ئايالنىڭ ئۆرە ھەيكىلى، قولىدا ئۆتكۈر شەمشەر تۇتقان بىر ئەر كىشىنىڭ ھەيكىلى، يۆكۈنۈپ ئولتۇرغان ئىككى ئەر كىشىنىڭ ھەيكىلى (مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر تاش ھەيكەل 1912- يىلى كوتۋىچ تەرىپىدىن پېتېربورگقا يۆتكەپ كېتىلگەن) بىلەن بىر ئەر كىشىنىڭ گەۋدىسىدىن ئىبارەت. بىراق بۇ تاش ھەيكەللەرنىڭ سىرتقى كۆرۈنىشى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پىششىق قىش ياتقۇزۇلغان ئۆلىنىڭ ئۈستىگە بىر ئىبادەتخانا سېلىنغان بولۇپ، ئىبادەتخانا تېمىغا گەچ سۇۋاق ئىشلىتىلگەن، سىرتقى تەرەپتىكى يۈزىگە قىزىل گۈللەر سىزىلغان. تامغا يەنە ئەجدىھارنىڭ لاي قاپارتما سۈرىتى زىننەتلەنگەن. تاش ئۇلدا 16 تال ياغاچ تۈۋرۈك بولۇپ ، كاھىش بىلەن سېلىنغان ئىبادەتخانا تورۇسنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئىبادەتخانا تېمىنىڭ ئىچكى يۈزى تام رەسىملەر بىلەن

بېزەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىك مەزمۇنى كۆل تېكىنىنىڭ تۆھپىلىرىنى بايان قىلىدۇ، بىراق بۇ تام سۈرەتلىرى ساقلىنىپ قالمىغان.

ئىبادەتخانىنىڭ مەركىزى قەسىر بولۇپ، ئەتراپى ئىچكى تام بىلەن ئايرىلغان. قەسىرگىمۇ ئىبادەتخانىغا ئوخشاش شەرق تەرەپتىن كىرىدۇ. قەسىر ئىچىدىن ئىككى ئولتۇرغان ھەيكەلنىڭ تۆۋەنكى يېرىم بەدىنى – كۆل تېكىن ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ھەيكىلى تېپىلدى. كۆل تېكىنىنىڭ باش قىسمى ھەيكىلىنىڭ پارچىلىرى ئولتۇرغان ھەيكەلنىڭ ئالدىدىكى ئازگالدىن تېپىلغان. ماتەم – مۇراسىم بويىچە ئۇ يەر ئەسلىدە نەزىر- چىراغ بۇيۇملىرىنى ساقلايدىغان كاھىشتىن ياسالغان كومزەك ئىدى. ئازگالدىن يەنە كومزەك پارچىلىرى تېپىلدى. كۆل تېكىن ھەيكىلىنىڭ بېشىغا بەش دانە قالقانسىمان شەكىلدىكى شاھانە تاج كىيگۈزۈلگەن بولۇپ ، ئۈستىگە قاناتلىرىنى كىرىپ تۇرغان بۈركۈت ئويۇلغان. بۈركۈت تولىمۇ نەپىس بولۇپ ، بۇنداق ئويما ئىلگىرى مەركىزىي ئاسىيادىنمۇ تېپىلغان. نەزىر پەشتىقى ئىبادەتخانىنىڭ غەربىگە قويۇلغان بولۇپ ، كۆپ شەكىللىك گۈللۈك تاشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ھەجمى ناھايىتى چوڭ بولۇپ ، ئۈستىدىن بىر پارچىسى ئويۇۋېلىنغان. بۇ يەردىن ھېچقانداق دەپنە ئىزى بايقالمىغان، بىلگە قاغانىنىڭ قەبرىسىمۇ ئوخشاش بولۇپ، بۇ ھەقتىكى ئىزلار بايقالمىدى.

جىزلىنىڭ قېدىرىشىدىن كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ماتەم – مۇراسىم ئىبادەتخانىسى ۋە باشقا ئىمارەتلەر سېلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇزۇلۇپ كەتكەن. كېيىن ئىبادەتخانىنى رىمونۇت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن. جىزل ئىبادەتخانىنى ئۇيغۇرلار (745- يىلى) ياكى خاككاسلار (840- يىلى) بۇزۇپ تاشلىغان دەپ قىياس قىلىدۇ. بىرىنچى قىياس ئاساسى جەھەتتىن توغرا، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبادەتخانىنى كېيىن رىمونۇت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن دېگەن تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرغا قويۇش مۇمكىنچىلىكى بولىدۇ . خاككاسلار ئۇيغۇر قاغانلىقىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن قارا بالاساغۇن رايونى موڭغۇل دەۋرىدىن ئىلگىرى بىردەك مەركىزىي ئاسىيا ھەرقايسى ئوتلاق ئىمپېرىيىلىرىنىڭ مەركىزى ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ غەربىي يۇرتقا كەتكەندىن كېيىن، تۈركلەر گەرچە شۇ چاغلاردا پەقەتلا خاككاسلارنىڭ بېقىندىسى بولسىمۇ، يەنە قايتىدىن بۇ جايىنى ئىگىلەپ، ئەسلىدىكى قەسىرنى قىسمەن رىمونۇت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولىشى مۇمكىن. 924- يىلى قىتان پادىشاھى ئاباگې قارابالاساغۇن رايونىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە تۈرك-رونىكچە يېزىقنى ئۆزىنىڭ مەڭگۈ تېشىغا ئۇيۇش يارلىقىنى چۈشۈردى. بۇ ئەھۋال يۇقىرىدىكى خۇلاسىمىزنى چۈشەندۈرۈشكە پايدىلىقتەك قىلىدۇ. خەنزۇچە تارىخى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا يەنە قۇبلاي دەۋرى (1260—1294 يىللار)دە، كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى دۇنياغا مەشھۇر بولغان.

تۆت ئابىدە پىرامىدا جىسىم شەكلىدە بولۇپ، ئېگىزلىكى 15.3 مېتىر، تۆۋەن كەڭلىكى 1.24 مېتىر ، قېلىنلىقى 41.0 مېتىر كېلىدۇ. ئابىدىنىڭ يۈزى بەش قىرلىق قالقان شەكلىدە ھەممە ئوراپ تۇرغان قوش ئەجدىھا بار. ئابىدىنىڭ بىر يۈزىگە قاغاننىڭ تۈتىمى سىزىلغان، يەنە بىر تەرىپىگە خەنزۇچە بېغىشلىما يېزىلغان ۋە تاش ئابىدە تىكلەنگەن ۋاقىت 732- يىلى 8- ئاينىڭ 1- كۈنى دېگەن خەتلەر يېزىلغان. خەنزۇچە ئابىدە تېكستىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئىككى قۇر رونىك يېزىقى ئويۇلغان بولۇپ ، بۇ قول يازما ئاساسى تېكستكە زادى يەتمەيدۇ. رادلفنىڭ پەرىزىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئىككى قۇر كۆل تېكىن ھەققىدىكى مەدھىيە نامىنى بىلگە قاغان ئۆز قەلىمى بىلەن تاش ئابىدىگە يازغان، ئۇستىلار تەرىپىدىن قاغاننىڭ قول يازمىسىغا تەقلىد قىلىپ ئويۇپ چىقىرىلغان. ئابىدىنىڭ تۆۋەنكى يۈزىنىڭ كۆپ قىسمىغا خەنزۇچە سۆزلەر ئويۇلغان. قالغان ئۈچ يۈزى ۋە ئەسلى يۈزىنىڭ ھەممىسى رونىكچە ئابىدە تېكستىدۇر. ئاساسى ئابىدە يۈزىدە 40 قۇر ئابىدە تېكستى بار، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپى 30 قۇر بولۇپ ، تېكىست داۋامىدۇر. بۇ ئاتالمىش «چوڭ ئابىدە» دۇر. سول تەرىپى «كىچىك ئابىدە» بولۇپ ، جەمئىي 30 قۇر. تاش ئابىدىنىڭ تۆت تەرىپى سىلىقلىنىپ كەتكەن، ھەر بىر تەرىپىگە رونىكچە قىسقا ئابىدە تېكستلىرى يېزىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە پەقەت ئۈچ يۈزۈدىكى ئابىدە تېكستلىرى ساقلىنىپ قالغان. كۆل تېكىن ئابىدىسىنىڭ گەرچە بىر قانچە يېرى ئۇپراپ كەتكەن بولسىمۇ ئەمما ئومۇمەن ئالغاندا ئابىدە تېكستىنىڭ ساقلىنىشى باشقا ئابىدىلەرنىڭكىدىن كۆپ ياخشى.

بىلگە قاغان تاش ئابىدىسى ئوخشاش بىر قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان، ئۇنىڭ سىرتقى شەكلى كۆل تېكىن ئابىدىسى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تاش ئابىدە يەرگە يىقىلىپ ئۈچ پارچە بولۇپ كەتكەن. تاش ئابىدىنىڭ ئومۇمى يۈزى 3.45×1.74×0.72 مېتىر كېلىدۇ . ئومۇ كۆل تېكىن ئابىدىسىگە ئوخشاش بەش قىرلىق قالقان شەكلىدە بولۇپ ، چۆرىسىگە ئەجدىھا ئويۇلغان. تاش ئابىدىنىڭ بىر يۈزىگە بېغىشلىما يېزىلغان بولۇپ ، ناھايىتى ياخشى ساقلانغان. ئۇنىڭ تۆۋەندىكى ئاساسلىق يۈزىگە خەنزۇچە ئابىدە تېكستى ئويۇلغان بولۇپ، قىرىلىپ ئۇپراپ كەتكەن. ئابىدىنىڭ يەنە بىر يۈزىدە قاغاننىڭ تۈتىمى بار، ئابىدىنىڭ تۆۋەنكى ئاساسى يۈزى رونىك يېزىقىدىكى ئابىدە تېكستى بولۇپ، تەخمىنەن 41 قۇر، بۇ تېكستنىڭ داۋامى ئابىدىنىڭ سول تەرىپىدە، جەمئىي 15 قۇر، («كىچىك ئابىدە» 15 قۇر بولۇپ ، ئابىدىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئويۇلغان، ئابىدىنىڭ تۆت يۈزى ئۇپراپ سىلىقلىنىپ كەتكەن، پەقەت ساقلىنىپ قالغىنى ئىككى يۈزى) دۇر.

بىلگە قاغان ئىت يىلى 10- ئاينىڭ 26- كۈنى ۋاپات بولغان، يەنى 734- يىلى 11- ئاينىڭ 25- كۈنى، توڭگۇز يىلى 5- ئاينىڭ 27- كۈنى دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن، يەنى 735- يىلى 6- ئاينىڭ 22- كۈنى. لى چۈەن باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمۈگى 735- يىلى 2- ئايدا چاڭئەندىن يولغا

چىقىان، خەنزۇچە ئابىدە تېكىستىنى تارىخچى ئەمەلدار لى روڭ كۆچۈرگەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئۆز قەلىمى بويىچە يېزىپ بەرگەن، دەپنە مۇراسىمىگىچە ئابىدە تېكىستى ئويۇلۇپ بولغان، ماتەم – مۇراسىم ئىبادەتخانىسىمۇ دەل مۇشۇ چاغدا پۈتكەن بولۇشى مۇمكىن.جۇڭگو ئەلچىلىرى ئىبادەتخانا ئىچىگە دەپنە مۇراسىمى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىسرىقدان ۋە ئىپارلارنى كەلتۈرۈپ، ھەممىسىنى ئورنىتىپ بەردى. ئىككى ئابىدە تېكىستىنىڭ قۇرۇلمىسى ئىنتايىن ئوخشىشىدۇ.ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابىدە تېكىستلىرىنىڭ نۇرغۇن قىسىملىرىدىكى سۆز جۈملىلىرى بىردەك، ئىككىلا ئابىدە تېكىستى بىلگە قاغاننىڭ نامى بىلەن بايان قىلىنىدۇ، ئابىدە تېكىستلىرى ئۇنىڭ تۈرك بەگلىرى ۋە خەلقىگە، توققۇز ئوغۇز بەگلىرى ۋە خەلقىگە، ھەرقايسى قەبىلىلەرگە ئېيتقان سۆزىدۇر.

كىچىك ئابىدە چوڭ ئابىدىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى چوڭ ئابىدە مەزمۇنىنىڭمۇ ئاساسى نۇقتىسىدۇر. بىلگە قاغان كىچىك ئابىدىدە ئۆزىنىڭ تۈرك خەلقىنىڭ بەختى ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم يىراققا سەپەر قىلغانلىقىنى قىسقىچە بايان قىلىپ، جۇڭگو پادىشاھىنىڭ سوۋغا- سالاملىرىغا بېرىلىپ جەنۇبقا (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە) كۆچكەن «ناچار» تۈركلەرگە قارشى تۇرۇپ نەسىھەت قىلىدۇ. ئۇ كىشلەرنىڭ يېقىنقى ئۆتمىشنى، شۇ چاغدا تۈرك خەلقىنىڭ «تابغاچ خانى» نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ھېرىپ-ئېچىپ، كۈچ مادارىدىن كەتكەنلىكىنى ئەستە تۇتىشلىرىنى سورايدۇ. پەقەت تاڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرى بارالمايدىغان ئۆتۈكەن تېغىدىلا تۈركلەر ئەمنىلىك ھېس قىلالايدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ نۇرغۇن سوۋغا – سالاملىرىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى، بىلگە قاغاننىڭ قانداق قىلىپ نامرات خەلقنى باي، ئاز خەلقنى كۆپ قىلغانلىقىنى تۈرك خەلقىنىڭ ئۆزلىرى نېمىگە پەرھىز قىلىپ، نېمىگە ئىشىنىشنى بىلىۋېلىشى ئۈچۈن، قاغاننىڭ سۆزى مەڭگۈ تاشقا ئويۇلدى: «تۈرك بەگلىرى ۋە تۈرك خەلقى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاڭلار! مەن بۇ يەرگە تۈرك خەلقنى يىغىپ، ئەل تۇتقانلىقىڭلارنى ئويدۇردۇم، سىلەرنىڭ يېڭىلىپ، خاتالىشىپ ئۆلگەنلىكىڭلارنىمۇ بۇ يەرگە ئويدۇردۇم، قانداق سۆزۈم بولسا ھەممىسنى مەڭگۈ تاشقا ئويدۇردۇم، بۇنى كۆرۈپ بىقىڭلار ھازىرقى تۈرك خەلقى ۋە بەگلىرى!».

ئىككى ئابىدىنىڭ چوڭ ئابىدىلىرىدە بىلگە قاغان قەدىمكى تارىختىن باشلاپ بايان قىلىنىدۇ: «(1) ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر تۇپراق يارىتىلغاندا، ئىككىسى ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارىتىلىپتۇ. ئىنسان بالىسى ئۈستىدە ئاتا-بوۋام بومىن قاغان، ئىستەمى قاغان ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار تەختتە ئولتۇرۇپ تۈرك خەلقىنىڭ ئېلىنى قۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ قانۇن-تۈزۈمىنى تۈزۈپ بېرىپتۇ. (2) بۇ چاغدا تۆت ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ دۈشمىنى ئىكەن. قوشۇن چىقىرىپ تۆت ئەتراپتىكى خەلقنىڭ ھەممىسنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ، ئۆزىگە بوي سۇندۇرۇپتۇ. بېشى بارلارنى باش ئۇردۇرۇپتۇ، تىزى بارلارنى تىزلاندۇرۇپتۇ، ئۇلارنى شەرقتىن تاكى قادىرقان تاغلىرى، غەربتە تا تۆمۈر قاپىقىغىچە بولغان جايلارغا ئولتۇراقلاشتۇرۇپتۇ.(3)ئىككىسى ئارىسدا ئىگىسىز قالقان كۆك تۈركلەرگە

ھۆكۈمرانلىق قىلىپتۇ. ئۇلار دانا قاغان ئىكەن، باتۇر قاغان ئىكەن. بۇيرۇقلىرىمۇ ئىھتىمال دەنا بولسا كېرەك ، بەگلىرى ۋە خەلقىمۇ سادىق ئىكەن، شۇڭا ئۇلار دۆلەتكە ئەنە شۇنداق ھۆكۈمرانلىق قىلىپتۇ، ئەلنى باشقۇرۇشنىڭ قانۇنىي تۈزۈملىرىنى ئورنۇتۇپتۇ. (4) كىينچە ئۇلار قازا تېپىپتۇ.تەزىيە بىلدۈرگۈچىلەر، قايغۇ بىلدۈرگۈچىلەر، كۈن چىقىشتىكى بوكلى چۆللۈك ئېلىدىن، تابغاچلاردىن، تىبەتلەردىن، ئاپارلاردىن، پۇرۇملاردىن، قىرغىزلاردىن، ئۈچ قورىقارلاردىن، ئوتتۇز تاتارلاردىن، قىتانلاردىن، تاتابىلاردىن بولۇپ شۇنچە كۆپ ئادەم كېلىپ ئۇلارغا قايغۇسىنى بىلدۈرۈپتۇ، تەزىيە بىلدۈرۈپتۇ، ئۇلار ئەنە شۇنداق داڭلىق قاغانلاردىن بولغانىكەن. (5) ئاندىن كىين ئىنىلىرى قاغان بولۇپتۇ، ئوغۇللىرىمۇ قاغان بولۇپتۇ. كىين ئىنىسى ئاكىسىنى دورىماپتۇ. ئوغلى ئاتىسىنى دورىماپتۇ. بىلىمسىز قاغان تەختتە ئولتۇرۇپتۇ، بۇيرۇقلىرىمۇ ئىھتىمال بىلىمسىزلەردىن، بۇزۇقلاردىن بولسا كېرەك.(6) بەگلىرىدە، خەلقىدە ساداقەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن... ئىنى بىلەن ئاكىنى ئۆچمەنلەشتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بەگلەر بىلەن خەلقى ئارىسىغا سوغۇقلۇق سېلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، تۈرك خەلقى تىكلىنىپ بولغان دۆلىتىدىن مەھرۇم بولۇپتۇ. (7) قاغان دەپ نام ئالغان قاغاندىن ئايرىلىپ قاپتۇ ...... تۈرك بەگلىرى تۈرك دېگەن نامدىن ۋاز كېچىشىپ، تابغاچپەرەس بەگلەر تابغاچ ناملىرىنى قوللىنىپ، تابغاچ قاغانغا بېقىنىپتۇ».

يۇقىرىقىلار بىلگە قاغاننىڭ بىرىنچى تۈرك قاغانلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاكەتكە يۈزلىنىشى ھەققىدىكى بايانلىرىدۇر. VIII ئەسىردىكى رىۋايەتلەردە مەزكۇر تۈرك قاغانلىقىنىڭ باش كۆتۈرگەن ۋاقتى كىشلەر نەزىرىدە بەكمۇ ئۇزاقتەك ئىدى، ئەگەر يىغىنچاق ئابىدە تېكىستلىرىدىن ئىجتىمائىي چوڭ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئىنكاسىنى ھېس قىلغىلى بولمايدۇ دېيىلسە ، قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدىكى رىتىملىق قاپىيەلىرىدىمۇ قاغاننىڭ يىراق ئەجدادلىرىنىڭ تۈرك خەلقى يېڭى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنىڭ سىياسىي خىتابنامىسى ھەققىدىكى ئۇنداق تەسىرلىك مەدھىيە كارتىنىلىرىمۇ كۆرۈلمەيدۇ. ئۇنداقتا ئۇنىڭ بىلەن ساقلىنىپ قالغان ئىككى ئەسىرلىك ئۆتمۈش خاتىرىلىرىنى تارىخىي رىۋايەت دېگەندىن كۆرە، تارىخىي داستان خاراكتېرىدىكى رىۋايەت دېگەن تېخىمۇ ياخشىدۇر.

قاغاننىڭ سىياسىي ھوقۇقىدا ئىپادىلەنگەن ئىلاھى ئىرادە، ھەرقايىسى بەگلەر ۋە خەلقنىڭ قاغانغا بولغان ساداقىتى، خەلقنىڭ ھەرقايىسى بەگلەرگە ئىتائەت قىلىشى – مانا بۇ ئىككى ئابىدە تېكىستىدە ئىدىيىۋى ئاساسى تېمىغا سىڭدۈرۈلگەن، مانا بۇ «مەڭگۈلۈك ئەل» نىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئاساسى شەرتتۇر. مۇبادا بۇ بىلگە قاغاننىڭ ئۆز خەلقىگە ۋە ئوقۇرمەنلىرىگە خۇلاسىلەپ سۆزلىگەن تارىخىي ساۋىقى دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئابىدە تېكىستىنىڭ باشقا بىر يېرىدە يەنە مۇشۇ بايانلىرىنىڭ مەزمۇنىنى مۇنداق خۇلاسىلەيدۇ: «تۈرك خەلقى ئۆزۈڭلار قاغانىڭلاردىن، بەگلىرىڭلاردىن، يۇرت-ماكانىڭلاردىن ئايرىلمىساڭلار ......ئۆزۈڭلار بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپ،

خاتىرجەم ماكانلىشىپ، غەم-قايغۇسىز تۇرمۇش كەچۈرىسلەر». بۇ نەچچە قۇر، تۈرك قەغانلىقى يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىددىيۋى ئېڭىدىكى سىياسىي خارەكتىرىنى روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن. ئابىدە تېكىستىدە خەلقنىڭ قاغان ۋە ھەرقايسى بەگلەرگە جەزمەن ئىتائەت قىلىشى كەسكىن تەلەپ قىلىنغان. شۇڭا مۇئەللىپنىڭ قارىشىچە ئابىدىنىڭ بىر پۈتۈن تېكىستى مۇشۇ ئىدىيىنى دەلىللەشتىن ئىبارەت. تۈرك خەلقىنىڭ بەختى قاغاننىڭ نەتىجىسىگە بويسۇنۇش، قاغان يەنە بەگلەر بىلەن بىللە ئۆتۈكەن تېغىدىن قوشۇن ئەۋەتىپ ھەممە يەردە غەلىبە قىلىدىغان جازا يۈرۈشى قىلىش ھەمدە غەنىيمەت ۋە ئولجىلارنى خەلققە تارتۇق قىلىش لازىم: «ئالتۇن، ئاق كۈمۈش، مەشۇت يىپەك، ئاشلىقتىن ئىشلەنگەن ئىچىملىك، نەسىللىك يۈگۈرۈك ئات ـ ئايغىر، قارا بولغۇن، كۆك تىيىنلەرنى تۈركلىرىمگە ـ خەلقىمگە قازىنىپ بەردىم، تېپىپ بەردىم .....!».

كۆل تېكىن بىلەن بىلگە قاغان چوڭ ئابىدەسىنىڭ بېشىدىكى يەتتە قۇر بىرىنچى تۈرك قاغانلىقى ھەققىدىكى باياندۇر. قاغانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆز-ئارا نىزا ۋە خەلقنىڭ بەگلەرگە قارشى كۈرىشى، ئەڭ ئاخىرقى بىر قاغاننىڭ مەغلۇبىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇمۇ سەل ئىلگىرىكى ئاتا - بوۋىسىدەك يېتەرلىك ئەقىل - پاراستىنى جارى قىلدۇرالمىدى، يېتەرلىك شجائىتىنىمۇ نامايان قىلالمىدى. بۇ قاغان قانداق ئادەم بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئەڭ ئاخىرى تۈرك خەلقىنى ھالاكەت گىردابىغا ئېلىپ باردى، ئەمما تەڭرى شاپائىتى بىلەن تۈرك خەلقىگە نىجاتلىق يۇلتۇزى ـ ئىلتەرىس قاغان يەنى بىلگە قاغاننىڭ ئاتىسىنى ئېلىپ كەلدى. ئىلتەرىس كەسكىن كۈرەشتە تۈرك ئېلىنى قايتا قۇرۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ۋارىسى ئاپار قاغان تۈرك خەلقىنىڭ ئەملى كۈچى ۋە بايلىقىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. ئەمما خەلق ئۆزىنىڭ بەختىنى قەدىرلىمەي، قالايمىقانچىلىققا يۈزلەندى، قاغاننى يوقاتتى، شۇنىڭ بىلەن يەنە يوقسۇل، بىچارە خەلققە ئايلاندى. بىلگە مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە قاغان بولدى، ئۇ كېچىلىرى ئۇخلىمدى، كۈندۈزلىرى ئولتۇرمىدى. ئۇ 12 قېتىم يۈرۈش قىلىپ تۈرك خەلقىنىڭ ئېلىنى ۋە شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ئۆلۈمگە يۈز تۇتقان خەلققە جان كىرگۈزدى، يالىڭاچ خەلقنى تونلۇق، يوقسۇل خەلقنى باي قىلدى، ئاز خەلقنى كۆپ قىلدى. بىلگە قاغاننىڭ ئەڭ يېقىن سەپدىشى ئۇنىڭ قېرىندىشى كۆل تېكىندۇر.

ئابىدىنىڭ 30 ～ 53 قۇرلىرىدا كۆل تېكىننىڭ قاتناشقان بىر قانچە قېتىملىق جەڭلىرى، ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرى ۋە تۆھپىلىرى، ئۇنىڭ ۋاپاتى ۋە ماتەم مۇراسىمى ھەمدە بىلگە قاغاننىڭ قايغۇرۇشلىرى بايان قىلىنىدۇ. بۇ بايان باشلىنىشى بىلەنلا 16 ياشلىق كىچىك سەردار قاتناشقان بىرىنچى قېتىملىق جەڭ ـ 701- يىلى «سوغدىلار» غا جازا يۈرۈشى قىلغان ئۇرۇش تەسۋىرلىنىدۇ. 44～50 قۇرلىرىدا بۇ پالۋاننىڭ ئەڭ شەرەپلىك تۆھپىلىرى بايان قىلىنىدۇ. يەنى ئۇنىڭ 724- يىلى توققۇز ئوغۇزلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا قاغانلىق ئوردىسىنى ۋە قاغانلىق تەختىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىق تۆھپىسى بايان قىلىنىدۇ.

بىراق، 716- يىلىدىن كېيىن يەنى بىلگە قاغان تەختكە چىققاندىن كېيىن بولغان بىر نەچچە قېتىملىق غالىبانە ئۇرۇشنىڭ بايانى ئاساسەن قاغاننىڭ ئۆزىنىڭ ئابىدىسىگە پۈتۈلگەن. قاغاننىڭ ئۆزىنىڭ تەختتە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرىكى تۆھپىلىرى پەقەتلا 6 قۇر يېزىلغان.

بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى چوڭ ئابىدىسىنىڭ 51- قۇرىدا بىلگە قاغان ئۆزىنىڭ سالاھىيتى بىلەن سۆز قىلمايدۇ؛ 51~56 - قۇرلاردىمۇ مەڭگۈ تاش يۈزۈدىكى بېغىشلىمىغا ئوخشاش بولۇپ، ياخشى ساقلانمىغان، بۇ نەچچە قۇر بىلگە قاغاننىڭ ئوغلى ۋە ۋارىسى (تەڭرى قاغان بولۇشى مۇمكىن) نىڭ نامىدا يېزىلغان. بەلكى ئابىدىنىڭ بىر تەرىپىدىكى ئابىدە تېكىستى ۋە ئابىدىنىڭ يۈزىدىكى بېغىشلىمىلارنىمۇ ئۇ يازغان. 51~65 – قۇرلاردا بىلگە قاغاننىڭ ۋاپاتى ۋە ماتەم – مۇراسىم ۋاقتى قەيت قىلىنىدۇ، ماتەم-مۇراسىم سوۋغاتلىرى ۋە قاغانلىق تەختى ئەتراپىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئەمەل تەرتىپى بايان قىلىنىدۇ. يۇقىرىقىلار ئىككى ئابىدە تېكىستىنىڭ مەزمۇنى ۋە قۇرۇلما ئۇمۇمى ئەھۋالىدۇر.

ئىككى ئابىدىدىكى ئۇيۇپ يېزىلغان پۈتۈن مەزمۇندا بىلگە قاغاننىڭ كۆڭلىدىكى سۆزى تەكىتلەنگەن بولۇپ ، بۇ ئۇنىڭ ئەسلى سۆزى. جۇڭگو نەققاشچىلىرىنىڭ ئۇنىڭغا جان كۆيدۈرۈپ ئويۇپ بەرگەن مەڭگۈ تېشىدا مۇشۇ سۆز بار: «مەن .... مەڭگۈ تاش .... تابغاچ قاغاندىن نەققاشچى كەلتۈردۈم، ئۇلارغا قەبرىنى نەقىشلەتتىم. ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى ياندۇرمىدى! ..... كۆڭلۈمدىكى سۆزلىرىمنى ئويدۇردۇم، ھەممىڭلار بۇنى كۆرۈپ بىلگەيسىلەر!». بىلگە قاغاننىڭ كىچىك ئابىدىسىدىكى مۇشۇ مەزمۇن بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئابىدە تېكىستىدە ئېنىق كۆرسەتكەنكى، بۇ ئابىدە بىلگە قاغان تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن تىكلەنگەن بولۇپ ، يەنە بىر تەرىپىدە «تۈرك بەگلىرى بىلەن خەلقى بۇ تاشقا بىرلىكتە ئىنتايىن كۆپ مەدھىيە ئوقۇدى» دېيىلىپ، بۇ ئىش چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئېنىقكى بىلگە قاغاننىڭ ئوغلىنىڭ نامىدا يېزىلغان ئابىدە تېكىستى ئويۇلغاندا، ئابىدە ئاللىبۇرۇن تىكلىنىپ بولغان ئىدى. بۇ ئەھۋال رادلوفنىڭ تەكشۈرۈشىدىمۇ ئىسپاتلانغان.ئۇنىڭ كۆرسىتىشىچە مەڭگۈ تاشنىڭ ئۇڭ تەرىپىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە قۇر ئابىدە تېكىستى ئېنىقكى، ئابىدە تېكىستىنىڭ ئاساسى قىسمى بىلەن ئايرىم تۇرىدۇ.

شۇڭا بۇ ئىككىلا ئابىدە بىلگە قاغاننىڭ ئەمرى ھەمدە ئۇنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئۇيۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەلۇم دەرىجىدە ئۇنىڭ ئەسلى سۆزىنى ئويغان بۇلىشى مۇمكىن دەپ قاراشقا بولىدۇ .بىراق ھەربىر ئابىدە قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا پۈتۈنلەي ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان ئەدەبىيات –سەنئەت ئەسىرىدۇر.شۇنىڭ بىلەن يەنە تارىخىي چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسىدۇر. ئۇلاردا يۈكسەك سەگەكلىك بىلەن مۇئەللىپ قىممىتى بار مەلۇماتلار دەپ قارىغان ئىشلار ئەملى كۆرستىلگەن. ئابىدىلەر رۇشەن تىلدا يېزىلغان بولۇپ، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىگە

ئىنتايىن باي.شۇنىڭ بىلەن بىللە ئابىدە تېكىستلىرىدە ئاممىبابلاشقان تىل ئادىتى ۋە بايانلار ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئابىدە تېكىستلىرى تاشقا ئۇيۇلغان ئاغزاكى ھېكايەتلەر بولۇپلا قالماي بەلكى قىسمەن ئەدەبىي دىت ۋە نەپىس تىل قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان سەنئەتكارنىڭ ئىجادى، ئىككىنچى تۈرك قاغانلىقى ئوردا بەگلىرى ۋە مەدھىيە يازغۇچى (پۈتۈكچى) لارنىڭ ئىجادىيىتى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.ئەڭ ئاخىرى ئابىدە تېكىستلىرى پىششىق ئىملا ۋە قەدىمكى يېزىقشۇناسلىق جەھەتلەردە قۇسۇرسىز بولۇپ ، ئۇ جۇڭگو ئويما نەققاشچىلىرى پۈتتۈرۈپ چىققان ئەڭ ئاخىرقى بىر ئىش تەرتىپىدۇر. يەنى ئۇلار ئىلگىرى ئابىدىگە يېزىپ قويغان بەلگىلەرنى ئويغاندۇر.

مۇئەللىپ كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشىدا ئۈچ قېتىم، بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىدا بىر قېتىم ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاتايدۇ: «تاشقا بۇنچىلىك خەتنى يازغان مەن – كۆل تېكىننىڭ جىيەن ئوغلى يوللۇغ تېكىن – بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ خېتىنى يېزىپ پۈتتۈردۈم. مەن يوللۇغ تېكىن 20 كۈن ئولتۇردۇم، ھەممىنى بۇ تاشقا پۈتتۈم». «بىلگە قاغان (مەڭگۈ تاش) تېكىستىنى مەنكى يوللۇغ تېكىن يازدىم. بۇنچە كۆپ قۇرۇلۇش، نەقىش، ئېسىل (؟)....بىلگە قاغاننىڭ جىيەن ئوغلى مەنكى يوللۇغ تېكىن بىر ئاي تۆت كۈن ئولتۇرۇپ يېزىپ چىقتىم، زىننەتلىدىم ....».

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مەيلى ئابىدە تېكىستىدە ياكى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا بولسۇن، ھېچقايسىدا يوللۇغ تېكىن ھەققىدە تولۇقلىما ماتېرىيال يوق.قاغان جەمەتىدىن شۇنداقلا شىغاۋۇل بېگى بولغان يوللۇغ تېكىن، خۇددى ئۆزى جاكارلىغاندەك، ئۇ نۇرغۇن ئابىدە تېكىستلىرىنىڭ مۇئەللىپى، بەلكى ئۇ بىزگە مەلۇم بولغان تۈركىي تىلدا ئەسەر يازغان بىرىنچى مۇئەللىپتۇر. ئۇ دەل ئۆز قولى بىلەن ئابىدە تېكىستىنى مەڭگۈ تاشقا (قارا سىيا بىلەن) يازغان. ئاندىن جۇڭگو ئويما نەققاشچىلىرى ئۇنى ئويۇپ چىقارغان. ماتەم – مۇراسىم ئىبادەتخانىسىنىڭ تېمىدىكى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن بېغىشلىمىنىمۇ شۇ يازغان. شۈبھىسىزكى ئەدەبىيات – سەنئەت ئەسىرى ۋە قەدىمكى تۈرك تارىخشۇناسلىق كاتېگورىيىسىگە تەئەللۇق بولغان ئابىدە تېكىستلىرى يوللۇغ تېكىن تەرىپىدىن يېزىلغان. ئەمما يوللۇغ تېكىننىڭ سىياسىي قاراشلىرىدىكى خاسلىقنىمۇ كۆپتۈرۈۋەتمەسلىكىمىز كېرەك . ئابىدە تېكىستلىرىدە ئەكس ئەتكەن سىياسىي قاراش تەھلىللىرىنى ئۇنىڭ نامىغا تەئەللۇق قىلىش لازىم. يوللۇغ تېكىن يازغان مەزمۇنلار پادىشاھ بىلگە قاغاننىڭ ئىدىيىسى، مۇھاكىمىسى ۋە ھەرىكىتى، شۇڭا بىلگە قاغاننىڭ نامىدا بايان قىلىنغان بارلىق سىياسىي قاراشلار قوشۇمچە چۈشەندۈرۈلىدۇ، نەققاشچىلارمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى بۇرمىلانمىغان.

قەدىمكى تۈرك-رونىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر ئىچىدە خۇشۇ -سايدام رايونىدىكى ئىككى ئابىدە

تېكستى ئەڭ ئۇزۇن ھەم ئەڭ مۇھىمدۇر. ئۇلارنىڭ قەدىمكى تۈركىي تىل – ئەدەبىياتى ۋە تارىخشۇناسلىقى جەھەتلەردىكى ئەھمىيىتىنى قانچىلىك يۇقىرى باھالىسىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ. بۇ ئىككى ئابىدە تېكستىنى تەتقىق قىلغاندا ئېرىشكەن تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئاللىبۇرۇنلا ئورتاق ئېتىراپ قىلىشقا ئىگە بولغان. ئەمما ئابىدىلەرنىڭ ئۆزى مەلۇم ئۆلچەمدە باشقا بارلىق ئابىدە تېكستلىرىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بولۇپ قالغان. بۇ ئىككى ئابىدىگە بولغان تەتقىقات ۋاقتى گەرچە ئۇزۇن بولسىمۇ، بىراق تەتقىقات خېلى ئۇزۇنغىچە ئاخىرلاشمايدۇ، يەنە نۇرغۇنلىغان كۆتۈلمىگەن تەتقىقاتلار تىلشۇناسلار، ئەدەبىياتچىلار، تارىخشۇناسلار ۋە مىللەتشۇناسلارنىڭ تەتقىق قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشىنى كلېمېنتس 1897- يىلى بايقىغان بولۇپ ، 1898- يىلى قېزىلغان ھەم سۈرەتكە ئېلىنغان. رادلىق مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئابىدە تېكستىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن كىيىن بۇ ئابىدىنى تەكشۈرگەنلەردىن رادمستېد (1909- يىلى)، ۋلادىمىرسوۋ (1925- يىلى)، ئالتو (1957- يىلى)، ئۇبرىياتوۋا ۋە نادېلياييۋ (1960- يىلى) لار بار.

ئابىدىنىڭ ئورنى ئولانباتورنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 66كىلومېتىر كېلىدىغان باينچوكتۇ دېگەن يەردە بولۇپ ، نالايخا ئاھالىلەر ئولتۇراق نۇقتىسى بىلەن تولا دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقى ئارىسىدا. بۇ ئابىدىلەرمۇ خۇشۇ – سايدامدىكىدەك قەبرىلەر توپىنىڭ بىر قىسمىدۇر. مەزكۇر قەبرىلەر توپى يەنە ماتەم – مۇراسىم ئىبادەتخانىسى خارابىلىكى، توپىغا يېرىم كۆمۈلگەن گۈل – نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن چوڭ تاشتىن ياسالغان تۆت تەرەپلىك جەسەت ساندۇقى (2.60×2.60 مېتىر، ئېگىزلىكى 1.50 مېتىر )، تاشتىن ياسالغان كىچىك جەسەت ساندۇقى (1.50×1.50 مېتىر )، سەككىز دانە تاش ئويما ئادەم ھەيكىلى ۋە شەرق تەرەپتىن ئىبادەتخانىغىچە بىر رەت سوزۇلغان بالبال قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋلادىمىرسوۋ بۇ يەردە كىچىك دائىرىدىن قېدىرىش ئېلىپ بېرىپ، قەبرىگە ياتقۇزۇلغىنى كاھىش ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى. 1957- يىلى يەنە بەزىلەر ئابىدە ئۈستىدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ يەردە خىزمەت قىلغان موڭغۇلىيە ئارخېئولوگلىرى تېخىچە خىزمەت دوكلاتىنى ئېلان قىلمىدى.بىراق جىزلىنىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا ئات جابدۇقلىرىنىڭ ئالتۇندىن ياسالغان بېزەكلىرى ۋە ئالتۇندىن ياسالغان تۈگمىلەر تېپىلغان. ئالاھىدە قىزىقارلىقى شۇكى شۇ قېتىم بايقالغان لايدىن ياسالغان بېزەك (ئالۋاستى نىقابى) لەر ۋە ئىبادەتخانا تېمىدىن چۈشۈپ كەتكەن چالپاقلار ئىچىدىكى 10 پارچە چالپاقتا ناھايىتى قوپال يېزىلغان رونىكچە بىغىشلىما (16 بەلگە) ساقلىنىپ قالغان بولۇپ ، ئارخېئولوگ سېلېجاپ ئۇنىڭ رەسىمىنى ئېلان قىلدى. مەزكۇر بىغىشلىما بىلەن تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشىنىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى يوق.

تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى تېكستى يەرگە قېقىلغان ئىككى تاش تۈۋرۈككە ئويۇلغان. بۇ ئىككى تۈۋرۈك

تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك، تەكشى قويۇلغان بولۇپ ، بۇتخانىنىڭ شەرقىي تېمىغا يانداشقان ھەلدا تىكلەنگەن، شەرقىي تېمى بىلەن بولغان ئارىلىقى نەچچە مېتىر كېلىدۇ. جەنۇبىي تۆۋرۈككە ئابىدە تېكىستىنىڭ باشقىسمى ئويۇلغان. تۆۋرۈكنىڭ ئېگىزلىكى 1.70 مېتىر كېلىدۇ . شىمالىي تۆۋرۈككە تېكىست داۋامى ئويۇلغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 1.60 مېتىر كېلىدۇ . ھەربىر قۇر يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ، سولدىن ئوڭغا يېزىلغان. بەلگىلەرنىڭ ھەممىسلا ناھايىتى ياخشى ساقلانغان بولماستىن، شىمالىي تۆۋرۈكتە ئۆچۈپ كەتكەن ئابىدە تېكىستلىرى خېلى كۆپ. بۇ ئابىدىمۇ پۈتۈن قەبرىلەر توپىدىكى ئابىدىلەرگە ئوخشاش بولۇپ ، سىرتقى كۆرۈنۈشى خۇشۇ – سايدامدىكى ئابىدىلەردىنمۇ ناھايىتى ئاددىي.

مەڭگۈ تاش تېكستى مۇئەللىپىنىڭ ياكى ياسىغۇچىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە تېكىست قۇرلىرىدا ھېچقانداق ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىمەيدۇ، بىراق 58- قۇردا بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ تونيۇقۇقنىڭ نامىغا تىكلىگەنلىكىنى : «.... مەنكى بىلگە تونيۇقۇق بۇ مەڭگۈ تاشتىكى سۆزلەرنى يازدۇردۇم» دەپ قەيت قىلىدۇ. تونيۇقۇقنىڭ ۋاپاتى ياكى ماتەم – مۇراسىم ئىشى ھەققىدە ئابىدە تېكىستىدە ھېچقانداق قۇشۇمچە خاتىرە يوق. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئابىدە ئۇنىڭ باش پېرسوناژى ھايات ۋاقتىدىلا تىكلەنگەن، كېيىن قەبرىلەر توپىنىڭ بىر قىسمى قىلىنغان.

خۇشۇ –سايدام ئابىدە تېكىستلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشىنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى ۋە تىل جەھەتلەردە بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلىرى بار. مەڭگۈ تاش تېكىستىنىڭ ئۇسلۇبى خۇشۇ – سايدام ئابىدىلىرىدىكىدەك سەلتەنەتلىك ئەمەس، مۇئەللىپ ئۆز سۆزىنى دىئالوگقا ئوخشاش ئەدەبىي ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئۆرغۇلۇق جۈملە ۋە ئاممىباب تىل بىلەن بايان قىلغان. بۇ ئارقىلىق ئۇ تەسىرچان ھەم تەبىئىي ئىپادىلەنگەن. مەزكۇر مەڭگۈ تاشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تەتقىقاتچىسى گىرائۇد مۇنداق خۇلاسىنى چىقاردى: مەڭگۈ تاشنىڭ ئىككى قىسمى – كىرىش سۆز ۋە خۇلاسە بايانىدىكى نەچچە قۇر – نەزمە بىلەن يېزىلغان، روشەن بايان قىلىنغان ئاساسى قىسمىدىكى ئاشۇ بۆلەكلەر نەسرىي شېئىرغا ئوخشاپ كېتىدۇ. كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىنى تەتقىق قىلغۇچىلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خۇلاسىلەرنى ئوتتۇرغا قويغان ئىدى.

مەزمۇندىن قارىغاندا، مەڭگۈ تاش تېكىستىدە مەدھىيە ئورامىدا تونيۇقۇقنىڭ ئۆز تەزكىرىسى يېزىلغان بولۇپ، بايان قىلىنغان تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئۇ ئاكتىپلىق بىلەن ئىشتىراك قىلغان ھەر قېتىملىق تارىخىي ۋەقەلەردۇر.ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابىدە تېكىستلىرى پەقەت بايانلار بىلەنلا چەكلەنمەي، يەنە بۇ ۋەقەلەرنى مۇھاكىمە قىلىدۇ ۋە سىياسى نۇقتىدىن باھالايدۇ.

تۇنيۇقۇق 1-قۇردا ئۆزىنىڭ جۇڭگو (تابغاچ)دا ئۆسكەنلىكىنى تىلغا ئالدۇ، شۇ چاغدا بارلىق تۈرك پۇقرالىرى تابغاچقا بېقىناتتى. داۋامىدا ئىككىنچى تۈرك قاغانلىقىنىڭ گۈللىنىشىدىكى تۈركلەرنىڭ چوڭ ئىسيانلىرىنىڭ تارىخى بايان قىلىنىدۇ(2-19- قۇرلار). 20- 48 – قۇرلاردا خاككاسلار بىلەن تۈركەشلەرنىڭ ئۇرۇشى ھەمدە سوغدىلارغا يۈرۈش قىلىش ئەھۋالى تەسىرلىك بايان قىلىنىدۇ. مەڭگۈ تاش تېكىستىنىڭ ئاخىرىدىكى نەچچە قۇر (48-62 – قۇرلار) لاردا ئۆزىنىڭ ئۆمۈر بايانىنى چۈشىنىشلىك ئىپادىلىگەن. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى ناھايىتى ھاياجانلىق بىلەن مەدھىلىگەندۇر. تۇنيۇقۇقنىڭ قارىشىچە مۇبادا مۇشۇ تۆھپىلەر بولمىسا تۈرك ئېلىنىڭ روناق تېپىشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تورىشى ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

بىر خىل قاراشتا تۇنيۇقۇقنىڭ مەزكۇر ئابىدە تېكىستىنى يازغان ۋاقتى ئۇنىڭ ۋاقتلىق نەزەردىن چۈشۈپ قالغان مەزگىلى، يەنى 716- يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە، ياكى مۇشۇ ۋاقتتىن كېيىنلا ئۇ يەنە قايتىدىن قاغاننىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان. بىراق ئۇ مۇقىملاشمىغان ۋاقىت ئىدى. شۇڭا مەڭگۈ تاش تېكىستىدىكى مەدھىيە سۆزلىرى ئاشۇرۇۋېتىلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق مەدھىيەلەر بىلەن ئۇنىڭ يېڭى خانغا ئىپادىلىگەن ئۇچۇق ساداقىتى بىرلىشىپ كەتكەن. مەيلى قانداق بولسۇن مەڭگۈ تاش تېكىستىدە بىلگە قاغاننىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ۋاقىت 716- يىلنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان.
تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى ھەققىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان گەرچە بىرمۇنچە يېڭى تەرجىمىلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا يېشىپ ئوقۇش قىيىن ۋە تەتقىق قىلىش يېتەرسىز بىرخىل ئابىدە بولۇپ تۇرماقتا. بىر قىسىم سەۋەبلەر ئابىدە تېكىستىدە تەكرارلىنىپ كەتكەن يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بولغانلىقىدىن، بىر قىسىم سەۋەبلەر بولسا تەتقىقاتچىلار ئابىدە تېكىستىنى پىشىپ ئوقۇغاندا نۇرغۇن يەرلىرىدە ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا يولۇققانلىقىدىن بولغان. تارىخشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى بىلەن خۇشۇ – سايدام ئابىدىلىرىنى ئايرىغىلى بولمايدۇ.

كۆلچۈر مەڭگۈ تېشىنى كوتۋىچ 1912- يىلى ئۇلانباتورنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئىخې – خۇشوتۇ جىلغىسىدىن بايقىغان. بۇ مەڭگۈ تاش قەبرىلەر توپىنىڭ بىر تەركىبى قىسمى بولۇپ ، باينچوكتۇ قەبرىلەر توپى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىشىدۇ. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە كىيىن بۇ مەڭگۈ تاش يەنە تەتقىق قىلىنمىغان. مەڭگۈ تاش تېكىستىنىڭ بىرىنچى تەرجىمىسىنى ساموىلوۋىچ پۈتتۈرگەن.

مەڭگۈ تاش گۈللۈك قۇرام تاشتىن ياسالغان، دائىرىسى 1.90×0.61×0.61 مېتىر كېلىدۇ . شەرققە ، غەربكە قاراپ تۇرغان ئابىدىلەرنىڭ يۈزى كەڭ. مەڭگۈ تاشنىڭ تۆت يۈزىنىڭ ھەممىسىدە ئويۇلغان ئابىدە تېكىستى بار، بىراق ساقلىنىشى ئانچە ياخشى ئەمەس. شىمالىي يۈزىدىكى ئابىدە تېكىستىنىڭ

**ھەممىسى شىمالدا ئۇيراپ ئۆچۈپ كەتكەن.مەجبۇرىي ئوقۇپ چىقىلغابىلىرىدىن شەرقىي يۈزى 13 قۇر، غەربىي يۈزى 12 قۇر، جەنۇبىي يۈزى 4 قۇر، جەمئىي 29 قۇردۇر. ساموئىلوۋىچنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسلانغاندا ئابىدە تېكىستىنىڭ ئۇسلۇبى ئاددىي، لېكىسكىسى يېتەرلىك ئەمەس، ئابىدە تېكىستىدە مۇئەللىپ ھەققىدە قىلچە خاتىرە قەيت قىلىنمىغان.بۇ ئابىدە شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ بىرىنچى ئورۇندىكى ئەڭ مۇھىم تۆرىسى – تاردۇش سەردار كۆلچۇرنىڭ قەبرە تەزكىرە تېشىدۇر.ئۇ قۇتلۇق، قاپاغان، بىلگە قاغان ۋە تونيۇقۇق (بۇ ئىسىملار مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە تىلغا ئېلىنىدۇ) نىڭ ھەمراھلىرىدۇر.**

**تاردۇش بەگلىكىنىڭ سەردارى كۆلچۇر بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى تېكىستىدە بىلگىنىڭ تەختتە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشقۇچىلارنىڭ بىرى دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ.ئۇ بەشبالىقتا تاردۇش بېگى بولۇپ بارغان دېيىلىدۇ .مەڭگۈ تاش تېكىستىدە كۆلچۇرنىڭ تابغاچلار، تاجىكلار، توققۇز ئوغۇزلار، دىدۇيۇ (قەدىمكى مىللەت نامى، شىمالىي ۋېي دەۋرىدە شىمالدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، گوشلا ئىستېمال قىلىدىغان، تېرىقچىلىقتىن خەۋىرى يوق مىللەت – مۇھەررىردىن)، قارلۇقلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتىكى نەچچە قېتىملىق جازا يۈرۈشى تەرتىپ بىلەن بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ باتۇرلۇقى ۋە گۈزەل پەزىلىتى مەدھىيىلەنگەن. ماتەم – مۇراسىم ۋە ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشى سۆزلەنگەن. ئابىدە تېكىستى كۆلچۇرنىڭ ۋاپاتى ياكى دەپنە قىلىنغان ۋاقتىنى ئېنىق يېزىپ كۆرسەتمىگەن، پەقەتلا ئۇنىڭ 80 يىل ياشىغانلىقىنىلا كۆرستىپ ئۆتكەن.**

**گابائى ئۇنىڭ خۇد – تامېردىكى 10- نومۇرلۇق ئابىدىنى يېشىپ ئوقۇشقا ئاساسلىنىپ، خۇلاسە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كۆلچۇر تابغاچقا يۈرۈش قىلغاندا، يەنى مايمۇن يىلى (721- يىلى) قازا قىلغان».**

**ئابىدە تېكىستلىرىنىڭ نۇرغۇن يەرلىرى ئۆچۈپ كەتكەن، يېشىپ ئوقۇش تەس، ئابىدە تېكىستىدە بايان قىلىنغان نۇرغۇن ۋەقەلەر خۇشۇ – سەيدامدىكى ئابىدىلەر ۋە تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشىدىكى ۋەقەلەر بىلەن بىر ئىش بولسىمۇ، لېكىن قانداقلارچە باغلاشتۇرغان، تا ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس.**
**ئونگىن مەڭگۈ تېشىنى يادرىنسېف 1891-يىلى بايقىغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئورنى خۇشۇ -سەيدامنىڭ جەنۇبىدىن تەخمىنەن 180 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە. ئۇ مانىتۇ تېغى بىلەن ئونگىن دەرياسىنىڭ يېنىدىكى ئىخې -خۇشوتۇغا ئوخششىپ كېتىدىغان قەبرىلەر توپىدىن بايقالغان. بۇ ئابىدە بىز تەتقىق قىلغان باش تېمىنى دەلىللەش رولىنى ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت بەزى مۇھىم ئەھۋاللارنىلا تونۇشتۇرىمىز. مەڭگۈ تاشتا 12قۇر ئابىدە تېكىستى قالغان، تاش سىلىقلىنىپ كەتكەچكە يېشىپ ئوقۇش ئۈچۈن ئىنتايىن كۆچەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا مەڭگۈ تاشنىڭ قېشىدا يەنە بىر پارچە تاش**

بولۇپ، ئۇستىدە 8 قۇر خەت ساقلىنىپ قالغان. ئابدە تېكستى ياخشى ساقلانمىغاچقا ئۇچۇق يېشىپ ئوقۇشقا ئامال يوق. يېقىنقى چاغلارغىچىلا ئابدە تېكىستىنىڭ كىم ئۈچۈن يېزىلغانلىقى، قايسى ۋاقىتتا تىكلەنگەنلىكىمۇ ئېنىق بولمىدى. بەزىلەر قىياس قىلىپ، بۇ ئىلتەرىس ياكى ئاپار قاغاننىڭ ئابىدىسى دەيدۇ. ئابدە تېكىستىدىن يەنە ئىلگىرى پۈتۈنلەي ئاتلاپ باقمىغان بىر قاغاننىڭ ئىسمى يېشىپ ئوقۇلدى، ئۇ بولسىمۇ ( ؟ ) دىن ئىبارەت. گاباىن، بۇ ئىسىم بۇ يەردە ( ؟ ) دەپ ئوقۇلۇشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ مەنىسى «مىنىڭ بوۋام» دېگەن بولىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلدى. كلاۋسون تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى مۇنداق خۇلاسىنى چىقاردى: ئابدە تېكىستى قاپاغان بىلەن بىلگە قاغاننىڭ قول ئاستىدىكى بىر سانغۇننىڭ قەبرە تەزكىرىسىدۇر، بۇ ئادەم تەخمىنەن 731- يىلى ۋاپات بولغان. ئابدە تېكىستىنىڭ مەزمۇنى خۇشۇ – سايدام ئابدە تېكىستلىرى بىلەن كۆپ ئوخشاشلىقلارغا ئىگە، ئەمما ھەقىقى سېلىشتۇرغاندا ئالدىنقىسى ھەم قىسقا ھەم ئۇزۇك.ئابدە تېكىستىدە ئوغۇزلار ۋە تابغاچلار بىلەن ئۇرۇشقانلىق ئەھۋالى بايان قىلىنغان. ئالدىنقى 3 قۇردا ئىككىنچى تۈرك قاغانلىقىدىن ئىلگىرىكى تارىخنى سۆزلىگەن. ئابدە تېكىستى ؟؟؟ ئۇرۇقنىڭ قاغان جەمەتىگە بولغان ساداقىتىنى تەكىتلىگەن.تېخىمۇ ئېنىق خۇلاسىنى چىقىرىش ئۈچۈن جەزمەن ئابىدىنىڭ يېڭى بېتى بولۇشى لازىم.
ھەرقانداق بىر ئابىدىنى يېشىپ ئوقۇشتا تارىخشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قاراش كېرەك، ئەڭ مۇھىمى مېتودولوگىيە مەسلىسى، بۇ ھەقتىكى ئېپتىدائىي يازما يادىكارلىقنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى مەسلىسىدۇر.چوڭ ۋەقەلەرنى خاتىرىلىگەندە ۋە ئەكس ئەتتۈرگەندە توغرىلىق بىلەن مۇكەممەللىك ئېپتىدائىي يازما يادىكارلىقلارنى باھالاپ بېكىتىشنىڭ ئەڭ ئاساسى ئۆلچىمى بولىدۇ . بىراق مەيلى توغرىلىق بولسۇن ياكى مۇكەممەللىك بولسۇن ۋە ياكى خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان مۇھىم ۋە مۇھىم بولمىغان ئەھۋاللارنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشتە بولسۇن، ھەممىسىدە مۇئەللىپ دەۋر ۋە مۇھىتنىڭ چەكلىمىسى بويىچە ئىجتىمائىي ۋە سىياسى قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇلار ئۇنىڭ نېمىگە ھېسداشلىق قىلىپ، نېمىگە نەپرەتلىنىشى، ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ، ئەقلى ۋە ئىقتىدارىنى بەلگىلەيدۇ.

خۇددى يۇقىرىدا كۆرستىپ ئۆتۈلگىنىدەك يوللۇغ تېكىن يۇكسەك بەدىئىي تالانتقا ئىگە، نەچچە ئون يىل ئىلگىرى بولغان ۋەقەلەرنىمۇ ئېنچىكە، پۇختا بايان قىلغان. بۇنىڭدىن ئۆز ۋاقتىدىلا تارىخشۇناسلىق ئەنئەنىسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ئابدە تېكستى ھەرگىزمۇ قۇرۇقتىن –قۇرۇق تىزىپ قويۇلغان ئىشلار ئەمەس، ھەققانىيلىققا تەقلىد قىلىنغان ئىشلارمۇ ئەمەس. يوللۇغنىڭ مەڭگۇ تاشقا ئويۇپ يازغان تېكىستىنىڭ مەقستى ئىنتايىن ئېنىق بولۇپ ، ئۇ قاغانلىقنىڭ مۇساپىسىنى ئابدىنى كۆرگۈچىلەرنى ئىشەندۈرگۈدەك دەرىجىدە يازغان. تەختتە ئولتۇرۇۋاتقان قاغاننىڭ سىياسى يولى توغرا، قاغان تەڭرىدەك ھەقىقەتتۇر، ھەربىر تۈرك پۇقراسىنىڭ بەختى قاغاننىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئەلنىڭ مۇقىم، مۇقىم بولماسلىقىغا باغلىق؛ قاغان ھىمايە قىلغان قانۇن ۋە تۆزۈملەرنىڭ مۇستەھكەم ۋە مۇقەددەس بولۇش – بولماسلىقىغا باغلىق. ھەربىي ۋە سىياسي

جەھەتتىكى بارلىق زىيانلار تۈرك خەلقى ۋە بەگلىرىنىڭ قاغاندىن يۈز ئۆرىگەنلىكى ۋە بويسۇنمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

بۇنداق تارىخشۇناسلىق قارىشى قاغان ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان ۋەقەلىرىنى تۆھپە مەڭگۈ تېشىغا تالىلغاندا، تەبىئىي ھالدا ئېنىق شەكىلدە چەكلەش ۋە يېتەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. ئابىدىلەرنىڭ ۋاقىت دائىرىسىمۇ ناھايىتى تار بولۇپ ، ئۇ ئاساسلىق ئىككىنچى تۈرك قاغانلىقىنىڭ تارىخى بىلەن باغلىنىشلىق ۋەقەلەردۇر. ئەمما خۇشۇ –سايدام ئابىدىسىنىڭ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرى بار. توغرىلىق دەرىجىسى ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇئەللىپ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ياكى سەل ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئىشلارنى يازغان، ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەن ئەمەلىيەتلەر قاغان ئۇرۇقىنىڭ ئەزاسى بولغۇچىلارغا نىسبەتەن ناھايىتى تونۇشلۇقتۇر. مەيلى شۇ چاغدىكى ھايات بىلگە قاغان بولسۇن ياكى يوللۇغ تېكىن بولسۇن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشىنىشى بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق ئەمەس. شۇڭا ئابىدە تېكىستى ھەربىر يۈز بەرگەن ۋەقەنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىنتايىن تەپسىلىي بايان قىلغان بولۇپ، بەزىدە ئىنچىكە ھالقىلارنىڭ باغلىنىشىنىمۇ ئىنتايىن توغرا بايان قىلغان. مەسىلەن؛ ھەربىي ئىشلار تارىخىدىكى ئومۇمەن بىلگە قاغان ياكى كۆل تېكىن جەزمەن قاتناشقان ۋەقەلەرنى ئىنتايىن تەپسىلىي ئىپادىلىگەن. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مۇئەللىپ ئۆزىنى ئىنتايىن ئازبەزى شېئىرىي مەزمۇنلارغا قىستۇرىدۇ.نۇرغۇن جايلىرىدا ئۇ خاتىرىلىنىدۇ ئەمما مەدھىيىلەنمەيدۇ. ئەمەلىيەتنى ئېنىق سۆزلەيدۇ، ئەمما ئۇنى كۈچەپ كۆپتۈرىۋەتمەيدۇ. تارىخ بايان قىلىنغان ھەر بىر بۆلەك ئارىسىدا پۈتۈنلەي خرونولوگىيىلىك (يىل تەرتىپى ) تەرتىپ بويىچە ۋەقەلەر بايان قىلىنىپ، لوگىكىلىق باغلىنىش ناھايىتى پۇختا بولغان.

تارىخي ئېپتىدائىي يازما يادىكارلىق ھېسابلىنىدىغان خۇشۇ –سايدام ئابىدىسىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلغان ئاجىزلىق ۋە ئارتۇقچىلىقلىرى تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشىغىمۇ باب كېلىدۇ. پەرقلىنىدىغىنى شۇكى، ئىككىنچى قاغانلىقنىڭ تەختىدىكى مۇھىم پائالىيەتچى يازغان ئۆز تەزكىرىسى ژانىرىدىكى ئەسەرنىڭ ئاساسى مەقسىتى ئوخشمايدۇ. تۇنيۇقۇق دەل بىلگە قاغانغا ئىلھام بېرىپ ۋە ئۇنىڭ ئىرادىسىنى يۇرگۈزگۈچى يوللۇغ تېكىنگە قاغان ئۇرۇقىنىڭ ۋەكىللىك زاتلىرىنىڭ تۆھپىلىرىنى ئاشۇنداق قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلەتكۈزۈپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئىشەندۈرگەن. ئەگەردە ئۇنىڭ ياردەمچىسى بولمىسا، بىرەر قاغان ئەلنى ئىدارە قىلالمايدۇ؛ ئەگەر ئۇنىڭ ئىشتىراك قىلىشى ۋە رەھبەرلىكى بولمىسا بارلىق شەرەپ ۋە تۆھپىلەرمۇ ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ؛ ئىلتەرىسنىڭ قاغان بولۇشى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولدى دېگەندىن كۆرە، ئۇ تۇنيۇقۇقنىڭ ئارزۇسى ۋە پائالىيىتى بويىچە بولدى دېگەن تۇزۇك.خۇشۇ –سايدام ئابىدىسىدىكى نەچچە قۇر ئابىدە تېكىستى ئىلتەرىسنىڭ قاغانلىق تەختىدە ئولتۇرغانلىقىنى تەسۋىرلەپ، بۇ تەڭرىنىڭ بىۋاستە ئىلتىپاتى دەيدۇ. بۇ بەلكىم تۇنيۇقۇققا چۈشىنىشلىك ئىپادىلىگەن جاۋاب بولىشى مۇمكىن.ئېنىقكى خۇشۇ –سايدام ئابىدىسى ۋە تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى ئارىسىدىكى

بۇنداق ئىختىلاپ مەلۇم دائىرىدە مەۋجۇتتۇر.

ئوخشاش بىر ۋەقەنى بايان قىلىۋاتقاندا كېلىپ چىققان بۇنداق مەيدان جەھەتتىكى ئىختىلاپنىڭ خۇشۇ -سايدام ئابىدىسى ۋە تۇنيۇقۇق ئابىدىسىنىڭ ئۆز-ئارا تولۇقلىنىشىدا خېلى چوڭ ياردىمى بار. رونىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر خاتىرىلىگەن ئەھۋاللارنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى توغرىلىقى، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار ھەم ئاخىرىدا سۆزلىمەكچى بولغان ئەرەبچە تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ئۆز-ئارا بىرىكتۈرۈلۈشى بىلەن بىللە دەلىللەشكە ئېرىشتى.

بۇنىڭدىن باشقا ئابىدە تېكىستلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ناھايىتى پۇختا ۋە ئېنىقتۇر. بايانلار رەتلىك ھەم ئىنتايىن دىتلىقتۇر. ئابىدە تېكىستىنىڭ ئاددىي بولۇشى، تەبىئىي ھالدا ئاممىباپلاشقان ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىشى ۋە سۆز ئىشلىتىشى (ئەگەر بۇ خىل ئىپادىلەش شەكلى ۋە سۆز ئىشلىتىشكە خىلاپلىق قىلىنسا، جۈملىنىڭ مەنىسى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ) كەلتۈرۈپ چىقارغان؛ مىللەت نامىلىرى، يەر-جاي نامىلىرى ۋە سىياسى ئاتالغۇلار بىر خىلغا ئايرىلغان؛ ئوخشاش ۋەقەلەرنىڭ بايان قۇرۇلمىسى سېلىشتۇرما ئۇسۇل ۋە باشقا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر مۇنچە ئالاھىدىلىكلەر – بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەر ئابىدىلەرنى تەتقىق قىلغاندا باشقا ئۇسۇلنى يەنى ئابىدە تېكىستىنىڭ ئۆزىدىكى لوگىكىلىقنى تەھلىل قىلىش، ئوخشاش شەكىلدىكى تەسۋىر ۋە ئوخشاش شەكىلدىكى بايانلارنىڭ قانۇنىيەتلىكلىكىنى ئاساس قىلىپ تەتقىق قىلىشنى قوللانغانلىقىدا، بۇ خىل تەھلىل ئۇسۇلى كەڭ ئىشلىتىلگەن سېلىشتۇرما ئۇسۇلغا ئوخشمايدۇ، ئۇ تەتقىقاتنى تېخمۇ جانلىق قانات يېيىش مۇمكىنچىلىكى بىلەن تەمىنلەپ، ئاشۇنداق خالىغانچە ھۆكۈم قىلىدىغان سېلىشتۇرما شەكىلنى قەدەممۇ -قەدەم پۈت دەسسەپ تۈرگۈزمىدى. ئابىدىلەردىكى ئاشۇ ئىنتايىن تەپسىلىي تەتقىق قىلىنغان نۇقتىلارغىمۇ توغرىلاش ۋە تولۇقلىما قىلىشى، بەزىدە ھەتتا ئىلگىرىكى ئۇنداق چۈشەنچىلەرنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ تاشلىشى مۇمكىن.

# 18ـ ئۇيغۇرلار تارىختا ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى



## مانى دىنى

مانى دىنى مانىخاي دىنى ياكى مانىخايىزم دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ دىن، ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ياشىغان مانى ( 216ـ 277) تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. بۇ دىن، « ئىككى مەنبە، ئۈچ دەۋر» كۆز قارىشىنى تەرغىپ قىلىدۇ، ئىككى مەنبە – يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن ئىبارەت ئىككى قارمۇ – قارىشى قۇتۇپنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچ دەۋر–ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسىدىن ئىبارەت ئۈچ زاماننى كۆرسىتىدۇ .بۇ دىندا، دۇنيادا يورۇقلۇق بىلەن جاھالەت، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئۆز ئارا كۈرەش قىلىدۇ، ئۈچ دەۋر ئىچىدە تەرەققى قىلىدۇ، ئاخىرى يورۇقلۇق جاھالەتنى يېڭىدۇ، ياخشىلىق يامانلىقنى يېڭىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. يورۇقلۇق پادىشاھقا، قاراڭغۇلۇق چوشقىغا ئوخشىتىلىدۇ. مانى دىنىدا يورۇقلۇق ئىلاھى ئۇلۇغلىنىدۇ، مانى – يورۇقلۇق ئىلاھى ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەڭ ئاخىرقى ئەلچى، دەپ قارىلىدۇ. مانى دىنىدا« ئۈچ نەرسىنى بەند قىلىش»، «ئۈچ نەرسىدە بەرھىز تۇتۇش» تەشەببۇس قىلىنىدۇ. بەند قىلىدىغان ئۈچ نەرسە: 1. ئېغىز

بەند ( هاراق ئىچمەسلىك، گۆش يېمەسلىك ، يالغان سۆزلىمەسلىك )؛ 2. قول بەند ( يوشۇرۇن يامان ئىش قىلماسلىق)؛ 3. كۆڭۈل بەند ( زىنا ھەۋەسى قىلماسلىق )؛ پەرىزلىرى: بوتقا چوقۇنماسلىق، يالغان سۆزلىمەسلىك، پارا ئالماسلىق، قاتىللىق قىلماسلىق، زىنا قىلماسلىق، ئوغرىلىق قىلماسلىق، ئالدامچىلىق قىلماسلىق، سېھىرگەرلىك قىلماسلىق، ئالانىيەتتە بولماسلىق، ھورۇنلۇق قىلماسلىق، كۆڭلى - ئايىنى رەنجىتىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقتىن ئىبارەت.

مانى 216 – يىلى تىگىر دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى مادىنۇدا تۇغۇلغان، 242 – يىلىدىن باشلاپ بابىلدا ئۆز دىنىنى تارقاتقان. ئۇ، شاپۇر پادىشاھى تەرىپىدىن تەقىپ قىلىنىپ ھىندىستانغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ھىندى دەرياسى ساھىلىدىكى بىر پادىشاھلىقنى ئۆز دىنىغا كىرگۈزگەنلىكى ۋە شۇ ئەسنادا قەشقەرگە كەلگەنلىكى ھەققىدە رىۋايەت بار. مانىنىڭ تەڭرى بىر، ئۇنىڭ ئەلچىلىرى ھەر خىل دېگەن قارىشى، ھورمۇز I دەۋرىدە كۆپ قەبىلىلىك ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشتە مەلۇم رول ئوينىغان بولسىمۇ، بەھرەمI زامانىدا مانى دارغا ئېسىلىپ ئۇنىڭ تېرىسى تۇلۇمچىلاپ سويۇلۇپ، ئىچىگە سامان تىقىلىپ، گۇندىساپۇر شەھرىنىڭ (ھازىرقى ئىراننىڭ كازىرۇن ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ) دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويىلىدۇ.

مانى قەتلە قىلىنىپ مانى دىنى تەقىپ قىلىنغاندىن كېيىن، مانى مۇرىتلىرى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ، سىر دەرياسى بىلەن چۇ دەرياسى ئارىلىقىدا ياشاۋاتقان سوغدىلار ۋە توققۇز ئوغۇزلار ئارىسىدا مانى دىنىنى تارقاتتى. ئەرەب ساياھەتچىسى ئەل مەسئۇدى (956 – يىلى قازا قىلغان): «توققۇز ئوغۇزلار غەربتە خۇراساندىن، شەرقتە كۇسەنگىچە بولۇپ، پادىشاھى ئىلكخاندىن ئىبارەت. تۈركلەر ئىچىدە پەقەت شۇلارلا مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى»(12) دەپ يازغان. ئىبنى نادىم: «ئۇلار (مانى مۇخلىسلىرى) قېچىشقا مەجبۇر بولۇپ بەلخ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قاغاننىڭ زېمىنىغا كەلگەندە توختىغان»(13) دەپ يازىدۇ. ئىبنى نادىم تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن قاغاننىڭ زېمىنى، غەربىي تۈرك دۆلىتىنىڭ زېمىنى، يەنى ماۋارائۇننەھر ۋە ھازىرقى شىنجاڭ دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. سوغدىلار تۈرك قاغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ غەرب ئەللىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىدە ۋاستىچى بولغانىدى. مانى دىنىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا شۇلار ئارقىلىق تارقالغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى براگىنىسكى «مانى دىنى كۈچلۈك ئۇيغۇر دۆلىتىگە تارقىلىپ، مەزدەك قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشتى. ئۇ، تەڭ تەقسىماتچىلىق تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرگەنىدى. شۈبھىسىزكى، بۇ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ فارابى ۋەتىنىدىكى ئىجتىمائىي ئوتوپىيىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تەسىر كۆرسەتكەن»(14) دەپ كۆرسىتىدۇ. «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مانى دىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا مىلادىيە 763 – يىلى تارقىلىپ كىرگەن. ئۇيغۇر خانلىقىغا مانى دىنىنى تارقاتقان سوغدىلار مانى دىنى بىلەن بىللە سوغدى يېزىقىنىمۇ ئېلىپ كىرگەن. يازما مەنبەلەردە، تاڭ

سۇلالسى زېمىندا ئۆڭلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭى يۈز بەرگەندە، تاڭ سۇلالسى پادىشاھى تاڭ تەيزۇڭ ئۇيغۇر خانلىقىدىن ياردەم تەلەپ قىلغان. بۇ توپىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن ياردەمگە كەلگەن بايانچۇر (759 – 747) قاغاننىڭ ۋارىسى ئېل تېكىن قاغان(779 – 759) غەلىبە قىلىپ، لوياڭ – چاڭئەندىن قارا بالغاسۇنغا قايتىشىدا، نېسى قاتارلىق تۆت نەپەر مانى دىنى ئۆلىماسىنى بىللە ئېلىپ كەتكەن، دېيىلگەن. ئېھتىمال قاغان دىنىي ئىسلاھاتقا مۇھتاج بولۇپ، مانىزمنى شامان دىنىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئارقىلىق، كىشىلەر قەلبىنى ۋە ئىرادىسىنى بىرلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، قۇتلۇق بىلگە قاغان (ئېل تېكىن) نەزەرىدە شامانىزم دەۋردىن چەتتە قالغان، بۇددىزم تولىمۇ سىپايى دىن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭگىۋار روھىيىتىگە ماس كەلمەيتتى. پەقەت مانىزملا جەڭگىۋار ھەم ئۈمىدۋار تەلىمات بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل ئارزۇسىغا ماس كېلەتتى. شۇڭا مانى دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تېزلا ئومۇملاشقان. ئۇندىن باشقا، يەنە مانى دىنى 6- ئەسىرلەردە سوغدى سودىگەرلىرى ئارقىلىق لوپنۇر ۋادىسىغا تارقالغان. لوپنۇر رايونىدىكى تاشبالىق (石城) دا نۇرغۇن مانى راھىبلىرى بولغان.

840- يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى پارچىلانغاندا، ئۇيغۇرلار غەربتىكى قېرىنداشلىرى تەرەپكە بىرنەچچە يۆنىلىش بويىچە كۆچتى: ئادىزلار باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تارىم – تۇرپان ئويمانلىقىغا يۆتكەلدى، ياغلاقارلار باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى گەنجۇ (نەنسەن) ئەتراپلىرىغا يۆتكەلگەندىمۇ، ئۇلار يەنىلا مانىزم ئېتىقادىدا ئىدى. بۇ چاغدا مانى دىنى شىنجاڭدا تېخىمۇ راۋاج تاپقان. «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن قىسقىچە توپلام» دا فلوگېلنىڭ «مانى ئۆلىماسى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى» دېگەن كىتابىدىن بىر نەقىل ئېلىنغان. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «500 نەپەر مانى مۇرتى سەمەرقەنتكە توپلاندى، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى باشقىلار بىلىپ قالغاندىن كېيىن، خۇراسان خانى سامانىيلىق ئوبۇل قاسىم ناسىر (مىلادىيە 913-943-يىللار) ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. چىن (جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتى يەنى قۇچۇ) توققۇز ئوغۇزلارنىڭ خاقانى ئۇنىڭدىن: ‹دۆلىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلار سىزنىڭ دۆلىتىڭىزدىكى مانى مۇرىتلىرىدىن ئۈچ ھەسسە جىق› دەپ گەپ ئېيتىپ بەردى. ئۇ يەنە ئەگەر خۇراسان خانى مانى مۇرىتلىرىدىن بىرىنى ئۆلتۈرىدىغان بولسا، مەن ئۆز دۆلىتىمدىكى مۇسۇلمانلاردىن ئۈچ ئالىمەن ۋە بارلىق مەسچىتلەرنى ۋەيران قىلىۋېتىمەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر قايسى ئەللەرگە ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ، شۇ ئەللەردىكى مۇسۇلمانلارنى نازارەت قىلدۇرىمەن، ھەتتا ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىمەن، دەپ قەسسەم ئىچتى»(15). بۇنىڭدىن قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە مانى دىنىنىڭ ئاساسلىق دىن بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مانى دىنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، خانلىقنىڭ بەزى مۇھىم سىياسىي تەدبىرلىرىنى بەلگىلەشكە مانى ئۆلىمالىرى قاتناشقان. ئىچكىرىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۆمەكلىرىگىمۇ مانى ئۆلىمالىرى باشچىلىق قىلغان. تۇرپاندىن ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ مانىزمغا ئائىت كىتابلاردىن «ئالەم

بنا تەلماتى»، «ئككى يلتزلق نوم»، «مانى راھبلرننڭ ئستغفارنامسى»، «مانغا مەدھيە» قاتارلق نوم – قەسدلەر تپپلدى. تۇرپاندن تپپلغان مەدەنيەت يادكارلقلرى ئچدە، يەنە نۇتۇق سۆزلەۋاتقان ئۇستاز ۋە ئۇنڭ سۆزنى ئخلاسمەنلك بلەن خاترلەۋاتقان شاگرتلار سزلغان تام رەسملرى بار. 1914 ـ1902 – يللرى پروسيە ئارخېئولوگيە ئەترتى بۇ رايوندن كۆپلگەن يازما ھۆججەتلەرنى قېزېۋالغان بولۇپ، بۇ ھۆججەتلەر ئچدە مانى شېئرلرى بار. بۇلار دەسلەپ لېكوك تەرپدن، كېين بانگ تەرپدن ئېلان قلنغان. تۇرپان ئدىقۇتتكى كونا سپپل دەرۋازىسنڭ كۆزەتچى ئۆيى ئزدن تپپلغان «بۈيۈك ئلاھ» شېئرى 1922 – يلى لېكوك تەرپدن، 1930 – يلى بانگ بلەن گابائن تەرپدن ئېلان قلنغان. بۇ شېئرلارنڭ بر قسمى «بۇلاق» مەجمۇئەسنڭ 1981 – يللق 1 – سان ۋە 1983 – يللق 10 – ساندا ئېلان قلندى.

## نېستوريان دنى

نېستوريان دنى – خرستئان دنى (خرستئان دنى ملاديە 1 – ئەسردە پەلەستندە بارلققا كەلگەن) نڭ بر مەزھبى بولۇپ، ئۇنى سۈرىيلك نېستورى (تەخمنەن 380ـ451ـيللار) بەرپا قلغان. بۇ دندا خرستوسنڭ ئككى خل ماھيتى ۋە ئككى خل مەنبە توغرىسدىكى تەلماتى ئلگرى سۈرۈلدۇ، يەنى خرستوس ھەم ئلاھي ھەم ئادىميلك خۇسۇسيەت ۋە سۈپەتكە ئگە دەپ قارىلىپ، مارىيەنڭ ئلاھي ئانا ئكەنلكى ئنكار قلنندۇ. بۇ دن خرستئان دننڭ ئورتودوكسال ئەقدىسى بلەن توقۇنۇشۇپ قالغانلقتن، نېستورى خزمتدن ئېلپ تاشلنپ سۈرگۈن قلنغان. ئۇنڭ مۇرتلرىمۇ شەرقي رىم ئمپېرىيسدە قاتتق زىيانكەشلككە ئۇچرىغاچقا، تەرەپ ـ تەرەپكە قېچشقا باشلغان. شۇنڭ بلەن بۇ دن، شەرقتە ئەڭ ئاۋال ئرانغا، ئاندن ئوتتۇرا ئاسيا ئارقلق ئېلمزنڭ شنجاڭ رايونغا تارقلپ كرگەن ھەم بۇ يەرلەردن ئچكرى رايونلارغا تارقالغان.



بۇ دىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئېتىقادچىلىرى ۋە ئۇنى تارقاتقۇچىلار سوغدىلار بولۇپ، ئۇلار سوغدىيانادىكى بۇخارا، تاشكەنت، سەمەرقەند قاتارلىق جايلاردا ياشاپلا قالماستىن، بەلكى يەنە غەربىي يۇرتنىڭ تۇرپان، لوپنۇر قاتارلىق جايلىرىدىمۇ سودا پائالىيتى بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلىشىپ «توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالغان. گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس ھ . ج كلىمكېت: «سوغدىلار 5- ئەسىردىن باشلاپ نېستورىيانىزمنى قوبۇل قىلىپ ‹سوغدى ـ خرىستىئان ئەدەبىياتى› دەپ ئاتىلىدىغان ئەدەبىياتنى بەرپا قىلغان»(16) دەپ كۆرستىدۇ. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ لى زۇڭ خانى دەۋرىدە ئەرمىنيە بىلەن پارس قولتۇقىدىن نانغۇت، خانبالىق (بېيجىڭ)غا قەدەر بولغان جايلارنىڭ ھەممىسى نېستورىيان دىنى رايونى ئىچىدە ئىدى. ئېپىسكوپلار تەرىپىدىن ئەلچى تۇرغۇزۇلغان جايلار 20 نەچچە رايونغا يېتەتتى. ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قەشقەر 19 ـ دىنىي رايونغا تەۋە ئىدى. (17) ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە قەشقەردىن بېيجىڭغىچە بولغان يول بويىدا نېستورىيان دىنى مۇخلىسلىرىدىن خالىي بىرەر جاينىڭ يوقلۇقى خاتىرىلەنگەن. ماركوپولونىڭ خاتىرىسىدىن، ئۆز دەۋرىدە قەشقەر، خوتەن، بۆگۈر، ئىلى، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا نېستورىيان دىنى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، ياۋروپالىقلار ئۇيغۇرلارنى تارسىي (tarse) دەپ ئاتىغان. يۈيتيەنخېڭنىڭ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە: «تارسىيلار نېستورىيان مەزھىبىدىكى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. تاتاتۇڭانىڭ تۆت ئوغلىغا قويغان ئىسمىدىمۇ ئۇنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ... تاتاتۇڭا نېستورىيان مەزھىبىدىكى دىن تارقاتقۇچى ئىدى»(18) دېيىلگەن. تاتاتۇڭا مەشھۇر سىياسىئون ۋە تىلشۇناس ئىدى. ئەينى دەۋردە نايمان خانى تايانخان (1203-؟) ئۇنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ، خانلىقنىڭ ئالتۇن تامغىسى ۋە خەزىنە ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزغانىدى. چىڭگىزخان نايمانلارغا يۈرۈش قىلغاندا، تاتاتۇڭانى ئەسىر ئېلىپ ئۆز ئوردىسىدا ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. تاتاتۇڭا يەنە ئۆزىنىڭ ئورنى ۋە تالانتىغا تايىنىپ، قەدىمكى

ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا موڭغۇللار ئۆچۈن تۇنجى يېزىق ئىجاد قىلىپ بەرگەن. شۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلاردىن تاتاتۇڭادىن باشقا، يەنە مەشھۇر دىپلومات راببان ساۋما، دىن پېشۋاسى ھەم دىپلومات مارك، مەشھۇر ئەدىب، ساياھەتچى مازۇچاڭغا ئوخشاش نېستورىيان دىنى ئۆلىمالىرى يېتىشىپ چىقىپ شۆھرەت قازانغاندى. قەدىمكى ئالمىلىق شەھرىنىڭ ئورنىدىن (ھازىرقى قورغاس تەۋەسىدە) غەربىي لياۋ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت كرېست بەلگىسى، سۈرىيە يېزىقى ئويۇلغان ئۈچ دانە قەبرە تېشى تېپىلدى. بۇ ئۈچ قەبرە تېشىنىڭ نېستورىيان دىنىنىڭ يالدامىسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئىدىقۇت خارابىلىرىدىن «ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان ئىنجىل پارچىلىرى ۋە باشقا كۆپلىگەن خرىستىئان دىنىغا ئائىت ھۆججەتلەر تېپىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ئىدىقۇت شەھەر خارابىسىدىن تاپقان نېستورىيان دىنىغا ئائىت تام رەسىم پارچىلىرى بەك قىممەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ پالما شاخلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ خاتىرە مۇراسىم ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن». بۇ پاكىتلار، ئەينى دەۋردە نېستورىيان دىنىنىڭ غەربىي يۇرتتا خېلىلا تەسىر قوزغىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

## توين دىنى

توين دىنى (تەرىقەت دىنى). بۇ، ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا بارلىققا كەلگەن دىن بولۇپ، مىلادىيە 5-ئەسىردە بىر قىسىم خەنزۇلارنىڭ غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كېلىشى بىلەن، خەنزۇلار بىرقەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئىدىقۇت، قۇمۇل قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. بۇ دىنىنىڭ ئېتىقادچىلىرىمۇ ئاساسەن خەنزۇلار ئىدى. ھازىرمۇ ئۈرۈمچى شەھىرىدە بىر ئېتىكاپخانىسى ۋە بىر قىسىم مۇرىتلىرى بار.



www.shutterstock.com · 29776708

# ئىسلام دىنى

ئىسلام دىنى 8 – ئەسىردىن باشلاپ غەربىي يۇرتقا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ دىننى رەسمىي قوبۇل قىلىشقا باشلىغان ۋاقتى قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

قاراخانىلار سۇلالىسى 9 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 13 – ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە پامىرنىڭ شىمالىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان يەرلىك ھاكىمىيەت. بۇ خانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن، غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد جانلانغان، ئۇيغۇرلار مۇشۇ دەۋردە ئىلگىرىكى ئېتىقادلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان.

قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە تۇنجى قېتىم ئىمان ئېيتقان كىشى ساتۇق بۇغراخان بولۇپ، بۇ، 10 – ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا بولغان ئىش ئىدى. بۇ مەزگىللەردە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئىسلاملاشقان بولۇپ، ئىسلام دىنى 200 نەچچە يىل داۋامىدا ھەر خىل يوللار بىلەن غەربىي يۇرتقا تەسىر قىلىشقا باشلىغانىدى. مۇسۇلمان ئەللىرىدىن كېلىدىغان ئەلچى ۋە سودىگەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. يەنە ماۋارائۇننەھرنىڭ شىمالىدا سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىنى بويلاپ يۈز بەرگەن تۈرلۈك ھەربىي ھەرىكەتلەر ۋە سودا ئالاقىلىرى، شۇ جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ تەدرىجىي ھالدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىغا سەۋەب بولغانىدى.

«ئىلگىرى پايانسىز يايلاقتا قامچا ئوينىتىپ چەۋەندازلىق قىلغان، ھەرقايسى قەبىلىلەرنى باشلاپ تەرەپ – تەرەپتە جەڭ قىلغان ئۇيغۇر قاغانلىرى ئۆچۈن ئېيتقاندا، چەكسىز زېمىنى بار، جۇملىدىن ھەرقايسى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان فېئودال خانىدانلىقتا ھۆكۈمران بولۇش، مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خەلقنى باشقۇرۇش، ئاۋات شەھەرلەرنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، تەجرىبە كەم ئىدى. ئۇلار، تېرىقچىلىقنى ئاساس قىلغان فېئودال خانلىقنى كۆپ ھاللاردا يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنى باشقۇرغان ئۇسۇل بىلەن باشقۇراتتى. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلۇپلا، ئىچكى نىزا – جاڭجاللار بېسىقمىدى». «چەكسىز زېمىنغا ئىگە قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قانداق ئىدارە قىلىش، دۆلەتنىڭ ھايات – ماماتىغا ، خەلقنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور بىر مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، چېگرا ئىچى – سىرتىدىكى ۋەزىيەت ۋە دىنىي ئېتىقادمۇ مۇرەككەپ ئىدى.

ھۆكۈمران سىنىپلار گۇرۇھى ئىچىدىكى نەسەبچىلىك ئېغىر ئىدى. ئەنە شۇنداق شىددەتلىك ئۇردا كۈرىشى جەريانىدا، ساتۇق بۇغراخان ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ساتۇق بۇغراخان ۋەكىللىكىدىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزى خاندانلىقتىكىلەرنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، قارشى كۈچلەرگە زەربە بېرىش، سىرتتىكى ئىسلام كۈچلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ خانلىق ھوقۇقنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىش جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدى»(19)

بۇ مەزگىلدە، غەربىي يۇرتتا قاراخانىلار سۇلالىسى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە خوتەندىكى ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىدىن ئىبارەت ئۈچ خانلىق مەۋجۇت ئىدى.

قاراخانىلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بۇددا دىنى ئېتىقادىدىكى بۇ خانلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۆندىن - كۈنگە جىددىيلەشتى. ئالدى بىلەن، ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى بىلەن قاراخانىيلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلەشتى، شۇنىڭ بىلەن قاراخانىلار بىلەن ئۇدۇن ئوتتۇرىسىدا 25 يىلغا سوزۇلغان دىنىي ئۇرۇش پارتلاپ، بۇ ئۇرۇش قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ غەلىبىسى بىلەن 1006 - يىلى ئاخىرلاشتى. 11 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، خوتەندىكى بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئىسلام دىنى تەدرىجىي ئىگىلەپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئىسلام دىنى بازىسى قۇرۇلدى. دېمەك، بۇ مەزگىلدە، غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىدە بۇددا دىنى، غەربىدە ئىسلام دىنى مەۋجۇت بولغاچقا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كۈچا، چەرچەن، باينى چېگرا قىلغان ھالدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تىركىشىپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

1124-يىلدىن 1218 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا غەربىي يۇرت قاراقىتان (غەربىي لياۋ) سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولدى. قاراقىتان خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىر ئەسىرگە يېقىن مەزگىلدە، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى ئاساسەن بۈرۈنقى قاراخانىلار ۋە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە جايلار بولۇپ، شەرق تەرىپى ئالتۇتاغلار ۋە موڭغۇللارنىڭ كېرەي، نايمان قەبىلىلىرى تۇرغان جايغا تۇتىشاتتى. شىمال تەرىپى ئىمىل دەرياسى بىلەن بالقاش كۆلىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، غەرب تەرىپى ئاساسەن ئامۇ دەرياسىغا تۇتىشاتتى، جەنۇب تەرىپى خوتەن رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، پايتەختى بالاساغۇن ئىدى.

قىتانلار ئارىسىدا ئەنئەنىۋى كوپخۇدالىق ئىدىيىسى ۋە بۇددىزم ئىدىيىسى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. لېكىن، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مىللەتلەر ئارىسىدا يەنە ئىسلام دىنى، خرىستىئان دىنى، مانى دىنى، زوروئاستىر دىنى، تويىن دىنى، شامان دىنى قاتارلىق كۆپ خىل دىنىي

ئېتقاد تەلەپ مەۋجۇت ئىدى. بولۇپمۇ، ئەسلىدىكى قاراخانىلار زېمىندا ئىسلام دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا ئىدى. شۇڭا، قىتان ھۆكۈمرانلىرى دەسلەپتە ئىسلام دىنىغا قارىتا بىرقەدەر كەڭ ۋە مۆتىدىل سىياسەت قوللانغان. چۈنكى، ئىسلام دىنى بىر خىل ئېتقاد بولۇپلا قالماي، يەنە بىر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم بولۇش سۈپىتى بىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، زور سىياسىي كۈچ پەيدا قىلغانىدى. لېكىن بۇ خىل ۋەزىيەت ئۇزۇنغا بارمىدى. 1212 – يىلى قاراقىتان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى كۈچلۈكنىڭ قولىغا ئۆتۈشى بىلەن، ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرگەندىن بۇيان ئەڭ چوڭ زەربىگە ئۇچرىدى. ئۇ مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئېتقادىدىن يېنىپ بۇددا دىنىغا كىرىشكە زورلىدى. خوتەندە ئىمام ئالائىدىن قاتارلىق 3000 دىن ئارتۇق ئالىم – ئۆلىمانى قىرغىن قىلدى. قەشقەر ، خوتەنلەردە قاراخانىيلار دەۋرىدە بىنا قىلىنغان «ساچىيە مەدرىسى» قاتارلىق مەسچىت، مەدرىسلەرنى ۋەيران قىلدى، كىتابلارنى كۆيدۈردى. كۈچلۈكنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشلىرى قەشقەر ۋە خوتەن خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىدى. 1218 – يىلى چىڭگىزخان (1162-1227 – يىللار) غەربكە يۈرۈش قىلىپ باش سانغۇن جەبە نويياننى 20 مىڭ ئەسكەر بىلەن كۈچلۈككە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەندە، قۇچۇ ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىن (1208-1235) مۇ بۇ يۈرۈشكە ئاۋاز قوشۇپ كۈچلۈكنى ئۆلتۈردى.

1218 – يىلى چىڭگىزخان قىتان سۇلالىسىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ كۈچلۈكنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق دەۋرىگە كىردى. چىڭگىزخان ھەربىي كېڭەيمىچىلىك قىلىش ھەمدە زېمىنى كەڭ، مىللىي تەركىبى مۇرەككەپ، مەدەنىيىتى پەرقلىق بولغان بۇ رايونلاردا ھۆكۈمرانلىقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، دىنىي ئېتقاد جەھەتتە ھەرقايسى دىنلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش سىياستىنى قوللاندى. چىڭگىزخاننىڭ بۇ دىنىي سىياستى، ئۇنىڭ تەرەپ - تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ زېمىن كېڭەيتىش ۋە موڭغۇل بۈيۈك ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇش ئىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇنىڭ ھەممە دىنلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش سىياستى – بويسۇندۇرۇلغان رايونلاردىكى ھەر خىل دىنىي ئېتقادتىكى مىللەتلەرنىڭ سەردارلىرى ۋە پۇقرالىرىنى جەلپ قىلغاچقا، ھەر قايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ۋە ئىختىساسلىق خادىملار چىڭگىزخان ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان. مەسىلەن، قىتان مىللىتىدىن بۇددىست زاھىد يوللىغ چۇساي، ئۇيغۇرلاردىن نېستورىيان مۇرتى تاتاتۇڭا، يەنە مۇسۇلمان ئۇيغۇر مەخمۇت يالۋاچ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى مەسئۇد، شەندۇڭلۇق ئەۋلىيا چيۇ چۇجى (بۇ كىشى تويىن دىنى داھىسى ئىدى) قاتارلىقلار چىڭگىزخان ھوزۇرىدا ناھايىتى ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلگەندى.

شىنجاڭ تارىخىدا، ئىسلام دىنىنىڭ 2 – قېتىم گۈللەنگەن دەۋرى، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1346 – يىلى چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ خانى غازانخان ۋاپات بولغاندىن

كېيىن، چاغاتاي خانلىقى ئىككى قىسىمغا رەسمىي بۆلۈندى. 1348- يىلى تۇغلۇق تۆمۈر شەرقىي قىسىمدا خانلىق تەختىگە ئولتۇردى. سوفىزم تەرغىباتچىسى شەيخ جامالىددىن بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى مەۋلانە ئەرشىددىننىڭ ۋاستىسى بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرخان باشچىلىقىدىكى موغۇل ھۆكۈمرانلىرى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى، شۇ جايلاردىكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇھىتىغا ماسلىشىپ خانلىقنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى خىزىر خوجا (1368-1400- يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) غازات قىلىش تۇغى ئاستىدا، ئىسلام دىنىنى شەرقىي شىنجاڭغا كېڭەيتتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ تارىخىدا قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ 2 – قېتىم گۈللىنىش دەۋرى باشلىنىپ، ئىسلام دىنى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە قەدەر تارقالدى. بەزى مەلۇماتلاردا، مۇشۇ مەزگىلدە موغۇللاردىن 160 مىڭ كىشى ئىسلام دىنىغا كىرگەن، دېيىلىدۇ.

بۇ دەۋردە، مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇش ھادىسىسى كۈچىيىپ، قىتانلار ۋە موغۇللارنىڭ بىر قىسمى ئۆزلىرىدىن مەدەنىيەت جەھەتتە ئۈستۈن بولغان بويسۇندۇرۇلغۇچى مىللەت – ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇ جەرياندا ئىسلام دىنى ۋاستىلىق رول ئوينىغان، دېيىشكە بولىدۇ.

مەلۇم دەۋر ۋە ماكان كاتېگورىيىسىدىكى ھەرقانداق بىر دىن، پەلسەپە، ئەدەبىيات – سەنئەت باشقا بىر زامان ۋە ماكان ئىچىگە ئېلىپ كىرىلگەندە، مۇقەررەركى شۇ زامان ۋە ماكاننىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇ سەۋەبلىك، ئەقىل – پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل نەمۇنىلىرىنى دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلغان. ئۇلار كەڭ قورساقلىق پىسخىكىسى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ھىندىستان، ئەرەب – پارس مەدەنىيەتلىرىنى ۋە قەدىمكى يۇنان – رىم مەدەنىيەتلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ، مىللىي خاسلىققا ئىگە بولغان ئارىلاشما مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇرلار چەت ئەلنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشتە، ئەلۋەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى دۇنيا قارىشى ۋە قىممەت قارىشى ئاساسىدا ئىجادىي ئۆزلەشتۈرگەن.

ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشى ئۈچۈن 500 يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت كەتكەن. بۇ جەرياندا، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىگە چوڭقۇر تەسىر قىلغان. يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىدا چوڭ رول ئوينىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ جەرياندا ئىسلام دىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ماسلاشقان ۋە قوشۇلغان. بولۇپمۇ سوپىزمنىڭ كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشى بىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەزەلدىن بار بولغان بەزى ئەنئەنىلەر، مەسىلەن، ئەجدادلار روھىغا چوقۇنۇش، قەبرىلەرگە تېۋىنىش، ئانىمىزملىق ئېتىقاد قارىشى، زوروئاستىر دىنىنىڭ ئوتقا تېۋىنىش ئادىتى، شامان دىنى ئېتىقاد- ئادەتلىرى قاتارلىقلار ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى بىلەن ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ، ئۇيغۇرلارغا خاس بولغان ئىسلام دىنى ئېتىقادى ئالاھىدىلىكى شەكىللەنگەن. بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەر، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغا قەدەر

ساقلىنىۋاتقان «خاسىيەتلىك» تېرەكلەرگە چوقۇنۇش ۋە ھەر يىللىق ھوشۇر، بارات ئايلىرىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان «مازار» لارغا تاۋاپ قىلىش ئادەتلىرىدا تولۇق ئىپادىلەنمەكتە. بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەردىن، سىرتتىن كىرگەن دىنلارنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىش جەريانىدا يەرلىكلىشىش، مىللىيلىشىشتىن خالىي بولالىمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئىسلام دىنى ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى تۇپراقتا يىلتىز تارتالىغان ۋە كەڭ كۆلەمدە تارقالغان.

كۆپ خىل دىنىي ئېتىقادنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تارقىلىشى، ئوخشىمايدىغان دىنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر ۋە ئۆزئارا سىڭىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەسچىتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى ئويما نەقىشلەردىن، قەدىمكى بۇددىزم سەنئىتىنىڭ كونا ئىزلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئاتۇشتىكى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مەقبەرىسى ئالدىدىكى مەسچىت تورۇسىنىڭ گۈل نەقىشلىرى ئوتتۇرىسىدا "" بەلگىسى بار، بايىنغۇلىن ئاپتونوم ئوبلاستىغا جايلاشقان قورۇقتاغدىكى شىڭدى (地兴) قىيالىرىغا سىزىلغان قىياتاش سىزمىلىرىدا بۇ تامغا روشەن كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، «بۇ بەلگە برونزا دەۋرىدىكى ئاندورونوپلار مەدەنىيىتى قاتلىمىدىن تېپىلغان، ئارىئانلار ئىشلەتكەن يورۇقلۇق ۋە ئوت (ئاگنى) بەلگىسى» ئىكەن. شۇڭا، قاراشەھەر قەدىمدە «ئاگنى» دەپ ئاتالغان. ساكلارمۇ بۇ بەلگىنى ئىشلەتكەن. بۇددىزم ئۇنى مېھرىبانلىق، ئىللىقلىقنىڭ سىمۋولى قىلغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سوپىزمچىلار ئىچىدە بىر خىل ئالاھىدە دىۋانىلار گۇرۇھى بار، ئۇلار چېچىنى قويۇۋېتىپ يۈرىدۇ، پانىي ئالەمگە نىسبەتەن ئۈچچىغا چىققان تەركىدۇنياچىل، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇشنى خالىمايدۇ، دۇنيا تۇتمايدۇ، ھەر تەرەپكە لاغايلاپ يۈرۈپ قەلەندەرچىلىك قىلىدۇ. بۇنىڭ مەنبەسىنى ئەينى دەۋردە شۇ يەردە تارقالغان بۇددىزمنىڭ «قەلەندەر راھىب» گۇرۇھى بىلەن باغلاشقا بولىدۇ. ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «باخشى»، «داخان»، «پېرىخۇن» قاتارلىقلار بولسا، قەدىمدە ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان شامان دىنىدىن قېلىپ قالغان نەرسىلەردۇر. نورۇز ئۆتكۈزۈش، ئوتتا ئۇچۇغداش ۋە ئوتنى ئۇلۇغلاش قاتارلىقلار زوروئاستېر دىنىنىڭ قالدۇق ئىزناسىدۇر.

قىسقىسى، شىنجاڭ تارىخىدا ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن ئىلگىرى، زوروئاستېردىنى، بۇددا دىنى، توپىن دىنى، مانى دىنى، نېستورى دىنى قاتارلىق دىنلار يىپەك يولى ئارقىلىق شىنجاڭغا تارقىلىپ، يەرلىكتىكى ئىپتىدائىي دىنلار بىلەن بىللە جاي-جايلارغا تارقالغان ھەم ئۆز ئارا بىر -بىرسىگە تەسىر كۆرسەتكەن. ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىنمۇ، شىنجاڭدا كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك ۋەزىيەت داۋاملىق ساقلاپ قېلىنغان. كېيىن يەنە خرىستىئان دىنى، كاتولىك دىنى قاتارلىقلارمۇ تارقالغان. ھازىر شىنجاڭدا ھەر خىل دىنلارنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى 24 مىڭدىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنى 22 مىڭدىن ئاشىدۇ. لاما دىنى بۇدخانىسىدىن 34ى بار، بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسىدىن 11ى بار. خرىستىئان دىنى

چېركاۋى(پائالىيەت سورۇنلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 100 گە يېتىدۇ. كاتولىك دىنى چېركاۋىدىن 17 سى، پراۋسلاۋىيان دىنى چېركاۋىدىن 2 سى، يەنە تەرىقەت دىنىنىڭ ئىبتىكاپخانىسىدىن بىرى بار.

ئىزاھلار:

(1)ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئون ئىككى مۇقامغا بولغان تەسىرى مەسىلىسى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى1991 - يىل 4 - سان.

» (2)ئوغۇزنامە» 1980 - يىل مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى، مۇقەددىمە قىسمىدىكى «قوچۇ ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دىن ئېلىنغان رىۋايەتكە قاراڭ.

(3)ئىبراھىم مۇتىئى: «ئالتاي مىفلىرى توغرىسىدا» يەنى «ئىرىق پۈتۈك» 17 - قۇردا مۇنداق بىر جۈش تەبىرى بار: «ئەر ئۆملەپ بېرىپ تەڭرىگە دۇچ كېلىپ بەخت - سائادەت سوراپتۇدەك. (تەڭرى) قۇت - بەخت بېرىپ ئېغىلىڭدا يىلقاڭ بولسۇن، ئۆزۈڭ ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك بول دەپتۇدەك. بىلىڭلاركى بۇ ئەزگۈ». بۇنى يىلقا (ئات) ئەقىدىسىدىن، دەپ قاراش مۇمكىن. يەنە رۇسىيىلىك و.گ. يانىنىڭ«چىڭگىزخان» ناملىق ئەسىرىگە قاراڭ.

(4)خۇي لى: «شاپائەت ئىبادەتخانىسى ئۈچ ئاغىلىق نوم ئۇستازلىرىنىڭ تەرجىمھالى» 2- جىلد.

(5)بارتولد : «موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» 1928 - يىل، لوندون، 204-، 205-، 180 - بەتلەر.

(6)خۇيچاۋ: «بەش ئەنەتكەك ئېلىگە زىيارەت خاتىرىسى.«

(7) (8)ھاجى نۇر ھاجى: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» 1995 - يىل مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى، - بەت ۋە 174 - بەت.

(9) (10)لۇي جىن: «ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ مەنبەلىرى ۋە تارماقلىرى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1979 - يىل نەشرى، 12 - بەت. يەنە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 - يىل نەشرى، 7 - بەت.

(11) (18)يۈيتىيەنخېڭ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل خەنزۇ نەشرى، 65 - بەت ۋە 106 -، 108 - بەتلەر.

(12)ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 - يىل نەشرى، 149-، 150 - بەتلەر ۋە 347-، 348 - بەتلەر.

» (13)بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1983 - يىللىق 10 - سانى، 6 - بەت.

(14)ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 1997 - يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 46 - بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

(15)فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن:«ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن قىسقىچە توپلام»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 - يىل نەشرى، 1 - قىسىم، 98-، 99 - بەتلەر.

(16)ھ . ج كلمكېت: «قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت»، شنجاڭ فوتو سۈرەت – گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى 1994 – يىل نەشرى، 84 – بەت.

(17)جاڭ ۋېنخەن: «جۇڭگونىڭ قەدىمكى خرىستىئان دىنى ۋە كەيفېڭ يەھۇدىلىرى»، 469 – بەت.

(19)لاڭ يىڭ: «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە شەرق – غەرب مەدەنىيتى»، شنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 – يىل نەشرى، 83- ، 84 – بەتلەر.

مەنبە: ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى كونا توربېتى.

# 19-ئابدۇقادىر داموللام ۋە ”مىفتاھۇل ئەدەپ“

**ئابدۇرەھىم سابىت**




مىللەتنىڭ ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشى ئالدى بىلەن مائارىپقا باغلىق. مائارىپ تەرەققىي قىلمىدىكەن، ئۇ ھالدا مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسىنى چىرماپ ئالغان قالاقلىق، نادانلىق، خۇراپاتلىققا ئوخشاش مەنىۋى ئىللەتلەرنى سۆپۈرۈپ تاشلاپ، ئىلىم – پەننىڭ تەرەققىياتىغا يول ئاچقىلى، مىللەتنىڭ پەن – مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، دۇنيادىكى ئالغا كەتكەن مىللەتلەرنىڭ قاتارىغا ئۆتكۈزگىلى بولمىدۇ.

مانا بۇ، يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ شانلىق پەخرى ۋە ئىپتىخارى، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى، تالانتلىق مائارىپچى، “غازى” تەخەللۇسلۇق يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر شائىر داموللا ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇلۋارىس ئەزىزى 1 «ئەزىزى – ھۆرمەتلىك دېگەن بولۇپ، كىشىلەر داموللامنى ئىززەتلەپ ئەنە شۇنداق ئاتاشقان. كېيىن بۇ سۆپەت داموللامغا لەقەب بولۇپ قالغان. “قەشقىرى” دېگەن تەخەللۇسنى قوشۇپ ئاتىغۇچىلارمۇ بار.»(قەشقىرى) نىڭ مائارىپ كۆزقارىشى. ئۇ، 69 يىللىق ھاياتىنى جاھالەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، يېڭىلىققا يول ئېچىش، كونا مائارىپنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، دوگما، قالاق ھالەتتىكى مائارىپنى دەۋرنىڭ تەلىپىگە، تەرەققىياتىغا ماسلاشقان پەننىي مائارىپقا ئۆزگەرتىش، خۇراپات پاتقىقىغا پېتىپ قالغان نادان خەلقنى ئىلىم – پەننىڭ قۇدرىتى بىلەن پاتقاقتىن تارتىپ، مىللەتنىڭ پەن – مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە سەرپ قىلدى.

ئابدۇقادىر داموللام ھىجرىيە 1271 – يىلى (مىلادىيە 1854 ـ، 1855 – يىللىرى) 1 «كۆپلىگەن ماتېرىياللاردا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھىجرىيە 1278 – يىلى (مىلادىيە 1861 ـ، 1862 – يىللىرى) دەپ ئېلىنغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنىڭ دادىسىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتى بويىچە ئېلىندى.» ئاتۇشنىڭ مەشەت يېزىسىدىكى ئابدۇلۋارىس ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، بالىلىق دەۋرىنى ئۆز يېزىسىدا ئۆتكۈزگەن.

مەشەت – قاراخانىيلار خاقانلىرى ئارىسىدا تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان خاقان – سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ئۇستازى ئەبۇ نەسر سامانيي دەپنە قىلىنغان مەشھۇر جاي. تارىختا كىشىلەر سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئەبۇ نەسر سامانىينىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قەبرىگاھ يېنىغا مەسچىت، مەدرىسە، خانىقالارنى بىنا قىلغان. ماھمۇت ھېكىمبەگ ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ھەمراخېنىمدەك تالانت ئىگىلىرى مانا مۇشۇ يەردىكى "ھەزرىتى سۇلتانىيە مەدرىسىدە" سىدە ئوقۇپ، بىلىم ئىگىلىگەن. ئابدۇقادىر داموللامۇ باشلانغۇچ مەلۇماتنى مۇشۇ مەدرىسىدە ئالغان. 15 ياشقا كىرگەندە قەشقەر شەھىرى ئوردا ئىشىكىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتى "خانلىق مەدرىسە"گە ئوقۇشقا كىرىپ، "موكا" لەقەملىك ياقۇپ ئاخۇن داموللام ۋە موللا ئىسلام داموللامدا ئوقۇپ، ئىلىم – ئېرپان ئۆگەنگەن.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قايناق ئوقۇش ھاياتى قەشقەرنىڭ تازا تىنچ بولمىغان بىر مەزگىلىگە توغرا كەلدى. مەنچىڭ ئىستىبداتچىلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان قانلىق زۇلۇمى، ھەددى – ھېسابسىز ئالۋان – سېلىقلىرى، خەلق ئاممىسىنى ئارقا – ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. كۇچادا كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى نەتىجىسىدە راشىدىن خوجا ھاكىمىيىتى، خەتەندە كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى نەتىجىسىدە ھەببۇللا مۇپتى ھاجى ھاكىمىيىتى، شىمالىي شىنجاڭدا كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى نەتىجىسىدە ئىلى سۇلتانلىقى، ئۈرۈمچىدە كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى نەتىجىسىدە تۇنگان تۇمىڭ ئاخۇن ھاكىمىيىتى بارلىققا كېلىپ، مەنچىڭ ئىستىبداتچىلىرىنى پۈتكۈل شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىپ قويدى. قەشقەردىمۇ قىرغىز سىدىقبەگنىڭ ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى. بۇ ھاكىمىيەت ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، قوقەندىن كەلگەن بۇزۇكخان تۆرىنىڭ، ئاندىن ياقۇپبەگنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئالماشتى. بۇنداق تېز – تېز ھاكىمىيەت ئالمىششىلار ۋە بۇ جەرياندىكى ئىچكى ئۇرۇش، نىزا – جاڭجاللار، ئەنسىزچىلىكلەر بىلىمنى ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك دوست تۇتۇپ، بىلىم ئىشقىدا كۆيگەن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بىلىم ئېلىش قىزغىنلىقىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزدى. لېكىن، ئۆزى ئىگىلىگەن قىسمەن بىلىملەرگە قانائەت ھاسىل قىلىپ، ئوقۇشنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇشقا بولمايتتى. ئۇ، بىلىم تولۇقلاش مەقسىتىدە ئۆز خىراجىتى بىلەن بۇخاراغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى "ئابدۇلئەزىزخان" مەدرىسەسىگە ئوقۇشقا كىردى. بۇ جەرياندا قۇرئان، ھەدىس، ئىلمى تەجۋىد، ئاقائىد قاتارلىق ئىسلام تەلىماتلىرىنى ياخشى ئۆگىنىپلا قالماي، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمى مەنتىق، ھېساب دەرسلىرىنىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، پەن – مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى،

ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا، ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىدى. خوجا ھاپىز، شەيخ سەئدى، سوپى ئاللايار، خوجا ئەھمەت يەسەۋى، ھۇۋەيدا، فۇزۇلى، ناۋائىي، مەشرەپ... لارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئەدەبىيات ھەۋىسىنى يېتىلدۇردى؛ فارابى، ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنانىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق يۇنان پەلسەپىسى بىلەنمۇ تونۇشتى. ئابدۇقادىر داموللام "مفتاھۇل ئەدەپ" كىتابىدا بۇخارا مەدرىسەلىرىدىكى ئۇستازلىرىدىن مەۋلانا ئابدۇراززاقنى، بۇخارا مۇپتىسى داموللا ئەۋىز خوجەندىنى، قوقەننىڭ شەيخۇلئىسلامى داموللا ئۇلۇقخان تۆرەمنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ئۇ يەردىكى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن سەمەرقەند، ئۇفا قاتارلىق جايلاردا بىر مەزگىل مۇدەررىسلىك قىلدى. "ئاقائىد زۆرۈرىيە"، "ئىبادەت ئىسلامىيە" – داموللامنىڭ سەمەرقەند، ئۇفالاردا مۇدەررىسلىك قىلىش جەريانىدا دەرسلىك ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ تۈزگەن تۇنجى كىتابلىرى بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇفادا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان ئىدى. 1 «بۇ كىتابلار قەشقەرلىق ئۆمەر باينىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن بېسىلغان.» ئابدۇقادىر داموللام ۋەتەنگە قايتىشتىن ئىلگىرى تاشكەنت، خوجەند، قازان، ئىستانبۇل قاتارلىق جايلاردا ساياھەتتە بولۇپ، 1907 – يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى.

ئۇ قايتىپ كەلگەن چاغ دەل قەشقەردە ئەمدىلا بىخلىنىپ، كۆندىن – كۈنگە باراقسان بولۇۋاتقان يېڭىچە پەننىي مائارىپ بىلەن دىنىي ئەقىداتنى مەزمۇن قىلغان يەككە ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى فېئوداللىق كونا مائارىپ ئۆزئارا تىركىشىۋاتقان پەيتكە توغرا كەلدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيە قاتارلىق جايلاردىكى يېڭى مائارىپنىڭ ۋەزىيىتى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن ئابدۇقادىر داموللام يېڭىچە پەننىي مائارىپنىڭ تەشەببۇسلىرى بولغان ئاكا – ئۇكا مۇسابايوپلار (ھۈسەيىن باي، باھاۋىدىن باي) تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇلارنى قىزغىن قوللىدى. چۈنكى، "بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەگەكلىك زامانى؛ جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم – مەرىپەت دەۋرى؛ سۇسلۇق ۋە بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت قىلىش ۋاقتى. باشقا مىللەتلەر ئىلىم – مەرىپەت سايىسىدا، ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلىۋاتقاندا، سۇ ئاستىدا بولسا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشۈۋاتقاندا" 1 «"نەسىھەتى ئاممە" دىن ئېلىندى.»، يەنە غەپلەت ئۇيقۇسىدا يېتىپ، كونا مەكتەپلەرنىڭ رېئال ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، خەلقنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا، دەۋرنىڭ تەلىپىگە قىلچە ماسلاشمايدىغان دوگما تەلىم – تەربىيە ئۇسۇلىغا، پۈتۈنلەي ئەرەب – پارس تىلىدىكى دىنىي كىتابلارنى دەرسلىك قىلغان ئوقۇتۇش مەزمۇنىغا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى ۋە بىلىم ئىقتىدارى بىلەن ھېسابلاشماستىن، چۈشەنسىمۇ – چۈشەنمىسىمۇ كىتابنى قارىغۇلارچە يادلىتىپ، قارىغۇلارچە تەكرارلىتىدىغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا، مۇئەييەن مۇددەتى بولمايدىغان ئوقۇتۇش تۈزۈمىگە زادى يېپىشۇپلىشقا بولمايتتى. بۇنى ناھايىتى ياخشى چۈشەنگەن ئابدۇقادىر داموللام ئۆز ئەقىل – پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى مائارىپنىڭ

هازىرقى يېزىلىشى ۋە ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇردى. ئۇ يازغان "سەرپ – نەھۋى" (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس)، "تەسھىلىل ھېساب" (ھېساب ئىلمى)، "جۇغراپىيە ئىلمى"، "ئاقائىد جەۋھەرىيە" (ئېگىزلىك ئەقىدىلەر)، "مۇتالىئە ھىدايەت" (باشلامچى ئوقۇشلۇق)، "ىبدايەتۇس سەرپ" (لېكسىكىدىن دەسلەپكى ئاساس)، "ھىدايەتى نەھۋى"، "تەلىمى سەبيان " (گۆدەكلەرگە تەربىيە)، "فاسايىھۇل ئەتفال" (ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت) قاتارلىق ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، باللار تەربىيىسىگە ئائىت كىتابلار پەننىي مەكتەپلەرمۇ، دىنىي مەكتەپلەرمۇ ئوخشاشلا قوللانسا بولىدىغان ئاممىباب دەرسلىكلەر ئىدى. ئابدۇقادىر داموللام دەرسلىك تۈزۈش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، ئۆزى تۈزگەن بۇ دەرسلىكلەرنى يېڭىسارلىق نۇرھاجى دېگەن مەرىپەتپەرۋەر كىشى 1910 – يىلى باھاۋىدىن باينىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن قۇرغان "مەتبەئەسى خۇرشىد، مەتبەئى نۇر" (قۇياش مەتبەئەسى، نۇر مەتبەئەسى) ناملىق تاش مەتبەئەدە نەشر قىلدۇرۇپ، مەكتەپلەرنى بىر يۈرۈش دەرسلىك بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى. ئۆزى غوجا چوڭنىڭ قۇملۇقىدىكى ئۆزبېكلەر ئاچقان مەدرىسەگە، ئاندىن كېيىن قەشقەر شەھەر يارباغ كوچا باشقارمىسىغا قاراشلىق بەشئېرىق مەھەللىسىدىكى لايپەشتاق مەدرىسەگە بېرىپ مۇدەرىسلىك قىلىش جەريانىدا بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىكلەرنى ئوقۇتۇش ئەمەلىيتى جەريانىدا سىناق قىلىپ، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزدى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ دىن بىلەن پەن بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى تىپتىكى ئاممىباب ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تالىپلار قىزغىن قوللىدى، ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنىڭ شان – شۆھرىتى يېقىن – يىراقلارغا تارىلىشقا باشلىدى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئىناۋىتى، شان – شۆھرىتىگە ھەسەت كۆزى بىلەن قاراشقان بىر قىسىم جاھىل موللىلار، مۇتەئەسسىپ سوپى، ئىشان، خەلىپىلەر ئۇنى "جەدىت"لىكتە، "دەھرى" لىكتە ئەيىبلەپ، بىرمۇنچە ئېغىۋالار توقۇشتى. نەتىجىدە جاھىللىق، خۇراپاتلىق، نادانلىق ئەۋج ئېلىپ، قاراڭغۇ زۇلمەت باسقان ئۇ زاماندا، ئابدۇقادىر داموللام ۋە ئۇنى ھىمايە قىلغان خېلى بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر ئوقۇمۇشلۇق زاتلار زور بېسىمغا ئۇچرىدى. بۇ ۋەزىيەتتىن ئىچى پۇشقان ئابدۇقادىر داموللام ھەجگە بېرىشنى باھانە قىلىپ، يەنە بىر قېتىم ۋەتىنىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ، 1918 – يىلى تاشكەنتكە باردى. ئاندىن شەمەي، ئۇفا، قازان، ئورال، تۈركىيە قاتارلىق جايلاردا بىر مەزگىل ساياھەتتە بولغاندىن كېيىن مەككىگە باردى. سەئۇدى ئەرەبىستاندا بىر مەزگىل تۇردى. ئاندىن مىسىرغا بېرىپ ئۇ يەردىكى ئالىم، ئۆلىمالار بىلەن ئۇچراشتى. ئابدۇقادىر داموللام بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاتاقلىق ئالىملار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، زور شۆھرەتكە ئىگە بولغان ئىدى. مىسىر ئالىملىرى، ئۆلىمالىرى ئۇنىڭغا چوڭ ئىلتىپاتلار كۆرسىتىشتى 1 «ئابدۇقادىر داموللام بىلەن مىسىردا ئىلمىي سۆھبەتتە بولغان تاتار خەلقىنىڭ بۈيۈك تارىخ ئالىمى زاكىر قادىرى 1951 – يىلى ئەينى چاغدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي سۆھبەتتىن ئالغان تەسىراتىنى بايان قىلىپ: "ئابدۇقادىر داموللام ئىسلام دۇنياسىدا تەڭدىشى ئاز تېپىلىدىغان، يېتىشكەن زور مۇتەپەككۇر ۋە مۇسلىھ (ئىسلاھاتچى)، مۇجاھىد (كۈرەشچان) بۈيۈك ئالىم ئىدى... " دەپ باھا بەرگەن.». ئابدۇقادىر

داموللام ئۇلار بىلەن ئىلمىي سۆھبەتتە بولۇش جەريانىدا ئۆز خەلقىنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتتە ھەقىقەتەن ئارقىدا قالغانلىقىنى، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ھۆكۈمران دائىرىلەرنىڭ خەلق ئاممىسىنى مەڭگۈ قۇللۇقتا، نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى، ئەگەر ئۇلار يەنىلا ھېچ يەرنى كۆرمەي، ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەي، دۇنيادىن بىخەۋەر ياشاۋەرسە، قۇللۇق، جاھالەت، نادانلىقتىن ئەبەدىي قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى، مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىق، مىللىي ئىناقلىقنى كۈچەيتىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئۇيۇشۇشنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر شوئارى ۋە كۈرەش نىشانى قىلدى. ئۇ، 1920 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەلقنىڭ قان ـ تەر بەدىلىگە ياشاۋاتقان تەسلىمچى ئەمەلدارلارغا، جاھالەت ھامىيلىرى بولغان مەككار سوپى، ئىشانلارغا، ئاچ كۆز، جان باقار بايلارغا قارشى كۈرەشنى باتۇرلۇق بىلەن باشلىۋەتتى. ئۇلار ئابدۇقادىر داموللامنىڭ: "ھەرقايسىلىرى يۇرتنىڭ كۆزى، خەلقنىڭ بېشى، ھالبۇكى، خەلقىمىزنى ئىلىم ـ مەرىپەتكە، تەرەققىياتقا باشلىماستىن، پۈتكۈل ئىجتىھات ۋە ئىشتىياق بىلەن مۇھۇر ھەققىگە مەپتۇن بولۇپ، كۈندە چۈشكەن تەڭگىلەرنى ئەۋرەزگە كۆمۈپ خاتىرجەم ئۇخلاشسىلا، خەلقىمىزنىڭ ھالى قانداق بولار؟ بىز ئۆز بالىلىرىمىزغا مەكتەپ ئاچماي، ئۇلارنى تاشلىۋەتتۇق... تېخى ھەرخىل جازا چارىلىرىنى قوللىنىپ، خەلقنىڭ بېشىغا دەرد سېلىپ، ئۇلارنى جاراھەتلەندۈرمەكتىمىز. ئەگەر بۇ توغرىدا قايغۇرمايدىغان بولساق، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدا بىز ناھايىتى ئۇياتتا قېلىشىمىز، لەنەت ـ نەپرەتكە كۆمۈلۈشىمىز مۇقەررەر گەپ" 1 «خېۋىر تۆمۈرنىڭ "ئابدۇقادىر داموللام" ناملىق تارىخىي ئوچېركىدىن ئېلىندى ("بۇلاق" مەجمۇئەسى 1981 ـ يىل 1- سان، 246 -، 247 ـ بەتلەر).» دېگەن خىتابلىرىنى ئەسەبىيلىك دەپ بىلىشىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن تۆھمەتلەر توقۇشتى. بۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت ئوقۇپ، خەلق كويىدا بولۇشقا ئۈندەشنىڭ ئۆزى كالا مۈڭگۈزىدە گۈل ئۈندۈرۈش بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئابدۇقادىر داموللام ئۈمىدىنىڭ يەنىلا خەلقتە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، خەلققە چەكسىز ئىشەنچ باغلىدى. ھەركۈنى نامازدىگەردىن كېيىن، ھېيتگاھ جامەدە ئەمرىمەرۇپ، مۇنازىرە سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، خەلققە ئۆزلۈكسىز تەشۋىقات، تەرغىبات ئېلىپ باردى. "نەسىھەتى ئاممە" ـ ئاپتورنىڭ خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىش مەقسىتىدە يازغان ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئابدۇقادىر داموللام خەلق ئاممىسىنى خۇراپاتلىق، نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا يالغۇز تەشۋىقات، تەرغىباتقىلا تايىنىپ قالماستىن، بەلكى بىر قاتار ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، قەشقەر ئۆلىمالىرى ئۈچۈن ئۈلگە تىكلىدى. ئۇ، قازى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرىنى قۇرئان، ھەدىسكە ئاساسەن توغرا، ئادالەت بىلەن بىر ياقلىق قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەندىن باشقا، يېڭىچە كۆزقاراشتىكى كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە بايلارغا خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى ۋە ھىممىتى بىلەن 52 نەپەر ياشنى گېرمانىيە، فرانسىيە،

تۈركىيە، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئوقۇشقا چىقاردى. ئابدۇقادىر سامانىي، چىڭگىز داموللام، ئابدۇۋاپىت ئاخۇن... غا ئوخشاشلار قەشقەر بايلىرىدىن ئوبۇلھەسەن ھاجى، ئۆمەر بايلارنىڭ ياردىمى بىلەن فرانسىيگە بېرىپ ئوقۇپ كەلگەن ×× ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى يېڭىچە كۆزقاراشقا ئىگە ئۆيغۇر ياشلىرى ئىدى.

ئابدۇقادىر داموللام ياشلارنى ئىلىم – ئېرپاندىن، دۇنيادىن خەۋەرداق قىلىش ئۈچۈن مائارىپ سېپىگە قايتىدىن ئاتلىنىپ، دىنىي ئىلمنى ھەم پەننىي ئىلمنى بىلىدىغان يېڭىچە قاراشتىكى بىر تۈركۈم زىيالىيلارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈردى. قەشقەر شەھەر ئەلگەك بازىرىدىكى توقام مەدرىسەسى 1، «بۇ مەدرىسەنىڭ ئورنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بۇزۇپ تاشلانغان. ھازىر بۇ ئورۇنغا خەلق باشقۇرۇشىدىكى قەشقەر شەھەرلىك ئىشچى – خىزمەتچىلەر تىل – تېخنىكا مەكتەپى ۋە مەكتەپ قارمىقىدا دوختۇرغانا سېلىندى.» ئوردا ئىشكىدىكى ۋاڭلىق مەدرىسەسى 2، «بۇ مەدرىسە ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك 1 – باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنىدا بولۇپ، 1935 – يىلى دارىلمۇئەللىمىنگە ئۆزگەرتىلگەن. 1938 – يىلى دارىلمۇئەللىمىن نەزەر باغقا كۆچكەندىن كېيىن، "ئوردا ئىشكى باشلانغۇچ مەكتىپى" (بۇ مەكتەپ "لەيلى ناھار" (كىچە – كۈندۈزلۈك مەكتەپ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ) سېلىنغان.» خانلىق مەدرىسەسى 3، «ھېيتگاھ مەدرىسەنىڭ ئورنى ھېيتگاھ جامە ئىچىدە بولۇپ، ھېلىمۇ بار. بۇ مەدرىسەدە 1956 – يىلدىن باشلاپ ئوقۇش توختىتىلغان.» ھېيتگاھ مەدرىسەسى 4، «خانلىق مەدرىسەنىڭ ئورنى ئوردا ئىشكىدە بولۇپ، 1958 – يىلدىن باشلاپ قەشقەر ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپكە ئۆزگەرتىلگەن.» ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ياشلارنى تەربىيلەشتە بىر ئۆمۈر تەر تۆككەن ئىلىم – مەرىپەت بۇلۇقى ئىدى. ئۇنىڭ تەربىيسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن شەمسىدىن داموللام، سابىت ئاخۇن داموللام (ئابدۇلباقى)، ھاشىم ئاخۇن خەلپىتىم، ئابدۇلئەزىز داموللام، سالىھ داموللام، ئىنايەتخان مەخسۇم، جامال ئاخۇن خەلپىتىم، سالى ئەلەم ئاخۇنۇم (يەكەنلىك)، ھېلىمدىن ئاخۇنۇم (يەكەنلىك)، مۇھەممەت ئابدۇللاخان (يەكەنلىك)، ئابدۇللا قازىھاجىم (يەكەنلىك)، ئىسراپىل داموللام (پوسكاملىق)، ئېلى ئاخۇن خەلپىتىم (قاغىلىقلىق)، ئابدۇجېلىل داموللام (گۇمىلىق)، مۇسەيىپ ئاخۇن خەلپىتىم (كوچالىق)، ئابدۇللا داموللام (تۇرپانلىق، ئەدەبىي تەخەللۇسى "نەئىمى")... قاتارلىقلار 30 – يىللاردىن باشلاپ قەشقەر مائارىپىنىڭ داڭلىق پېشۋالىرى، ئابدۇقادىر داموللام تەشەببۇس قىلغان يېڭىچە مائارىپنىڭ قوللىغۇچىلىرى ۋە ۋارىسلىرى بولۇپ قالغان ئىدى. يەكەنلىك ھېلىمدىن ئاخۇنۇم ئاتتۇنلۇقتىكى كونا خانلىق مەدرىسە ئورنىغا، ئابدۇللا قازىھاجىم يەكەن ئېلىشقۇغا، مۇھەممەت ئابدۇللا خان خوجام يەكەن شەھەر ئىچى مانجۇ كۆلبېشىدىكى ئىمنبەگنىڭ ھويلىسىغا ( "مەتلەئىل ئېرپان" نامى بىلەن ئاتالغان بۇ مەكتەپ كېيىن جۇۋىچى كۆلى ئالدىدىكى چوڭ مەدرىسەگە يۆتكەلگەن) ئاچقان مەكتەپەلر ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەشەببۇسى ۋە تەسىرى بىلەن ئېچىلغان يېڭىچە مەكتەپلەر ئىدى.

ئابدۇقادىر داموللام ياش – ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە تەلىم – تەربىيسىگىمۇ ئالاھىدە

كۆكۆل بۆلدى. ئۇ، كىچىلىرى هامامدا، كۆلدە يېتىپ، كۈندۈزى تىلەمچىلىك بىلەن كۈن كەچۈرۈۋاتقان يېتىم - يېسىر باللارنى كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ هالىغا ئېچىندى، تەقدىر - ئىستىقبالىدىن قايغۇردى. بۇ جەھەتتە مەجبۇرىيىتىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى چوڭقۇر هېس قىلدى. ئۇ ئۆشرە، زاكات، سەدىقە، ئېھسان، ئىسقاتتىن كەلگەن پۇللارنى يېتىم - يېسىرلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، ئۇلارغا ئاتىدارچىلىق قىلدى. قەشقەر شەھرىدە "مەتلەئىل ھىدايەت" ناملىق مەكتەپ تەسىس قىلىپ ۋە ئۆزى باشقۇرۇپ، يېتىم - يېسىرلارنى تەربىيلەپ، توغرا يولغا باشلىدى.

ئەينى چاغدىكى ئەنگلىيە، شۋېتسىيە مىسسيونىرلىرىنىڭ قەشقەردە ئۆز ئالدىغا مەكتەپ، دوختۇرخانىلارنى ئېچىپ، يېتىم - يېسىرلارنى، كەمبەغەل - نامراتلارنىڭ باللىرىنى ئالداپ، كاتولىك دىنىنىڭ مۇخلىسلىرىغا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشۋاتقانلىقى، ھەدەپ ئۆز مەتبەئەخانىسىدىن پايدىلىنىپ، "ئىنجىل" نى كۆپەيتىپ بېسىپ، كاتولىك دىنى ھەققىدىكى تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتىپ، دىنىي سىڭىپ كىرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى - ئابدۇقادىر داموللامنى چوڭقۇر ئويغا سالغان ۋە قەشقەردىكى ھەممە ئادەم ئىنتايىن نارازى بولۇپ، جىددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەردىن بىرى ئىدى. ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەن قەشقەر ئۆلىمالىرى، مۆتىۋەرلىرى، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر ۋە شەھەر خەلقى موللا - ئۆلىمالارنىڭ تېزدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ خىرىستىئان دىنىنىڭ سىڭىپ كىرىش قىلمىشىنى دەرھال توشۇشنى ھەرۋاقىت ئۈمىد قىلاتتى. ئابدۇقادىر داموللام بۇ ئىشقا قارىتا كەسكىن تەدبىر قوللىنىش ئۈچۈن، قۇمدەرۋازا سۈت - قايماق كوچىسىلىق ئىمىن خەلپەت ھاجىم (مەرھۇم ھامىت ئىمىنوپنىڭ دادىسى)، غەزنىچىبەگ مەھەللىلىك ياقۇپ ھاجىم، باغ كوچىسلىق مەتنىياز خەلپىتىم، ئوردائالدىلىق مامۇت ھاجىم، مەنسۇر ھىدايەت... قاتارلىق شەھەر مۆتىۋەرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شۋېد دوختۇرخانىسىنى تاقىتىۋەتمەكچى، شۋېدلارنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقارماقچى بولۇشتى. نەتىجىدە قەشقەر شەرئى مەھكىمىسىنىڭ شۇ چاغدىكى مۇپتىسى بولغان ئوردائالدىلىق مامۇت ھاجىم بۇ ئىش توغرۇلۇق قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئاساس كەلتۈرۈپ پەتىۋا يازدى. ئابدۇقادىر داموللام شەرئى مەھكىمىسىنىڭ قازى رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن پەتىۋاغا مۆھۈر باستى. پەتىۋا قولدا كۆچۈرۈلۈپ، شەھەر ئىچىدىكى ھەممە چوڭ - كىچىك مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرگە تارقىتىلدى. پەتىۋادىن خەۋەر تاپقان مۇسۇلمان خەلق ئاممىسى ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ ئابدۇقادىر داموللام، مامۇت ھاجىم، ياقۇپ ھاجىم، ئىمىن خەلپەت ھاجىم، مەتنىياز خەلپىتىم، جامال ئاخۇن خەلپىتىم، زۇنۇن ھاجىم، مەتلاجى شاڭخەي، ئىنايەتخان مەخسۇم... قاتارلىق موللا، ئۆلىمالارنىڭ باشچىلىقىدا شۋېدلارنىڭ قۇمدەرۋازىدىكى ۋاكالەتخانىسىغا 1 «ھازىر بۇ ئورۇندا قەشقەر شەھەرلىك قۇرالىق بۆلۈمى ۋە ۋىلايەتلىك ئىستراخۋانىيە شىركىتىنىڭ ئائىلە بىناسى بار.» باستۇرۇپ كىردى. پەتىۋاغا ئاساسەن دوختۇرخانىنى پېچەتلىمەكچى بولغاندا، شۋېدلار قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن، غەزەپلەنگەن ئامما ۋاكالەتخانا ئىچىدىكى ئۆي - ئۆيلەرگە كىرىپ، دىن تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى، "ئىنجىل"نىڭ

كۆپەيتىلگەن نۇسخىلىرىنى كۆيدۈردى. مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىدى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۆلۈمدىن قورقماسلىقتەك بۇ خىل جاسارىتى زور كۆپچىلىك دىنىي زاتلارنىڭ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قوللىشى، مەدەتكارلىقىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ، بىر قىسىم موللا، قازى – قۇززات، ئىشان، بايلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇلار ئابدۇقادىر داموللامغا نىسبەتەن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ئۇنى يېۋەتكۈدەك ئەلپازدا ھاقارەتلەشتى. بۇ ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەر دوتىيى جۇرۇيچى ئابدۇقادىر داموللام، ماموت ھاجىم، ياقۇپ ھاجىم باشلىق 30 غا يېقىن كىشىنى 40 كۈن ھەپسىگە سولاپ قويىدى. ئابدۇقادىر داموللام ھەپسىدىن چىققۇچە، ئۇلار چەت ئەللىكلەرگە مەسلىھەت بېرىپ ۋە تىل بىرىكتۈرۈپ، سۇيىقەست پىلانلاپ، ھىجرىيە 1342 – يىلى (مىلادىيە 1923 – 1924 – يىللىرى) ماھى مۇھەررەمنىڭ 1 – كۈنى سەيشەنبە (8 – ئاينىڭ 14 – كۈنى) كېچىدە ئۆز ئۆيىدە ياللانغان قاتىل ئارقىلىق مەخپىي ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى. 1 «ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەتلىئام قىلىنغان ئاي – كۈنى كۆپ ماتېرىياللاردا “ئەتىياز پەسلى” دەپ قەيت قىلىنغان. ئەمما، مەرھۇمنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى بولغان داڭلىق ئۆلىما، تالانتلىق شائىر شەمسىدىن داموللامنىڭ ئابدۇقادىر داموللام قەتلىئام قىلىنغان كۈنى ئۆلۈمگە كەلگەن كاتتىلار ئالدىدا مەرھۇم داموللامنىڭ ھويلىسىدىكى بىر تۈپ ئانار دەرىخىگە قارىتىپ ئوقۇغان ئەرەبچە قەسىدىسىدىكى: “ئايا شەجىرى رۇممان مالىكە نەزىرتەن، كى ئەنتكە لەم تەجەز ئى ئەلا ئىبنى ۋارىسى” (ئەي ئانار دەرىخى، شۇنچە يىللار كۆكىرىپ گۈزەل تۇرۇپسەن. (بۈگۈن) ۋارىس ئوغلى (ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ) ئۈچۈن چۆچۈمگەندەك تۇرىسەنغۇ؟!) دېگەن مىسرالار بۇ ۋاقىتنىڭ ئېنىق ياز پەسلى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ«.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ كىم تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا كىشىلەرنىڭ قاراشلىرى بىردەك ئەمەس. بەزىلەر: “ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەتلىئام قىلىنىشىدا موللا ئىسلام داموللامنىڭ قولى بار، ئۇ سوۋېت كونسۇلخانىسىغا ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىدىغان كىشى بولغاچقا، خەلقلەر ئۇنى (قازى ئورۇس) دەيتتى” دېسە، يەنە بەزىلەر: “ئابدۇقادىر داموللامنى قەشقەرنىڭ شۇ چاغدىكى ئەڭ چوڭ موللىسى ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللام بىلەن قەشقەرنىڭ ئەڭ چوڭ بېيى ئۇمەرباي ئەنگلىيە، شۋېتسىيە كونسۇلخانىسىدىكىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئەھمەت دېگەن (“ھېلىم مەزىن” دېگۈچىلەرمۇ بار) تەلۋە ئارقىلىق ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى” دەيدۇ. ھازىر مەلۇم بولغان پاكىتلار باشقىچە. بۇنىڭ ئۈچۈن گەپنى باشتىنراق دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ئابدۇقادىر داموللام 1918 – يىلى ھەجگە بېرىش يولىدا تاشكەنتتە بىر مەزگىل توختىغان. بۇ ۋاقىت تېخى 1 – دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ قالايمىقانچىلىقى تەلتۆكۈس ئاخىرلاشمىغان، بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيىتىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا تېخى تىكلىنىپ بولالمىغان، مىنشېۋىكلارنىڭ بولشېۋىكلارغا قارشى كۈرەشلىرى ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىۋاتقان بىر چاغ بولغاچقا، ئابدۇقادىر داموللام مىنشېۋىكلارنىڭ بولشېۋىكلارغا قارشى بىر قېتىملىق نامايىشىغا بىلمەي قاتنىشىپ قالغان. نامايىشچىلار ئارىسىدىكى يۈسۈپ ئىسمىلىك بىرى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ياقا –

يۇرتلۇق ئىكەنلىكىنى دەرھال سېزىۋېلىپ، ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان ھەمدە ئۇنىڭ ياقا – يۇرتلۇق تۇرۇپ، ئۆز پائالىيەتلىرىنى قوللىغانلىقىغا كۆپتىن – كۆپ رەھمەت ئېيتىپ، خەيرخاھلىق بىلدۈرگەن. بىرنەچچە زامان ئۆيىدە قوندۇرۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئالغان. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھەجگە بارىدىغانلىقىنى ئۇققۇپ، بىللە بېرىش تىلىكىنى بىلدۈرگەن. ئابدۇقادىر داموللام بىلەن شەمەي، ئۇفا، قازان، ئورال، تۈركىيە، لوندون، مىسىر، ھىجاز، مەككە قاتارلىق جايلارغا بىللە بارغان. ھەج سەپىرىنى تۈگىتىپ، تاشكەنتكە كەلگەندە يۈسۈپ تاشكەنتتە قالغان، ئابدۇقادىر داموللام قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. 1923 – يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەردىكى چوڭ موللا، ئۆلىما، بايلارنى كۈتۈۋالغان. بۇ كۈتۈۋېلىش زىياپىتىگە مۇيەسسەر بولغان ئابدۇقادىر داموللام كونسۇلخانىنىڭ زىياپەت زالىغا كىرگەندە ھېلىقى يۈسۈپ دېگەن كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. بۇ كىشىنىڭ مۇشۇ كونسۇلخانىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، زىياپەتكە قاتناشماي دەرھال قايتىپ كىرگەن. ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن جاڭقورغانلىق زۇنۇن ھاجىمنىڭ ئۆيىدە چاي بولغان. ئىنايەتخان مەخسۇم، ئابلىراخۇن مەخسۇم، مەمتىلاجى شاڭخەي، چۇمبۇسلۇق مەمتىلاجىم قاتارلىق كاتتىلار قاتناشقان بۇ سورۇندا ئابدۇقادىر داموللام مۇئاۋىن كونسۇل يۈسۈپنىڭ ئىشىنى ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلەپ بەرگەن ھەمدە: "شۇنىڭدىن بۇيان ئۆزۈمدىن ۋەھىمە قىلىپ قالدىم" دېگەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى مەمتىلاجى شاڭخەي دوتەي يامۇلغا بېرىپ، دوتەينى كونسۇلخانىغا چاقىرتقانلىقى ھەققىدىكى خەتنى كۆرگەن. دوتەي كونسۇلخانىغا چىققاندىن كېيىن، سوۋېت كونسۇلى دوتەيگە: "قەشقەردە ھازىر بىر ئادەم بار، بۇ ئادەم تالىپلارغا تارىخ، جۇغراپىيە، ھېساب ئۆگىتىمەن دەپ يۈرىمىش. بۇ ئادەم تارىخ، جۇغراپىيە، ھېساب ئۆگىتەلەمدۇ؟ ئەگەر ئۆگەتسە ئىشىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ شۇڭا بۇ ئادەمنىڭ ئىشلىرىنى دەرھال تەپتىش قىلىپ، نەتىجىسىنى ماڭا مەلۇم قىلىڭ!" دېگەن.

دوتەي كونسۇلخانىدىن قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۆمەربايى ئارقىلىق ئابدۇقادىر داموللامنى سۈرۈشتۈرگەن. ئۆمەربايى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلغان، ئەمما دوتەي بۇنىڭغا كۆنمەستىن، مەدرىسەدىكى پائالىيەتلىرىنى سۈرۈشتۈرۈشكە بۇيرۇغان. ئۆمەر باي ئابدۇقادىر داموللامنىڭ دەرس ئارىلىقىدا تارىختا ئائىت بىلىملەرنى قىستۇرۇپ بايان قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى تالىپلار ئارقىلىق بىلگەندىن كېيىن، دوتەيگە مەلۇم قىلغان. دوتەي بۇ ئاخباراتنى كونسۇلغا مەلۇم قىلغان. كونسۇل ئابدۇقادىر داموللامنى دەرھال كۆزدىن يوقىتىشقا بۇيرۇغان. ئەگەر بۇ ئىشتا دوتەي سۇسلۇق قىلسا، ياڭ زېڭشىنغا مەلۇم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ پوپوزا قىلغان. سوۋېت كونسۇلىنىڭ پوپۇزىسىدىن قورقۇپ كەتكەن جۇ دوتەي خىزمىتى بەدىلىگە 300 سەر كۈمۈش تەڭگە بېرىش، ئۆزىنىڭ ۋە بالا – چاقىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئەبەدىي كاپالەتلىك قىلىش شەرتى بىلەن قاتىل ئەھمەتنى يالىلۇۋېلىپ، ئابدۇقادىر داموللامنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن. كېيىن قاتىل ئەھمەت تۇتۇلغان بولسىمۇ، بۇ

ئشتا سوۋېت كونسۇلى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ قولى بولغانلىقتىن، ئىشنى ئارقىسىغا سۆرەش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئەھمەتنى جىنايى جاۋابكارلىقتىن قاچۇرۇپ، ھېچقانداق چارە كۆرمىگەن. قاتىل ئەھمەت كېيىنكى چاغلاردا خەلقنىڭ نەپرىتى تۈپەيلىدىن نېرۋىسىدىن ئادىشىپ، ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يەپ ئۆلگەن.

ئابدۇقادىر داموللام قەتلىئام قىلىنغان كۈنىنىڭ ئەتىسى يۈسۈپ توقام دېگەن كىشى: "بۇ ئۆمەربايىنىڭ قىلغان ئىشى" دېگەن. بۇ سۆزگە ئاساسەن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ شاگىرتلىرى ئۆمەربايىنى ئىزدەپ، ھېسابلاشماقچى بولغاندا، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئوتتۇرىغا چىقىپ: "بۇ ئۆمەربايىنىڭ قىلغان ئىشى ئەمەس، ئابدۇقادىر داموللام شۆپېد دوختۇرخانىسىغا ئوت قويغانلىقى ئۈچۈن شۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن" دېگەن. ئۆمەرباي ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش جەريانىدىن پۈتۈنلەي خەۋەردار بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ پۈتكۈل سودا ئىشى سوۋېت بىلەن بولىدىغان بولغاچقا، بۇ سىرنى تىنىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. بۇ سىرنى بىلىدىغان ئىنايەتخان مەخسۇم، ئابلىراخۇن مەخسۇم، مۇساخان تېۋىپنىڭ ئوغلى ئابدۇۋايىت ئاخۇن، ئوردائالدىلىق ماموت ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت ھاجىم، مەمتىلاجى شاكىخەي، جاڭقورغانلىق زۇنۇن ھاجىم، خانئېرىقلىق ئىمىن ئاخۇن خەلپىتىم قاتارلىقلار:"ئابدۇقادىر داموللامنى شۆپېدلار ئەمەس، ئورۇسلار قول تىقىپ ئۆلتۈرگۈزدى" دېگەنلىكى ئۈچۈن، جۇ دوتەي بۇلارنى تۇتۇپ، ھەپسىگە سولاپ قويغان. ئىنايەتخان مەخسۇم، ئابلىراخۇن مەخسۇملار بۇ ئىشنى ئىككىنچى تىنماسلىققا ۋەدە قىلىپ، چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن. جامال ئاخۇن خەلپىتىم كالتايلاققا، زۇنۇن ھاجىم غۇلجىغا، مەمتىلاجى شاڭخەيگە كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سىرى يېشىلمەي، شۇ پېتى بېسىلىپ قالغان.

ئەسلى گەپكە كەلسە، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋاپات بولغان خەۋىرى چاقماق تېزلىكىدە پۈتكۈل شەھەرگە ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى قوغان، سەمەن، ئاۋات، بەشكېرەم، توققۇزاق، ئاتۇش، پەيزىۋات قاتارلىق يېزىلارغا ئاڭلاندى. 10 مىڭلىغان شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ، قول ھۈنەرۋەن، كاسىپ، سودىگەرلەرنىڭ، دېھقانلارنىڭ بۇ مۇسىبەتتىن يۈرىكى مۇجۇلدى. ھەممە يەرنى ھەيرانلىق ئىلكىدىكى غۇلغۇلا قاپلىدى، ھەممە كۆزلەردىن قاتىللارغا بولغان غەزەپ – نەپرەت ئۇچقۇنى چاقنىدى، ھەممە چىرىدىن قاتىللارغا بولغان ئۆچمەنلىك نامايان بولدى. پەيشەنبە كۈنى ھېيتگاھ جامەنىڭ ئىچى – تېشى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ نامىزىغا داخىل بولۇش ئۈچۈن كۈن بويى ئىشتىن توختىغان ئادەملەر بىلەن لىق تولدى. پېشىندىن كېيىن 10 مىڭلىغان ئادەم سەپ – سەپ بولۇپ، داموللامنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. نامازدىن كېيىن قوللىرىغا ھاسا ئېلىپ، تۇماقلىرىنى تەتۈر كىيىشكەن مىڭلىغان تالىپلارنىڭ:

"تاغۇتاشلار تەۋرىشىپ،

قاتتىق چاقماق چاقۇانمۇ؟

تۇمەن سۇيى قان بولۇپ،

بۇگۈن تەتۈر ئاقۇانمۇ؟

قەشقەرنىڭ ھاۋاسىنى،
چاڭ – تۇمانلار باشقانمۇ؟
قەشقەرنىڭ جاھانىنى،
قايغۇ – ماتەم باسقانمۇ؟

ئاي تۇتۇلماس دەپتىمىز،
كۈن تۇتۇلماس دەپتىمىز.
داموللامغا دۈيۈزلەر،
قەست قىلالماس دەپتىمىز.”

دېگەندەك مەرسىيە شېئىرلىرىنى ئوقۇشۇپ، دەۋرىي ساما سېلىشىپ، يول ئېچىشى؛ بېشىغا سەللە، بەللىرىگە ئاق باغلىغان مەرھۇمنىڭ يۈزلىگەن دوست – يار، ئاغانە – بۇرادەرلىرى، بالا – چاقا، ئۇرۇق – تۇغقانلىرىنىڭ “ئاھ دادام، ئاھ قېرىندىشىم” دەپ داد – پەرياد كۆتۈرۈپ ھازا ئېچىشىپ، جىنازا ئالدىدا مېڭىشى، ھېيتگاھتىن تۆشۈك دەرۋازىغىچە ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان كىشىلەر توپىنىڭ جىنازىغا ئەگىشىشى ئارقىسىدا، مېيىت سېلىنغان تاۋۇت ئۇزىتىپ چىقىلدى، دامولامنىڭ جەستى ھەزرەتتىكى تاختا كۆۋرۈك دېگەن يەرگە دەپنە قىلىندى 1. «قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1996 – يىلى 2 – ئاينىڭ 26 – كۈنى 28 – نومۇرلۇق ھۆججەت ئارقىلىق، ئابدۇقادىر دامولامنىڭ قەبرىسىنى “شەھەر دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى” دەپ ئېلان قىلغان« .
ئابدۇقادىر دامولام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن بۇرادەر ۋە مەسلەكداشلىرىدىن شەمسىدىن دامولام، مەھمۇت ئاخۇن دامولام، تەجەللى ھەزرەت، مۇراد رەمزەبەگ ھەزرەتلىرى 2، «مۇراد رەمزەبەگ ئابدۇقادىر دامولامغا بېغىشلاپ 160 مىسرالىق مەرسىيە يازغان بولۇپ، بۇ مەرسىيەدە ئابدۇقادىر دامولامنىڭ پۈتكۈل ئىش ئىزلىرىنى تىلغا ئېلىپ مەدھىيىلىگەن، ۋاپاتىغا ئېچىنغان. ئابدۇقادىر دامولامغا يۇقىرى باھا بەرگەن. ئۇ كىشى ھىجرىيە 1352 – يىلى (مىلادىيە 1933 ـ، 1934 – يىللىرى) غۇلجىدا ۋاپات بولغان.» چەت ئەلدىكى دوستلىرىدىن ئەنۋەر ساھىب دامولام (كەشمىرلىك)، ئالىم، مۇئەررىخ رىزا ئىبنى پەخرىدىن ھەزرەتلىرى (تاتار، ئۇفالىق) قاتارلىقلار ئابدۇقادىر دامولامنىڭ ۋاپاتىغا ئېچىنىپ، مەرھۇمغا ئاتاپ مەرسىيىلەر يېزىشتى. ئۇنىڭ سۆيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى چۆچەكتە تۈرۈپ ئاڭلىغان مەمتىلى توختىھاجى (تەۋپىق) مۇ ئىنتايىن چۆچۈگەن ھالدا:
“مەرھۇم دامولا ئابدۇقادىرى ناھەق كەتتىلەر،
گۇناھ نېمە؟ پەقەت بىزگە ھەقنى ئۆگەتتىلەر” 1. «مەمتىلى توختىھاجىنىڭ “ئوقۇدى – ئاشتى” غەزىلىدىن ئېلىندى.» دەپ يېزىپ، ئابدۇقادىر دامولامغا قەست قىلغان مۇتەئەسسىپ دۈيۈز،

مۇناپىق قارا كۆچلەرگە غەزەپ – نەپرىتىنى بىلدۈردى.
ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋاپاتى ئەينى دەۋردە يالغۇز ئوتتۇرا ئاسىيانىلا ئەمەس، ھەتتا غەربىي ئاسىيا، جۈملىدىن مۇسۇلمان شەرق ئەللىرىنىمۇ قاتتىق زىلزىلىگە سالغان ئىدى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى بولغان ئىنايەتخان مەخسۇم: "ھىندىستان، مىسىر، قازان، كەشمىردىكى مەتبۇئاتلاردا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈرۈپ يېزىلغان مەرسىيە شېئىرلىرى ۋە ماقالىلەرنى توپلاپ توپلام قىلسا، بىرنەچچە جىلدلىق چوڭ توپلام ھاسىل بولۇر ئىدى" دەپ ئېيتقان 2.
«ئىنايەتخان مەخسۇم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ توقام مەدرىسەدە ئوقۇتقان شاگىرتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئابدۇقادىر داموللامنى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ قول تىقىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى پاش قىلغانلىقى ئۈچۈن ھەپسىگە ئېلىنغان، كېيىن بۇ ئىشنى قايتا ئېغىزغا ئالمايدىغانلىق ھەققىدە يەرلىك دائىرىلەرگە تىلخەت بېرىپ، ھەپسىدىن چىققان ۋە شۇ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا چىقىپ كەتكەن. ھىجرىيە 1367 – يىلى (مىلادىيە 1947 ـ، 1948 – يىللىرى) سەئۇدى ئەرەبىستاندا ۋاپات بولغان« .
ئابدۇقادىر داموللام ھەقىقەتەن ئوتتۇرا ئاسىياغا، جۈملىدىن غەربىي ئاسىياغا تونۇلغان ئۇستا ناتىق، ماھىر مۇنازىرىچى، خەلقپەرۋەر ئالىم، تالانتلىق شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى، داستانلىرى 1 «120 مىسرالىق بىر مۇخەممىسى، "مېۋىلەر مۇنازىرىسى" ناملىق داستانى بار.» تىرەن مەنىلىك رۇبائىيلىرى 2 «ئابدۇقادىر داموللامنىڭ رۇبائىيلىرى تاشكەنتتە تاش مەتبەئەدە نەشر قىلىنغان "شەۋقى گۈلستان" ناملىق چوڭ توپلامغا بېسىلغان. »ئۆزىنىڭ پاساھەت، بالاغەتتىكى ئۇستۇنلۇكى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭلا ئەمەس، بەلكى چەت ئەللەردىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ دىققەت – ئېتىبارىنى قوزغىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولغان ئىدى. ئۇنىڭ كۆپ ئەسەرلىرى ئۆزى ھايات ۋاقتىدا قازاندىكى "مىللەت" مەتبەئەسىدە، تاشكەنتتىكى "غۇلامىيە" مەتبەئەلىرىدە بېسىلىپ، كەڭ تۈردە تارقىتىلغان. بىرقىسىم ئىلمىي ئەمگەكلىرى شۇ زامانىنىڭ ئاتاقلىق مەجمۇئەسى "شورا ژۇرنىلى" دا ئېلان قىلىنغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ، بىر قىسىم ئەسەرلىرى قەشقەر قازانچى يار بېشىدا قۇرۇلغان "مۇھەممىدىيە" مەتبەئەسىدە، دەمەشقتە، جىددەدە نەشر قىلىندى. ئۇ يازغان "جاۋاھىرۇل ھىيقان" (ھەقىقەت جەۋھەرلىرى)، "ئىرشادىل مۇسلىمىن"، "شەرھى ئامالى" قاتارلىق ئەسەرلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كۇتۇپخانىلاردا، قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش ئىشخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقاندىن تاشقىرى، مىسىرنىڭ ئەزھەر ئۇنىۋېرستېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.
"مىفتاھۇل ئەدەپ" – ئاپتورنىڭ ئەرەب ئەدەبىياتىدا ئىپادىلەنگەن ئەرەب تىلىنىڭ ئەڭ ئىنچىك، ئەڭ نازۇك، ئەڭ پاساھەتلىك تەرەپلىرىنى ئەرەب تىلى ئۆگەنگۈچىلەرگە بىلدۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئەرەب تىل – ئەدەبىياتى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە يازغان دەرسلىك كىتابلىرىنىڭ بىرى. بۇ كىتاب ھىجرىيە 1328 – يىلى (مىلادىيە 1910 ـ، 1911 – يىللىرى قەشقەردە يېزىلغان. شۇ يىلى تاشكەنت "غۇلامىيە" مەتبەئەسىدە سىراجىدىن مەخدۇمنىڭ خىراجىتى ۋە شۇ ساخاۋەتلىك زاتنىڭ

ئۆزقولى بىلەن كۆچۈرۈشى ئارقىسىدا تاش مەتبەئەدە بېسىلىپ چىققان.

ئاپتور كىتابنى يېزىشتىكى مۇددىئا ـ مەقسىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: “مەقسەتلەرنىڭ مۇھىمى، ئارزۇلارنىڭ ئۇلۇغى بولسا، ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى، ئىسلامنىڭ ئەھكام ـ پرىنسىپلىرىنى، ئەمر ـ پەرمان ۋە ھۆكۈملىرىنى جانابىي ھەقنىڭ تەلىمگە مۇۋاپىق بىلىش ۋە تەستىق قىلماقلىقتۇر. بۇنداق بىلىش ۋە تەستىق قىلماقلىقتىنى (قۇرئان كەرىم) ۋە ھەدىس تەكلىپ قىلىدۇ... لېكىن (قۇرئان) ئايەتلىرى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىنى بىلىش ـ ئالدى بىلەن ئەرەب تىلىنى ۋە ئۇنىڭ لەتىپ، ئىنچىكە ئۇسلۇبىنى بىلىشكە باغلىقتۇر. ئەرەب تىلىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە بالاغىتى ئەرەبلەرنىڭ ھېكمەت، باتۇرلۇق، ئەخلاق، نەسەھەت ۋە لەتىپىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پاساھەتلىك ۋە بالاغەتلىك ئەدەبىياتىدا كۆرۈلىدۇ... قازى بەيزاۋى ئۆز تەپسىرىدە: (ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ پىكرىدىن قارىغاندا، ئەرەبلەرنىڭ شېئىرلىرى ئەرەب تىلىدا چۈشكەن قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىشتا بىردىنبىر ئاساسلىق ياردەمچى مەنبە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ) دېگەن ئىدى.

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، ئىلگىرىكى ئالىملار ئەرەب تىلىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئەرەب شېئىرىيىتىدىن ئەرەب تىلىنىڭ قائىدىسىنى ۋە شېئىرىيەتنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبىنى تەتقىق قىلىپ يەكۈنلىگەن ھەمدە بۇ يەكۈن ئارقىلىق، ئىسلام ئەھلىنى ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىنى بىلىشكە دالالەت قىلغان ۋە يېتەكلىگەن ئىدى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن). ئەپسۇسكى، ھەسرەت ئۈستىگە ھەسرەت! زامانىمىزدىكى مۇشۇ دىياردا ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلار ئەرەب شېئىرىيىتىنىڭ بالاغىتىگە ۋە ئەدەبىي ئۇسلۇبىغا قارىماي، شۇنداقلا ئالىي بىلىم ھاسىل قىلىش پىكرىدە بولماي، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئىسلام ئالىملىرىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدەك، ئىسلام مىللەتلىرىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ۋە خارابلىششىدەك يامان ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئوقۇغۇچىلارنى بارلىق ئىلىملەردىن، بولۇپمۇ ئۇلۇغ قۇرئان، ئۇلۇغ ھەدىس ۋە پىقھە 1 «پىقھە ئىلمى ـ شەرىئەتنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قانۇنى.» ئىلمىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلدى... ئەگەر مەدرىسەلىرىمىزدىكى ئوقۇتۇش ئاشۇ قالاق ئۇسۇل بىلەن كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن شەرىئەت ئەھكام ـ پرىنسىپلىرىنى خەلققە يەتكۈزۈش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش، ئىسلام مىللىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىشتەك ۋەزىپىنى قاچان ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولار؟ شەرىئەت، ئەھكام ئىشلىرىنى جاھىل، نادانلارنىڭ قولىدىن قاچانمۇ قۇتۇلدۇرۇپ ئالغىلى بولار... ئۇلار پايدىلىق سۆزنى زەرەرلىك دەپ، توغرا سۆزنى يالغان دەپ ھېسابلاۋاتسا، ئۇ ھالدا ئۆزىنىڭ ئىشەنچىنى، ئىقتىدارلىق كىشلىرىنى ئېچىنارلىق ھالدا يوقاتقان بۇ مىللەتنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىشتىن قانداقمۇ ئۈمىد بولسۇن ؟! ئىقتىدارلىق كىشلەرنىڭ دىنىي ھېسسىياتىمىز بويىچە ئالىي ھىممەت كۆرسىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى، بەلكى ئومۇمىي ئەھلى ئىسلامنى ياخشى پېشىۋالارنىڭ ئىش ئىزلىرىغا يېتەكلەپ، مەنپەئەتلىك ئىلىم ۋە ئالىي مائارىپنى قولغا كەلتۈرۈشكە تەشەببۇسكار بولۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.“

مانا بۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ ئۆز كىتابىنى مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ كونا ئوقۇتۇش

ئۇسۇلنى ئىسلاھ قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئاسان ئۇسۇل بىلەن ئىلىمدىن كۆپ مەنپەئەتلىنەلەيدىغان قىلىشقا ھەمدە پايدىلىق ئىلىملەرنى كۆپرەك ئۆگىنىپ، بىلىم سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئالىي مەلۇماتلىق بولۇپ يېتىلىشكە رىغبەتلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ يازغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بۇ كىتابنى نەشرگە تەييارلىغان مەرىپەتپەرۋەر زات سىراجىدىن مەخدۇم كىتابنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدە: "سۆز جەھەتتىكى پاساھەت ۋە بالاغىتى فىردەۋسنىڭ 1 «فىردەۋسى – جەننەتنىڭ ئىسمى.» ھۆرلىرىدىنمۇ گۈزەل، لاتاپەتلىك، مەزمۇنى جەھەتتىكى سەلسەبىل دېگەن بۇلاقتىنمۇ چوڭقۇر ۋە سۈزۈك. تېكستى ئۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپ" دەپ يازسا؛ تاشكەنتنىڭ شۇ زاماندىكى پازىل ئۆلىماسى، مەشھۇر ئەدىبلىرىدىن بىرى مۇراد خوجا ئىشان تاشكەندى مۇنداق تەقرىز يازغان: "خۇش خەۋەر، خۇش خەۋەر، ئەدىبلەرگە خۇش خەۋەر! ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ئاچقۇچى بېسىلىپ چىقىدىغان بولدى. بۇ كىتابنى تاللانغان (ئاتاقلىق) يازغۇچىلارمۇ ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىپ يېزىۋالسا، ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. ۋاھ ئەجەبا! بۇ كىتابنىڭ مەنە جەھەتتىكى بالاغىتى فىردەۋسنىڭ ھۆرلىرىدىنمۇ گۈزەل ۋە لاتاپەتلىك، ئۇنىڭ تېكستى كەۋسەردىنمۇ تاتلىق، بۇ كىتاب مەنە، بايان ۋە بەدىئىيلىك جەھەتلەردە كۆڭۈلنى ئاچىدىغان ئازادە، جىلۋىلىك كىيىملەر بىلەن بېزەلگەندۇر. بۇ كىتابنىڭ پىكىر مەنىلىرى ئابىھاياتتۇر، ئىلمىي قۇۋۋەتتە ئالتۇن بۇلاقتۇر. كىمكى پەزىلەتتە، ئەدەپ كامالەتتە ھېكمەتلەردىن ئالىي مەرتىۋە تېپىشنى خالىسا، ئاڭا (بۇ مەقبۇل كىتابنى چىڭ تۇت) دېگىل! شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئاشۇ پەزىلەت ئارقىلىق ئالىي مەرتىۋە تاپقاي. بۇ كىتاب نىل دەرياسىنىڭ سۈيىدەك دوستلارغا شېرىن، دۈشمەنگە زەھەر تېتىيدۇ. سەۋىيىسى تۆۋەن كىشىلەر ئاچچىقىدا ھەر نەرسىلەرنى دېسىمۇ، ئەمما توشاق ئالىملار (ئاپىرىن) دېمەي قويمايدۇ. ئەقلىمگە بۇ تاللانما كىتابنىڭ تۈپلىنىشى ۋە نەشردىن چىقىشى قاچان دېسەم، ئەقلىم ئاپىرىن يۈزىسىدىن بۇنىڭ تارىخى (مىفتاھۇل ئەدەپ) 1 «"مىفتاھۇل ئەدەپ" ھەم كىتاب نامىنى، ھەم ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 1328 – يىلى (مىلادىيە 1910 -، 1911 – يىللىرى) نى كۆرسىتىدۇ.» دېگەن نامدا ياسالغان دېدى."

"مىفتاھۇل ئەدەپ" – ئىككى قىسىم بولۇپ، بىرىنچىسى 10 باب، ئىككىنچىسى بەش بابتىن تۈزۈلگەن. بىرىنچىسىنىڭ ئاخىرىدا: "(مىفتاھۇل ئەدەپ) نىڭ بىرىنچى قىسمى تامام بولدى، ئىككىنچى قىسمى بۇنىڭ كەينىدىن ئۇلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئىلىم ماكانى، بايان، بەدىئىي ئۇسلۇب، ئەرۇز، قاپىيە... گە دائىر مىساللارنى بېرىش ۋە (تەلخىسۇل مىفتاھ) دىكى شېئىرلارنى يېشىش مەزمۇن قىلىنىدۇ" دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىككىنچى قىسىم كىتابنىڭ يۇرتىمىزغا يېتىپ كەلگەنلىكى ھازىرچە نامەلۇم.

ئاپتور ئۆز كىتابىغا ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى ئىلىم – ھېكمەت، قەھرىمانلىق، ئىپتىخارلىق، ئىچىملىك توغرىسىدىكى، شۇنىڭدەك تارىخىي ۋەقەلەر ھەققىدىكى قەسىدە، مەرسىيە، غەزەللەرنى تاللاپ كىرگۈزگەن. بىرىنچى كىتاب 95 بەت، 1746 مىسرا بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىككى مىسراسى ھەبەش

(هازىرقى ئېفئوپىيە) تىلدا، قالغىنى ئەرەب تىلدا يېزىلغان. ھەبەش تىلدا يېزىلغان:
"ئەرەھ بەرەھ كەنكەرە،
كەراكرى مەندەرە."

)دۇنيادا نۇرغۇن ئېسىل كىشىلەر ئۆتكەن بولسىمۇ، ئارىمىزدا پەقەت سەنلا سىمۇول قىلىشقا يارايسەن) دېگەن بۇ ئىككى مىسرانى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ھەزرىتى بىلال ئوقۇغان. قالغان 1744 مىسرانى مۇسۇلمان ئەللىرىگە مەشھۇر بولغان 100 گە يېقىن ئەرەب، پارس، تۈرك ۋە ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن تالللىۋالغان. بۇنىڭ ئىچىدە مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى تەجەللىنىڭ 164 مىسرا، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ 148 مىسرا، سىراجىدىن مەخدۇمنىڭ سەككىز مىسرا، مۇرادخوجا ئىشان تاشكەندىنىڭ 22 مىسرا شېئىرى بار. ئۇنىڭدىن تاشقىرى "لەيلى – مەجنۇن" داستانىدىن پارچىلار بار.
ئاپتور ئۆز كىتابىغا نېمە ئۈچۈن "مفتاھۇل ئەدەپ لىفەھمى كەلامۇل ئەرەب" (ئەرەب تىلىنى چۈشىنىشتىكى ئەدەبىيات ئاچقۇچى) دەپ ئىسىم قويغانلىقى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: "كەمىنە ئۆزىنىڭ تۆۋەن ئىقتىدارىغا قارىماي، ئوقۇغۇچىلارنى پايدىلىق ئىلىملەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە رىغبەتلەندۇرۇش نىيىتى بىلەن ئەرەب دىۋانلىرىدىن ئىلىم – ھېكمەت، مەدھىيە، قەھرىمانلىق، پەخىرلىنىش، غەزەل، زەھرىيات (گۈل – چېچەكلەر)، ئىچىملىكلەر، تەنقىد، مەرسىيە، تارىخ... قا ئائىت نەپىس شېئىرلارنى تاللاپ ئەدەبىيات ئالىملىرىنىڭ ئەرەب تىلى قائىدىسى ۋە ئەدەبىيات ئۇسۇللىرىدىكى مەنە، بايان، بەدىئىي ئۇسلۇب، ئەرۇز، قاپىيىگە مۇناسىۋەتلىك پىكىرلىرىنى توپلاپ، ئىككى قىسمغا بۆلۈپ، بىرىنچى قىسمنى 10 باب، ئىككىنچى قىسمنى بەش باب قىلىپ تۈزدۈم. (تەلخىسۇل مفتاھ) دا بايان قىلىنغان شېئىرلارنى ھەم بۇ توپلامغا قوشتۇم. چۈنكى، بۇ قىسقىغىنا توپلام ئوقۇغۇچىلارنى دىۋاندىكى پاساھەت، بالاغەت، ئاجايىپ ئۇسۇللار، بەدىئىي مەنىلەرگە ئاشنا قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ئىلىم دېڭىزىدىن دۇر – گۆھەرلەرنى قازماققا، ھەدىسلەر گۈلشەنىدىن گۈللەر ئۈزمەككە دالالەت قىلامدىكىن دېگەن ئۈمىدتە بۇ لەتىپلىك توپلامنى (مفتاھۇل ئەدەپ لىفەھمى كەلامۇل ئەرەب) دەپ ئاتاشنى مۇناسىپ كۆردۈم."
كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە گەرچە "مەقسەتلەرنىڭ مۇھىمى، ئارزۇلارنىڭ ئۈلۈغى بولسا، ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى، ئىسلامنىڭ ئەھكام – پرىنسىپلىرىنى، ئەمر – پەرمان ۋە ھۆكۈملىرىنى جانابىي ھەقنىڭ تەلىمگە مۇۋاپىق بىلىش ۋە تەستىق قىلماقلىقتۇر. بۇنداق بىلىش ۋە تەستىق قىلماقلىقنى (قۇرئان كەرىم) ۋە ھەدىس تەكلىپ قىلىدۇ" دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمما كىتابتا بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلەر ناھايىتى ئاز بېرىلگەن. ئاساسلىقى ئىنسانىنىڭ ماھىيىتى نېمە؟ ئىنسانىنىڭ قەدىر – قىممىتى نېمە بىلەن ئۆلچىنىدۇ؟ ئىنساندا قانداق ئەخلاقىي پەزىلەتلەر بولۇشى لازىم؟ ئىنسان كىشىلىك تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزۈشى كېرەك؟ دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرنى

چۈرىدىگەن ھالدا ئاپتور ئۆزىنىڭ ئەقىل، بىلىم، بەخت، گۈزەللىك، باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق، ھاكىمىيەت، ۋەتەن، مىللەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادالەت، ھۆرلۈك ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ۋاستىلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان، ئىنسانىي پەزىلەتلەردىن ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق، ياخشىلىق، خەير – ساخاۋەت، كەم سۆزلۈك، ئۆزىنى تۇتۇش، ئۆزىنى بىلىش، باشقىلارغا باھا بېرىش، باشقىلارنى چۈشىنىشكە ئوخشاش ئېسىل خىسلەتلەرنى قىزغىن مەدھىيلەپ، كىشىلەرنى بۇ خىل خىسلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشقا چاقىرغان. ئەكسىچە، يامانلىق، ئاچ كۆزلۈك، شۆھرەتپەرەسلىك، ھاماقەتلىك، ھەسەتخورلۇق، شاللاقلىق، ئۆزۈمچىلىك، بېكىنمىچىلىك قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنى قاتتىق سۆكۈپ، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراق بولۇشقا ئۈندىگەن؛ زاماننىڭ يولسىزلىقى، تەتۈرلۈكى ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىپ، ئۆز نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن. مانا بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا "مىفتاھۇل ئەدەپ" نى ×× ئەسىرنىڭ "قۇتادغۇبىلىك"ى دېيىشكە بولىدۇ. ئەگەر "قۇتادغۇبىلىك" بىلەن "مىفتاھۇل ئەدەپ" ئوتتۇرىسىدا پەرق بار دېيىلسە، بىرىنچىدىن بۇ پەرق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت، ھاكىمىيەت، قانۇن، بەخت – سائادەت، ئەقىل، بىلىم، ئىنسانىي پەزىلەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى تۆت پېرسوناژنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق ئىپادىلىگەنلىكىدە؛ ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بولسا، بۇ مەزمۇنلارنى ئەرەب، پارس، تۈرك شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىكى شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان قىسىملارنى تاللاپ توپلاش ئارقىلىق ئىپادىلىگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. ئىككىنچى پەرق يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز كىتابىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يازغان، ئابدۇقادىر داموللام ئىسلامىيەتتىكى ئومۇمىي تەربىيىنى جەمئىيەتنى يېتەكلىگۈچى موللىلار ئارقىلىق يۈرگۈزۈش ئوڭاي دەپ ھېسابلىغانمۇ، ياكى موللىلاردا ھەۋەس قوزغاشنى مەقسەت قىلغانمۇ، ياكى بولمىسا ئەسلىگە سادىق بولۇشنى خىيال قىلغانمۇ، كىتابنى ئەرەب تىلىدا يازغان.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۆز كىتابىدا بىرىنچى بولۇپ تەكىتلىگىنى ئەقىل، بىلىم، ئەخلاق – پەزىلەت مەسىلىسىدىن ئىبارەت. چۈنكى، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەقىل، بىلىم، ئەخلاق – پەزىلەت – ئىنساننى خار ۋە زەبۇنلۇقتىن ساقلاپ سائادەتمەن قىلىدىغان، تىلەك، مەقسەتلەرگە يەتكۈزىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ئەگەر ئىنسان ئەقلىنى ئىشقا سېلىشقا ماھىر بولمايدىكەن، ئىنسانىيەت ياراتقان بىلىم بايلىقلىرى بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرمايدىكەن ۋە گۈزەل ئەخلاق – پەزىلەتنى ئۆزىدە يېتىلدۈرمەيدىكەن، مەڭگۈ قۇل بولۇپ ئۆتىدۇ. "ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئەقىل ۋە ئەدەپتىن گۈزەل نېمەت بەرمىدى (1 – بېيىت)، "ئەقىل، ئەدەپ ياشلارنىڭ گۈزەل ھۆسنى، ئەقىل، ئەدەپنى يوقاتقان ياشلار ھايات سەھنىسىدىن تېزرەك يوق بولغىنى ياخشىراق" (2 – بېيىت)، "ئەگەر سەن ئەقلىڭنى توغرا ئىشلىتەلىسەڭ، ياتقان ئورنۇڭ ئېچىدىمۇ ئەقىل نۇرى بىلەن دائىم يورۇپ تۇرىدۇ" (12 – بېيىت)، ئەقلىڭدىن مەسلىھەت سورا، ئەقلىڭدىن باشقىنى كېرەكسىز ھېسابلا" (13 – بېيىت). ئۇ، ئىلىمنىڭ خاسىيتىگە توختىلىپ: "ھەربىر پەزىلەتتە ئۈستۈنلۈك بار. ئەمما، ئىلىمنى ھەممە پەزىلەتتىن ئۈستۈن تاپتىم" (3 – بېيىت)، "ئىلىمدىن باشقىنى زەخىر (سەرمايە) دەپ ھېسابلىما، چۈنكى، ئىلىم

دېگەن تۆگمەس خەزىنە" (4 – بېيت) دەيدۇ. ئۇ يەنە: "ھەي ياش، ئىلىم ئۆگەن، چۈنكى نادانلىق نومۇس، نادانلىقتا ئىشەكتىن باشقا نەرسە رازى بولمايدۇ" (6 – بېيت)، "ئىلىم بىلەن نىجات تاپ، مەڭگۈ ياشايسەن، نادانلار ئۆلۈك، ئالىملار تىرىك" (5 – بېيت)، "ئىلىم ئىگىلىرى ۋە ئىلىم يولىدا ماڭغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەڭلىك ۋە خارلىنىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى دېمە!" (16 – بېيت)، "ئىلىم ئارتقاندا دۈشمەنىنىڭ ئاغزى – بۇرنىنى توپىغا مىلىگىلى بولىدۇ، ئىلىمنىڭ ھۆسنى ھەرىكەتتىنى ئىسلاھ قىلىشتۇر" (17 – بېيت) دەپ خىتاب قىلىدۇ.

مانا بۇلار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ "قۇتادغۇبىلىگ" تىكى "ھەرتۈرلۈك ياخشىلىقلار ئەقىلدىن كېلىدۇ، ئەقىل – ئىنسان ئۈچۈن مىڭ خىل پەزىلەتنىڭ بېشى، ئۇ كېچىدەك قاراڭغۇلۇقتىكى ئىنساننىڭ دىلىنى مەشئەل كەبى يورۇتىدۇ. ئەقىللىق بولۇش – تەڭرىنىڭ نېمىتى، ئەقىللىق ئىنسان بۈيۈكتۇر"، "ئىلىم – كۈچ، ئىلىم – بەخت قورالى، ئىلىم – ئىنسان قەدىر – قىممىتىنىڭ ئۆلى، ئىنسان ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن يۈكسىلىدۇ، بىلىملىك كىشىنىڭ ئورنى كۆك (ئاسمان) دىنمۇ ئېگىز. كىشىلەرنى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدىغان ئاساسلىق، بەلكى دوزاخ ئىشكىنى پېچەتلەيدىغان نەرسە پەقەت ئىلىم، بىلىملىك كىشىنىڭ ئۇخلىشى تەقۋادار زاھىتنىڭ ئىبتىكاپتا ئولتۇرۇشىدىن ئەۋزەل" دېگەن قاراشلىرى بىلەن نېمدېگەن ئوخشاش – ھە!

ئابدۇقادىر داموللام ئۆز كىتابىدا يەنە ئىنسان پەزىلىتىنىڭ نېگىزلىك ماھىيەتلىرىدىن بىرى بولغان ئىجتىمائىي ئەخلاق مەسىلىلىرىدە بىر قاتار ئىلغار قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ جەھەتتە ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ياندىشىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياخشىلىق توغرىسىدا: "ئىنسان بۇ دۇنياغا ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈنلا يارالغان، ياخشىلىق – ئىنساننىڭ ماھىيتى، شۇڭلاقلا كىشىلىك جەمئىيەت ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مۇقەددەس بۇرچى. ياخشىلىق – ھاياتلىقنىڭ دەسمايىسى، ياخشىلىق – ئىنساننىڭ ئەبەدىي يېمەك – ئىچمىكى. بەخت – سائادەت ئىنسانغا ياخشىلىق ئارقىلىق كېلىدۇ. ياخشىلىق ئىنساننى شان – شۆھرەت، ئىززەت – ھۆرمەتكە، مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرىدۇ. ياخشىلىق – دۇنيادا ئەبەدىي قېرىمايدىغان، مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان مۇتلەق نەرسە. ئىنساننىڭ مەڭگۈلۈكى ياخشىلىق بىلەندۇر. ئىنسان گەرچە ئۆلگىنى بىلەن ياخشىلىق ئۇنىڭ نامىنى مەڭگۈ ئۇنتۇلدۇرماي، ئەبەدىي ساقلايدۇ" دېسە؛ ئابدۇقادىر داموللام بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دەپ يازىدۇ:"ئىنساننىڭ قەدىر – قىممىتى، مەيلى ئۇ ئىنسان ياخشى ئەمەلنى ئاز قىلسۇن، كۆپ قىلسۇن، گۈزەل ئەمەلىيىتىگە باغلىق" (27 – بېيت),"ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى، كىشىلەر ئۈستىدىكى ئېغىرچىلىقنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، مەنپەئەت يەتكۈزگەن كىشى" (150 – بېيت)، "ئەگەر قادىر بولالىساڭ، كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى ئىشلاردىن باشقىنى قىلما. بارلىق يامان ئىشلاردىن يىراق بول" (10 – بېيت)، "ياخشىلىقنىڭ ئۇرۇقىنى چاچ ئورۇنسىز يەر بولسىمۇ، چۈنكى ياخشىلىق ئۇرۇقى قەيەرگە چېچىلسا ھەرگىز زايە بولمايدۇ" (41 – بېيت)، "ياخشىلىق قىلغىن، زامان ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، چۈنكى، ئۇ ياخشىلىقنىڭ ھوسۇلىنى تېرىغان كىشىدىن باشقىسى ئورۇيالمايدۇ" (42

– بېيت)، "ياخشىلىقنى ئادەت قىلىش ئۈچۈن ئوچۇق قول بولۇش كېرەك، ئوچۇق قول كىشى ئىززەتتىن نېرى بولمايدۇ" (43 – بېيت)، "ھەي باللار، پۈتكۈل خەلققە مېھرىبان بولۇڭلار، ئۇلارغا مەرھەمەت، شەپقەت نەزىرىڭلار بىلەن قاراڭلار " (39 – بېيت)، "چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەپ، بارلىق ئىشلاردا ياراتقان زاتنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىڭلار"(40 – بېيت.(

بۇ يەردە بىر مەسىلىنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش لازىمكى، ئاپتورنىڭ ياخشىلىق توغرىسىدىكى قارشى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قاراشلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ئۇ، مەلۇم جەھەتلەردە كونكرېتلىقتا ئىگە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ "قۇتادغۇبىلىك" تە ھەممىگە قارا – قويۇق ياخشىلىق قىلىشنى، ھەتتا يامانلىق قىلغۇچىغىمۇ ياخشىلىق قىلىش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلسا؛ ئابدۇقادىر داموللام ياخشىلىقنى بىلگۈچىگە قىلىشنى، يامان ئادەملەرگە ئەسلا ياخشىلىق قىلىشقا بولمايدىغانلىقنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: "ھەرقاچان ئېسىل تەبىئەتلىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلىسەڭ، سەنمۇ ھۆرمەتكە ئىگە بولىسەن؛ ئەگەر ئېپلاس ئادەملەرنى ھۆرمەتلىسەڭ، ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ، سېنى يەرگە ئۇرىدۇ" (98 – بېيت)، "خەير – ئېھسان قىلىش ئورنىغا قىلىچنى ئىشلىتىش زىيانلىق بولغىنىدەك، قىلىچ ئورنىغا خەير – ئېھساننى قويۇشمۇ زىيانلىق" (99 – بېيت)، "ئېپلاس ئادەملەرگە لۇتفۇمەرھەمەت قىلما، ئۇنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ قويسەن" (100 – بېيت)، "قاتتىق تۆمۈرنى پەقەت ئوتلا يۇمشىتىدۇ، ئەگەر تۆمۈرگە دېڭىز سۈيىنى قۇيسىمۇ ئەسلا يۇمشىمايدۇ" (101 – بېيت)، "قۇدرەت تاپساڭ بىر كۇنمۇ پۇرسەت بەرمە، يامانلارنى چاققان بىر تەرەپ قىل، بولمىسا ئۇلار سەن ئىگە بولغان كۈچ – قۇدرەتكە ئەتىلا ئىگە بولۇۋالىدۇ" (103 – بېيت.(

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بۇ قارىشى ئەينى زامان رېئاللىقىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنسانلارنىڭ تەبىقىگە بۆلۈنۈپ ياشاۋاتقانلىقى، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى بىلەن ھۆكۈمرانلىقى قىلىنغۇچىنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكى، ئۇلاردا ئورتاق ھېسسىيات بولمىغانلىقتىن، ھەممىگە قارا – قويۇق ياخشىلىق قىلىش مەسىلىسىنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكى كۆزدە تۇتۇلغان.

"مىفتاھۇل ئەدەپ" تە ئىجتىمائىي ئەخلاق كاتېگورىيىسىدە سۆزلەنگەن مەسىلىلەرنىڭ يەنە بىرى سۆز قائىدىسى توغرىسىدىكى قاراشتىن ئىبارەت. ئابدۇقادىر داموللام بۇ توغرىدا مۇنداق ئۈچ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: بىرىنچى، سۆزنى قائىدىلىك قىلىش، سۆزنى بۇزماسلىق؛ ئىككىنچى، كەم سۆز بولۇش، كەلسە – كەلمەس سۆزلەۋېرىپ شالاقلىق قىلماسلىق؛ ئۈچىنچى، كەسكىن سۆزلەش، سۆرەلمىلىك، ئەزمىلىك قىلماسلىق. مانا بۇلارغا رىئايە قىلماسلىق ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قارىشىچە، كىشىلىك ئەدەپ – ئەخلاقتا نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئىشلار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئادەمگىمۇ خەۋپ يەتكۈزىدىغان زىيانلىق ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئابدۇقادىر داموللام: "سۆزنى گىرامماتىكا بىلەن گۈزەللەشتۈر، چۈنكى سۆز قائىدىسىدىن مەھرۇم بولغان كىشى سۆزنى بۇزىدۇ" (18 – بېيت)، "ئەقىل دېگەن زىننەت، كەم سۆزلۈك دېگەن سالامەتلىك، شۇڭا ئورۇنسىز سۆزنى تولا سۆزلىمە" (49 – بېيت)، "كەم سۆزلىلىكتە بىر قېتىم پۇشايمان قىلسام، كەم سۆزلىگەنگە مىڭ قېتىم پۇشايمان قىلدىم"

(50 بېيت)، "ئىنسان ھەرقاچان ئۆز تىلى بىلەن سىرىنى پاش قىلىپ، باشقىلارنىڭ مالامىتىگە قالسا، ئۇ ئەخمەق ئىنساندۇر" (119 – بېيت)، "سۆزلەيدىغان ئورۇننى تاپساڭ چوقۇم كەڭتاشا سۆزلە، ئەگەر سۆزلەيدىغان ياخشى سۆزنى تاپساڭ ئايىماي سۆزلە" (227 – بېيت)، "چۈنكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىلىم ۋە قابىلىيىتىگە يارىشا ئۇ سۆزدىن توغرا چۈشەنچە ئالىدۇ" (122 – بېيت)، "ھەرقاچان پىكىر قىلساڭ كەسكىن پىكىر قىل، چۈنكى سۆرەلمىلىك كىشىنى ئىككىلەندۈرىدۇ" (102 – بېيت).
ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بۇ قاراشلىرىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ "قۇتادغۇبىلىك"تە ئوتتۇرىغا قويغان تۆۋەندىكى ئوي – پىكىرنىڭ تولۇقلانمىسى دېيىشكە بولىدۇ:

167سۆزۈڭنى كۆزەتكىن، بېشىڭ كەتمىسۇن،
تىلىڭنى كۆزەتكىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن.

169ئېسەنلىك تىلەسەڭ ئەگەر سەن ئۆزۈڭ،
تىلىڭدىن چىقارما ياراقسىز سۆزۈڭ.

173كىشى بولغۇسى شاھ ئۆسۈپ سۆز بىلەن،
تولا سۆز بېشىڭنى قىلار يەر تۆۋەن.

175پاساھەت بىلە قىل شۇڭا سەن سۆزۈڭ،
پەسىھ بولسا تىلىڭ، ئۆسەرسەن ئۆزۈڭ.

دۇنياپەرەسلىك – مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاچ كۆزلۈكنىڭ بىر خىل ئىپادىسى، ئاچ كۆز كىشىلەر ئادەتتە ئىنتايىن شەخسىيەتچى، ھەسەتخور، پىخسىق، بېخىل كېلىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە نېمىسى تۆلتۆكۈس بولسىمۇ، ئەمما مال – دۇنياغا كۆزى تويمىغانلىقتىن، باشقىلارنىڭ نەرسىسنى ھامان ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا ئالدىرايدۇ. مال – دۇنيا ئالدىدا نومۇس، ھايانى ئۇنتۇپ، ھەرقانداق پەسكەش قىلىقلارنى قىلىشتىن يانمايدۇ. شۇڭا، دۇنياپەرەسلىكنى "ئىنسان ئەدەپ – ئەخلاقىغا چۈشكەن مىتە" دەپ قاراشقا بولىدۇ.
ئابدۇقادىر داموللام دۇنياپەرەسلىكنىڭ ماھىيىتىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىپ يەتكەنلىكتىن، كىشىلەرنى بۇ زەھەرلىك زىياندىش بىلەن ئۆزىنى جاراھەتلەندۈرۈۋالماسلىققا ئۈندەپ "مىفتاھۇل ئەدەپ" تە مۇنۇلارنى يازىدۇ: "دۇنيا بىر ھالەتتە داۋام قىلمايدۇ، ئۇ بەزىدە ئالدىنى قىلىدۇ، بەزىدە كەينىنى قىلىدۇ" (139 – بېيت)، "دۇنيا كەينىنى قىلسا، ئىنسان ھەرقاچان ھەسرەتلىنىدۇ؛ ئالدىنى قىلغاندا، ئۇنىڭ غەملىرى كۆپىيىپ كېتىدۇ" (109 – بېيت)، "ئىنسان بىرەر ئىشتا خۇرسەن بولسا دۇنيانى ماختايدۇ، ئەگەر ئازراق خاپىلىق تارتسا، ھاياتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاز ئۆتمەستىن ئۇ دۇنيانى تىللايدۇ" (108 – بېيت)، "قارىمامسەن! دۇنيا دېگەن قۇرۇلغان بىنالىرنى ئۆرۈيدۇ،

بەرگەن نەرسىلىرنى قايتۇرۇۋالىدۇ، تۇغرا نەرسىلەرنى بۇزىدۇ" (110 – بېيت)، "تولا نادانلار دۇنيادا پۇل – مالغا تويماي ئۆتسە، كۆپلىگەن بىلىمدارلار يوقسۇزلۇقتىن دۇنيادا ھەسرەت چېكىپ ئۆتىدۇ" (22 – بېيت)، "خاپىلىق كۆرمەي ھاياتنى خۇشاللىق بىلەن ئۆتكۈزەي دېسەڭ، دۇنياپەرەسلىكتىن ئىبارەت ئادەمنى ھالاكەتكە ئېتتىرىدىغان بۇ نەپسانىيەتچى يولنى تۇتما" (111 – بېيت)، "دۇنياپەرەسلىكنى تاشلا! چۈنكى، ئالىي مەرتىۋىلىك كىشىلەرنى خارلاشتۇرۇش، ئېتىبارسىز كىشىلەرنى مەرتىۋىلىك قىلىش دۇنيانىڭ تەبىئىتىدۇر" (21 – بېيت)، "قارىمامسەن! تۇغۇلغاندا بوۋاقنىڭ قولنى چىڭ يۇمۇپ ئالغىنى ھاياتقا بولغان ئامراقلىقنىڭ دەلىلىدۇر" (115 – بېيت)، "ئۆلگەن چاغدا ئالقىنىنى ئاچقىنى، قاراڭلار دۇنيادىن قۇرۇق قول چىقتىم، دەپ ئىبرەت قىلغىنىغا ئىشارەتتۇر" (116 – بېيت.(

يۇسۇپ خاس ھاجىپ "قۇتادغۇبىلىك"تە بۇ مەسىلىنى تارىختا مال – دۇنيانىڭلا كويىدا بولۇپ، ھەددى – ھېسابسىز مال – دۇنيا توپلىغان ۋە بۇ مال – دۇنيالىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ماختىنىپ ئالەمگە پاتماي قالغان شەددات، فىرئەۋنلەرنىمۇ مال – دۇنياسىنىڭ قۇتقۇلدۇرۇپ قالالمىغانلىقىنى، ئۆلۈم مال – دۇنيانى ئۇلاردىن ئايرىپ ئېلىپ قالغانلىقىنى، قارۇن مال – دۇنياغا تويماي بېخىللىق قىلغانلىقتىن، ئاخىرقى ھېسابتا يەر يۇتۇپ كەتكەنلىكىنى مىسالغا ئېلىش ئارقىلىق، دۇنياپەرەسلىكنىڭ ئاقىۋىتىنى چۈشەندۈرگەن ھەمدە مۇنداق يازغان:

2004كۆزى ئاچ كىشىلەر بولماس مالغا باي،
پۈتۈن دۇنيا بولساڭ ئۇنىڭ، ئۇ گاداي.

2002بۇ ئاچ كۆزلۈك ئاغرىق، داۋا يوق ئاڭا،
جاھاندا ھېكىم چارە تاپالماس بۇڭا.

5389كۆزى ئاچقا يەتمەس پۈتۈن بۇ جاھان،
قانائەت قىلغانلار بەختلىك ھامان.

"مىفتاھۇل ئەدەب"تە "قۇتادغۇبىلىك"تىكى مەزمۇنلارغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ياكى بىر – بىرىنى تولۇقلاپ، بىر – بىرىنى ئالغا سۈرىدىغان جايلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

"مىفتاھۇل ئەدەب"نىڭ ئۆزىگە خاس مەزمۇنلىرىدىن بىرى، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا كۆيۈنۈش تۇيغۇسىدىن ئىبارەت. ئابدۇقادىر داموللام بۇ تۇيغۇنى "ۋەتىنىم نېمىدېگەن شەرەپلىك، ئۇنىڭدىن زۇلۇم كۆرگەن بولسامۇ؛ مىللىتىم نېمىدېگەن قەدىرلىك، ئۇ مىللەتتىن جاپا كۆرگەن بولسامۇ" (94 – بېيت) دېگەن بىر جۈملە بىلەن ناھايىتى چىرايلىق، يارقىن، ھېسسىياتلىق ئىپادىلىگەن.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ـ ئەخلاق ۋە ئېتىقادتا ئوخشاش، ئادەملەرنى ئالىيجانابلىققا باشلايدىغان، ھەقىقىي گۈزەل نەرسىلەرنى بارغانسېرى چۇشىنىش ۋە سۆيۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلاندۇرىدىغان ھەمدە تۇرلۇك يوللار بىلەن گۈزەل نەرسىلەرنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە نامايان قىلىشقا يېتەكلەيدىغان غايىۋى كۈچ. ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك چىرايلىق سۆزدە ئەمەس، بەلكى ۋەتەنىنىڭ، مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش يولىدىكى ھەرىكەتلەردە، يەنى ۋەتەنىنىڭ، مىللەتنىڭ ھازىرقى ھالىتى بىلەن پاسسىپ ھالدا قانائەتلىنىپ، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىدىغان ئەمەس، بەلكى ھازىرقى ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە بۇ ئۆزگەرتىشنى پۈتكۈل كۈچى بىلەن قوللاپ ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى ھەرىكەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

تارىختا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەرقايسى مەملىكەت، ھەرقايسى مىللەتلەردە نۇرغۇنلىغان ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ئۆتتى. ئۇلارنىڭ زور بىر قىسمىلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىكتە، مىللەتپەرۋەرلىكتە ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرستىپ، بۈيۈك داستانلارنى ياراتقان بولسىمۇ، ئەمما بىر قىسمىلىرى ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا يەككە ـ يىگانە قالغاندا، چەتكە قېقىلىپ، بېسىمغا، تەھدىتكە يولۇققاندا، ۋەتەنىنىڭ, مىللەتنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاق، قايغۇسىغا ھەمدەم بولالماي، ۋەتەنىنى مىللەتنى تاشلاپ، چەت مەملىكەتلەرگە مۇھاجىر بولۇپ چىقىپ كەتتى. بىراق، ئابدۇقادىر داموللام ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ، "مىفتاھۇل ئەدەپ" تە زامانغا نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ: "بۇ زامان پەسكەشلەرنىڭ ئورنى يۇقىرى بولۇۋاتقان، ئۇلۇغ، مەشھۇر كىشىلەرنىڭ شۆھرىتى بېسىلىپ كېتىۋاتقان ئىپلاس زاماندۇر" (66 ـ بېيت)، "بۇ زامان ـ مەرۋايىت ـ مارجانلىرى ئاستىغا چوڭقۇر چۆكۈپ كەتكەن، ئۇلۇكنىڭ تاپلىرى ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغان دېڭىزغا ئوخشىشىدۇ" (67 ـ بېيت)، "تۇرمۇش ـ ئەقىللىق، پاك كىشىلەرگە كەيىنى قىلىۋالغان" (54 ـ بېيت)، "ئىلىم ئەھلى ۋە سەنئەتكارلار كاساتلاشقان، نادان، جاھىللار بازار تاپقان زاماندۇر" (62 ـ بېيت)، "تۇرمۇش لوگىكىسى شۇنداق، دۇنيادا نادان كىشىلەر ئاتاققا ئېرىشىدۇ، ئالىم كىشىلەرنى جاپا ـ مۇشەققەت چىرمىۋالىدۇ" (63 ـ بېيت)، "ئەگەر رىزقى ـ نەسىبە ئەقىلگە قاراپ بولىدىغان بولسا ئىدى، مانا شۇ ۋاقىتتا ھايۋانلار نادانلىقلىرىدىن ھالاك بولغان بولاتتى" (64 ـ بېيت)، "ئوت كۆيگەن ئوتۇندا ئوتنىڭ يالقۇنى بولمىسا ئىدى، ئارچا ياغىچىنىڭ خۇش پۇرىقى تونۇلمىغان بولاتتى" (69 ـ بېيت)، "بارلىق نەرسىلەرنىڭ تەمىنى قايتا ـ قايتا تېتىپ كۆردۈم، لېكىن، مەن تېتىغان نەرسىلەر ئىچىدە گادايلىقتىن تەمى ئاچچىق نەرسە يوق ئىكەن" (78 ـ بېيت), "مېنى قايغۇغا تاشلىغان نەرسىلەر ئىچىدە دۈشمەنىنىڭ شادلىقىدىن غەيرىينى تاپالمىدىم، مېنى شادلاندۇرغان نەرسىلەر ئىچىدە ھەسەتخوردىن غەيرىينى تاپالمىدىم" (84 ـ بېيت)، "ئەپسۇسكى، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى دوستلىرىممۇ مېنى چېقىشتىن تارتىنمايدىغان قۇملۇقنىڭ زەھەرلىك يىلانلىرىغا ئايلىنىپتۇ" (85 ـ بېيت)، "مەن ئۇلارنى سىناپ، ياخشىلىق كۈتكەن بولساممۇ، ئەمما ئۇلار مېنى ھېچنېمە ئۇنمەيدىغان قاقاس بىر ئويمانغا تاشلىۋېتىپتۇ" (86 ـ بېيت), "ھەركۈنى ئۇلارغا

ئوق ئېتىشنى ئۆگەتسەم، ئۇلار بىلىكىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن مېنى ئاتتى" (87 – بېيىت)، "ئۇلارنى دۈشمەن ئوقىدىن مۇداپىئە قىلىدىغان زەرلىك چاپان قىلىۋالسام، ئۇلار دۈشمەن ئوقىنىڭ ئۇچى بولدى" (88 – بېيىت)، "دۈشمەندىن بىر قېتىم ھەزەر ئەيلىگۈچى، دوستتىن مىڭ قېتىم ھەزەر ئەيلىسە بولغۇدەك" (89 – بېيىت)، "چۈنكى دوست ئۆزگەرسە، بۇ دوست زىيانكەشلىك قىلىشقا تولىمۇ ماھىر بولىدىكەن" (90 – بېيىت)، "كىشىلەردىن سادىق، ۋاپادار دوست بولۇش ھەققىدە ئۆتۈنسەم، ئۇلار بۇنىڭغا يول يوق، دېيىشتى" (81 – بېيىت) دەپ يازغىنىدەك، مۇئەللىپ ئۇچۇن زامان قاراڭغۇ، تار زىندان بولغان؛ كىشىلەر نادانلىقى، ھەسەتخورلۇقى تۈپەيلىدىن يىلان – چايان بولۇپ مۇئەللىپكە نەشتەر ئۇرغان، دوستلىرىمۇ دۈشمەن بولۇپ، ئۇلاردىن ئازار يەتكەن. قىسقىسى، ۋەتەندىن زۇلۇم، مىللەتتىن جاپا كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما مۇئەللىپ ۋەتىنىنىڭ، مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، كۆرگەن زۇلۇم، تارتقان جاپاسىنى بىر يولى ئۇنتۇپ، ۋەتىنىنىڭ قايغۇسىدا يىغلىدى، مىللىتىنىڭ غېمىدە سارغىيىپ، ئىچ – ئىچىدىن پۇچۇلاندى. ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقىنى، مىللىتىنىڭ ھۆرلۈكىنى ۋە زاۋاللىقتىن قۇتۇلۇپ، گۈللىنىشىنى بىر مىنۇتمۇ ئەستىن چىقارمىدى. ئابدۇقادىر داموللام بۇنىڭ بىردىنبىر يولى بېكىنمىچىلىككە خاتىمە بېرىش، ئىشكىنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، سىرتقا چىقىش، دۇنيانى كۆرۈپ ۋە كۆزىتىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ، "مىفتاھۇل ئەدەپ" تە مۇنۇلارنى يازىدۇ: "سېنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىڭ چەتكە چىقماسلىق بىلەن ئىپادىلەنمەيدۇ... سەپەر قىلغىن" (37 – بېيىت)، "سۇ – ئۇزۇن تۇرۇش بىلەن سېسىقلىققا ئايلىنىدۇ، ئاي – كىچىكلىكتىن ئاستا – ئاستا چوڭىيىپ، تولۇقلىنىپ، 14 كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئايلىنىدۇ" (38 – بېيىت)، "سەپەر قىل، چۈنكى، ئارزۇ – ئىستەكلەر سەپەردە قولغا كېلىدۇ، توختاق سۇنىڭ قېشىدا تۇرۇۋۋەرمەي، سۈزۈك سۇ ئىزدە" (141 – بېيىت). ئۇ، ھۆرلۈكنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: "ھۆر ئادەم زۇلۇم ئاستىدا قېلىشقا چىدىمايدۇ، زۇلۇمغا پەقەت ئېشەكلا چىدايدۇ" (144 – بېيىت)، "ھۆر – قەيەرگە بارسا قەدىرلىك ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بولىدۇ". خۇددى قۇياش ھەربىر بۇرجىدا نۇرانە بولغاندەك" (147 – بېيىت)، "قارا، ئۇ يولۋاس ھۆر ئادەمنى ئۆلتۈرمىدى، گويا ئۇنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلغاندەك، سەن ھىممەتلىك ۋە شەپقەتلىك ئۇ ھۆر ئادەمنى قوغداشقا جۈرئەت قىلالىدىڭمۇ؟ " (97 – بېيىت)

كىشىلەرنى چۈشىنىش، كىشىلەرگە باھا بېرىش – "مىفتاھۇل ئەدەپ"تە تەكىتلەنگەن مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە كىشىلەر ئۆزى مۇناسىۋەتلىشىۋاتقان شەخسكىمۇ، ئۆزىگىمۇ توغرا باھا بېرەلمەسلىك، توغرا مۇئامىلە قىلالماسلىق تۈپەيلىدىن ھەركۈنى دېگۈدەك سانسىزلىغان زىددىيەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ، نۇرغۇن كۆڭۈلسىز ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. ئەگەر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغۇچى ھەر ئىككى تەرەپ مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى ئۆزىدىن ئاختۇرمىغاندا، زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ساغلام راۋاجلاندۇرالماسلىقى مۇمكىن. ئابدۇقادىر داموللام بۇ مەسىلىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغانلىقتىن، "مىفتاھۇل ئەدەپ"تە ئۇنى ئىنسانىنىڭ ماھىيىتىدىن باشلاپ تەھلىل قىلىپ، كىشىلەرنى كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئۆزى دۇچ كەلگەن زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىشقا، توغرا

يولغا سېلىشقا يېتەكلىگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: “زۇلۇم قىلىش ئىنسان تەبىئىتىدىكى نەرسە، ئەگەر زۇلۇمدىن خالىي قالغان كىشلەر بار دېيىلسە، ئۇ مەلۇم بىر توسالغۇنىڭ سەۋەبىدىن زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن” (95 – بېيىت)، “يىرتقۇچ هايۋانلاردىن زۇلۇمغا ئۇچرىماي هايات قالغانلىرى كۆپ، بىراق، ئىنساندىن زۇلۇمغا ئۇچرىمىغا بىرەرىنىمۇ تاپالمايسەن” (93 – بېيىت)، “ئىنسانلار ئىچىدە ئۆز ئەيىبىنى ئۇنتۇپ، قېرىندىكى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئەيىب – نۇقسانىنى ئەسكە سالىدىغان قەبىھ، يامان ئادەت بار ” (126 – بېيىت)، “بارلىق ئەخلاق، تەبىئىتىدىن رازى بولىدىغان كىم بار؟ چەكلىك ئەيىبى بولۇشىنىڭ ئۆزى پەزىلەتلىك ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ” (45 – بېيىت)، “گۈزەللىكنى ياشلىقتا دەلىل قىلما، بارلىق هەل بېرىلگەن تۆمۈر كېرەكلىك ئەمەس” (47 – بېيىت)، “سەن قانچە قېتىملاپ كىشلەرنى يامان ئىشلاردىن توسسەن، ئۆزۈڭ يانمايسەن، قانچە قېتىملاپ كىشلەرگە نەسىهەت قىلسەن، ئۆزۈڭ ئاڭلىمايسەن” (117 – بېيىت)، “هەي بىلەي تاش! قاچانغىچە تۆمۈرنى ئىتتىتسەنۇ، ئۆزۈڭ كەسمەيسەن؟!” (118 – بېيىت)، “ئەگەر كۆزۈڭ باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كۆرسەتسە، سەن ئۇ كۆزۈڭگە (باشقىلارنىڭمۇ كۆزى بار) دېگىل ” (125 – بېيىت)، “ئەگەر ئەقىل ئىگىسى بولساڭ باشقىلارنى ئەيىبلىمەيتتىڭ، ئەگەر ئۆزۈڭدىكى ئەيىبنى كۆرەلىسەڭ، بۇ ئەيىبىڭ بىلەن جىم بولاتتىڭ” (127 – بېيىت)، “ئەيىبلىرىنى سېزەلمىگەن كىشى يېزىلىشتا بار، ئۇقۇلۇشتا يوق بولىدىغان (غىمدو) دېگەن سۆزنىڭ (و) سىغا ئوخشاش” (128 – بېيىت)، “ئەقىلسىزلىك بىلەن كورنى هاقارەتلىمە، چۈنكى ئاقىللارنىڭ كوردىن ئاغزىنى يۇمۇشى توغرا ئىشتۇر” (130 – بېيىت)، “كوردىن هايانى قانداق ئۈمىد قىلسەن، ئۇنىڭ هايا قىلىش ئەزاسى خاراب تۇرسا.”

ئابدۇقادىر داموللام كىشلەرنى چۈشىنىش، كىشلەرگە باها بېرىش ئۈستىدە توختالغىنىدا ئالاهىدە قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ياشلارنىمۇ چۈشىنىشنى، ئۇلارغا باها بەرگەندە نەسلىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي هەرىكىتىنى ئۆلچەم قىلىشنى، ئۇلارنىڭ بالىلارچە بەزى قىلىقلىرىنى ئورۇنسىز ئەيىبلىمەستىن، بەلكى جۈرئىتىنى قەدىرلەپ، قوللاشنى تەلەپ قىلىدۇ: “ئەسلىي نەسلىم مەڭگۈلۈك داۋام قىلىدۇ دېمە، چۈنكى، مەڭگۈلۈك نەسەب ياشلار قولىغا كەلتۈرگەن نەرسىلەردۇر” (24 – بېيىت)، “بەزىدە دادا تەربىيىسىدىن مەهرۇم قالغان ئىنسانلارمۇ خوجا بولالايدىغۇ؟ بىلىش لازىمكى، غەلدە – غەشلەر ياخشى بوتىدا تاۋلاش ئارقىلىق چىقىرىۋېتىلىدۇ” (25 – بېيىت)، “قىزىلگۈل چوقۇم تىكەندىن ئېچىلىدۇ، نەرگەس گۈلمۇ پىيازدىن ئۆسىدۇ” (26 – بېيىت)، “قىلىچنىڭ ئۆزىنى چىڭ تۇت، غىلىپىنى تاشلا! ياشلارنىڭ ياسانچۇقلۇقىغا قارىماستىن، پەزىلىتىنى قەدىرلە” (36 – بېيىت)، “چىراي شەكلىنىڭ گۈزەللىكى ياشلارغا پايدا بېرەمدۇ؟ ئەخلاقى هەرقاچان گۈزەل بولمىسا” (46 – بېيىت), “ئەگەر بىر نەرسىدىن هەيران قالدىم دېسەم، ياشلارنىڭ قەدىر – قىممەتسىز ئىش – هەرىكەتلىرى مېنى هەيران قالدۇرغان بولاتتى” (151 – بېيىت). ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ياشلارنى چۈشىنىش هەققىدىكى يۇقىرىقى قاراشلىرى تەبىقچىلىك هۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئەينى دەۋر شارائىتىدا رېئال ئەهمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇنى هۆكۈمران تەبىقىلەرگە قارشى قىلىنغان ئىسيان دېيىشكە بولىدۇ.

“مىفتاھۇل ئەدەپ”تە ئىشق – مۇھەببەتمۇ نۇقتىلىق ۋە يارقىن يورۇتۇلغان ئاساسلىق تېمىلاردىن بىرى. ئاپتور بۇنىڭغا دائىر مەزمۇنلارنى كىتابنىڭ ھەرقايسى بابلىرىغا، بولۇپمۇ “مەدھىيىلەر ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدىكى سېخىيلىق، بېخىللىق توغرىسىدا”، “غەزەل توغرىسىدا”، “تەنقىد ھەققىدە”، “چېچەك ھەققىدە”، “ئىچىملىك توغرىسىدا” قاتارلىق بابلىرىغا كىرىشتۈرۈپ بايان قىلغان.

مۇھەببەت تېمىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قەدىمدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆلمەس تېمىلارنىڭ بىرى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ “تۈركىي تىللار دىۋانى”دىن قارىغاندا، قەدىمكى زاماندا بۇ تېمىدا يېزىلغان ئەسەرلەردە ئىشق – مۇھەببەتكە چىن قەلبىدىن بېرىلگەن قىز – ئوغۇللارنىڭ بىر – بىرىگە بولغان ۋاپادارلىقى، يار ۋەسلىگە يېتىشكە ئىنتىزار بولۇپ، ھىجران ئازابىدا قىينالغانلىقى بايان قىلىنىپ، ياخشىلىق، ۋاپادارلىق، بىر – بىرىگە كۆيۈنۈش، ئار – نومۇسنى ساقلاشتەك ئېسىل پەزىلەتلەر مەدھىيىلەنگەن. بۇنداق ئىپادىلىنىش ئاتا – بوۋىلىرىمىزنىڭ قەدىمكى تۇرمۇش شەكلى، ئۆرپ – ئادىتىگە تامامەن ئۇيغۇن بولۇپ، كۆچۈپ يۈرۈش تۈپەيلىدىن قىز – ئوغۇللار ئارىسىغا چۈشىدىغان ھىجرانچىلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قىز – ئوغۇللارنىڭ بىر – بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى ئاساسەن چەكلىمىگە ئۇچرىمايتتى. لېكىن، كېيىنكى دەۋرلەردە ئىشق – مۇھەببەت “بىدئەت” ھېسابلىنىپ، قىز – ئوغۇللارنىڭ بىر – بىرىنى ياخشى كۆرۈپ، مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى چەكلەندى. ئەدەبىياتتىمۇ بۇ تېمىنىڭ خاراكتېرى قەدىمكىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىپ، ئۇ، يازغۇچىلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى رېئاللىققا نارازىلىقنى ئىپادىلەيدىغان، نىكاھ ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىپ، فېئودالىزمنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىدىغان ۋاستىسىگە ئايلاندى. ئابدۇقادىر داموللام مۇسۇلمانلارنىڭ “قۇرئان”، ھەدىسنى ياخشى چۈشىنىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە يېزىۋاتقان بۇ كىتابىغا ئىشق – مۇھەببەت تېمىسىنى سىڭدۈرۈپ قويۇشى بىرئاز غەلىتىرەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما بۇ ئارقىلىق ئىشق – مۇھەببەتنى ئىسلام دىنىنىڭمۇ رەت قىلمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، بۇ ھەقتىكى خۇراپىي قاراشلارغا رەددىيە بەرمەكچى بولىدۇ. مانا بۇ تارىختىن بۇيانقى ئىشق – مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەرگە نىسبەتەن مىسلىسىز يېڭىلىق، ھەممە يەرنى خۇراپاتلىق، جاھالەت، نادانلىق قاپلاپ كەتكەن ئەينى دەۋردە ياشاۋاتقان ئابدۇقادىر داموللام ئۈچۈن ئېيتقاندا، يۈكسەك شىجائەت ۋە قورقماس جاسارەت دېيىشكە بولىدۇ. “مۇھەببەت – مۇرۇۋۋەت، ۋاپادارلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، مۇھەببەت ئەھلىگە گۈزەل ئەخلاقلىق، ئېسىل تەبىئەتلىك كىشىلەردىن باشقىسى كىرەلمەيدۇ” (431 – بېيت)، “مۇھەببەت ئەھلى بولمىغان كۆپ كىشىلەر مۇھەببەت دەۋاسى قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار مۇھەببەتتىن بەكمۇ يىراق، مۇھەببەت دېگەن قورقۇنچاق ئەخمەقلەرگە نەدە تۇرۇپتۇ” (432 – بېيت)، سېيماسى تولۇن ئايدەك مەھبۇبقا پەم – پاراستى يۇقىرى، ئۆتكۈر پىكىرلىك كىشىلەر ئاشىق بولۇپ، مۇھەببەت دەردىدە ئۆرتىنىدۇ” (440 – بېيت)، “يۈرەك – جامالى ئايدەك ئۇ مەھبۇبقا ئىنتىلدى، ئۇنىڭ نازاكەت، لاتاپەتلىرى يۈرەكتىن ئورۇن ئالدى. لېكىن ئۇنىڭ ماڭا قىلغان مۇئامىلىسى قوپال، قەبىھ بولدى” (465 – بېيت)، “ئۇ، كۆز ئوقى بىلەن مېنى ئاتتى، كۆز ياشلىرىم

خۇددى بۇلاقتەك ئېتىلىپ چىقتى” (461 ـ بېيت)، “ئۇ قاتىلىم مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن، كۆز ئوقى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن بۇ كىشىگە كىم ناماز ئوقۇيدۇ؟ دېدى” (462 ـ بېيت)، “ئۇ مەھبۇبىنىڭ ھۆسنى كامالەتتە تەڭداشسىز بولۇپ، گۈزەللىك ـ ئۇ ھۆسنىنىڭ سۇلتانى، چېچەنلىك ـ قوشۇنلىرى ئىدى” (476 ـ بېيت)، “ئۇنىڭ خۇلقى لەززەتلىك، تەبىئىتى زىل، لەتىپ، توغرىلىقتا زامانىنى ھەيران قالدۇرغۇچى يەككە ـ يېگانە بولۇپ” (480 ـ بېيت)، “قەددى ئىنچىكە، لېۋى ھەسەل، جامالى ئايغا ئوخشاش، ئاغزى ۋە تۈپرۈكى ھەسەل ۋە ھەسەلچىنىڭ ئۆزى ئىدى” (241 ـ بېيت)، “تولۇن ئاي ئۇ دىلرەبانىڭ گۈزەل قامىتىگە، سۈزۈك ھۆسنىگە رەشك قىلىپ، خىجىللىقتىن بۇلۇت ئاستىغا مۆكۈنۈۋالاتتى” (240 ـ بېيت)، “شاراپەت ئاسمىنىدىكى تاكامۇللاشقان بەخت يۇلتۇزىمۇ بۇ تولۇن ئاينىڭ سائادىتىدىن ئارزۇسىغا يەتكەن ئىدى” (477 ـ بېيت)، “ئۇ دىلرەباغا بېرىلىپ، ئىشق ـ مۇھەببەتتە سارالڭ بولۇپ كەتكەن، كۆز ئوقىدا ئۆلگەن ياشلارمۇ ئاز ئەمەس” (242 ـ بېيت)، “مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: (ئۇنىڭغا ئاشىق بولسام گۇناھ بولامدۇ؟ قىيامەتتە ماڭا ئازاب بولامدۇ؟) دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: (خۇدا بۇيرۇسا گۇناھ يوق) دېدى” (392 ـ بېيت)، “سەن نېمە ئۈچۈن لېۋىمنى ئاشۇ مەھبۇبنى سۆيۈشتىن چەكلەيسەن؟ ھالبۇكى، زىرائەت تېرىغۇچىنىڭ ئۇ زىرائەتتە ھەققى بار ئەمەسمۇ؟ ” (400 ـ بېيت)، “ئىشق ئوتىدا ئۆرتىنىۋاتقانلىقىمنى ھەقىقىي مۇھەببەتنى چۈشىنىدىغان بارلىق كىشىلەردىن سورىغىن، شۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ھەقىقىي مۇھەببەت ئەھلى ئىكەنلىكىمنى بىلىسەن” (435 ـ بېيت)، “مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالما، چۈنكى ئۇلارنىڭ بىزگە قارىتا يامان خىيال، ئوي ـ پىكرى بار” (436 ـ بېيت)، “قىزىلگۈل بىلەن نىقابلانغان ئۇ مەھبۇبنىڭ مەڭزىگە سۆيدۈم. ھالبۇكى، يۈرىكىم ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن قۇتۇلدىغاندەك ئەمەس” (397 ـ بېيت)، “ئۇ مەھبۇب ئاچچىقلانغان ھالدا بېشىنى تارتتى، مەن ئۇنىڭغا: (ئىسلامدا جاراھەتلەنگەنلەرگە قىيامەتتە قىساس بار، شۇڭا زۇلۇم قىلماي ئاغزىمغا سۆيۈۋالغىن) دېدىم” (398 ـ بېيت.(

“مىفتاھۇل ئەدەپ”تە يەنە ئادالەت، باتۇرلۇق، گۈزەللىك، تەنقىد، كېڭىشىش ھەققىدە ئاجايىپ ياخشى ئوي ـ پىكىرلەرمۇ ئالغا سۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىلىرى كىتابخانلارنى ئادالەتپەرۋەرلىككە، باتۇرلۇققا ئۈندىسە؛ يەنە بەزىلىرى كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە چوڭقۇر تەربىيىگە، تەجرىبە ـ ساۋاققا ئىگە قىلىپ، ئىنساننىڭ مەنىۋى پەزىلىتىنى تاكامۇللاشتۇرىدۇ، بولۇپمۇ گۈزەللىك ھەققىدىكى بايانلىرى كىشىگە ئاجايىپ ئېستېتىكىلىق زوق بېغىشلايدۇ. “مىفتاھۇل ئەدەپ”تە باھارنىڭ گۈزەللىكى: “باھار شۇنداق بىر پەسىلكى، ھەرقانداق ۋاقىتتا پەخىرلەنسە بولغۇدەك، ئۇ باھار ئىنساننىڭ كۆزى، قەسىدىلەرنىڭ كۇپلېتلىرىدۇر” (608 ـ بېيت)، “باھار ئۆزىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، ئىللىق شامىلى، چىرايلىق گۈللۈك كىيىملىرى بىلەن كەلدى” (607 ـ بېيت)، “ئۇ شاخلارغا قارا! ئۇلار قانداق گىرەلىشىپ، قانداق ئايرىلىشقان ـ ھە! ” (597 ـ بېيت)، “ئۇ شاخلار خۇددى سۆيۈشكە ئىنتىلىۋاتقان، ئەمما ماراقچىلار كۆرۈپ قالغانلىقتىن بۇ ئىزاغا تەن بېرىپ،

ئايرىلىشقان ئاشىقلاردەك" (598 – بېيىت)، "مەن ئۇ شاخلاردىن: (نېمە ئۈچۈن قىشتا يالىڭاچ بولۇۋېلىپ، ئەتىيازدا كىيىم بىلەن كۆرۈنىسلەر؟) دەپ سورىسام، ئۇلار ماڭا: (قىشتا كىيىمىزنى باھاردىن ئىبارەت بۇ خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچىگە سېلىپ بېرىمىز) دېدى" (614 ـ، 615 – بېيىتلەر) دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ناھايىتى يېقىملىق تەسۋىرلەنگەن.

"مىفتاھۇل ئەدەپ" پەلسەپۋى پىكىرلەرگە ناھايىتى باي بولۇپ، ئۇنىڭدا دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم كۆزقارىشى بەلگىلىك دەرىجىدە سىڭدۈرۈلگەن. مەسىلەن، "ئىنسان كىشىلەردىن ئايرىلىپ تاغ چوققىسىغا چىقىۋالسىمۇ، زىددىيەتتىن خالىي بولالمايدۇ" (28 – بېيىت)، "قاتتىقچىلىقتىن كېيىن كەڭرىچىلىك كېلىدۇ، قايغۇ – ھەسرەت يېقىنقى خۇشاللىقتىن بېشارەت بېرىدۇ" (132 – بېيىت)، "بارلىق ھادىسىلەر ئاخىرىغا يەتكەندە ئاڭا يورۇقلۇقنىڭ يېتىپ كېلىشى يېقىن". مانا بۇ مىسالنىڭ بىرىنچىسىدە زىددىيەتنىڭ مەڭگۈلۈكلۈكى ئېچىپ بېرىلگەن بولسا، ئىككىنچىسىدە دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزمنىڭ ماددا ئالمىشىش قانۇنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

"مىفتاھۇل ئەدەپ" تە يەنە بەزى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ۋاپات بولغان، مازارلارنىڭ، بىنالارنىڭ تەئمىر قىلىنغان ۋاقىتلىرى ئەبجەد ھېسابىدا بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ، كىشىلەرنىڭ تارىخىي بىلىمنى كېڭەيتىش، بەزى تارىخىي شەخسلەر ۋە تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرىنىڭ تارىخىنى ئېنىقلاشتا ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

"مىفتاھۇل ئەدەپ " – ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىكى بىباھا گۆھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، تەسۋىرلىرىنىڭ گۈزەللىكى، تەربىيۋى ئەھمىيىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن خەلقىمىزنىڭ مەڭگۈ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولغۇسى.

1992–يىلى، 8 – ئاي

ئاپتورنىڭ "ئىلىم ئۆلمەيدۇ، ئالىم ئۆلمەيدۇ " ناملىق كىتابىدىن

# 19- مەۋلانە جالالىدىن رومى ھەققىدە



شەرق ئالىمىدە بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئالىم، مۇتەسەۋۋۇپ شائىر سۈپىتى بىلەن تونۇلغان مەۋلانە جالالىددىن رۇمىينىڭ ئەسلى ئىسمى مۇھەممەد جالالىددىن بولۇپ، مەۋلانە ۋە رۇمىي ئىسىملىرى ئۇنىڭغا كېيىن بېرىلگەن ئىسىملاردۇر. ئەفەندىمىز، خوجىمىز مەنىسىدە بولغان مەۋلانە ئىسمى، ئۇ ياش ۋاقتىدا كونيادا دەرس بېرىشكە باشلىغان ۋاقتىتىن باشلاپ ئۇنى سۆيگەن ئىنسانلار تەرىپىدىن قوللىنىلغان. مەۋلانەنىڭ رۇمى دەپ تونۇلۇشى، بۇرۇنقى چاغلاردا دىيارى رۇم دېيىلگەن ئانادولۇنىڭ ۋىلايىتى بولغان كونيادا ئۇزۇن مۇددەت ئولتۇرۇشى، ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇ يەردە ئۆتكۈزىشى ۋە مەقبەرىسىنىڭمۇ ئۇ يەردە بولۇشى سەۋەبىدىندۇر. رۇم، ئانادولۇ دېگەنلىكتۇر.

مەۋلانە مىلادى 1207-يىلى 9-ئاينىڭ 30-كۈنى (ھىجرىيە 604-يىلى رەببىيەلئەۋۋەلنىڭ 6-كۈنى) خۇراسان(قەدىمكى زاماندا ھازىرقى ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى، ئافغانىستاننىڭ غەربىي ۋە غەربىي شىمالىي قىسمى، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنىڭ جۇغراپىيەلىك نامى)نىڭ بەلخ شەھرىدە تۇغۇلغان. مەۋلانەنىڭ دادىسى بەلخ شەھرىنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن بولۇپ، «سۇلتانۇل ئۇلەما»(ئالىملارنىڭ سۇلتانى) ئۇنۋانىنى ئالغان باھائۇددىن ۋەلەد، ئانىسى بەلخ ئەمىرى رۇكنىددىننىڭ قىزى مۇئمىنە خاتۇندۇر. سۇلتانۇل ئۇلەما باھائۇددىن ۋەلەد بەزى سىياسىي ۋەقەلەر ۋە يېقىنلىشىۋاتقان موڭغۇل ئىستىلاسى سەۋەبىدىن بەلختىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان ۋە 1212- ياكى 1213-يىللاردا ئائىلىسىدىكىلەر ۋە يېقىن دوستلىرى بىلەن بىللە بەلختىن ئايرىلغان. سۇلتانۇل

ئۇلەمانىڭ تۈنجى مەنزىلى نىشاپۇر بولغان ۋە ئۇ يەردە مەشھۇر مۇتەسەۋۋۇپ فەرىدىددىن ئەتتار بىلەن كۆرۈشكەن. مەۋلانە بۇ يەردە يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي، فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ دىققىتىنى تارتقان ۋە تەقدىرلىشىگە سازاۋەر بولغان. سۇلتانۇل ئۇلەما نىشاپۇردىن باغداتقا ۋە كېيىن كۇفە يولى بىلەن ئەرەبىستانغا بېرىپ، ھەج پەرزىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، شام(سۇرىيە)غا كەلگەن. شامدىن مالاتيا، ئەرزىنجان، سىۋاس، قەيسەرى، نىغدە يولى بىلەن قارامانغا كەلگەن ۋە ئۇ يەردە قۇماندان ئەمىر مۇسا سالدۇرغان مەدرىسىگە ئورۇنلاشقان.

مەۋلانە بۇ يەردە ئۆيىدىكىلەر بىلەن بىللە يەتتە يىل تۇرغان ۋە 1225-يىلى شەرەفىددىن لالانىڭ قىزى گەۋھەر خاتۇن بىلەن توي قىلغان. مەۋلانەنىڭ بۇ ئايالىدىن سۇلتان ۋەلەد ۋە ئالائىددىن چەلەبى ئىسىملىك ئىككى ئوغلى تۇغۇلغان. بۇ ئايالى ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەۋلانە بىر بالىسى بىلەن تۇل قالغان كەررا خاتۇن بىلەن توي قىلغان. بۇ ئايالىدىن مۇزەففەرىددىن ۋە ئەمىر ئالىم چەلەبى ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل ۋە مەلىكە خاتۇن ئىسىملىك بىر قىزى دۇنياغا كەلگەن.

1228-يىلى باھائۇددىن ۋەلەد سەلجۇقىيلار سۇلتانى ئالائىددىن كەيقۇبادنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە پايتەخت كونيا شەھرىگە كەلگەن. ۋە سۇلتانىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئالتۇناپا(يېپەكچى) مەدرىسىسىگە ئورۇنلاشقان.

سۇلتانۇل ئۇلەما 1231-يىلى 1-ئاينىڭ 12-كۈنى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تالىپلىرى ۋە مۇرىدلىرى مەۋلانەنى ئۇنىڭ ۋارىسى دەپ بىلگەن. بۇ چاغدا بۈيۈك بىر ئىلىم ۋە دىن ئالىمى بولۇپ يېتىشكەن مەۋلانە دادىسىنىڭ ئورنىغا يېپەكچى مەدرىسىسىدە دەرس ئۆتۈشكە باشلىغان. 1244-يىلى داڭلىق تەسەۋۋۇپچى شەمسى تەبرىزى بىلەن ئۇچراشقان ۋە سۆھبەتلەردە بولغان، ئەمما ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي شەمسى تەبرىزى تۇيۇقسىز ۋاپات بولغان. شەمسى تەبرىزىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مەۋلانە كۆپ يىللارغىچە خىلۋەتتە ياشىغان. كېيىنكى يىللاردا سالاھىددىن زەركۇبى ۋە ھىسامىددىن چەلەبى شەمسى تەبرىزىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا تىرىشقان.

ھاياتىنى «خام ئىدىم، پىشتىم، كۆيدۈم» سۆزلىرى بىلەن يىغىنچاقلىغان مەۋلانە 1273-يىلى 17-دېكابىر يەكشەنبە كۈنى ھەقنىڭ رەھمىتىگە قوشۇلغان. مەۋلانەنىڭ مېيىت نامىزىنى ئەسلىدە ئۇنىڭ ۋەسىيەتىگە ئاساسەن سەدرىددىن كونەۋى چۈشۈرۈشى كېرەك ئىدى، ئەمما سەدرىددىن كونەۋى ئۆزى ناھايىتى سۆيگەن مەۋلانەدىن ئايرىلغىنىغا چىدىيالماي، مېيىت نامىزىدا ھوشىدىن كەتكەنلىكى ئۈچۈن، مەۋلانەنىڭ مېيىت نامىزىنى قازى سىراجىددىن چۈشۈرگەن.

مەۋلانە ئۆلۈم كۈنىنى يېڭىدىن تۇغۇلۇش كۈنى دەپ قارايتى. ئۇ ئۆلگەن ۋاقتىنى سۆيگۈنىگە، يەنى ئاللاھقا قوشۇلاتتى. بۇ ۋەجىدىن، مەۋلانە ئۆلۈم كۈنىنى توي كۈنى ياكى كېلىن كېچىسى مەنىسىدە

كەلگەن «شەبى ئەرۇسى»(كېلىن كېچىسى) دەپ ئاتايتى. ھەمدە دوستلىرىغا ئۆزىنىڭ ئۆلۈمدە ئاللا-كاللا سېلىپ يىغلىماڭلار، دەپ ۋەسىيەت قىلاتتى.

مەۋلانە جالالىددىن رۇمىينىڭ ئەسەرلىرى

1. مەسنەۋى

مەسنەۋى ــ كىلاسسىك شەرق ئەدەبىياتىدا بىر شېئىر شەكلىنىڭ ئىسمى بولۇپ، سۆز مەنىسى «ئىككىلىك، ئىككى مىسرالىق» دېگەنلىكتۇر. ئەدەبىياتتا ئوخشاش ۋەزىندە يېزىلغان ۋە ھەر بېيتى ئۆز-ئارا قاپىيداش كېلىدىغان شېئىرلارغا مەسنەۋى ئىسمى بېرىلگەن.

ھەر بېيتى ئوخشاش ۋەزىندە، ئەمما كۇپلېتلىرى ئايرىم-ئايرىم قاپىيەلىك بولىشى، مەسنەۋى شەكلىدە چوڭ تىپتىكى ئەسەرلەرنى يېزىش ئىمكانىيىتى تۇغدۇرغان. بۇ سەۋەپتىن ئۇزۇن تېمىلار ياكى ھېكايىلەرنى شېئىر يولى بىلەن يېزىشقا توغرا كەلسە، قاپىيە تۈزۈش ئاسان بولۇش يۈزىسىدىن مەسنەۋى شەكلى تاللىنىلىدۇ. بۇ شەكىلدە شېئىر بېيت-بېيت شەكلىدە داۋاملاشتۇرىلىدۇ.

مەسنەۋى گەرچە كىلاسسىك شەرق شېئىرىيتىنىڭ بىر خىل شېئىر شەكلى بولسىمۇ، «مەسنەۋى» دېيىلگەن ۋاقىتتا ئەقىلگە «مەۋلانەنىڭ مەسنەۋىسى» كېلىدۇ. مەۋلانە مەسنەۋىنى ھسامىددىن چەلەبىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن يازغان. كاتىبى ھسامىددىن چەلەبىنىڭ دېگىنىگە ئاساسلانغاندا، مەۋلانە مەسنەۋى بېيىتلىرىنى مەرامدا(مەرام: كونياغا تەۋە بىر ناھىيەنىڭ ئىسمى.) سەيلە قىلغان، ئولتۇرغان، يول يۈرگەن، ھەتتا ساما ئوينىغان ۋاقىتلىرىدا سۆزلىگەن، ھەمدە ھسامىددىن چەلەبى خاتىرلەپ ماڭغانىكەن.

مەسنەۋىنىڭ تىلى پارىسچىدۇر. ھېلھەم مەۋلانا مۇزىيىدا ساقلىنىۋاتقان، 1278-يىلىغا ئائىت، قولىمىزدا بولغان ئەڭ بۇرۇنقى مەسنەۋى نۇسخىسىغا كۆرە، بېيت سانى 25618 دۇر.

مەسنەۋىنىڭ ۋەزنى: فائىلاتۇن ــ فائىلاتۇن ــ فائىلۇندۇر.

مەۋلانە 6 جىلد بولغان مەسنەۋىسىدە، تەسەۋۋۇفي پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرنى، بىر-بىرىگە ئۇلانغان ھېكايىلەر شەكلىدە چۈشەندۇردۇ.

1. دىۋانى كەبىر

دىۋان، شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى توپلىغان دەپتەرنى كۆرستىدۇ. دىۋانى كەبىر «بۈيۈك دەفتەر(توپلام)» ياكى «بۈيۈك دىۋان» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەۋلانەنىڭ تۈرلۈك تېمىلاردا سۆزلىگەن شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ دىۋاندىدۇر. دىۋانى كەبىرنىڭ تىلىمۇ پارىسچە بولۇش بىلەن بىللە، دىۋانى كەبىر ئىچىدە ئاز ساندا ئەرەپچە، تۈركچە ۋە يۇنانچە(گرېكچە) شېئىرلارمۇ بار. دىۋانى كەبىر 21 كىچىك دىۋان(بەھىر) بىلەن رۇبائىي دىۋانىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن. دىۋانى كەبىرنىڭ بېيىت سانى 40000 دىن ئاشىدۇ. مەۋلانە دىۋانى كەبىردىكى بەزى شېئىرلىرىنى شەمس تەخەللۇسى بىلەن يازغانلىقى ئۈچۈن بۇ دىۋان دىۋانى شەمس دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دىۋاندىكى شېئىرلار ۋەزىن ۋە قاپىيە ئاساس قىلىنماستىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

1. مەكتۇبات

مەۋلانەنىڭ باشتا سەلجۇق ھۆكۈمرانلىرىغا ۋە دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى كىشىلىرىگە نەسىھەت ئۈچۈن، ئۆزىدىن سورالغان ۋە ھەل قىلىنىشى تەلەپ قىلىنغان دىنىي ۋە ئىلمىي مەسىلىلەردە ئىزاھىي بىلىملەرنى بېرىش ئۈچۈن يازغان 147 پارچە مەكتۇبتۇر. مەۋلانە بۇ مەكتۇبلىرىدا ئەدەبىي مەكتۇب يېزىش قائىدىلىرىگە بويسۇنماستىن، سۆزلىگىنىگە ئوخشاش يازغان. مەكتۇبلىرىدا «قۇلىڭىز، بەندىڭىز» كەبى سۆزلەرگە ھېچ ئورۇن بەرمىگەن. خىتابلىرىدا مەرتىۋە ۋە مەمۇرىيەت ئىسىملىرى مۇستەسنا، مەكتۇب يازغان كىشىنىڭ ئەقلىگە، ئېتىقادىغا ۋە قىلغان ياخشى ئىشلىرىغا كۆرە ئۆزىگە قايىسى خىتاپ تەرزى ماس كەلسە ئۇ سۆزلەر بىلەن، ۋە ئۇ سۈپەتلەر بىلەن خىتاب قىلغان.

1. فىھى ما فىھ

فىھى مافىھ «ھەممە نەرسە ئىچىدىدۇر» مەنىسىدە بولۇپ، بۇ ئەسەر مەۋلانەنىڭ تۈرلۈك مەجلىسلەردە قىلغان سۆھبەتلىرىنىڭ، ئوغلى سۇلتان ۋەلەد تەرىپىدىن توپلىنىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن. 61 بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان. بۇ بۆلۈملەردىن بىر قىسمى سەلجۇقىيلار ۋەزىرى سۇلايمان پەرۋانىگە خىتابەن قەلەمگە ئېلىنغاندۇر. ئەسەر بەزى سىياسىي ۋەقەلەر بىلەنمۇ ئالاقدار بولغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇ ئەسەر يەنە تارىخى بىر مەنبە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنماقتىدۇر. ئەسەردە جەننەت ۋە جەھەننەم، دۇنيا ۋە ئاخىرەت، مۇرشىد ۋە مۇرىت، ئىشق ۋە ساماغا ئوخشاش تېمىلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

1. مەجالىسى سەبئا

مەجالىسى سەبئا(يەتتە مەجلىس) ئىسمىدىنمۇ بىلىنگىنىدەك، مەۋلانەنىڭ يەتتە مەجلىسىنىڭ، يەتتە ۋەزىنىڭ قەلەمگە ئېلىنىشىدىن مەيدانغا كەلگەن. مەۋلانانىڭ ۋەزلىرى ھىسامىددىن چەلەبى

ياكى ئوغلى سۇلتان ۋەلەد تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان. ئەمما ئۆزىگە چېقىلماسلىق شەرتى بىلەن قوشۇلمىلار قوشۇلغان. ئەسەر رەتلەنگەندىن كېيىن مەۋلانەنىڭ تەھرىرلىشىدىن ئۆتكەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. شېئىرنى مەقسەت ئەمەس، بەلكى پىكىرلىرىنى سۆزلەشتە بىر ۋاستە سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان مەۋلانە يەتتە مەجلىسدە شەرھلىگەن ھەدىسلەرنى تېمىلىرى نوقتىسىدىن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە ئايرىغان:

(1) توغرا يولدىن ئايرىلغان گورۇھنىڭ قايسى يول بىلەن قۇتۇلدىغانلىقى.

(2) گۇناھتىن قۇتۇلۇش. ئەقىل يولى بىلەن غەپلەتتىن ئويغىنىش.

(3) ئېتىقادتىكى قۇدرەت.

(4) تەۋبە قىلىپ توغرا يولنى تاپقانلار ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك قۇللىرى بولىدۇ.

(5) بىلىمنىڭ قىممىتى.

(6) غەپلەتكە چۆكۈش.

(7) ئەقىلنىڭ مۇھىملىقى.

بۇ يەتتە مەجلىستە، ئەسلى شەرھلەنگەن ھەدىسلەر بىلەن بىللە، يەنە 41 ھەدىس بار. مەۋلانا تەرىپىدىن تاللانغان ھەر ھەدىس ئىجتىمائىيدۇر. مەۋلانە يەتتە مەجلىسدە، ھەر بۆلۈمدە «ھەمدۇ سانا» ۋە «مۇناجات» بىلەن باشلاپ، ئىزاھلىنىدىغان تېمىلارنى ۋە تەسەۋۋۇفىي قاراشلارنى ھېكايە ۋە شېئىرلار بىلەن جەلپ قىلارلىق شەكىلگە كەلتۈرگەن. بۇ ئۇسۇل مەسنەۋىنىڭ يېزىلىشىدىمۇ ئەينەن قوللىنىلغان.

مەۋلانە جالالىددىن رۇمىي ھېكمەتلىرىدىن

ئوخشاش تىلدا سۆزلەشكەنلەر ئەمەس ، ئوخشاش ئوي - پىكىردە بولغانلار ئىتتىپاقلىشالايدۇ.

ئىشق دەۋاغا، جاپا چېكىش شاھىتقا ئوخشايدۇ. شاھىتىڭ بولمىسا دەۋادا ئۇتالمايسەنكى!

ئەقىللىق ئادەم ھەر ئويلىغىنىنى سۆزلىمەيدۇ، ئەمما ھەر سۆزلىگىنىنى ئويلايدۇ.

سەن بىرىنى چۈشەنمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭ ئارىلاشقان دوستلىرىغا قارا!

بىر شام يەنە بىر شامنى تۇتاشتۇرۇش بىلەن ئۆزىنىڭ نۇرىدىن بىر نەرسە يوقاتمايدۇ.

جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، قۇرئاننىڭ قۇلىمەن. مەن ھەقنىڭ تاللانغان پەيغەمبىرى مۇھەممەدنىڭ يولىنىڭ تۇپرىقىمەن. كىمكى مەندىن بۇنىڭدىن باشقا سۆز نەقىل قىلسا، ئۇنىڭغا ئېچىنىمەن. ھەمدە ئۇ سۆزدىنمۇ ناھايىتى قايغۇرىمەن.

تۈنۈگۈنگە ئائىت ھەممە نەرسە تۈنۈگۈن بىلەن كەتتى. بۈگۈن يېڭى نەرسىلەر سۆزلەش كېرەك.

پەيلاسوپلارنىڭ پەلسەپىسى ئىنسانلارنىڭ گۇمان ۋە شۈبھىسىنى ئاشۇرىدۇ. قۇرئاننىڭ ھىكمىتى بولسا، ئىنساننى بۈيۈكلەرگە ئۇلاشتۇرىدۇ.

گۈزەل يۈز ئەينەككە ئاشىقتۇر.

دۇنياغا ھەممە ئادەم قارىمىغان تەرەپتىن قارا.

ئىنسانلار گۈللەر ئارىسىدا تىكەنلەرنىڭ بولغانلىقىدىن شىكايەت قىلغۇچە، تىكەنلەرنىڭ ئارىسىدا گۈللەرنىڭ يارىتىلغانلىقىغا شۈكۈر قىلىشى لازىم.

قانائەتتىن ھېچكىم ئۆلمىدى. ھېرىس(ئاچكۆزلۈك) بىلەنمۇ ھېچكىم پادىشاھ بولمىدى.

يامانلارنىڭ ماختىلىشى ئەرشنى تىترىتىدۇ.

مۇھەببەت ۋە مەرھەمەت ئىنسانلىقنىڭ، غەزەپ ۋە شەھۋەت ھايۋانلارنىڭ سۈپىتىدۇر.

نى ئىنسانلارنى كۆردۈم ئۈچلىرىدا كىيىم يوق، نى كىيىملەرنى كۆردۈم ئىچلىرىدە ئىنسان يوق.

سەن قانچىلىك بىلسەڭ بىل، سۆزلىگەنلىرىڭ قارشىڭدىكىلەرنىڭ چۈشىنەلىگىنىچىلىكتۇر.

ئۆلۈممىزدىن كېيىن بىزنىڭ قەبرىمىزنى يەردىن ئىزدىمەڭلار. بىزنىڭ قەبرىمىز ئارىفلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىدۇر.

سەن ئۈچۈن باشقىلارنى تەرك قىلغان ئادەم، باشقىلار ئۈچۈنمۇ سېنى تەرك قىلىدۇ.

يا بولغىنىڭدەك كۆرۈن، يا كۆرۈنگىنىڭدەك بول.

# 20ـ ئۇيغۇرلاردا مىراس قالدۇرۇش ۋە ئۇنى تەقسىملەش ئادىتى



ئابدۇقەييۇم مجىت

« مراس ـــــ ئۆلگەنلەردىن قالغان مال ـ مۈلۈك » ياكى « ئۆلگەنلەردىن كېيىنكىلەرگە قالغان ئلمي، ئەدەبىي، مەدەنىي، كەسپىي ۋە شۇ قاتارلىقلارغا ئائىت نەرسە » بولۇپ، مىراسقا ئىگە بولۇش « مۈلۈك ۋارىسلىقى » دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مىراس قالدۇرۇش ۋە مۈلۈك ۋارىسلىقى ئىنسانلاردا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ شەكىللەنگەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ناتۇۋال ( ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان ) ئىگىلىك شەكلىدىن تەدرىجىي قۇتۇلۇپ ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئېشىنچا مەھسۇلاتلارغا ئىگە بولغان. ئائىلە شەكىللىنىپ كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئىپتىدائىي ئۇمۇمىي مۈلۈكچىلىك شەكلىدىن تەدرىجىي ھالدا پەقەت ئۆزىنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش يۈزىسىدىنلا ئېلىپ بېرىلىدىغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك شەكلىگە قاراپ تەرەققىي قىلغان. مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئىچىدە بىرەر كىشى ئۆلۈپ قالسا ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئۇنىڭ بىرەر پەرزەنتى ياكى بىرەر يېقىن تۇغقىنىنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىش زۆرۈرىيىتى پەيدا بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆلگۈچى قالدۇرغان مال ـ مۈلۈكلەرنى باشقىلارنىڭ ئىگىدارلىقىغا قانداق ئۆتكۈزۈش ۋە ئۇنى قانداق تەقسىملەش قاتارلىق مەسىلىلەردە ئەل ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن مۇئەييەن ئورتاق تونۇش، چۈشەنچىلەر ، قائىدە ـ يۇسۇن ۋە ئادەت ـ ئۇدۇملار شەكىللىنىشكە باشلىغان. « ئىپتىدائىي

جەمئىيەتنىڭ ئاساسى بىرلىكى بولغان ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمدە: « ئۇرۇقنىڭ ئىچكى قىسمىدا نىكاھلىنىش مەنئىي قىلىنغان. ئۆلگەندىن كېيىنكى مىراس ئۇرۇق ئىچىدە قالغان. ئۇنىڭغا شۇ ئۇرۇقنىڭ ئەزالىرى ۋارىسلىق قىلغان. » ئىنسانلار ھەر خىل شەكىلدىكى ۋارىسلىق تۈزۈملىرىنى بېشىدىن كەچۈردى . ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت مۇھىتى ۋە ئەنئەنىسىدىكى مەنپەئەت چۈشەنچىسى ۋە قىممە ئېڭى ( تۇيغۇسى ) ئوخشاش بولمىغاچقا مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مىراس تەقسىملەشتە مىراسقا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر بىر شەخسنىڭ مەنپەئەتىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىنغان ئاساستا مۇۋاپىق تەقسىملەش ئۇچۇن بارا ـ بارا مۇناسىپ قائىدە ـ تۈزۈملەر شەكىللەنگەن. مىراس مەسىلىسى ھەممە كىشىنىڭ، يەنە كېلىپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش بولغاچقا ناھايىتى تېزلا جەمئىيەتتىكى بارلىق كىشىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان. ئۇيغۇرلاردىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىگە ۋە ئۇلار ھايات ۋاقتىدا شۇغۇللانغان ھۈنەر ـ كەسىپلىرىگە مىراس سۈپىتىدە قاراپ ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئېسىل ئەخلاقى ئادەت ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. ئەجدادلىرىمىز يېزىق ئىشلىتىشكە باشلىغان مەزگىللەردىن تارتىپ ئۆزىنىڭ يازما خاتىرلىرىدە مىراس ھەققىدە بەزى بايانلارنى قالدۇرۇشقان ۋە يېزىقتىن پايدىلىنىپ ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قېلىپ قالغان مىراسنى ئۆزىنىڭ بالىلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قانداق تەقسىملىشى زۆرۈرلۈكى ھەققىدە بەزى تەۋسىيە ۋە ۋەسىيەتنامىلەرنى قالدۇرۇشقان. ئۇيغۇرلار سۇنئىي دىنلارغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇن مۈلۈك ۋارىسلىقى مەسىلىرىنى ئادەت قانۇنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ھەل قىلىپ كەلگەن. بىر خۇدالىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن بولسا، ئۆزىنىڭ مىراس ھەققىدىكى چۈشەنچە ۋە ئادەت ـ ئۇدۇملىرىنى شۇ دىنىنىڭ مۈلۈك ۋارىسلىقى توغرىسىدىكى بەلگىلىملىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلىرىنى تېخىمۇ بېيىتقان. قۇللۇق ۋە فېئۇداللىق جەمئىيەتنىڭ تەسىرىدىن قالغان بىر قىسىم مۈلۈك ۋارىسلىقى تۈزۈملىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن بىكار قىلغان. مەسىلەن، « ‹ شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى تۈركلەر تەزكىرىسى › دە ئېيتىلىشىچە، تۈرك ئائىلىلىرىدە ئاتا، تاغا، ئاكا بولغانلار ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتسە، ئوغۇل، جىيەن، ئىنى بولغانلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆگەي ئانىسى، يەڭگىسى، ھاممىسىنى نىكاھىغا ئېلىش ئادىتى بولغان . » ② ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ، « قۇرئان كەرىم » دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن بۇ خىل « ۋارىسلىق نىكاھ » تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئۇيغۇرلار دىنغا ئېتىقاد قىلغاندىن تارتىپ تاكى ئېلىمىزدە يېڭى جوڭگو قۇرۇلغىچە، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ئېلىمىزدە 1985 ـ يىلى « ۋارىسلىق قانۇنى » چىقىرىلىپ يولغا قويۇلغىچە بولغان ئارلىقتا خەلقىمىز مىراس تەقسىملەش ۋە مۈلۈك ۋارىسلىقى مەسىلىلىرىدە يەنىلا ئۆزى ئېتىقاد قىلغان دىنىنىڭ بۇ ھەقتىكى بەلگىلىمە ۋە قائىدە ـ پرىنسىپلىرىغا ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلدى. ۋەھالەنكى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە خەلقىمىزنىڭ مىراس ئىشلىرىغا ئائىت ئادەتلىرى، بۇ ھەقتىكى دىنىي ئەھكاملار ۋە ئېلىمىزنىڭ « مۈلۈك ۋارىسلىقى

قانۇنى » ئوتتۇرىسدا ئۆز ـ ئارا تەسىر قىلىش، ئۆتتۈشۈش، بىر ـ بىرىگە ئۇيغۇنلىشىش، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش ۋە بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىنى ئېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا، كىشلەرنىڭ ئىقتىسادىي قىممەت قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مۇلۇك ۋارىسلىقى مەسىلىلىرى يەنى مىراسقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر كۆنسىرى گەۋدىلەنمەكتە. شۇڭا خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللار داۋامىدا ھەر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم، ھەر خىل ئىگىلىك شەكلى ۋە ھەر خىل دىنىي ـ ئېتىقادلارنىڭ تەسىرىدە شەكىللەندۈرگەن مىراس ھەققىدىكى ئەنئەنىۋىي چۈشەنچىسى، ئادەت ـ ئۇدۇملىرى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى فولكلور ۋە مەدەنىيەت ئىلمى نوقتىسىدىن چىقىپ تەتقىق قىلىشىمىزنىڭ ئەھمىيىتى بار. مىراسلارنى شەكلىگە قاراپ ماددىي مىراس ۋە غەيرىي ماددىي مىراس دەپ ئىككىگە ئايرىش مۇمكىن. بىز بۇ ماقالىدە پەقەت ماددىي مىراس ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ھەققىدىلا توختىلىمىز.

بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مۇلۇك ۋارىسلىقى مەسىلىسىگە ناھايىتى بۇرۇنلا دىققەت قىلغانلىقىنى قەدىمكى ۋەسىقىلەر ۋە يازما يادىكارلىقلارغا قاراپ جەزملەشتۈرەلەيمىز. تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىيەتنامە ۋە مىراس بۆلۈشۈش ھەققىدىكى ۋەسىقىلەردىن قارىغاندا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن باشلاپلا ئۇيغۇرلاردا مۇكەممەل بولغان مۇلۇك ۋارىسلىقى تۈزۈمى ۋە كىشىلەرنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئۆز مال ـ مۇلكىنى قانداق تەقسىملەش ھەققىدە ۋەسىيەتنامىلەرنى قالدۇرۇش ئادىتى بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىز ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ « تۈركىي تىللار دىۋانى » ناملىق ئەسىرىدىنمۇ مىراس ھەققىدىكى بايانلارنى ئۇچرىتىمىز . « دىۋان » دا : « خۇمارۇ ــ مىراس . بۇنى ئاتامدىن خۇمارۇ بۇلدىم . ــ بۇنى ئاتامدىن مىراس قىلىپ ئالدىم . »③ دېيىلگەن. « دىۋان » دا يەنە « خۇمارۇ » سۆزىنىڭ يەنە بىر خىل مەنىسى چۈشەندۈرۈلۈپ مۇنداق دېيىلىدۇ : « خۇمارۇ ــ يادىكار. ئەسلىك ئۈچۈن بېرىلگەن مال ياكى نەرسە. چوڭلاردىن بىرى ئۆلگەندە ، تۈركلەرنىڭ ئادىتى بۇيىچە، ئۇنىڭ مېلىدىن ئەڭ ئېسىل بولغان بىرەر نەرسە خاقانغا تەقدىم قىلىنىدۇ. شۇ نەرسە ‹ خۇمارۇ › دېيىلىدۇ . » ④ بۇنىڭدىن قەدىمكى تۈركىي مىللەتلەردە، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا بىرەر كىشى ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭ قېلىپ قالغان مىراسىدىن ئەڭ ياخشىسىنى تاللاپ ئۆز خاقانىغا تەقدىم قىلىدىغان مىراس بېرىش ئادىتى بولغانلىقىنى بىلىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا « قۇتادغۇ بىلىك » تىمۇ « ‹ قۇمارۇ › سۆزى ‹ مىراس، ۋەسىيەت، تەۋەرۈك، يادىكار › مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن .» ⑤ بۇ ئىككى كىتابتىكى « مىراس » مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزنىڭ بىر ھەرىپلا ئوخشىمايدۇ . « دىۋان » دا: « خۇمارۇ » دېيىلسە، « قۇتادغۇبىلىك » تە « قۇمارۇ » دېيىلىدۇ. ئىشقىلىپ ئاتالغۇنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇ مەزگىللەردە مىراس قالدۇرۇش ۋە مۇلۇك ۋارىسلىقىنىڭ بولغانلىقىنى دەلىللىگىلى بولىدۇ.
ئۇيغۇرلاردا ئۆلگۈچىنىڭ قىرىق نەزىرسىنى بېرىپ بولغۇچە باللارنىڭ مىراس بۆلۈشىشى باشقىلار تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىپلىنىدىغان ئىش، دەپ قارىلىدۇ. قانۇندا ‹ ئۆلگۈچىنىڭ مال ـ مۈلكى ئۇنىڭ

ئۆلگەنلىكى ئېنىقلانغاندىن كېيىنلا تەقسىملەنسە بولىدۇ › دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي ئەخلاقىدا بۇنداق قىلىش ياخشى ئىش ئەمەس. ئەگەر باللار ئاتىسى ياكى ئانىسىنىڭ قىرىق نەزىرسى بېرىلىپ بولغىچە مىراس بۆلۈشۈشكە چۈشۈپ كەتسە جامائەت تەرىپىدىن « ئارانلار تۇرۇپتىكەن. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بېشى يەرگە تېگىپ بولغىچە تالاشقا چۈشتى. » دەپ ئەيىپلىنىدۇ. بەزى ئائىلىلەردە ھەتتا باللار ‹ ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەيمىز › دەپ شۇ ئۆيدە ئوغۇلنىڭ كىچىكىنى ئولتۇرغۇزىدۇ. بەزى باللار ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان مىراسنى ئېلىشتىن ۋاز كېچىپ كىچىك ئىنىسىغا بېرىدۇ.

مىراس ۋارىسلىرى ئۆزىگە تېگىدىغان مىراسنىڭ ھالال بولۇشىغا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ . شۇڭا ئەگەر مىراس قالغان مال ـ مۈلۈككە زاكات بېرىش زۆرۈر بولسا ئاۋۋال زاكىتىنى ئۈزىرىۋېتىپ ئاندىن تەقسىملەيدۇ. يەنە ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ بىرەرسىگە بېرىدىغان قەرىزى بولسا مىراسنى تەقسىملەشتىن بۇرۇن مال ـ مۈلۈكتىن پۇل قىلىپ قەرىزنى بېرىۋېتىدۇ . ئۆلگۈچىنىڭ مېيىت نامىزى ئوقۇلىدىغاندا مېيىت نامىزىنى ئوقۇيدىغان ئىمام جامائەتنىڭ ئالدىدا : ‹ مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدا بىلىپ ـ بىلمەي بىرەرسىڭلارنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ قويغان ياكى نەرسە كېرەكلىرىڭلارنى ئېلىپ قويغان ئىشلىرى بولسا رازى بولۇڭلار! ناۋادا مەرھۇمنىڭ بىرەر قەرىزى بولسا ئۇنىڭ مىراسىدىن پۇل قىلىپ تۆلەپ بېرىلىدۇ ياكى مەرھۇمنىڭ باللىرى رازى قىلىدۇ ! › دەيدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى بار كىشلەر ئوتتۇرسىدا ـــــ ئەگەر قەرىزى قەرىز ھۆججىتى بولمىسا ـــــ بىر تەرەپنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن قارىشى تەرەپنىڭ زىيانغا ئۇچراپ كەتمەسلىكى كېرەكلىكىنى ئاممىۋىي تونۇش ۋە ئەخلاق جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر.
مىراسخورلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ مىراسغا ۋارىسلىق قىلىش ئىقتىدارى بولۇشى ناتايىن. ئەگەر ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ باللىرى ( مىراسخورلىرى ) تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن بولسا شۇ ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ بىرەر ئۇرۇق ـ تۇغقىنى، خوشنىسى ياكى خالىغان بىرەرسى بۇنداق يېتىم باللارغا غەمخورلۇق قىلىشنى ۋە ئۇلارغا مىراس قالغان مال ـ مۈلۈككە قاراپ تۇرۇشنى ئۈستىگە ئېلىپ، باللار ئۆزىنىڭ مىراسغا ئىگە بولالىغۇدەك بولغاندا ئاندىن ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇنداق يېتىم باللارغا غەمخورلۇق قىلىشنى ۋە ئۇلارغا مىراس قالغان مال ـ مۈلۈككە قاراپ تۇرۇشنى ئۈستىگە ئالغان كىشى ‹ ۋەسى › دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى كىشلەر قاتتىق كېسەل تارتىپ قېلىپ ئۆزىنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن بولسا، ئەگەر باللىرى كىچىك بولسا ئۆزىنىڭ بىرەر تۇغقىنىغا باللىرىغا ئاتىدارچىلىق قىلىشنى ھەمدە ۋەسىيلىك مەجبۇرىيتىنى ئۆتەپ قويۇشنى تەۋسىيە قىلىدىغان ئادەتمۇ بار.

ئۇيغۇرلاردا باللار ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان نەرسىنىڭ قىممىتى بولۇش ـ بولماسلىقى ۋە ئۆزىگە تېگىشلىك ماددىي ئۆلۈشىنىڭ قانچىلىك بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئازكۆرمەي ، مىراس قالغان نەرسىنى «

ئاتا ـ ئانامدىن قالغان ! » دەپ ناھايىتى قەدىرلەپ، ئۆز ئۆيىنىڭ تەۋرۈك نەرسىسى سۈپىتىدە تولىمۇ ئەتىۋارلاپ ساقلايدۇ ۋە ئاسراپ ئىشلىتىدۇ. شۇڭا خەلقىمىز ئارىسىدا « مىراستىن مۆشتەك تەگسىمۇ ئال » دېگەن ماقال كەلىپ تارقالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپ ئەخلاقىدا ئەگەر بىرەر ئائىلىدە شۇ ئۆينىڭ بېشى ( ئاتىسى ) ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرەرسى ئاتىسىنىڭ كەسپىنى بىر مىراس سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ ئۇنى ئۈزۈلدۈرۈپ قويماي، داۋاملاشتۇرۇپ ئىكتىدىغان ئادەت شەكىللەنگەن. باللار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قالغان مال ـ دۇنياسىغىلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھۈنەر ـ كەسپلىرىگىمۇ ۋارىسلىق قىلىش ھەمدە ئۇلار شۇ ھۈنەر ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئىشلەتكەن رىسالىلەرنى ئەتىۋارلاپ ساقلاشقا ۋە ئۆزىدىن كېيىن بۇ ھۈنەرگە ۋارىسلىق قىلغۇچىغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئادەتلەنگەن. شۇڭا « ئاتا كەسپى بالىغا مىراس » دېگەن ماقالمۇ كەلىپ تارقالغان. شۇنداقلا خەلقىمىزدە ئاتا كەسپىنى ئۈزۈلدۈرۈپ قويماي راۋاجلاندۇرغانلار، ياخشى ئۆگەنگەنلەر روناق تاپىدۇ، ئاتا كەسپىنى ئۆگەنمەستىن تاشلىۋەتكەنلەر ياكى بۇزغانلارنىڭ ھال ـ كۈنى ياخشى بولماي ئۆمرى خارۇ ـ زارلىقتا ئۆتىدۇ، دېگەن كۆۋچلۈك ئىشەنچ بار. ئاتا ـ بوۋىلاردىن قالغان تەۋەرۈك بۇيۇملاردا باشقىچە بىر خىل خاسىيەتلەرنىڭ بولىدىغانلىقى، ئەگەر ئاتا ـ ئانىسى ئىشلەتكەن شۇ نەرسىلەرنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتسە ئۇلارنىڭ روھىنىڭ ئۆزىنى يۆلەيدىغانلىقىغا بولغان ئىشىنىش تۇيغۇسى تۈپەيلىدىن مىراس بۇيۇملارنى ئەتىۋارلاش، ئۇنى ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ دەپ ئەقدە قىلىش ئېڭى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇلۈك ۋارىسلىقى چۈشەنچىلىرىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان .

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مىراس ۋەسىيەت قالدۇرۇش شەكلى بىلەن ياكى ۋەسىيەت قالدۇرۇلمىغان بولسا ئەل ـ يۇرت ، قۇلۇم ـ خوشنىلارنىڭ مۇۋاپىق نىسبەتتە ئۈيرىپ قويۇشى بىلەن تەقسىملىنىدۇ. مىراس ئۆيرىيدىغاندا مەھەللە ئاقساقاللىرى شۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ بالىلىرىدىن ‹ مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدا يېزىپ قويغان ۋەسىيەتنامىسى ياكى بىرەرسىگە تاپىلاپ قويغان ئاغزاكى ۋەسىيتى بارمىدى ؟ » دەپ سورايدۇ . ئەگەر بولسا ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ ۋەسىيتىگە ئاساسەن مىراس تەقسىملەيدۇ. ئەگەر ھېچقانداق ۋەسىيتى بولمىسا ئىسلام دىنىنىڭ شەرئەت ئەھكاملىرى بويىچە ئايرىپ قويىدۇ . ئەگەر مىراس لىللا، ئەدلى ـ ئادالەت بىلەن ئۆيرىلمىسا مىراسنى كۆپ ئېلىۋالغۇچى ياكى مىراسنى ناھەق ئايرىغۇچى « يېتىمنىڭ ھەققىنى يەۋالغان » دەپ دىن ۋە ئەخلاق تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىپلىنىدۇ. ئاتا بىلەن ئانىنىڭ بالىلىرىغا قالدۇرىدىغان مىراسى ئوخشاش بولمايدۇ. بىر ئۆيدە ئەر ـ ئۆيال ئورتاق ئىشلىتىدىغان نەرسىلەر بالىلارغا ئورتاق تەقسىملەنسىمۇ، ئورتاق ئىشلىتىلمەيدىغان نەرسىلەرنى تەقسىملەشتە ئەرلەر ( ئاتىلار ) ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرنى ئوغۇللار، ئاياللار ( ئانىلار ) ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرنى قىزلار ئالىدىغان ئادەت بار. مەسىلەن ، ئانىلار كۆپىنچە ئۆزىنىڭ تويلۇق ئۈزۈك ، ئالتۇن زېرە ... قاتارلىق نەرسىلىرىنى قىزلىرىغا مىراس قالدۇرۇشقا ئادەتلەنگەن بولسا، ئەرلەر ئۆزىنىڭ يېنىدا ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن پىچاق، تۇمار ... دېگەندەك نەرسىلەرنى ۋە ھۈنەر ـ كەسپتە ئىشلىتىدىغان

سايمانلىرىنى ئوغۇللىرىغا مىراس قالدۇرىدۇ. ئۆلۈپ قالغۇچىنىڭ باللىرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مىراسىدىن، بولۇپمۇ كىيىم ـ كېچەك دېگەندەك نەرسىلىرىدىن مەلۇم نىسبەتتە ئۆز مەھەللىسىدىكى يېتىم ـ يېسىر، ئاجىز ـ ئورۇق كىشىلەرگە سەدىقە قىلىپ بېرىشىدۇ. بۇنىڭدا ئۆلگۈچىنىڭ گۇناھىنىڭ ئازىيىشى، ياكى شۇ سەدىقىنىڭ ساۋابىنىڭ ئۇلارنىڭ روھىغا يېتىپ تۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

مىراسنى ئەمەلىي تەقسىملىگەندە « ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئوغۇل، قىز، ئۆيال ھەممىسى مۈلۈك ۋارىسلىق ( مىراسخورلۇق ) ھوقۇقىغا ئىگە. ئەمما ئەمەلىي تەقسىماتتا ئوغۇلغا قارىغاندا قىزغا ئىككىدىن بىر ئۈلۈش، ئايالغا تۆتتىن ياكى سەككىزدىن بىر ئۈلۈش تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچىنىڭ ئوغلى يوق بولغان تەقدىردە مۈلۈك قىزلار ئوتتۇرىسىدا تەڭ تەقسىم قىلىنىدۇ. ھېچقانداق پەرزەنتى يوق، ئەمما قانداش تۇغقان ۋە ئايالى بولغان تەقدىردە شۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر ئۈلۈشتىن تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ باشقا ھېچقانداق يېقىنلىرى بولماي، پەقەت ئۆگەي ئاكىسى، ئاسراندى پەرزەنتى بولسا مۈلۈك ۋارىسلىق ھوقۇقى شۇنىڭغا مەنسۇپ بولىدۇ. مۇنداق پەرزەنتلەردىن بىردىن ئۇشۇق بولغان تەقدىردە ئۇلارغا تەڭ تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۆلگۈچى يەككە ـ يېگانە بولسا، ئۇنىڭ مۈلكى جامائەتنىڭ كېڭىشىشى بىلەن جامائەت خەيرى ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا مال ـ مۈلۈكنىڭ مەلۇم قىسمىنى پەرزەنتلىرىنىڭ بىرەرىگە ياكى ئايالىغا ( ئۆگەي ۋە ئاسراندى پەرزەنتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) بەخشەندە قىلىپ بەرگەن ياكى شۇنداق قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغان بولسا، مۈلۈكنىڭ شۇ قىسمى تەقسىماتقا كىرگۈزۈلمەيدۇ ... تۇرمۇشلۇق بولمىغان ئوغۇل، قىزلارغا مۈلۈك تەقسىماتىدا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ۋە توي ئىشلىرىنىڭ خىراجىتى نەزەردە تۇتۇلۇپ، تېگىشلىك نىسبەتتىن بىر ھەسسىدىن ئارتۇقراق مۈلۈك قالدۇرۇلىدۇ . »⑥ ئاتىسى ئۆلۈپ قالغاندا، تېخى تۇغۇلمىغان قورساقتىكى بالىغىمۇ مال ـ مۈلۈك تەقسىملىگەندە مىراس بېرىلىدۇ . ئەگەر بالا ھايات تۇغۇلسا ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان مىراس بېرىلىدۇ ھەمدە بىرەرسى بۇ بالا ئۇچۇن ۋەسىي بولىدۇ.

ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلاردا يەرمۇ ئاتىدىن بالىغا مىراس قالدىغان نەرسە ھېسابلىناتتى، لېكىن بۇ ئادەت ئېلىمىزنىڭ يەر قانۇنى ۋە ۋارىسلىق قانۇنى تەرىپىدىن بىكار قىلىنىدى. قەدىمكى فېئوداللىق جەمئىيەتتە خان ـ پادىشاھ ۋە بەگ ـ ئەمەلدارلارنىڭ ئىدارە قىلغان زېمىنلىرى ۋە تەخت ئەمەللىرىمۇ بىر خىل مىراس سۈپىتىدە قالدۇرىلاتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھايات ۋاقتىدا كېيىن باللىرىنىڭ ئۆزىدىن قالغان مال ـ مۈلۈك ۋە ھوقۇقنى تالىشىپ جىدەل ـ ماجرا قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن زېمىن ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى پەرزەنتلىرىگە بۆلۈپ بەرگەن. مەسىلەن ، « ئوغۇزنامە » ئېپوسىدىكى ئوغۇز خاقانىنىڭ ئۇلۇغ تۈركنىڭ چۈشى ۋە دەۋىتىگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ زېمىنلىرىنى باللىرىغا بۆلۈپ بېرىشى ــ فېئودالىق جەمئىيەتتىكى ئىپتىدائىي مۈلۈك ۋارىسلىقى ۋە مىراس تەقسىملەش ئادىتىنىڭ بىر روشەن ئىپادىسىدۇر. قالدۇرۇلىدىغان مىراسنىڭ قانداق بولۇشى ئىگىلىك شەكلىنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق. ئەجدادلىرىمىز چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان

مەزگىللەردە ئاساسەن مال - چارۋىلار، يايلاق ... قاتارلىقلارنى مىراس سۈپىتىدە قالدۇراتتى، لېكىن دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتۈپ مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرگەندىن كېيىن بولسا ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئۇلارنىڭ مىراس قالدىغان مال - مۈلۈكلىرى بولغان.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئوغۇللار ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالغاندىن كېيىن، ھۇرۇن، نىيتى يامان ۋە ئاچكۆز ئاكىسىنىڭ، ئەمگەكچان، ساددا، قانائەتچان كىچىك ئىنىسىغا ( كەنجى بالىنىڭ ) تېگىدىغان مىراستىن تېگىشلىك نېسىۋىسىنى بەرمەي ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلىقى ھەمدە كەنجى ئوغۇلنىڭ بىر كۈنى خېزىرغا ئۇچراپ قىلىپ ناھايىتى زور بايلىققا ئېرىشكەنلىكى ھەققىدىكى ۋەقەلەر كۆپىنچە چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي سيۇژىتى بولۇپ كەلگەن. بۇ مۈلۈك ۋارىسلىقى مەسىلىسىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەكس ئېتىشى بولۇپ، بۇ چۆچەكلەردە كىشلەرنىڭ مىراس تەقسىملەشتە ئادىل بولۇش، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ باشقىلارنىڭ نېسىۋىسىنى يەۋالماسلىققا ئۈندەلگەن .

ماددىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە، غەيرى ماددىي مىراسلارنىمۇ ئەقلىي يۇسۇندا قوغداش، ۋارىسلىق قىلىش، كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش زۆرۈر. مىراس مەسىلىسى ھەق - تەلەپ، ۋارىسلىق، گۇۋاھلىق، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى، ئۆرپ - ئادەت ، ئەخلاق، دىنىي - ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق نۇرغۇن ساھەرلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇرەككەپ مەسىلە بولغاچقا، بۇنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن تېخىمۇ ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش زۆرۈر.

---

ئىزاھاتلار:

① « ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى » ( قىسقارتىلمىسى )، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1994- يىل، 9- ئاي نەشرى ، 1080- بەت .

② دىلمۇرات مەھمۇت:« قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ‹ ۋارىسلىق نىكاھ › ئادىتى توغرىسىدا »، « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى » ، 2005 - يىل 2 - سان ، 85 - بەت .

③،④ مەھمۇد قەشقىرى: « تۈركىي تىللار دىۋانى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981- يىل 8- ئاي 1-نەشرى ، 1-توم 581 - بەت .

⑤ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: « قۇتادغۇ بىلىك »، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1984 - يىل 1 - نەشرى، 190، 6322 ، 6324 - بېيىتلار.

⑥ ئابدۇرەھىم ھەببۇللا: « ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل 4 ـ ئاي 2ـ نەشرى، 233ـ، 234 ـ بەتلەر .

---

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى [ مىسىر ]: « ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە ـ مارجانلار » ( ئۇيغۇرچە )، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2003ـ يىل 12ـ ئاي نەشرى .

② جۇ شىنچى، لى ۋەن تۇگەن ( راخمان نىياز، ئايشەم نىياز، رەيھان راخمانلار تەرجىمە قىلغان ) : « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋارىسلىق قانۇنىنىڭ يېشىمى » ( ئۇيغۇرچە )، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 2002 ـ يىل 10 ـ ئاي 1ـ نەشرى.

بۇ ماقالە « مىراس » ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 1ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ۋە « 16 قېتىملىق خانتەڭرى ئۇيغۇر ئەدەبىيات مۇكاپاتى » غا ئېرىشكەن.

مەنبە: ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى كونا تورىبېتى